مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن



خۇشاللىق شەرت ـ شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇنى كۆرەش، تە-
رىشچانلىق بىلەنمۇ قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. خۇشاللىق ھەقىقىي بولىدۇ، ئۇ يۈ-
رەكتىن ئېتىلىپ چىقىدۇ. ئۇ بىزنىڭ شەيئىلەرنىڭ ئاكتىپ تەرىپىنى كۆرۈشىمىز بى-
لەن روياپقا چىقىدۇ ياكى پاسسىپ تەرىپىنى كۆرۈشىمىز بىلەن ئازابقا ئايلىنىدۇ.

ISBN 978-7-5372-6194-4
定价：32.00 元

ھەرگىز ئاچچىقلانماڭ

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

# ھەرگىز ئاچچىقلانماڭ

ئاچچىقلىنىش باشقىلارنىڭ خاتالىقى بىلەن ئۆزىنى جازالاشتۇر!



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ھەرگىز ئاچچىقلانماڭ

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇغېنى توختى

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

你可以不生气 : 维吾尔文 / 张笑恒编 : 阿卜杜艾尼·托合提译. -- 乌鲁木齐 : 新疆人民卫生出版社, 2015.5

ISBN 978-7-5372-6194-4

Ⅰ. ①你… Ⅱ. ①张… ②阿… Ⅲ. ①愤怒－自我控制－通俗读物－维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①B842.6-49

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第059465号

书　　名：你可以不生气
译　　者：阿卜杜艾尼·托合提
责任编辑：优力吐孜·乌其洪江
责任校对：玛依努尔·吐尔逊
封面设计：努尔买买提·艾买尔
出　　版：新疆人民出版总社
　　　　　新疆人民卫生出版社
地　　址：乌鲁木齐市龙泉街196号
网　　址：http://www.xjpsp.com
印　　刷：乌鲁木齐大路印务有限公司
发　　行：新疆新华书店
版　　次：2015年5月第1版
印　　次：2015年5月第1次印刷
开　　本：880×1230毫米 1/32开本
印　　张：10.875
书　　号：ISBN 978-7-5372-6194-4
印　　数：1—5000
定　　价：32.00元

发行科联系电话：(0991)2823055　邮编：830001

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ........................................ 1

## كىچىك ئىشلار بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماڭ

ھايات تولىمۇ قىسقا تۇرسا، قانداقمۇ كىچىك ئىشلار بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرغىلى بولسۇن ........................ 1
ئورۇنسىز ئىشلار ئۈچۈن رەنجىمەڭ ........................ 3
تۇرمۇشتىكى ئوڭۇشسىزلىقلارغا ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرگە دادىل يۈزلىنىڭ ........................ 7
كۆڭۈلسىزلىككە يولۇققاندا ئۇنىڭ بىلەن روبىرو ھېسابلىشىمەن دېمەڭ ........................ 10
كىچىك ئىشلاردا ھاماقەتلىك قىلماڭ ........................ 12
نۇقسانسىز ئادەم بولماس ........................ 14
ئىشلارغا ئەڭ ئاددىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىڭ ... 16
ئۆتمۈشتىكى خاتالىقلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ كېتىڭ ........................ 21
ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن ھېسابلىشىپ يۈرمەڭ ........................ 25
ئۆزىدە بار نەرسىنى قەدىرلەش باشقىلارغا ھەۋەس قىلغاندىن ياخشى ........................ 29

## ھاياتلىق ـــ كۈرەش قىلىش دېمەكتۇر

بەختسىز ئادەم پەقەت سىزلا ئەمەس ........................ 33

هاياتلىق ئادىل ئەمەس، سىز ئۇنىڭغا ماسلىشىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز كېرەك ............................ 36
كەمچىلىكمۇ بەزىدە بىر خىل ئامەتتۇر ............................ 40
سىزگە زىيان يەتكۈزگەن كىشىگىمۇ كەڭچىلىك قىلىڭ ... 44
ئۆزىنىڭكىنى توغرا دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىشنىڭ هاجىتى يوق ... 46
باشقىلارنى ئالدىراپ ئەيىبلىمەڭ ............................ 50
ئۆزىڭىزنى ئورۇنسىز ئەيىبلەشنى توختىتىڭ ............................ 54
هېچ ئىشتىن هېچ ئىش يوق ئۆزىڭىز بىلەن تىركىشىپ يۈرمەڭ ............................ 57
كۆڭۈلگە يېقىش بىلەن رايى قايتىش كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئىككى چاقى ............................ 60
تۇرمۇشتىكى ئەپسۇسلىنىشلار ئۈچۈن غەمكە پېتىشنىڭ هاجىتى يوق ............................ 63

## ئۈمىدۋار بولۇڭ

ئىشلارنىڭ ياخشى تەرىپىنى كۆپرەك ئويلاڭ ............................ 67
ئويلاپ بېقىڭ، بىر يىلدىن كېيىن ئۇ ئىش يەنە شۇنداق مۇهىممۇ؟ ............................ 71
سىز هەممە نەرسىڭىزدىن مەهرۇم بولۇپ قالمىدىڭىز ............................ 73
كۆڭلى ـ كۆكسىڭىزنى كەڭ تۇتسىڭىز تېخىمۇ ياخشى ياشىيالايسىز ............................ 78
بۈگۈنگە قەدەر ياشىيالىشىمىز ئاسان ئەمەس ............................ 83
هەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ ............................ 86
ئەڭ ناچار بولسىمۇ يەنە باشتىن باشلاش كېرەك ............................ 90

## چېكىنىشنىڭ ئۆزىمۇ بەخت

ئەمەلىيەتتە سىز ئىنتايىن باي ............................ 93

«ھەممە ئادەمنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىمەن» دەپ ئويلىماڭ ........................................ 98
بۈگۈن يوقىتىپ قويغان قۇياش ئۇچۇن ياش ئاققۇزساڭ، ئەتە يۇلتۇزلاردىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشىڭ مۇمكىن ......... 102
تولا ئويلاۋېرىپ تېخىمۇ يوقىتىپ قويماڭ ................. 106
چېكىدىن ئاشقان جاھىللىق سىزگە تېخىمۇ كۆپ بەختسىزلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ ........................ 109
ھەرگىز ئاغرىنماڭ، سىز ناھايىتى بەختلىك ............... 113
قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا چېكىنىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئەقىل - پاراسەت ........................................ 115
بەختىڭىزنى ھېسابلاپ بېقىڭ ............................ 119

## بەخت ئۆز ئالقىنىڭىزدا

بەخت ھېس قىلىشقا موھتاج ............................... 124
ھەر كۈنى «مىننەتدارلىق بايرىمى» ئۆتكۈزۈڭ ............... 127
بىپەرۋا بولماڭ ........................................ 132
ناتونۇش كىشىلەرگە كۈلۈمسىرەپ، ئۇلارنىڭ كۆزىگە دىققەت قىلىڭ ........................................ 136
ئاچچىقلانغان ۋاقتىڭىزدا بىردىن ئونغىچە ساناڭ ......... 139
مىجەزىڭىزنى ئۆزگەرتىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ ................. 142
كەيپىياتىڭىز تەرىپىدىن كونترول قىلىنماڭ ............... 146
يىغلاپ باقمىغىنىڭىزغا قانچىلىك بولدى .................. 150
تەنقىدلەشلەرگە ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ ................ 155
سەۋرچان بولۇڭ ........................................ 160
كۆڭۈلگە ياقمىغان گەپلەرنى قىلماڭ ...................... 161
نېمىلا بولۇشتىن قەتئىينەزەر، داۋاملىق ياشاڭ ........... 167

## ئاغرىنماي ياشاش

سىز ئاغرىنىدىغان ئىشلار شۇنچىۋالا كۆپمۇ؟ ............... 172
ئاغرىنىش ئاسارىتىدىن قۇتۇلايلى ............................ 176
سىز بىلەن بىرلىكتە ئاغرىنىدىغان دوستلىرىڭىزدىن ھەزەر
ئەيلەڭ .................................................. 179
غۇدۇڭشىماي تەكلىپىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ ............... 182
ئەمەلىيەتنى ئۆزگەرتىشكە ئامالسىز قالغاندا، ئۆزىڭىزنى
ئۆزگەرتىڭ .............................................. 187
ئاچچىقىڭىزنى دەل ۋاقتىدا يوتۇۋېتىڭ ..................... 191
خىزمەتتىكى ناچار كەيپىياتنى ئۆيىڭىزگە ئېلىپ كىرمەڭ ... 194
ئازاب توگۇنچىسىنى يېشىۋېتىڭ ........................ 198
بەك ھارغىن ياشىغىنىڭىز، قوغلاشقان نەرسىلىرىڭىزنىڭ
بەك كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكىدە ......................... 200
ۋاز كېچىشمۇ بىر خىل ئېرىشىشتۇر ..................... 204
تونۇشۇش بىر خىل تەقدىر، ئايرىلىشمۇ ھەم بىر خىل
تەقدىر .................................................. 207
ئېرىشكىلا كۆڭۈل بۆلمەڭ ............................... 211
ھەممىلا ئىش قىلىشىڭىزغا ئەرزىمەيدۇ ................... 213

## پاتقاق يولدا ماڭغاندىلا ئاندىن ئىزىڭىز قالىدۇ

كىشىلىك تۇرمۇشتىكى بەزى زەربىلەرگە نۇقتىئىنەزىڭىزنى
ئالماشتۇرۇپ قاراڭ ...................................... 219
ئۇمىدسىزلەنمىسىڭىزلا ئۇمىد تۇغۇلىدۇ ..................... 224
قىيىنچىلىقنى شاپائەتچىم دەپ بىلىڭ ...................... 227

ئوڭۇشسىز شارائىتتىمۇ ئىللىق كۇلۇمسىرەشنى ئۆگىنىۋېلىڭ ...... 231
پاتقاق يولدا ماڭغاندىلا ئاندىن ئىزىڭىز قالىدۇ ...... 233
ئاداۋەت سىزنى قىيناپ ئازابلىمىسۇن ...... 236
ئاچچىقلىنىش باشقىلارنىڭ خاتالىقى ئارقىلىق ئۆزىنى جازالاشتۇر ...... 238

## قىينچىلىق ئالدىدا باش ئەگمەڭ

قەلبىڭىزنىڭ غوجايىنى بولۇڭ ...... 242
تۇرمۇشتىكى گۈزەللىكنى بايقاشقا تىرىشىڭ ...... 247
ئىسقىرتىپ يۈرۈيدىغان چاغلىرىڭىزنى تېپىۋېلىڭ ...... 249
ھەربىر ئادەمنىڭ خۇشال بولىدىغان ھوقۇقى بار ...... 252
ھاياتلىقنىڭ ھەربىر ھالقىسىدىكى مەنزىرىلەردىن قانغۇچە ھۇزۇرلىنىڭ ...... 257
مۇشكۇلاتتىن ھالقىپ ئۆتۈڭ ...... 262
يورۇقلۇقنى قوبۇل قىلىڭ ...... 266
ئۆتمۇشنىڭ سايىسى ئەگەشمىسۇن ...... 271

## چۈشكۈنلەشمەڭ

قەلبىڭىزدىكى ھەسەتنى پەسەيتىپ، باشقىلارغا كەڭ قورساق بولۇڭ ...... 274
ئاچ كۆزلۈك قەلبىڭىزنى چىرىتىۋېتىدۇ ...... 279
تەكەببۇرلۇقىڭىزنى تاشلاڭ ...... 283
ئۆزىنى كەمسىتىش ھېسسىياتىنى يېڭىش ...... 287
چۈشكۈنلىشىش ـــــ روھىي جەھەتتىن ئۆزىنى نابۇت

قىلغانلىق ........................................ 291
ئۆزىدىن ئاغرىنىپلا يۈرۈش، پەقەت سىزنى ئارقىدا
قالدۇرىدۇ خالاس ........................................ 295
سىلىشتۇرۇش بەختىڭىزنى نابۇت قىلمىسۇن ............... 299

## كۆلۈپ ياشاڭ

خۇشال بولالماسلىق سىزنىڭ ئاددىي ياشىمىغانلىقىڭىزدىندۇر ... 305
ئۆزىڭىزگە ئامەت ئەكېلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ ............... 309
كۆلۈمسىرەش سىزگە يالغۇزلا خۇشاللىق ئېلىپ كەلمەيدۇ ... 314
يۇمۇرسىتىك بولسىڭىز كۆڭلىڭىز تېخىمۇ خۇشال ئۆتىدۇ ... 318
ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تاللاڭ ....... 321
كۆلكىنىڭ رولى ........................................ 326
ھاياتقا بولغان قىزغىنلىقىڭىزنى مەڭگۈ يوقاتماڭ .......... 328
ئۈمىد توغرىسىدا ئىككى كەلىمە ........................ 331

## مۇقەددىمە

ئىشقا ماڭغاندا قاتناش قىستاڭچىلىقىدا توسۇلۇپ قېلىش، ھۆججەت چۇشۇرۇۋاتقاندا كومپيۇتېر تۇيۇقسىز ئۆچۈپ قېلىپ ماتېرىيالنىڭ ھەممىسى يىتۈپ كېتىش، ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئەرزىمەس كىچىك ئىشلار ئۈچۈن كەسكىن تالاش ـ تارتىش، پايدا ـ مەنپەئەت كەلتۈرۈپ چىقارغان خىزمەتداشلار ئارىسىدىكى يۇت تېپىشىش... ناھايىتى نۇرغۇن ئىشلار بىزنى ئاچچىق ۋە غەزەپلىك كەيپىياتقا سۆرەپ كىرىپ دەرغەزەپكە كەلتۈرۈپ قاتتىق تېرىكتۈرىدۇ.

بۈگۈنكىدەك يەر شارى پۈل مۇئامىلە كرىزىسىغا ئۇچراۋاتقان ۋاقىتتا خىزمەت تېپىش قىيىنلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، كارخانىلارنىڭ خادىم قىسقارتىشى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر ئىشسىز قېلىۋاتىدۇ. بۇ خىل بېسىملارنىڭ روھىي كەيپىياتىمىزغا كەلتۈرگەن زىيىنى ناھايىتى چوڭ بولىۋاتىدۇ، ھەر خىل ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار سەۋەبىدىن روھىي كەيپىياتىمىز ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە تۇراقسىز بولىۋاتىدۇ. ھەمىشە مۇشۇنداق جىددىي كەيپىياتتا يۈرۈش، ھەممە نەرسىدىن ئەنسىزلىك ئىچىدە قورقۇپ ئۆتۈش بىزنى تۇرمۇشتا كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈنمۇ ئاسانلا ئاچچىقلىنىدىغان قىلىپ قويىدۇ، نېرۋىنى ئاجىزلىتىپ سالامەتلىكىمىزگە تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ. ئەنگلىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى دىسرىلى: «كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈن ئاچچىقلىنىدىغان ئادەمنىڭ ھاياتى ئەڭ قىسقا بولىدۇ» دېگەن ئىكەن. ئاچچىقلىنىش ئەمەلىيەتتە باشقىلارنىڭ

خاتالىقى بىلەن ئۆزىنى جازالاشتۇر. ئۆزىڭىزنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن بولسىمۇ كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈن ئاچچىقلىنىپ يۈرمەڭ.

كەيپىياتنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى كۆپىنچە ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى بىز بەك ئاسانلا تۇرمۇشتىكى ئېرىشىش ۋە مەغلۇپ بولۇشلار بىلەن ھېسابلىشىپ، ئۇنىڭ ئادالەتسىز تەرەپلىرىنىلا كۆرۈۋالىمىز، مۇشۇنداق بولغاچقا ناھايىتى ئاسانلا پۇتمەس ـ تۈگىمەس ئازاب ئىچىدە ئۆزىمىزنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرالمايمىز. مۇبادا كەيپىياتىمىز ئىنتايىن ناچار بولسا، دائىم دۇنيانى مەنىسىز، سوغۇق ھېس قىلىمىز، بەزى چاغدا بىھۇدە ئاچچىقلىنىش بىزنىڭ پۇشايمىنىمىزغا باھانە بولۇپ قالىدۇ. ئەكسىچە، كەيپىياتىمىز ياخشى چاغدا ئىنتايىن ئاسانلا دۇنيانىڭ ئىللىقلىقىنى ۋە مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ روھىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. روھى قۇرغاق ئادەملەرنىڭ پسىخىكىسى ھەمىشە تۇراقسىز بولىدۇ، شۇڭا بۇنداق ئادەملەر ناھايىتى ئاسان چېچىلىدىغان، جىلىخور كېلىدۇ. مەنىۋىيىتى كۈچلۈك ئادەملەر ھەممە ئىشلارغا سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلالايدۇ.

كىشىلىك تۇرمۇش قۇم سائەتكە ئوخشايدۇ، ئاچچىقلىنىش بىلەن خۇشاللىق ھەر ئىككىلىسى ئايرىم ـ ئايرىم تەرەپنى ئىگىلەيدۇ، ئاچچىقلانغان ۋاقتىمىز كۆپ بولسا خۇشاللىقمۇ بارغانسېرى بىزدىن يىراقلىشىدۇ. ۋاز كېچىشكە تېگىشلىك نەرسىلەردىن دەل ۋاقتىدا ۋاز كېچىش ئاچچىقلىنىشتىن ياخشىراق. ئۆزىمىزنىڭ روھىي ھالىتىنى رۇسلاپ، ھازىرقى ھالىتىمىزنى ئاكتىپ ھالدا ئۆزگەرتىپ، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تىرىشساق باشقىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشەلەيمىز. ئېسىڭىزدە

بولسۇنكى، جەننەت بىلەن دوزاخ قىلىدىن كەتكەن كىچىككىنە خاتالىق ئۈچۈنلا ئايرىلىدىغانلىقىنى قەلبىڭىزدە چىڭ ساقلاڭ. سىز قانداق ئۇسۇلدا تەپەككۇر قىلسىڭىز شۇنداق نەتىجىگە ئېرىشىسىز. روھىي دۇنيارىڭىزدىن ئىزدىسىڭىز تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرىپى قانائەتلىنەرلىك، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل بىر مەنزىرىدۇر.

دۆلەت ئۇستازى لى شىيىن، لىن ئەپەندى: «مۇكەممەل بولمىغاچقىلا، بۇ كىشىلىك ھايات» دېگەن. دەرۋەقە مۇشۇنداق بولغاچقا بىزنىڭ مۇكەممەللىكنى پۈتۈن جان ـ جەھلىمىز بىلەن قوغلىشىپ كېتىشىمىزنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. كىشىلىك ھاياتتا ھەممە ئىشىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇپ كېتىشى ناتايىن، شۇڭا ھەممە ئىشلار بىلەن بىرمۇبىر ھېسابلىشىپ ئولتۇرماستىن، خۇشاللىقتىن قانائەتلىنىش ۋە غەم ـ قايغۇنى بەرداشلىق بېرىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. ھەممە نەرسىنى سەۋرچانلىق بىلەن قوبۇل قىلالايدىغان بولغاندا، ئاندىن توغرا كەيپىيات بىلەن تۇرمۇشتىكى ئوڭۇشسىزلىقلارغا يۈزلەنگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كىچىك ئىشلار بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماڭ

كىشىلەر دائىم قەيسەرلىك بىلەن تۇرمۇشتىكى خىلى - خىلى چوڭ ئىشلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ - يۇ، دائىم كىچىك ئىشلار بىلەن ئۆزىنى چارچىتىپ قويىدۇ. ھايات تولىمۇ قىسقا، ھەرگىزمۇ كىچىك ئىشلار بىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزنى توسۇپ قويمىسۇن. ئۇششاق - چۈشەك ئىشلار ھەرگىزمۇ بىزنىڭ ئالتۇندەك قىممەتلىك ۋاقتىمىزنى زايە قىلمىسۇن.

## ھايات تولىمۇ قىسقا تۇرسا، قانداقمۇ كىچىك ئىشلار بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرغىلى بولسۇن

كۆپ ساندىكى كىشىلەر چوڭ مەسىلىلەرگە كەلگەندە سالماق بولىدۇ - يۇ، ئەكسىچە كىچىك ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ كېتىدۇ. چوڭ زەربىلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ - يۇ، كىچىك ئىشلار ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ كېتىدۇ. چوڭ - چوڭ مەسىلىلەردە خۇشاللىق بىلەن بولدى قىلىشىدۇ - يۇ، كىچىك ئىشلارنى قەتئىي ئۇنتۇمايدۇ. ھاياتىمىز تولىمۇ قىسقا، ئاشۇ ئەرزىمەس كىچىك ئىشلار ئۈچۈن ئاچچىقلىنىپ ۋايىم يەپ كەتسەك راستلا ئەرزىمەيدۇ.

1954 - يىلى 3 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، لوبومور تۇرۇشلۇق سۇ ئاستى كېمىسى تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچراپ، ئالتە دانە سۇ بومبىسى كېمە ئەتراپىدا پارتلايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا لوبومور خۇددى ئاسمان گۈلدۈرلەپ يەر يېرىلىپ كەتكەندەك ھېس

قىلىپ، قورققىنىدىن نەپەسمۇ ئالالماي، توختىماي ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۇ قېتىم تۇگەشتۇق» دېگەن ئىدى.

پارتلاش يۈز بەرگەن ئاشۇ ۋاقىتتا، لوبومور ئۆزىنىڭ بەزىبىر ئەرزىمەس كىچىك ئىشلار ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ يۈرگەنلىكىنى ئويلاپ قالدى. مەسىلەن: ئۇ بۇرۇن دائىم ئۆزىنىڭ ئۆيى، ماشىنىسى، پۇلى يوقلۇقىدىن، ئائىلىگە كىيىم ئېلىپ بېرەلمىگەنلىكىدىن قايغۇراتتى. يەنە ھەمىشە كىچىك ئىشلار ئۈچۈن ئائىلى بىلەن ئۇرۇشاتتى. ھەتتا بىر قېتىملىق قاتناش ۋەقەسىدىن قېپقالغان چېكىسىدىكى تاتۇقىمۇ ئازابلىناتتى.

بۇ قېتىملىق ھۇجۇمدىن كېيىن لوبومور چوڭقۇر چۈشەندىكى، سۇ ئاستى بومبىسى ھاياتىغا تەھدىت سالغان ۋاقىتتا نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى ئاشۇ ئادەمنى قايغۇغا سالىدىغان ئىشلار شۇنچىلىك مەنىسىز، شۇنچىلىك ئەرزىمەس ئىشلار ئىكەن. ئۇ كۆڭلىدە: «ئەگەر ماڭا يەنە بىر قېتىم پۇرسەت كېلىپ يۈلتۈز ۋە قۇياشنى كۆرەلەيدىغانلا ئىش بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىزمۇ قايغۇرمايمەن» دەپ ۋەدە بەردى ۋە ئاشۇ 51 سائەت ۋاقىتتا تۇرمۇشتىن ئۆگەنگەن نەرسىلىرىم ئۇنىۋېرسىتېتتا تۆت يىل ئۆگەنگەن نەرسىلىرىمدىن كۆپ بولدى، دېدى.

كىچىك ئىشلار ئۈچۈن ئاچچىقلانغان ۋاقتىڭىزدا مۇنداق ئويلاڭ: ئەگەر ئەزرائىل كەلسە، مەن يەنە مۇشۇ ئىشلارغا پەرۋا قىلارمەنمۇ؟ يەنىلا چالۋاقاپ قايغۇرۇپ يۈرەرمەنمۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس! شۇڭا سىز ئۇچرىغان ئىشلارنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىڭ. مەيلى ئۇ ناچار بولسۇن ياكى ياخشى بولسۇن سەۋر قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.

«تۇرمۇش تۇگىمەس ئىشلارنىڭ جۇغلانمىسى». سىز كىچىك

ئىشلارنىڭ دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى، تۇرمۇشنىڭ ئەسلىدىنلا زىددىيەتلىك تاللاشلار، ھەر خىل تەلەپلەر، ئارزۇ - ئۈمىد بىلەن تولغانلىقىنى ھېس قىلغان ۋاقتىڭىزدا پەسكويغا چۈشۈپ قالىسىز - دە، ھەرگىزمۇ ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن ئۆزىڭىزنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى زايە قىلمايسىز.

داڭلىق مۇۋەپپەقىيەتشۇناس كارنىگ مۇنداق قارايدۇ: نۇرغۇن كىشىلەر كىچىك ئىشلارغا بەك ئەزۋەيلەپ كېتىدۇ. ئادەملەر قىسقىغىنا نەچچە ئون يىل ھاياتىدا نۇرغۇن ۋاقتىنى ئاسانلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغان شۇ ئەرزىمەس ئىشلارغا سەرپ قىلىۋېتىدۇ. سىز كۆڭۈل - كۆكسىڭىزنى كەڭ تۇتۇپ، نەزەر - دائىرىڭىزنى كېڭەيتكەن ۋاقتىڭىزدا تۇيۇقسىز تىنچ - خاتىرجەم ئادەمگە ئايلىنىسىز، تۇرمۇشقا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىسىز. ھەرگىزمۇ كىچىك ئىشلار ئۈچۈن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايسىز.

## ئورۇنسىز ئىشلار ئۈچۈن رەنجىمەڭ

رېئال تۇرمۇشتا بىز دائىم باشقىلارنىڭ قاراپ قويۇشلىرى، بىر كۈلۈمسىرىشى، ياكى كىچىككىنە ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن كۆڭلىمىز خاتىرجەمسىزلىنىپ، پىكىرلىرىمىز قاتماللىشىپ كېتىدۇ، ھەتتا قىلىۋاتقان ئىشىمىزدىنمۇ ئېزىپ كېتىمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ قاراشلار، كۈلۈشلەر، ھەرىكەتلەرنىڭ نۇرغۇن ۋاقىتلاردا ئۇنچە بەك ئالاھىدە مەنىسىمۇ يوق. پەقەت بۇ ئۆزىمىزنىڭ بەك ئارتۇق ئويلاپ كەتكەنلىكىمىزدىن خالاس.

بىز باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئۆزگەرتەلمەيمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ رەزىل مەقسىتى يوق. ئۇلارمۇ پەقەت مۇنداقلا دەپ قويىدۇ، خالاس. باشقىلارنىڭ پىكرىگە نىسبەتەن، بىز پەرۋا قىلماسلىق پوزىتسىيەسىدە بولساق بولىدۇ. بۇنىڭغا

ئاچچىقلاپ كېتىشىنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق.

بىر قېتىملىق زىياپەتتە مېيلا بىر ئەر بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ. بۇ ئەر تولىمۇ سالاپەتلىك، گەپ ـ سۆزلىرى سالماق بولۇپ، بۇلار بىر كۆرۈشۈپلا چىقىشىپ قالىدۇ. ئۇلار قىزغىن پاراڭلىشىپ زىياپەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۆزئارا تېلېفون نومۇرلىرىنى قالدۇرۇشۇپ، كېيىن داۋاملىق ئالاقىلىشىپ تۇرۇشنى ئېيتىشىپ خوشلىشىدۇ.

بىر يىلدىن كېيىن مېيلا ئاكتىپلىق بىلەن ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ، سۆز قالدۇرۇپ قويىدۇ، بىراق خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇنىڭدىن خەۋەر بولمايدۇ. مېيلا بۇ ئىشنى دوستىغا دېگەندە، دوستى ئاڭلاپلا كۈلۈپ كېتىدۇ ـ دە، مېيلاغا: «سەن بىر ئەخمەق ئىكەنسەن. ھازىرقى ئەرلەر بەك ئۇچىمە كۆڭۈل، ھەممە يەرگە چېپىپ يۈرۈپ ئۇنى ـ بۇنى ئەخمەق قىلىدۇ. شۇڭا بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئىشەنچلىك ئەمەس، ئەڭ ياخشىسى بولدى قىل» دەيدۇ.

مېيلا ھەرگىزمۇ كۆپ ساندىكى قىزلارغا ئوخشاش دوستىنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن ئۆزىنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىدىن گۇمانلىنىدىغان، ئۆزىنىڭ راستلا بىر ئۇچىمە كۆڭۈل ئەرگە ئۇچراپ قالغانلىقىدىن ئەنسىرەپ كېتىدىغان قىز ئەمەس ئىدى.

مېيلا بىر ھەپتىدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم تېلېفون قىلغان بولسىمۇ يەنىلا تېلېفون ئېلىنمايدۇ. بىراق ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن ۋاز كەچمەيدۇ. ئۇ سوغوققانلىق بىلەن تېخىمۇ ئەستايىدىل تەھلىل قىلىدۇ. بۇ ئەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكەت، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ ھەرگىزمۇ ئاسانلا بولدى قىلىدىغان ئادەملەردەك قىلمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ سەزگۈسىگە ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ تېلېفون قايتۇرمىغىنىغا قارىغاندا، چوقۇم ئىشى چىقىپ

www.uyghurkitap.com

قالغان گەپ ياكى بولمىسا ئالدىراشلىقتىن ۋاقىت چىقىرالمىدى، دەپ ئويلايدۇ.

بىر ئايدىن كېيىن مېيلا ئۇ ئەرگە يەنە بىر قېتىم تېلېفون قىلىدۇ. ئۇلار ئاخىرى ئالاقىلىشالايدۇ. ئەر بۇ ئىشقا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ ناھايىتى خىجىل ئىكەنلىكىنى، شۇ زىياپەتتىن كېيىنلا كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. كېيىن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، ئىناق بىر جۈپلەردىن بولۇپ قالىدۇ.

مېيلا ئەگەر باشقىلارنىڭ قارىشى بويىچە بۇ پۇرسەتتىن ۋاز كەچكەن بولسا، بۇ نېمىدېگەن ئېچىنارلىق ئىش بولار ئىدى ـ ھە؟! ئەگەر دوستىنىڭ دېگىنى بويىچە كېچە ـ كۈندۈز ئۆزىنىڭ بىر ئۇچمە كۆڭۈل بىرىگە يولۇقۇپ قالغانلىقىدىن ئازاب چېكىپ يۈرسە، بۇ ئۆزىگە ئۆزى ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كەلگىنى ئەمەسمۇ؟ باشقىلارنىڭ گېپىنى شۇنچە چوڭ بىلىپ كەتسەك، ئۆزىمىزنىڭ قولىدىكى نەرسىلەردىن مەھرۇم قېلىشىمىز مۇمكىن. ئۆزىمىزگە شۇنداق ئىشەنچىمىز بولغاندىلا، باشقىلارنىڭ سەپسەتىسىگە ئالدانمايدىغان بولىمىز، قارىسىغا ئاچچىقلىنىپمۇ يۈرمەيمىز.

فېردى بولسا نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى ئامېرىكىلىق قۇرۇلۇش مۇتەخەسسىسى. ئۇ بۇرۇن ئىنژېنېرلارنى باشلاپ، دېڭىز ئاستى ئۆتكۈزگۈچ سىمىدىن پايدىلىنىپ ياۋرو ـ ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى تۇتاشتۇرماقچى بولغان ئىدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا خۇشال بولۇپ، ئۇنى ئىككى دۇنيانىڭ بىرلىككە كەلتۈرگۈچىسى دەپ ئاتىغان ئىدى. ئاشۇ ۋاقىتتا ئۇ ئامېرىكىدىكى ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. بىراق سىم تۇتاشتۇرۇش مۇراسىمىدا ئەمدىلا

تۇتاشتۇرۇلغان توك يولى تۇيۇقسىز ئۈزۈلۈپ كېتىپ، كىشىلەرنىڭ پوزىتسىيەسىدە 180 گىرادۇس بۇرۇلۇش پەيدا بولغان. بۇرۇنقى ئالقىشلار ئەمدى غەزەپ ــ نەپرەتكە ئايلانغان. بۇنىڭغا نىسبەتەن فېردې مۇنداقلا كۈلۈپ قويۇپ چۈشەندۈرۈشمۇ بەرمەي داۋاملىق بېشىنى تىقىپ ئىشلەۋەرگەن. ئاخىرى نۇرغۇنلىغان تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق ئاخىرى ياۋرو ــ ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى دېگىز ئاستى نۇركابىل ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان. تەبرىكلەش مۇراسىمىدا فېردې ئەزىز مېھمانلار قاتارىدىن ئورۇن ئالماي چەتتە يەنە كىشىلەر توپى ئىچىدە قاراپ تۇرغان. ئالقىش ــ ماختاشلارغا ئۇ يەنىلا شۇنداق تەمكىن تۇرغان. فېردې ئىككى دۇنيانى بىرلىككە كەلتۈرگۈچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بىر ئەقىللىق ئادەم ئىدى. ئادەتتىكى ئادەملەر بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان زەربىگە دۇچ كەلگەندە، ئۆزىنى ئۆزى تەڭشەش پىسخىكىسى ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ بارلىق كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىپ، پەقەت ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئەمەلىي نەتىجە يارىتىپ كۆپچىلىكنى قايىل قىلدى.

باشقىلار سىزنىڭ ئىش ــ ھەرىكىتىڭىزگە باھا بېرىپ ئۇنى ــ بۇنى دېگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا پەرۋاسىزلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىڭىز كېرەك. ۋاقىت ھەممىنى بەلگىلەيدۇ، سۆز ــ چۆچەكلەر ئاخىرى تۈگەيدۇ. ئەگەر سىز بەك ئېتىبارغا ئېلىپ كەتسىڭىز، ئۇ سىزنىڭ روھىڭىزغا سىڭىپ كىرىپ، ئىرادىڭىزنى بويسۇندۇرۇپ، كەيپىياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر سىز خاتا قىلغانلا بولسىڭىز، ئۇنداقتا قەيسەرلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ باشقىلارغا يۈزلىنىڭ، خاتالىقىڭىزنى تونۇڭ.

باشقىلارنىڭ سۆز ــ چۆچەكلىرىگە بەك پەرۋا قىلىپ كېتىش سىزگە پەقەتلا ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كېلىدۇ، خالاس. ئۇنىڭ

ئۇستىگە سىز ئاشۇ گەپ - سۆز، باھالارنى ئىچىڭىزگە ئېلىپ كەتسىڭىز، سىزنىڭ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەش جاسارىتىڭىزمۇ بارا - بارا ئاجىزلىشىدۇ.

## تۇرمۇشتىكى ئوڭۇشسىزلىقلارغا ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرگە دادىل يۈزلىنىڭ

بىز ھەدېسىلا كىچىك ئىشلار ئۈچۈن ھېسابلىشىپ ئولتۇرساق، تولىمۇ بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ياشايمىز - دە، ئىچىمىزدىكى ئاچچىق بارا - بارا كۆپىيىدۇ. مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق بىز يەنە نېمىشقا پاك قەلبىمىز بىلەن تۇرمۇشتىكى ئوڭۇشسىزلىق ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرگە مۇئامىلە قىلىپ باقمايمىز. بىز مۇشۇنداق ئىشلارنى تولا ئويلاپ كاللىمىزغا كىرگۈزۈۋالمىساقلا تولا ھەسرەت چېكىپ بۇرۇقتۇرمىلىقتا يۈرمەيمىز.

بىر مەسئۇلىيەتچان ناخشىچى ھەربىي سەنئەت ساھەسىگە كىرىشكە تەييارلىق قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشەنچلىك ھالدا ئۆزى ئۈنگە ئالغان مۇزىكىنى بىر داڭلىق كومپوزىتورغا ئەۋەتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ناھايىتى تەقەززالىق ئىچىدە جاۋاب كېلىشىنى كۈتۈپتۇ.

بىرىنچى كۈنى ئۈمىدكە تولغان بولۇپ، خۇددى ئۆزىنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ بولغاندەك ھېس قىلىپتۇ. شۇڭا كەيپىياتىمۇ ناھايىتى كۆتۈرەڭگۈ يۈرۈپتۇ. كۆرگەنلا كىشىگە ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتىپتۇ. ھەتتا كېيىن چولپان بولغاندىن كېيىنكى گۈزەل مەنزىرىلەرنى ئويلاپ كېتىپتۇ. ئىككىنچى كۈنىمۇ جاۋاب كەلمەپتۇ. ئۇ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپتۇ. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەن بولسىمۇ يەنىلا خەۋەر بولماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى

يوقىتىپلا قويۇپتۇ. ھېچنېمە كۆزگە سىغماي قالايمىقان ئادەم تىللاشقا باشلاپتۇ. «بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن! مېنىڭ شۇنچىۋالا يېقىملىق ئاۋازىمنى ئەجەبا ئاڭلايدىغان ئادەم چىقمىغانمىدۇ؟» ئۇ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ نۇرغۇنلىغان ئىپتىماللىقلارنى پەرەز قىپتۇ. ئاخىرى ئۇ پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلىنىپ، خۇددى ئۆزىنى ئۇخلىماي چۈش كۆرگەندەك ھېس قىپتۇ ۋە بەكمۇ چۈشكۈنلىشىپ كېتىپتۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا تېلېفون جىرىڭلاپتۇ. ئۇ مۇشۇ ۋاقىتتا كەيپىياتى ناچار بولغاچقا، تېلېفوننى ئېلىپلا ئادەم تىللاشنى باشلاپتۇ. تېلېفون قىلغان ئادەم دەل ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى زارىقىپ خەۋىرىنى كۈتۈۋاتقان ھېلىقى كومپيۇتىر بولۇپ، ئۇ مۇشۇ ئىشى بىلەنلا ئىستىقبالىنى نابۇت قىپتۇ.

تۇرمۇشتا بىز ھەر خىل ئوڭۇشسىزلىق، قىيىنچىلىق ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەردىن ساقلىنالمايمىز. مۇشۇنداقلا بىر ئاچچىقلىنىش، ئەنسىرەش، غەزەپلىنىش ۋە بەزى ئىشلار بىلەن ھەددىدىن ئارتۇق ھېسابلىشىپ كېتىش ئىشنى ياخشىلىمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ئىشلارنى تېخىمۇ بەك يامانلاشتۇرىۋېتىدۇ. شۇ ئارقىلىق يوقىتىپ قويىدىغان نەرسىلىرىمىزمۇ كۆپ بولىدۇ.

ئاچچىقلانماسلىقنىڭ ئۇسۇللىرى ئەسلى ناھايىتى ئاددىي. پەقەت سىز تۇرمۇشتىكى ئوڭۇشسىزلىق ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرگە مۇنداقلا مۇئامىلە قىلىپ قويسىڭىزلا بولىدى. زۆرۈر بولغاندا دىققىتىڭىزنى مۇھىم ئىشلارغا قارىتىپ، باشقا ئىشلارنى قويۇپ تۇرسىڭىز ئاچچىقىڭىزمۇ پەسلەپ قالىدۇ.

چىن يىگچې مۇشۇ قارارلىق ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى بولۇپ، نۇرغۇنلىغان سىناقلاردىن ئۆتكەندىن كېيىن، بىر تاشقى سودا شىركىتىگە ئىشقا چۈشىدۇ، ئىشقا چۈشكەن بىرىنچى كۈنى

ئۇ ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ پاكىز، چىرايلىق ياسىنىپ ئىشىكتىن چىقىدۇ. ئۇ بىر سائەت بۇرۇن بىرىۋالغاچقا ئازراق ئەتىگەنلىك ناشتا يەۋېلىشنى ئويلاپتۇ. ئۇ تاماقخانىدا ئولتۇرۇپ ناشتىلىق يەۋاتقان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىر بالا ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۇستەل ئۈستىدىكى سۇتنى ئۇنىڭ ئۇستىگە تۆكىۋېتىدۇ. بالىنىڭ ئاپىسى دەرھال ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورايدۇ ھەم قەغەز ئېلىپ توختىماي ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سۈرتىدۇ. شۇنداقتىمۇ كىيىمى يەنىلا داغ بولۇپ قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ شۇنچىلىك ئاچچىقى كېلىدۇ. خىزمەتكە بارغان تۇنجى كۈنىلا نېمىشقا بۇنداق نەس باسىدىغاندۇ؟ دەپ ئويلايدۇ. ئويلىغانسېرى ئاچچىقى كېلىدۇ. ئۇ، ئەگەر خىزمەتداشلىرىم كۆرۈپ قالسا باشقىچە كۆز قاراشتا بولۇپ قالارمۇ ياكى بولمىسا باشلىق مېنى كىچىك نۇقتىلارغا دىققەت قىلمايدىغان ئادەم ئىكەن دەپ قالارمۇ دەپ ئەنسىرەيدۇ. خىزمەت ۋاقتى توشقاندا ئۇ يۈرىكى پوك - پوك ئىشخانىغا كىرىپ كېلىدۇ. كۆڭلى بىر يەردە بولمىغاچقا باشلىقىنىڭ ئىستاكاننى چېقىپ قويىدۇ. خىزمەتدىشىنىڭ ھۆججىتىنى خاتا ئېلىپ قويىدۇ ھەمدە شىركەتنىڭ فاكس يوللىغۇچنى بۇزۇپ قويىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق ئالاقزەدىلىك بىلەن خىزمەتكە چۈشكەن بىرىنچى كۈننى ئۆتكۈزىدۇ. خىزمەتتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بىر كۈنلۈك ئىپادىسىنى ئەسلەپ، ناھايىتى ئاچچىق بىلەن ئۆز ئۆزىگە: «ھەممىنى قىلغان ئاشۇ سۈت دېغى» دەيدۇ.

ئەگەر كىيىمىدىكى داغقا پەرۋا قىلمىغان بولسا، بەلكىم ئاشۇ كۆڭۈلسىز ئىشلارمۇ يۈز بەرمىگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. كەيپىيات دېگەن ئۆزىمىزگە تەئەللۇق نەرسە، پەقەت ئۆزىمىزلا ئۇنى كونترول قىلالايمىز. يۈز بېرىپ بولغان ئىشلارغا نىسبەتەن مۇرىمىزنى قىسىپ قويۇپ ئۇنىڭغا پەرۋا

قىلماي، ئاستاغىنە ئۆز ـ ئۆزىڭىزگە: «بولدىلا بۇنى ئۇنتۇپ كېتەي، ھەممە ئىشلار ئۆتۈپ كېتىدىغۇ» دېگىنىڭىز ياخشىراق.

## كۆڭۈلسىزلىككە يولۇققاندا ئۇنىڭ بىلەن روبىرو ھېسابلىشىمەن دېمەڭ

تەتقىق قىلىشقا ئەرزىمەيدىغان ۋە ھەل قىلىش تەس بولغان ئىشلارغا نىسبەتەن، بىرەر نەتىجە چىقىرىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەڭ، بولمىسا ئۆزىڭىزنى تېخىمۇ قىيىنايسىز، ھەتتا قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ يۈرۈپ بۇرنىڭىزغا يەۋېلىشىڭىز مۇمكىن.

بىر چاشقان كالا مۈڭگۈزى ئىچىگە كىرىۋاپتۇ ـ دە، بوشلۇقنىڭ بارا ـ بارا تارىيىشىغا قارىماي ئالدىغا قاراپ كۈچەپ ئۆمىلەۋېرىپتۇ. كالا مۈڭگۈزى ئۇنىڭ بۇنچىلىك جاھىللىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا: «دوستۇم بولدى قىل، ئالدىڭدا ھەرگىزمۇ چىقىش يولى يوق» دەپ نەسىھەت قىپتۇ. چاشقان ئاچچىقلانغان ھالدا: «خې... مېنىڭ لۇغىتىمدە ھەرگىز ئارقىغا قايتىش دېگەن گەپ يوق، مەن بولسام بىر ئوڭۇشسىزلىقتىن يانمايدىغان باتۇر، مېنىڭ بىلىدىغىنىم پەقەت ئالغا ئىلگىرىلەش!» دەپتۇ. «بىراق دەسلىپىدىلا سەن يولنى خاتا تاللىغان تۇرساڭ، ئىچى بارغانسېرى تارىيىپ قاراڭغۇلىشىۋاتقان تۇرسا» دەپتۇ كالا مۈڭگۈزى. چاشقان كالا مۈڭگۈزىنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلىپمۇ قويماپتۇ. تېخى ھاكاۋۇرلۇق بىلەن: «مەن ئۆمۈر بويى تۆشۈكلەرگە كىرىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان تۇرسام، قانداقمۇ يولدىن ئېزىپ قالاي» دەپتۇ. بۇ مەسئۇلىيەتچان چاشقان داۋاملىق ئۆمىلەۋېرىپتۇ، ئۇزاق ئۆتمەي بۇ «باتۇر» كالا مۈڭگۈزى ئىچىدە تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قاپتۇ.

بىرىنچى قەدەمنى خاتا باسقاننى بىلىپ تۇرۇپ يەنە نېمىشقا داۋاملىق بۇ خاتالىقنى ئۆتكۈزىمىز؟ ئالدىمىز قاراڭغۇ ھەم تار، ئارقىمىز بولسا كەڭ، يورۇق، ئازادە. ئادەمنىڭ بەزى ۋاقىتلاردا

بىر ئىشنى قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋېلىشىمۇ تازا ياخشى ئىش بولماسلىقى مۇمكىن.

بىر جۈپ ئەر - ئايال بولۇپ، ئايالى مۇھەببەتكە تولىمۇ سادىق ئىكەن. ئۇ ئۆلارنىڭ نىكاھىنىڭ ئۆمۈرلۈك بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ يولدىشىنىڭ باشقا بىرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بايقاپ قاپتۇ - دە، بىردىنلا ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. كېيىنكى كۈنلەردە، ئۇ كۈنبويى كۆز يېشى بىلەن يۈزىنى يۇيۇپتۇ. ئاغزىغا ھېچ نەرسە ئالماپتۇ، ھەتتا بۇ ئازابلارغا چىدىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنىمۇ ئويلاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھايات ئۆلۈمدىنمۇ ئازابلىق تۇيۇلۇپتۇ. بىراق ئىش مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەندىمۇ، ئۇ يەنىلا جاھىللىق بىلەن ھامان بىر كۈنى مۆجىزە يۈز بېرىپ قالار دەپ ئويلاپتۇ. نېمىشقا دېگەندە ئۇلار ھېچبولمىغاندا بۇرۇن بىر - بىرىنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرۈشكەن ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ئۇ ئېرى بىلەن ئاجرىشىشقا قەتئىي قوشۇلماپتۇ. كېيىن ئۇنىڭ يولدىشى ئوغرىلىقچە ئائىلىنىڭ مال - مۈلكىنى ۋە ئۆيىنى سېتىۋەتكەندە، ئۇ ئاندىن ھەممىنى ئېنىق ھېس قىپتۇ. نېمىشقا بۇ ئائىلىدىن، بۇ نىكاھتىن، ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئەردىن بۇرۇنراق ۋاز كەچمىگەندىمەن؟ مېنىڭ پەقەت ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىنى تۇتۇۋالغىنىمنىڭ نېمە پايدىسى؟ دەپ ئويلاپتۇ. ئايال پەقەت بۇنداق ئازاب ئىچىدە ياشاشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن ئەر بىلەن ئاجرىشىپتۇ.

بىز شەيئىلەرنى كونترول قىلىشنى ئويلايمىز - يۇ، ئەكسىچە ئۆزىمىز شەيئىلەر تەرىپىدىن كونترول قىلىنىپ قالىمىز. شۇڭا، ئادەتتە «كالا مۈڭگۈزىگە ئۈسۈپ كىرىش» ئارقىلىق مەسىلىلەرنى ئانچە ياخشى بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدۇ. بەزىدە بىز شۇنداق جاھىل بولۇۋېلىپ كۆڭلىمىزنى

يېرىم قىلىۋالىمىز. ئۆزىمىزنى قەپەس ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىمىز. سىز ئاشۇ ئەرزىمەس تالالاشلاردىن ۋاز كېچىپ ئىشلارغا ئارتۇقچە ئىپسىلىۋالمايدىغان ياكى پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن قارشى تۇرغان ۋاقتىڭىزدا، سىز ئاندىن بىر ئەقىلگە لايىق يۈرەكنى ساقلىيالايسىز ـ دە، دادىللىق بىلەن ئەمەلىيەتكە يۈزلىنەلەيسىز.

## كىچىك ئىشلاردا ھاماقەتلىك قىلماڭ

ئاددىي پىكىر ــــ ئاكتىپ، ئۈمىدۋار، ئىلغار تۇرمۇش پوزىتسىيەسى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئاچچىقلانماسلىقتىكى پاراسەت. ھايات تولىمۇ قىسقا. ئۆمۈر پەقەت نەچچە ئون يىل تۇرسا، قانداقمۇ مۇشۇنچىلا ئازابلارغا چىدىغىلى بولسۇن. كىچىك ئىشلارغا يولۇققاندا يېنىكلىك بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتسەك ئۆزىمىزنى ناھايىتى ئەركىن ھېس قىلىمىز.

بۈگۈن شۇلىڭ يەنە قېيىنئانىسى بىلەن ئازارلىشىپ قالغاچقا، نەۋرە سىڭلىسى گوباۋنىڭ قېشىغا بېرىپ دەردىنى تۆكتى. شۇلىڭ گوباۋنىڭ ئالدىراشلىقىنى كۆرۈپ گوباۋنىڭ قېيىنئانىسى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. «سىزدىن يوشۇرماي دەۋېرەي، قېيىنئانام ئەتكەن تاماقنىڭ تەمى ياخشى ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتىدىن كەچكىچە كوتۇلداپ ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىۋېتىدۇ». شۇلىڭ مۇشۇنداق دەپ ھالانغىلى تۇردى. گوباۋنىڭ قېيىنئانىسى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ: «ئەمەلىيەتتە سىز بۇ ھاماقەت سىڭلىڭىزدىن ئۆگەنسىڭىز بولغۇدەك. مەن سەي قورۇسام ئېنىقلا تۇزنى ئاز سېلىپ قويىمەن، بىراق ئۇ يەنىلا شۇنداق ئوخشاپتۇ دەپ يەيدۇ. بىرەر قېتىممۇ مەندەك بىر سەھرالىق مومايدىن رەنجىپ باقىغىنىنى بىلمەيمەن» دەيدۇ. چۈشتىن كېيىن گوباۋ كىر يۇيۇپ دەپ ئۆزىنىڭ تۇنۇگۇن كەچ

ئالماشتۇرغان كىيىمنى زادىلا تاپالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «ئاپا! مېنىڭ كىيىمىمنى كۆردىڭىزمۇ؟» دەپ توۋلىدى. گوباۋنىڭ ئاپىسى بېشىنى كۆتۈرۈپ كۈلۈپ تۇرۇپ: «قاراڭ مېنىڭ هاماقەتلىكىمنى، بايا دىققەت قىلماي سىزنىڭ كىيىمىڭىزنى يۇيۇپ ساپتىمەن» دەپتۇ. گوباۋ قېيىنئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئىچىدە كۈلۈپ قويىدى. بىر تەرەپتە تۇرغان شۇلىڭ بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ، ئاخىرى ئەتىگەندە نەۋرە سىڭلىسىنىڭ قېيىنئانىسى دېگەن «هاماقەت» لىكنى ئۆگىنىشنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن شۇلىڭ گوباۋغا: «مەن سىنىڭ قېيىنئاناڭ بىلەن نېمىشقا بۇنداق ياخشى ئۆتىدىغانلىقىڭنى ئاخىرى چۈشەندىم. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ‹هاماقەتلىك› راستىلا قىممەتلىك ئىكەن! كىچىك ئىشلار بىلەن ئانچە هېسابلىشىپ كەتمىگەندە، ھەممە ئىشلار شۇنداق ئاسان بولىدىكەن. مەن بۇندىن كېيىنمۇ سەندىن ياخشى ئۆگەنسەم بولغۇدەك» دېدى. شۇندىن كېيىن شۇلىڭمۇ «هاماقەت» كېلىنلەردىن بولدى. بۇ ئۇسۇل راستىلا ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى. كېينچە ئۇنىڭ قېيىنئانىسىمۇ ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە «هاماقەت» لىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىناق ئۆتۈپ ئۇرۇش - تالاش قىلىپ باقمىدى.

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا، بىز دائىم كىچىك ئىشلارغا ئېسىلىۋالىمىز. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ بۇنداق ئىشلارغا ئۆزىمىزنى بەك ئۇرۇپ كېتىشىمىزنىڭ هاجىتى يوق. ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان ئىش ۋە ئادەملەرگە يولۇققان ۋاقتىمىزدا «هاماقەت» بولىۋالساق، ئاچچىقىمىزمۇ تەبىئىي هالدا يوقاپ كېتىدۇ. ئادەم ئىش قىلغاندا سەل هاماقەت بولسا، بىغەملەرچە ئىش بېجىرسە باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپلا قالماستىن، يەنە ئۆزىنىڭ باش ئاغرىقىنى يەڭگىللىتەلەيدۇ. بۇنىڭ ئەلۋەتتە هېچ يامان يېرى يوق.

## نۇقسانسىز ئادەم بولماس

بۇرۇنقىلار: «ئادەم نۇقسانسىز بولماس» دەپ توغرا ئېيتقان. ھەممە ئادەمنىڭ كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكى بار. كىشىلىك تۇرمۇشتا، ئەگەر بىز دائىم كۆزىمىزنى يوغان ئېچىپ، قولىمىزغا لوپا ئەينەكنى ئېلىپ باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇنداقتا بىز ھەرگىزمۇ باشقىلاردىن رازى بولالمايمىز. ئەگەر بىز كۆرمەسكە سېلىۋېلىپ، باشقىلارنىڭ يېتەرسىزلىكى ھەم كەمچىلىكلىرىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن ئەپۇ قىلالىساق ئۆزىمىزمۇ شۇنداق يېنىكلەپ قالىمىز.

جۇ شاۋمىن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان قىز بولۇپلا قالماستىن، يەنە باشقىلارغىمۇ ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە تەلەپ قويىدۇ. مەسلەن: ئۇ پاكىزلىقنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا ئۇ دائىم ياتاقداشلىرىنىڭ چوقۇم ئۆزىنىڭ يوتقان ـ كۆرپىسىنى، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى رەتلىك تىزىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ تېلېفۇنزور كۆرگەندە، تۆۋەن ئاۋازدا كۆرۈش ئادىتى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ باشقىلار تېلېفۇنزور كۆرگەندە تۆۋەن ئاۋازدا كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ ئاچچىق سەيلەرنى يېيىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ. شۇڭا ئۇ باشقىلارنىڭ ياتاقتا ئاچچىق سەيلەرنى يېمەسلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئادەملەرنى ياراتمايدۇ. ھەر قېتىم باشقىلارنىڭ كېچىچە كۇلۇشۇپ كورېيە فىلىملىرىنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى كۆرسە ناھايىتى ئاچچىقى كېلىدۇ. كۆزىگە بىر تال قىلنىمۇ سىغدۇرالمايدىغان بۇ قىز ئاخىرى يالغۇز قالىدۇ.

سىز باشقىلارنىڭ بىرەر ئىش ـ ھەرىكىتىنى ياقتۇرمىسىڭىز ھېچقىسى يوق. لېكىن سىز دائىم باشقىلارنىڭ ئۆزىڭىزگە ئوخشىمايدىغانلىقى ئۈچۈن باشقىلارنى ئۆچ كۆرسىڭىز بولمايدۇ.

بوشلۇق كىچىك بولسا سىز سۇمۇرەلەيدىغان ھاۋامۇ ئاز بولىدۇ، پەقەت سىز كەڭ قورساق بولسىڭىزلا ئىچىڭىزگە سىغدۇرالايدىغان خۇشاللىقمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. باشقىلارنىڭ كەمچىلىكى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرسىڭىز، ئاخىرىدا كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋالىدىغان ئادەم يەنىلا ئۆزىڭىز بولىسىز. شۇڭا ئۆزىڭىزنى بۇنداق تەڭلىكتە قويۇشنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق. ئۆزىڭىزگە بەك قاتتىق تەلەپ قويۇپ كەتمەي، باشقىلارنىڭ يېتەرسىزلىكىنى كۆرمەسكە سېلىۋېلىڭ.

مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېت «تالانت كۆۋرۈكى پائالىيىتى» ئۆتكۈزۈپتۇ. بۇ پائالىيەتتە ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ نومۇر كۆرسىتىش پۇرسىتى بولۇپ، نۇتۇق سۆزلىسىمۇ، تېپىشماق ئېيتسىمۇ، يۇمۇر ئېيتسىمۇ بولىدىكەن. بۇ پائالىيەتنىڭ مەقسىتى پەقەت ئۆز ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ باشقىلارغا كۆلكە ئاتا قىلىش ئىكەن.

نۆۋەت فۇ شاۋلىنغا كېلىپ، ئۇ چىراغلار چاقناپ تۇرغان سەھنىگە چىقىپتۇ. فۇ شاۋلىن سىنىپتىكى ئەڭ پاكار ئوقۇغۇچى ئىدى. ئۇ ئاستا سەھنىگە چىققاندىن كېيىن قورال ئۇچۇن ئىشلىتىلىدىغان غەربىي يۇرت پادىچىلار شەپكىسىنى ئېلىپ كۆپچىلىككە بىر تەزىم قىلغۇەتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھېسسىياتقا باي نۇتقىنى باشلىۋەتتى. «ھەممىڭلارغا مەلۇم، تاشقى كۆرۈنۈش ۋە بەدەن تۈزۈلۈشى جەھەتتە مەن راستلا كۆپچىلىك ئالدىدا خىجىل، بىراق ھەممىڭلار بىلىسىلەر، ناپولېئوننىڭ بوي ئېگىزلىكىمۇ 1 مېتىر 59 سانتىمېتىر كېلەتتى. مەن ئۇنىڭدىن بىر سانتىمېتىر ئېگىزغۇ، چېكەم بىلەن پېشانەمنى دېمەيلا قوياي، بىراق سۇقراتمۇ شۇنداققۇ... مېنىڭ بۇرنۇم سەل يوغانراق، بۇ ۋولتاير ۋە جورجى بوش بىلەن ئوخشاش. مېنىڭ قېلىن كالپۇكۇم فىرانسىيە پادىشاھىنىڭكىدىن چىرايلىقراق.

بەلكىم سىلەر مېنىڭ قۇلىقىمنى يوغان دېيىشىڭلار مۇمكىن. بىراق دۇنياغا داڭلىق سىرۋانتىسنىڭمۇ قۇلىقى ئۇزۇنغۇ، مېنىڭ قوللىرىم سېمىز، بارماقلىرىم قىسقا ھەم توم، بىراق ئاسترونومىيە ئالىمى ئېددىنگتونمۇ شۇنداققۇ، قاراڭلار! مەندە دۇنيادىكى داڭلىق ئادەملەرنىڭ ئالاھىدىلىكى جۇغلانغان». فۇ شاۋلىن نۇتقىنى سۆزلەپ بولغاندا، زالدا ئۇزۇنغىچە ئالقىش سادالىرى ئۇزۇلمىدى.

ھەممە ئادەمنىڭ كەمچىلىكى بار، دۇنيادا مۇكەممەل ئادەم مەۋجۇت ئەمەس. بىراق تۇرمۇشتا بەزى كىشىلەر ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىگە توغرا مۇئامىلە قىلالمايدۇ، دائىم ئۆز كەمچىلىكىنى يېپىشنىلا بىلىدۇ ـ يۇ، كۆنبويى ئەنسىرەش ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئادەم دېگەن كەمچىلىكى بولۇشتىن قورقماسلىقى، ئەكسىچە كەمچىلىكلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. كەمچىلىكنى ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان پەلەمپەي دەپ قاراپ، ئۆزىمىزدىكى كەمچىلىكلەرنى يەڭگەندىلا، كىشىلىك ھايات يولىمىز تېخىمۇ پارلاق بولىدۇ. ئەگەر كەمچىلىك، خاتالىقلارنى ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى توسالغۇ دەپ قارىساق ئىشەنچىمىزنى يوقىتىپ، كۆنبويى ئازاب ئىچىدە ئۆتىمىز. كەمچىللىكلەرگە نىسبەتەن، بىر كۆزىڭىزنى قىسىۋالسىڭىز، سىز تېخىمۇ كۆپ خۇشاللىق تاپالايسىز.

## ئىشلارغا ئەڭ ئاددىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىش

تۇرمۇشتا مۇنداق بىر تۈركۈم ئادەملەر باركى، ئۇلار ھەمىشە ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك تېپىپلا يۈرىدۇ. دائىم ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىشلار ئۈچۈن ئاچچىقلاپ، ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىشلار ئۈچۈن چېچىلىپلا يۈرىدۇ. ھەتتا باشقىلارنىڭ مۇنداقلا قاراپ قويۇشى، يۈزەكى دەپ قويغان بىرەر ئېغىز سۆزى ئۈچۈن

ئاچچىقلاپ سەپراسى ئۆرلەيدۇ.

ئەگەر بىز ئەتراپىمىزدىكى ئادەم ۋە ئىشلارغا سەمىمىي، ئاددىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلساق، نۇرغۇنلىغان ئەندىشىلەرنى ئازايتالايمىز. ئەمەلىيەتتە تاشقى دۇنيا ئۇنچىلىك مۇرەككەپمۇ ئەمەس. مەسىلە پەقەت كىشىلەرنىڭ سىرتقى دۇنياغا بولغان پوزىتسىيەسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدا خالاس.

شې چاۋچاۋ بولسا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئايال. 35 ياشلىق بۇ ئايال ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ كۆلىمى ئانچە كىچىك بولمىغان بىر شىركەت قۇرۇپ چىققان. ئۇ تولىمۇ سالاپەتلىك بولۇپ، دائىم چىرايىدىن كۈلكە كەتمەيتتى. قارىماققا شۇنچىلىك ياش ۋە ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭتۇش بىر ئايال خېرىدار ئۇنىڭدىن: «دائىم مۇشۇنداق ياش تۇرۇشىڭىزنىڭ مەخپىيىتى نېمە؟» دەپ سورىدى. شې چاۋچاۋ ئۇنىڭغا «بەلكىم مەندە باش ئاغرىتقۇدەك ئىشنىڭ بولماسلىقىدا بولۇشى مۇمكىن. 20 ياش چاغلىرىم بولسا كېرەك، دائىم تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان كىچىك ئىشلار ئۈچۈن ئەنسىرەپلا يۈرەتتىم، ھەتتا ئوغۇل دوستۇمنىڭ ‹سىز يېقىندىن بېرى سەمرىپ قاپسىز› دېگەن گېپىگىمۇ كېچىچە ئۇيقۇم كەلمەيتتى. كېيىن دادام قاتناش ۋەقەسىدە قازا قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ مەن تۇرمۇشتىكى كىچىك ئىش بىلەن ھېسابلاشقانىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم. يەنە ئاشۇ ۋەقە مەندە چوڭقۇر ئويلارنى پەيدا قىلدى. ئادەم ھاياتىدا دادىسىدەك يېقىن ئادىمىدىن ئايرىلىسىمۇ يەنىلا ئامالسىز قالىدىكەنغۇ؟! بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا باشقا ئىشلار نېمىتى؟ شۇنىڭدىن كېيىن مەن ھەممە ئىشلارنى توغرا ئويلىيالايدىغان بولدۇم، خۇشاللىقىممۇ بارا ـ بارا كۆپەيدى. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، دادامنىڭ كەچۈرمىشلىرىمۇ ماڭا ئاز بولمىغان

ساۋاقلارنى بىلدۇردى. دادام 20 يېشىدىن باشلاپ شىركەت قۇرۇشقا باشلىغان، ئون نەچچە يىل جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق كەسىپتە خېلى نەتىجە قازانغان. بىراق ئادەتتە ئانچە ھېسابات تەكشۈرۈپ كەتمەيدىغان دادام تۇيۇقسىز ھېسابات تەكشۈرۈپ باقماقچى بولۇپ، شىركەت ھېساباتىنىڭ 100 مىڭ يۈەن كەم ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ، ھېسابات باشقۇرغۇچى دادام بىلەن يېقىن بولغاچقا، دادام شۇ ھەمراھىنىڭ شۇنداق ناچار ئادىتى بارمۇ - يوق؟ دەپ گۇمان قىلىپ قالىدۇ. دادام مۇشۇ يوقىلىپ كېتىشى ئېنىق بولمىغان پۇل ئۈچۈن كىچىچە ئۇخلىيالمايدىغان، كېيىن بارا - بارا ھاراقنى كۆپ ئىچىدىغان بولۇپ كەتتى. بىر كۈنى كەچتە ماشىنا ھەيدەپ ئۆيگە قايتىش يولىدا قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچراپ قازا قىلدى. دادامنىڭ ئۆلۈمىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئاپام دادامنىڭ ھېلىقى دوستىنىڭ 100 مىڭ يۈەننى باشقا بىر شىركەتكە ئارىيەتكە بەرگەنلىكىنى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇلارنىڭ پۇلنى قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى بىلدى. دادامنىڭ بۇ پۇل ئۈچۈن مۇشۇنچىۋالا ئازابلىنىپ كېتىشىنى ئويلاپمۇ باقماپتىمەن. شۇڭا مەن دادامدىن مۇنداق ساۋاققا ئېرىشتىم، يەنى ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئاۋارىچىلىك تاپماي، ھەربىر ئىشتا ناھايىتى ئاددىي پوزىتسىيەدە مۇئامىلە قىلدىم.» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئادەملەر ھەمىشە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان كىچىك ئىشلارغا، ئىچى سىقىلىسىمۇ پايدىسى يوق ئىشلارغا قايغۇرۇپ يۈرىدۇ. بۇنداق قىلىش ئاخىرىدا غەزەپ يالقۇنىنى پەيدا قىلىپ كىشىلەرنى ھالاكەتكە يۈزلىنىشكە مەجبۇرلايدۇ. «ئاچچىقلىنىش» دېگەن مۇشۇ ۋىرۇسنى توسۇيمەن دەيدىكەنسىز، ئۇنداقتا كەيپىياتىڭىزنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىڭ. بەلكىم مۇشۇنداق قىلغاندا، بۇ ۋىرۇسلار سىزگە تەسىر كۆرسىتەلمەسلىكى مۇمكىن.

ئامېرىكىدىكى بىر پسىخولوگىنىڭ ئېيتىشىچە، هازىرقى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشتا شۇنداق چارچاش ھېس قىلىشىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ ئىشلارنى بەك چوڭايتىپ ھەمدە مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەنلىكىدىندۇر. شۇڭا ئادەمدە ئاسانلا ئەنسىرەش، خاپا بولۇش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. بۇ دۇنيا ئەسلىي مۇرەككەپ ئەمەس. بەلكى ئۆزىمىز بەزى ئىشلارغا ئېسىلىۋالغانلىقتىن نۇرغۇنلىغان قايغۇرۇشلار كېلىپچىقىدۇ.

بىر كۈنى جېڭلاڭ بىلەزۈك كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن بىر ئۈنچە ـ مەرۋايىت دۇكىنىغا كىردى. ئۇ بىلەزۈك كۆرۈۋېتىپ قولىدىكى كىتاب سالغان خالتىنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ قويىدى. بىرئازدىن كېيىن ئېسىل كىيىنگەن بىر سالاپەتلىك ئادەم كىرىپ كەلدى ـ دە، ئۇمۇ جېڭلاڭنىڭ يېنىدا بىلەزۈك كۆرۈشكە باشلىدى. جېڭلاڭ كىتاب خالتىسىنى ئۇنىڭ بىلەزۈك كۆرۈشىنى توسۇپ قويمىسۇن دەپ دەرھال قولىغا ئېلىۋالدى. بىراق بۇ ئەر جېڭلاڭغا ئالىيىپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ دۇرۇس ئادەم ئىكەنلىكىنى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ خالتىسىنى ئوغرىلاش مەقسىتى يوقلۇقىنى ئېيتىپ، ئۆزىنى ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغاندەك ھېس قىلىپ ئاچچىقلانغان ھالدا دۇكاندىن چىقىپ كەتتى. جېڭلاڭ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭمۇ بىرئاز كۆڭلىگە كەلدى، ئەسلىي ئۇنىڭمۇ ھېلىقى ئەر ئويلىغاندەك نىيىتى يوق ئىدى. ھېلىقى ئەر جېڭلاڭنىڭ ياخشى نىيىتىنى خاتا چۈشىنىپ قالغان ئىدى.

كېيىنكى بىر كۈنى ئەتىگىنى جېڭلاڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئىشقا باردى. چۈمۈلىدەك ماشىنىلار ئۇنىڭ ئىچىنى سىقىۋەتتى. جېڭلاڭ ئاچچىقتىن ئۆز ـ ئۆزىگە قايناپ: «نېمىشقا بۇنداق كالۋالارغا پىراۋا بەرگەندۇ؟ بۇنداق مىجەزى چۈس شوپۇرلار پەقەت قارىسىغا يول تالىشىشنىلا بىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئەسلىدىنلا قاتناش

قىستاڭ بولغان ۋاقىتتا ماشىنا ھەيدەش سالاھىيىتى يوق، بۇنداق كىشىلەرنىڭ شوپۇرلۇق كىنىشكىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان ياخشى» دەيدۇ.

جېڭلاڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ بىر كېسىشمە يول ئېغىزىغا كەلگەن ۋاقىتتا بىر ئېغىر تىپتىكى يۈك ماشىنىسىمۇ يول ئېغىزىغا كېلىدۇ. جېڭلاڭ كۆڭلىدە: «بۇ ئەبلەخ چوڭ ماشىنا ھەيدىگەندىكىن چوقۇم توختاتمايلا ئۆتۈپ كېتىدۇ» دەپ ئويلايدۇ. بىراق ئويلىمىغان يەردىن يۈك ماشىنا شوپۇرى جېڭلاڭغا قول ئىشارىسى قىلىپ ئۇنىڭ بالدۇر ئۆتۈشىگە بەلگە بېرىدۇ. جېڭلاڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېسىشمە يول ئېغىزىدىن ئايرىلغاندا تۇيۇقسىز ئۇنىڭدىكى ئاچچىقلىنىش تۇيغۇسى يوقايدۇ، كۆڭلىمۇ بىردەمدە ئېچىلىپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ.

بەزى چاغلاردا ئىشلار ئەسلى بىز ئويلىغاندەك ئەمەس. ئەگەر سىز ئاددىي پوزىتسىيە بىلەن ئەتراپىتىكى نەرسىلەرنى كۆزەتسىڭىز، ئىشلارنىڭ ئەسلى ئۇنچە ناچار ئەمەسلىكىنى بايقايسىز، ئەمەلىيەتتە ئىشلار بۇرۇنقىغا ئوخشاش. ئوخشىمايدىغان يېرى، بىزنىڭ ئىشلارغا بولغان پوزىتسىيەرىمىز. سىز دۇنيانى ئاددىي دەپ ئويلىسىڭىز، ئۇ شۇنچىلىك ئاددىي. ئەگەر سىز تاشقى دۇنيادىكى ۋەقە ـ ھادىسىلەر ئېلىپ كەلگەن زېرىكىشلىك ئەنسىرەشلەرنى چىقىرىپ تاشلاشتا ئامالسىز قالسىڭىز، ھايات خۇددى ئەسلى ھالىتىنى يوقىتىپ لاتقىغا ئوخشاپ قالغاندەك بولۇپ قالىدۇ. بېسىمدىن قۇتۇلۇپ ئەركىن ـ ئازادە ھالدا تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئويلىسىڭىز مەسىلىلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇشنى، زېرىكىش ئىچىدىمۇ كۈلۈمسىرەشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. شۇندىلا سىز بىر خاتىرجەم يۈرەككە ئېرىشىپ، تېخىمۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈرەلەيسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۆتمۈشتىكى خاتالىقلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ كېتىڭ

دۇنيادا خاتالاشمايدىغان ئادەم يوق. سىز خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغان چېغىڭىزدا باشقىلارنىڭمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلىدىغانلىقىنى، ھەتتا باشقىلارنىڭ سىزدىنمۇ كۆپ سەۋەنلىكلەرنى ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئويلىسىڭىزلا ئۆزىڭىزنى بەك ئەيىبلەپ كەتمەيسىز. ئاچچىقىڭىزمۇ پەسىيىپ قالىدۇ.

بىر يىگىت قاشتېشى ئۇستىسىدىن قاشتېشى ئويۇشنى ئۆگىنىپتۇ. ئۆگەنگەندىمۇ ئۇدا توققۇز يىل ئۆگىنىپتۇ. قاشتېشى ئۇستىسى ئۇنىڭغا قاشتېشى ئويۇشتىكى ھەربىر ماھارەتلەرنى بىر - بىرلەپ ئۆگىتىپتۇ. قاشتېشى تاللاشتىكى كۆزىتىش، پارچىلاشتىكى پىچاق ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى، كەسكەندە قانچىلىك كۈچ بېرىش، سىلىقلاپ پارقىرىتىش قاتارلىقلارغىچە يىگىت ھەممىنى ناھايىتى پىششىق ئۆگىنىپتۇ.

بىراق بىر ئىش ئۇنى بىرئاز ھەيران قالدۇرۇپتۇ. گەرچە ئۇنىڭ ھەربىر ئۇستازىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، بىراق ئۇستازى ئويغان قاشتېشى ئۇنىڭكىدىن نەپىس بولىدىكەن. باھاسىمۇ ياش يىگىتنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى باھادا سېتىلىدىكەن. ياش يىگىت «ئۇستاز ماڭا ھەممە ماھارەتلىرىنى تولۇق ئۆگەتمەپتۇ، شۇڭا مېنىڭ ئويغان قاشتېشىمدا پەرق ناھايىتى چوڭ» دەپ گۇمان قىلىشقا باشلاپتۇ.

ئۇ ئويلىغانسېرى شۇنچە ئاچچىقى كەپتۇ. ئۆزىنىڭ قاشتېشى ئويۇش ئۇچۇن توققۇز يىل ۋاقىت سەرپ قىلغانلىقىدىن ئېچىنىشقا باشلاپتۇ. بىر كۇنى ئۇستازى ئۇنى چاقىرتىپ كىتابخانىسىغا باشلاپ كەپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ: «مەن

ھەممە ھۈنەرلىرىمنى ساڭا ئۆگىتىپ بولدۇم. سەن بىر خىل قاشتېشى ئويۇپ چىقىپ ئۆزۈڭنىڭ ھۈنەرنى ئۆگىنىپ بولغانلىقىڭنىڭ مەھسۇلى قىلساڭ بولىدۇ. مەن سەن ئۈچۈن جەنۇبىي تاغدىن بىر قاشتېشى ئەكەلدۇرۇپ قويدۇم. سەن ئويۇپ بولغاندىن كېيىنكى باھاسىنىمۇ كېلىشىپ بولدۇم. ئىش پۈتكەندە سەن مۇشۇ پۇللارنى ئۆزۈڭنىڭ كېيىنكى مۇستەقىل ئىگىلىكىڭنىڭ دەسمايىسى قىلساڭ بولىدۇ، مەندىن ساڭا قالغان نەرسىمۇ شۇ بولۇپ قالىدۇ».

ياش يىگىت سىلىقلانمىغان بىر قاشتېشىنى كۆرۈپتۇ. گەرچە بۇ قاشتېشى تېخى سىلىقلاپ ئىش قوشۇلمىغان بولسىمۇ زۇمرەتتەك سۈزۈك ئىدى، ئۇستازنىڭ بۇ قاشتېشىنى نۇرغۇن پۇل خەجلەپ سېتىۋالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە: «مەن چوقۇم بۇ قاشتېشىنى مۆۋەپپەقىيەتلىك ئويۇپ ئۇستازىمدىن ئېشىپ چۈشىمەن» دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئويۇشنى باشلاپتۇ، بىر داۋاملاشتۇرغانچە ئارامىمۇ ئالماي ئىشلەپتۇ. بۇ خىل روھىي ھالەت ئۇنى ئۆزىنى تىنچلاندۇرۇشقا ئامالسىز قالدۇرۇپتۇ. قولىدىكى پىچاقمۇ خۇددى ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمايۋاتقاندەك جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ. ئاخىرىدا ئۇ شەكىل چىقىرىۋاتقاندا قولىدىكى پىچاق قىيىپ كېتىپ شۇنداق نەپىس قاشتېشىنىڭ يۈزىگە تاتۇق چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە قىلىپ قويغان بۇ ئىشىدىن ئۇ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ سەۋەنلىكىنى ھەرگىز كەچۈرەلمەپتۇ. مەسئۇلىيەتتىن باش تارتىپ بولالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، تېخى پۈتمىگەن قاشتېشىنى تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ. كېيىن ئۇ بىرقانچە قاشتېشى ئويۇش دۇكانلىرىغا بېرىپ ئىشلەپتۇ. بىراق شۇنچە ئۇزۇن ئىشلىگەن بولسىمۇ ھېچيەردە بىرەر نەپىس ئويۇلغان قاشتېشى

ياسىيالماپتۇ. چۈنكى ئۇ ھەر قېتىم پىچاقنى قولىغا ئالغاندا ئاشۇ مەرۋايىتتەك سۈپسۈزۈك قاشتېشىغا چۈشۈرۈپ قويغان تاتۇق ئىزى كۆز ئالدىغا كېلىۋالىدىكەن. شۇڭا ئۇ بىرەر قېتىممۇ باشقىلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكۈدەك ياخشى قاشتېشى ئويالماپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ بىر - بىرلەپ قاشتېشى غوجايىنلىرىنىڭ دۇكانلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلىپتۇ. 8 - قېتىملىق دۇكان غوجايىنى تەرىپىدىن ئىشتىن ھەيدەلگەندە، ئۇ ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تامامەن يوقىتىپتۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇ بۇرۇنقى ئۇستازىنى ئەسكە ئېلىپ ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ بېقىش قارارىغا كەپتۇ. ئۇستاز ئىشىك ئالدىدىكى تۈۋرۈكلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان شاگىرتىنى كۆرۈپ قىلچىمۇ ھەيران بولماپتۇ. ئۇنىڭغا بىپەرۋالىق بىلەن قاراپ قويۇپ «ئىشنى باشلايلى» دەپتۇ. يىگىت قاتتىق يىغلاپ كېتىپتۇ، ئۈن - تىنسىز ئۇستازىغا ئەگىشىپ كۇتۇپخانىغا كىرىپتۇ. چوڭ ئۇستاز بىر قۇتىدىن ھېلىقى زۇمرات تەك سۈزۈك قاشتېشىنى ئاپتۇ. ئۇنىڭ يۈزىدىكى تاتۇق خۇددى شاگىرتنىڭ يۈرىكىگە سانجىلغاندەك ئازابلىنىپ كېتىپتۇ.

چوڭ ئۇستاز شاگىرتىنىڭ ئالدىدىلا قولىغا پىچاق ئېلىپ تاتۇق ئىزىنى ئويۇپ تۈزەپتۇ. كۆپ ئۆتمەيلا ئەسلىدىكى تاتۇق ئىزى كۆرۈنمەي ئۇنىڭ ئالدىدا يارالغىنىدىنمۇ ئاشۇرۇپراق ياسالغان بىر كىچىك ئەجدىھانىڭ شەكلى نامايان بوپتۇ. ياش يىگىت تىزلىنىپ ئۇستازىغا باش ئۇرۇپتۇ. خىجىللىق ئىچىدە ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ: «ئۇستازىم، ماڭا قاشتېشى ئويۇشتىكى مەخپىي ماھارەتنى ئۆگىتىپ قويسىڭىز» دەپتۇ.

ئۇستاز يەنىلا مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتمەي ئۇنىڭغا: «مەن ئاللىبۇرۇنلا ھەممە ھۈنەرلىرىمنى ساڭا ئۆگىتىپ بولدۇم. ئەمدى ھېچقانداق مەخپىيەتلىك يوق. ئەگەر بار دېيىلىسىمۇ ساڭا

دەيدىغان مۇنداق بىر گەپ بار: «سەن قاشتېشى ئۆيگە ئىدىكى خاتالىقىڭنى قەلبىڭگە ئويۇپ قويماسلىقىڭ كېرەك» دەپتۇ.

ھاياتتىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىش كۆڭلىڭىزگە تېخىمۇ كۆپ غەم - تەشۋىشلەرنى سېلىۋېلىپ يۈرۈشىڭىزدۇر. ھاياتلىقتا بۇنداق كۆپ غەملەرنى يۈدۈپ يۈرسەك جاپادىن ھېرىپ ھالىمىزدىن كېتىپ، ئاخىرىدا نىشانىمىزغا يېتىپ بارالمايمىز. پەقەت تاشلىۋېتىشنى بىلسەكلا كۆتۈلمىگەندە يۈز بەرگەن كىچىككىنە ئىشلارنى كەچۈرۈپ، بۇرۇن ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلەرنى ئۇنتۇپ، ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈپ كەلگەن قەلبىمىزنى ئازاد قىلالايمىز. قايتىدىن خاتالىق ئۆتكۈزمەستىن بۇرۇنقى ھالىتىمىزنى تاپالايمىز. يەنە بىر كۆڭۈلدىكىدەك سەپەرنى باشلىيالايمىز. خاتالىق سادىر قىلىشتىن قورقۇپ كەتمەڭ. ئەڭ قورقۇنچلۇقى مۇشۇ خاتالىق تۈپەيلى مەڭگۈ مەغلۇپ بولۇپ قېلىشىڭىز. ئادەم ھەممىنى بىلىدىغان ئەۋلىيا ئەمەس. مەيلى خىزمەتتە بولسۇن ياكى تۇرمۇشتا بولسۇن خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنىش تەس. ھالقىلىق مەسىلە سىزنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقىڭىز ئەمەس، بەلكى شۇ خاتالىقنى سادىر قىلغاندىن كېيىنكى ئىنكاسىڭىز. ئەگەر سىز خاتالىقنى بايقاشتىكى شىجائىتىڭىزنى يوقىتىپ قويسىڭىز، ئىش قىلغان چاغدىكى ئاكتىپ كەيپىياتىڭىزنى يوقىتىپ قويىسىز. ئېھتىمال سىزگە تەۋە بولغان ھازىردىن، ھەتتا كەلگۈسىدىنمۇ مەھرۇم قېلىشىڭىز مۇمكىن. شۇڭا سىز بۇرۇن ئۆتكۈزۈپ قويغان، تاشلىۋېتىشكە تېگىشلىك ھەممە ئازاب چېكىپ يۈرگەن ئىشلارنى دەرھال ئۇنتۇپ كېتىڭ. پۇشايمان پاتقىقىدىن چىقىپ، جۇشقۇن كەيپىيات بىلەن يېڭى تۇرمۇش ۋە كەسپىڭىزگە ئۆزىڭىزنى بېغىشلاڭ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

## ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن ھېسابلىشىپ يۈرمەڭ

بىز ھەمىشە ئۆزىمىزنىڭ كەمچىلىكىدىن غەم يەپ، باشقىلارنىڭ پارقىراپ تۇرغان سىرتقى قىياپىتىگە قاراپ ھەۋەس قىلىپ تۇرالماي قالىمىز. «مەن قاچانمۇ شۇلاردەك بولارمەن؟» دەپ ئاھ ئۇرىمىز. ئەمەلىيەتتە باشقىلارمۇ بىز ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا مۇكەممەل ئەمەس. بەزىلەرنىڭ مال ـ دۇنياسى ناھايىتى كۆپ، ئەمما شۇ مال ـ دۇنيانى جۇغلاش يولىدا ھەددىدىن ئارتۇق ئەمگەك قىلىپ زىيادە چارچاپ كەتكەنلىكتىن ھەر خىل كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان. بەزىلەر شۇنداق كېلىشكەن ھەم ناھايىتى تالانتلىق، بىراق شۇنداق تۇرۇپمۇ ھەقىقىي مۇھەببەتكە ئېرىشەلمىگەن. بەزى ياشانغان ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ مال ـ بېساتىنىڭ ھېسابى يوق، بىراق شۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىدىغان ئىز باسارى يوق، بولغاندىمۇ شۇنداق ۋاپاسىز...

كىشىلىك ھاياتتا ھەربىر ئادەمنىڭ كەمچىلىكى بولىدۇ، شۇڭا سىز ئۆزىڭىزنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ئاچچىقلىنىشىڭىزنىڭ تېخىمۇ زۆرۈرىيىتى يوق. باشقىلارنىڭ سىزدىن ئارتۇق تەرەپلىرى بار، سىزنىڭمۇ باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان يەرلىرىڭىز بار. ھەرگىزمۇ ئۆزىڭىزنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ زېھنىڭىزنى بىھۇدە ئىسراپ قىلماڭ، ئەكسىچە ئۆزىڭىزدە بار بولغان نەرسىلەرنى قەدىرلەشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.

ئۆزىڭىزنى باشقىلارغا سېلىشتۇرماي ئۆز ـ ئۆزىڭىزگە ئادەم بولۇپ ياشىغىنىڭىزدا، ئۆزىڭىزنى تېخىمۇ خاتىرجەم ھېس قىلىسىز. كىشىلەردە باشقىلارنىڭكىنى ياخشى دەيدىغان بىر خىل پىسخىكىلىق قاراش مەۋجۇت، خۇددى «قوشنىسىنىڭ قوش كۆرۈنەر» دېگەندەك ھەمىشە باشقىلارنىڭكىنى ياخشى دەپ بىلىپ،

ئۆزىنى چۈشۈرىدىغان ھالەت بار. بىر داڭلىق كارخانىچى مۇنداق دېگەن ئىكەن: «سىرتقى قىياپەت جەھەتتىن قارىغاندا باشقىلار ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن، بىراق چوڭقۇرراق كۆزىتىدىغان بولساق، ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز - ئۆزىنى كەچۈرەلمەيدىغان دەرىجىدە ئۆتكۈزۈپ قويغان خاتالىقلىرى بار. بەزىلەر ھەتتا ئۆز قىلمىشىنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇيالماسلىقى مۇمكىن».

شۇڭا ھەرگىز باشقىلارغا ئۆزىڭىزنى سېلىشتۇرۇپ ئۇلارغا ھەۋەس قىلىپ يۈرمەڭ. ھازىر ئۆزىڭىزدە بار بولغان نەرسىلەر، سىز ئېرىشمەكچى بولغان، بىراق ھازىر ئۆزىڭىزدە بولمىغان نەرسىلەردىن ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. كەمچىلىكمۇ ھاياتىڭىزنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمى. سىز ئۇنى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېتىراپ قىلالىسىڭىز، تېخىمۇ كۆپ خۇشاللىققا ئېرىشەلەيسىز.

شاۋلى بولسا ئامېرىكا ABM دە ئوقۇغان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچى ئىدى. يۇقىرى ئوقۇش پۇلى ئۇنى ئىشلەپ ئاتا - ئانىسىنىڭ يۈكىنى بىرئاز بولسىمۇ يېنىكلىتىشكە مەجبۇر قىلغان. ئۇ ھەپتە ئاخىرلىقىدا نيۇيوركتىكى ۋالستىرېت كوچىسىنىڭ ئەتراپىدىكى بىر ئاشخانىدا تەخسە يۇغان. بىر كۈنى ئۇ تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق، ئېگىلمەس - سۇنماس ئىرادە بىلەن ئاشخانىدىكى چوڭ ئاشپەزگە مۇنداق دېگەن: «سىز قاراپ تۇرۇڭ، مەن ھامان بىر كۈنى ۋالستىرېت كوچىسىغا كىرىمەن». چوڭ ئاشپەز ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەيرانلىق بىلەن سورىغان:

— يىگىت، ئۇنداقتا سەن ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن نېمە ئىش قىلىشنى ئويلاشتىڭ؟

— مەن ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن تېزدىن نامى بار دۆلەت

ئىگىلىگىدىكى كارخانىغا كىرىپ خىزمەت قىلىشنى خالايمەن. بۇنداق شىركەتلەرنىڭ كىرىمى كۆپ بولمىسىمۇ ئىستىقبالى چەكسىز بولىدۇ. ئۇ خۇددى بىرىگە ئېرىشكىلى بولمايدىغان جەننەت چۈشىنى ئېيتىپ بېرىۋاتقاندەك مەغرۇر قىياپەتتە ئىدى. كۆزلىرىدىن بىر خىل ئارزۇ ـ ئىستەك چىقىپ تۇراتتى. ئاشپەز قوشۇمىسىنى تۈرگەن هالدا: «مەن سىنىڭ كەلگۈسىدە قانداق تۇرمۇشقا قىزىقىدىغىنىڭنى بىلمەكچى» دەپتۇ. ياش يىگىت گاڭگىراپ تۇرۇپ قاپتۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاشپەزنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلەلمىگەنلىكى چىقىپلا تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ ئاشپەز خۇرسىنغان هالدا: «ئاشخانىدا ئىشلەپ روناق تاپقىلى بولمايدۇ، ئەگەر يەنە داۋاملىق ئىقتىسادىي كاساتچىلىق كۆرۈلسە مەن يەنىلا بېرىپ بانكىر بولىمەن» دەپتۇ. ياش يىگىت تېخىمۇ هەيران بولۇپ: «نېمە؟ بانكىر، تېخى ۋال كوچىسىدا!» دەپ توۋلاپ سالىدۇ. ئۇ كۆز ئالدىدىكى بۇ ئاشپەزنىڭ چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەستىن «ۋال كوچىسىغا كىرىپ بانكىر بولىمەن» دېگىنىنى ئاڭلاپ قۇلىقىمدىن چاتاق چىقمىغاندۇ دەپ گۇمان قىلىدۇ. پۈتۈن بەدىنى ماي پۇراپ تۇرىدىغان بىر ئاشپەز قانداقمۇ بانكىر بولالىسۇن؟ دەپ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەيدۇ. ئاشپەز سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «مەن بۇرۇن ۋال كوچىسىدىكى بىر بانكىدا ئىشلەيتتىم، گەرچە ئىش هەققى ناهايىتى يۇقىرى بولسىمۇ، كۈنبويى قاق سەهەردىن تاكى كۈن كەچ بولغۇچە ئىشلەيتتىم، ئۆزۈمنىڭ ئازراقمۇ ئىشتىن سىرتقى ۋاقتىم يوق ئىدى. مېنىڭ هەقىقىي قىزىقىشىم خىزمەتنى دەپلا كۆمۈلۈپ قالدى. مەن تاماق ئېتىشنى، ئاشپەزلىكنى ناهايىتى ياخشى كۆرەتتىم، هەر قېتىم ئۆيدىكىلەر، دوستلىرىم مەن قورۇغان مەززىلىك تائاملارنى لەززەتلىنىپ يەۋاتقانلىقىنى كۆرسەم، ئۆزۈمنى ئەڭ قالتىس ئادەم دەپ ئويلايتتىم، خۇشاللىقتىن

دىلىم يايراپ كېتەتتى. راست گەپنى قىلسام، مەن ئاشۇ پۇلدار كىشىلەرگە ئازراقمۇ قىزىقىپ كەتمەيمەن، پەقەت ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن ئىشنى قىلىشنى، ئۆزۈمنىڭ قىزىققان تۇرمۇش ئۇسۇلۇمدا ياشاشنى ئارزۇ قىلىمەن. بىر قېتىم مەن كېچە سائەت بىرگىچە ئىشلىدىم، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئېغىر بەدەنلىرىمنى ئاران كۆتۈرۈپ شىركەتنىڭ خەت بېسىش ئىشخانىسىدىن چىقتىم. يولدا مېڭىۋېتىپ بىر تەرەپتىن كۇندە يەۋېرىپ ئادەمنى بىزار قىلىدىغان ھامبۇرگ بولكىسى يېگەچ ئاچلىقنى باستىم. مۇشۇ ۋاقىتتا مەن خىزمەتتىن ئىستېپا بەرمەكچى بولۇپ قەتئىي نىيەتكە كەلدىم. ئاخىرى ئۆزۈم ياقتۇرىدىغان ئاشپەزلىك كەسپىنى تاللىدىم. شۇنداق قىلىپ مەن مۇشۇ ئاشخانىغا كېلىپ ئىشلەپ قالدىم. مۇشۇ ئىشنى قىلغان كۇندىن باشلاپ مېنىڭ ھەربىر كۇنۇم بۇرۇنقىدىنمۇ خۇشال ئۆتتى.»

نەزىرىمىزنى باشقىلارغا قارىتىشتىن ئۆزىمىزگە كۆچۈل بۆلۇشكە يۆتكەيلى. باشقىلاردا قانچە كۆپ نەرسە بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارغا پەسەنت قىلىپ كەتمەڭ. ئەڭ ياخشىسى ئۆزىڭىزدىن نېمىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى، قايسى ئىشنى قىزىقىپ قىلىدىغانلىقىڭىزنى سوراڭ. ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ بايلىق، ھوقۇق، ئورۇن ـ مەرتىۋىلىرىنى قارىغۇلارچە قوغلاشماڭ. غەلىبە قىلىش ـ قىلالماسلىق، ئۆزىڭىزنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ـ ئاشۇرالماسلىقنى ئۆزىمىزنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئىسپاتلاشنىڭ ھاجىتى يوق. باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىش ئارقىلىق ئۆز ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرۇشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق. بىر مۇكەممەل ھايات پۇلنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ، شۇنداقلا قالتىس ئۇتۇقلارنى قازانغانلىقى بىلەنمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەلگىلەنمەيدۇ. ئاددىي - ساددا تۇرمۇش كۆڭۈلەرنىڭ خۇشال - خۇرام بولۇشى، كۆڭۈلەرنىڭ ئازادە، يېنىك بولۇشىمۇ ھاياتلىقنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسىدۇر. نام - ئاتاق قوغلاشمىغان ئاددىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزى بىر لەززەت، باشقىلار بىلەن ئۆزىمىزنى سېلىشتۇرۇشىمىزنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق.

## ئۆزىدە بار نەرسىنى قەدىرلەش باشقىلارغا ھەۋەس قىلغاندىن ياخشى

ھاياتلىقتىن ھۇزۇرلىنىشنى بىلىدىغان ئادەم بايلىقنىڭ قانچىلىك بولۇشى، ئۆيىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، مائاشىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى، ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇش بىلەنمۇ ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يوقاتقان نەرسىلىرى بىلەنلا ھېسابلىشىدۇ. مانا بۇ ئاددىي بولغان ھېسابلاش ئۇسۇلى، ئاچچىقلانماسلىقتەك بىر خىل ئەقىل - پاراسەت.

بىر قىسقا ھەجىملىك كارتون فىلىمىدە باش پېرسوناژ ئۆزىنى نامايان قىلىش شەكلىدە مۇنداق دەيدۇ: «كىچىك ۋاقتىمدا دوستۇمغا مەن چوڭ بولغاندا پەقەت قورسىقىم تويغۇدەك تاماق ۋە ماڭا كۆيۈنىدىغان بىر ئايالىم بولسىلا قانائەت تاپاتتىم. بىراق مەن ھازىر شۇنى ھېس قىلدىمكى، مۇشۇلارنى قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ ئاسان ئەمەسكەن !»

مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق بىز نېمىشقا ئۆزىمىزدە بار نەرسىلەر بىلەن ئۆزىمىزنى خۇشال قىلالمايمىز؟

ئەجەبا سىزنىڭ ئېرىشكەنلىرىڭىز يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ سىزنىڭ بىر ساغلام بەدىنىڭىز، بىر مۇقىم خىزمىتىڭىز، سىزنى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئائىلىڭىز بار. سىزنىڭ كۆنبويى كىچىك

ئىشلارنى دەپ ئەنسىرىشىڭىز ھاجەتسىز. ئەجەبا بۇمۇ بىر خىل بەخت ئەمەسمۇ؟ يەنە كۇنبويى قاپىقىڭىزنى تۇرۇپ، ئۇھ تارتىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟

بىر دېھقان بار ئىكەن، ئۇنىڭ تۇرىدىغان ئۆيى قاراڭغۇ ئۆڭكۈر بولۇپ، دائىم يەيدىغىنى قوناق ئۇنى بىلەن ياڭيۇ ئىكەن، ئۇنىڭ بىردىنبىر پۇلغا يارايدىغان نەرسىسى ئۇن قاچىلايدىغان تۇڭى ئىكەن.

باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ بىر نامرات، بىچارە ئىكەن، لېكىن ئۇ كۇنبويى غەمسىز يۈرۈيدىكەن. ئەتىگىنى ناخشا ئېيتىپ ئىشقا بارىدىكەن، كۇن ئولتۇرغاندا يەنە ناخشىسىنى ئېيتىپ ئۆيىگە قايتىدىكەن.

باشقىلار ئۇنىڭدىن: «نېمىشقا كۇنبويى خۇشال يۈرۈيسەن؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «مەن ئۇسسىسام، ئىچىدىغان سۇ بار. قورسىقىم ئاچسا يەيدىغان تاماق بار. يازدا ئۆڭكۈردە تۇرسام، شامالدۇرغۇچ ئىشلىتىش ھاجەتسىز. قىشتا ئۆڭكۈردىكى ئۆيۈم مەشتىنمۇ قىزىق. ئىشقىلىپ كۇنلىرىم بەك راھەتتە ئۆتىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدىكەن.

ئۆزىدە يوق نەرسىلەر ئۈچۈن قاقشاپلا ئولتۇرماي، ئۆزىدە بار بولغان نەرسىلەرنى قەدىرلىگەندىلا ئاندىن بەختنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىز كۆپ قىسىم كىشىلەر ئېرىشكەن، ئۆزىدە بار بولغان نەرسىلەر ھېكايىدە سۆزلەنگەن دېھقاننىڭكىدىن كۆپ ئېشىپ كېتىدۇ. لېكىن دائىم ئۆزىمىز تەرىپىدىن سەل قارىلىدۇ، سىزنىڭ كىرىمىڭىز كۆپ بولمىسىمۇ قورسىقىڭىز تويغۇدەك تاماقىڭىزلا بولسا «بايلىق كېسىلى»گە قارىتا ھېچقانداق ئەندىشىڭىز بولمايدۇ. سىزنىڭ جورىڭىز بەلكىم ئاددىي بىر ئادەمدۇ، لېكىن ئۇ سىز بىلەن قېرىغىچە ئېجىل - ئىناق ئۆتەلەيدۇ، بالىڭىز

ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىدى، بىراق ئۇ يەنىلا ئاتا ـ ئانىسىغا ۋاپادار بولۇشنى بىلىدۇ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يېڭى ھايات مۇساپىسىنى يارىتىشنى بىلىدۇ، سىناپ بېقىشقا تېگىشلىك نەرسىلەر يەنىلا كۆپ، بەك كۆپ.

50 نەچچە ياشلىق بىر باي كىشى، مەبلەغ سېلىشتىن مەسىلە چىقىپ ۋەيران بولۇپ كېتىپتۇ، يەنە بىر مۇنچە قەرزگە بوغۇلۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆينى ۋە ماشىنىسىنى سېتىپ قەرزنى تۆلەپتۇ.

يا ئوغلى يا قىزى يوق بۇ باي مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋالدا ئۇنىڭغا پەقەت ئىتى بىلەن كىتابى كۇنبويى ھەمراھ بولىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ بىر چەت كەنتكە كەپتۇ ۋە شامالدىن دالدىلىنىدىغان بىر كەپە تېپىپتۇ ـ دە، بىر كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ئويغىنىپ ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىتىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بايقاپتۇ.

ئۇ قەدىرلىك ئىتىدىن ئايرىلىپ، ھاياتتىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزۈپتۇ ۋە ئەمدى ھاياتلىقتا قىيالمىغۇدەك ھېچنېمىسىنىڭ قالمىغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئەتراپىكى نەرسىلەرگە بىر قۇر قاراپ چىقىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ شۇنى ھېس قىپتۇكى، پۈتۈن كەنت ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە تولغان بولۇپ، جەسەتلەر ھەممە يەردە ياتقان، كۆز ئالدىدىكى ھەممە نەرسە شۇنداق قورقۇنچلۇق، ئۇ ئىختىيارسىز ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ھەممە يەرنى بۆرىنىڭ ۋەھىمىسى قاپلىغان، ئېنىقكى، بۇ كەنت تۈنۈگۈن ئاخشام بۆرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، پۈتۈن كەنتتە بىرەر ھاياتلىقمۇ قالمىغان. شۇ ۋاقىتتا، قۇياش شەرقتىن ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، ئىللىق نۇرلىرىنى بوۋاينىڭ يۈزىگە چېچىپتۇ، بوۋاي بۇ ۋاقىتتا شۇنى ھېس قىلىپتۇكى، مەن بۇ

يەردىكى بىردىنبىر ھايات قالغۇچى، مېنىڭ ئۆزۈمنى قەدىرلىمەسلىككە ئاساسىم يوق، مەن چوقۇم قەيسەرلىك بىلەن ياشىشىم كېرەك، گەرچە مەن ئامراق ئىتىمدىن ئايرىلغان بولساممۇ، بىراق مەن ھاياتلىققا ئېرىشتىم، شۇنىڭ ئۆزىلا ھاياتتا ئەڭ قىممەتلىك.

خۇشاللىق ۋە خاپىلىقلارنىڭ ھەممىسى ئادەمنىڭ قانداق ئويلىشىغا باغلىق، ھەممە خۇشاللىقلار سىزنىڭ بەھرىمەن بولۇشىڭىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. سەۋدايىلىقمۇ بىر خىل خۇشاللىق، شاۋقۇن - سۈرەنسىز جىمجىتلىقتىن ھۇزۇرلىنىشمۇ بىر خىل خۇشاللىق، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىدا بولۇشىمۇ بىر خىل خۇشاللىق، بايلىققا ئېرىشىشمۇ بىر خىل خۇشاللىق، بىر جۈپ ھەمراھلار قېرىغۇچە بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتۈشمۇ بىر خىل خۇشاللىق. ئەمەلىيەتتە، خۇشاللىق ئىزچىل سىزنىڭ يۈرىكىڭىزدە، پەقەت ئۇ سىزگە دېيەلمەيدۇ، خالاس. ئەگەر ھەممە ئادەم قانائەتچانلىقنى بىلسە، ئۇنداقتا خۇشاللىق دائىم كىشىلەرگە ھەمراھ بولغۇسى! . . .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ھاياتلىق ـــ كۈرەش قىلىش دېمەكتۇر

*ھاياتنىڭ ئۆزى دەل مۇكەممەللىككە ئىنتىلىش جەريانىدۇر. شۇڭا، تۇخۇمدىن تۈك ئۇندۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.*
*كىشىلىك ھايات مۇكەممەللىككە يېقىنلاشسىمۇ لېكىن يەنىلا مۇكەممەل بولمايدۇ... سوغۇققانلىق بىلەن قوبۇل قىلىشنى ئۆگىنىش كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، ھاياتقا ئەڭ ياخشى ھالەتتە يۈزلەنگىلى بولىدۇ.*

### بەختسىز ئادەم پەقەت سىزلا ئەمەس

قەدىمكى گرېتسىيە شائىرى خې ما «ئودىسسا» دا مۇنداق بىر جۈملە سۆزنى ئېيتقان: «ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بەختسىزلىك سائادەتتىن ئىككى ھەسسە كۆپ بولۇشى كېرەك».
بۇ دانىشمەننىڭ دېمەكچى بولغىنى شۇكى، بۇ دۇنيادا بەختسىزلىك ئىنتايىن نورمال ئەھۋال، ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەرقانداق ئورۇندا بەختسىزلىككە ئۇچرايدىغان ئادەم بولىدۇ... سىز ئۆزىڭىزنى بەختسىز ھېس قىلغان ۋاقتىڭىزدا، سىزدىنمۇ بەكرەك بەختسىز كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى ئويلاڭ. سىزنىڭ يەنە رەنجىپ يۈرۈشكە نېمە ئاساسىڭىز بار؟
ياۋروپادىكى مەلۇم بىر دۆلەتتە بىر داڭلىق يۇقىرى ئاۋازلىق ئايال ناخشىچى بار بولۇپ، ياش ۋاقتىدىلا نامى يىراققا تارقالغان، مەملىكەت مىقياسىدا نامى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئېرى چوڭ بىر شىركەتنىڭ خوجايىنى ئىدى. بىر قېتىم ئۇنىڭ يالغۇز كىشىلىك كونسېرتى ئاخىرلاشقاندا، ئۇ ئېرى بىلەن ئوغلىنى باشلاپ

تىياتىرخانىدىن چىقىدۇ ۋە خېلىدىن بېرى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان ئاخبارات ساھەسىدىكى كىشىلەر ۋە تاماشىبىنلار تەرىپىدىن ئورىۋېلىنىدۇ. مۇخبىرنىڭ زىيارەت قىلغىنىدىن باشقا نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ كەسىپ ساھەسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى، ئائىلىسىنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىنى ماختىشىدۇ. ناخشىچى باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا ئېيتقان مەدھىيە سۆزلىرىنى تىنچقىنا ئاڭلايدۇ، ئاندىن كېيىن ئاستا مۇنداق دەيدۇ: «ئالدى بىلەن كۆپچىلىكنىڭ مېنى ۋە ئائىلەمدىكىلەرنى ماختىغىنىغا رەھمەت ئېيتىمەن، بىراق سىلەرنىڭ كۆرگىنىڭلار پەقەت مېنىڭ تۇرمۇشۇمنىڭ بىر قىسمىلا خالاس، يەنە بىر تەرىپىنى بولسا سىلەر تېخى بىلمەيسىلەر. ئۇ بولسىمۇ، مېنىڭ يېنىمدىكى بۇ شوخ، ئوماق ئوغلۇم بىر تەلەيسىز گاچا، ئۇنىڭ ئۇستىگە مېنىڭ يەنە بىر قىزىم بار، ئۇ ئېلىشىپ قېلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان، يىل بويى تۆمۈر دېرىزىلىك ئۆيگە سولىنىپ تۇرۇشقا مەجبۇر...»

ناخشىچىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن كىشىلەر ھەيران قېلىشىدۇ. ھېچكىممۇ ئۇنىڭ تەرىپلىنىش بىلەن بىرلا ۋاقىتتا يەنە مۇشۇنداق بەختسىزلىككە ئۇچرىغىنىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمىگەن ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ناخشىچى يەنە سوغۇققانلىق بىلەن كىشىلەرگە: «بۇلارنىڭ ھەممىسى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئېھتىمال پەقەت بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئۇ بولسىمۇ، تەڭرىنىڭ ھەركىمگە تەقسىم قىلغانلىرى ئوخشاشتۇر....

بەلكىم سىز تەقدىرنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن ھەسرەت چېكىدىغانسىز، بەلكىم ئېيتىش تەس بولغان بەختسىزلىكلەرگە بەرداشلىق بېرىۋاتقانسىز، بەلكىم مۇشۇنداق بەختسىزلىك ئىچىدە روھسىز يۈرۈۋاتقانسىز، سىزنىڭ نەزىرىڭىز پەقەت ئۆزىڭىزگىلا قارالغان. ئەمما بەختسىز كىشى يالغۇز سىزلا

ئەمەس، يەنە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر سىزگە ئوخشاشلا ئۇڭۇشسىز شارائىتتا تۇرىۋاتىدۇ.
تارىخىي كىتابلىرى بىلەن كىشىلەرگە قىممەتلىك مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى قالدۇرغان پېشۋالىرىمىزغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىغان بەختسىزلىكلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىنى هەيرانلىق ئىچىدە بايقايمىز.
ئىنسانىيەتكە «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»، «ئاننا كارىنىنا»، «تىرىلىش» قاتارلىق ئۆلمەس نادىر ئەسەرلەرنى قالدۇرغان بۈيۈك يازغۇچىمىز تولستوينىڭ بالىلىق دەۋرىدىلا ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۈيۈك يازغۇچىسى گوركىينىڭمۇ بالىلىق دەۋرىدە دادىسى ۋاپات بولغان، شۇندىن كېيىن پاجىئەلىك بالىلىق دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. ئون يېشىدىن باشلاپ تىرىكچىلىك قىلىشنى ئۆگەنگەن. بۈيۈك فىرانسىيە يازغۇچىسى بالزاك تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي يېزىغا باققىلى ئاپىرىۋېتىلىپ، بالىلىق دەۋرى ئۇرۇق ـ تۇغقانسىز، يار ـ يۆلەكسىز دېگۈدەك ئۆتكەن.
مۇشۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن كىشىلەر بەختسىزلىك ئىچىدە تۇرۇپ كىشىلىك هايات توغرىسىدا ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزگەن، مۇشكۇل شارائىتتا هاياتلىق ئىزدىگەن، بەختسىزلىك ئۇلارنى ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قېزىپ چىقىرىشقا ئاچقۇچ بىلەن تەمىنلىگەن.
شېكىسپىر ئىلگىرى چوڭقۇر هېسسىيات بىلەن بىر ياشقا شۇنداق دېگەن: «سەن تولىمۇ بەختلىك بالا ئىكەنسەن». بىراق شۇ ۋاقىتتا بۇ بالا ئەمدىلا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بولۇپ، دەل يار ـ يۆلەكسىز، ئېچىنىشلىق شارائىتتا ئىدى. هۆرمەتكە سازاۋەر سەنئەت ئۇستازى بۇ بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ يەنە شۇنداق دېگەن: «سەن ئاتا ـ ئاناڭنى يوقاتتىڭ، شۇڭا

ھەممە ئىشتا پەقەت ئۆزۈڭگە تايىنىشىڭ كېرەك. ساڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بەختسىزلىك كىشىلىك ھاياتتىكى تەربىيە بىلەن ئېرىشىش مۇمكىن بولمىغان ئەڭ ياخشى چېنىقىش پۇرسىتىدۇر.» بۇ بالا بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىنى سۈكۈت ئىچىدە ئېتىراپ قىلدى. 40 يىلدىن كېيىن بۇ بالا ــ جېك جېمس ئەنگلىيە كامبېرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى، دۇنياغا مەشھۇر فىزىكا ئالىمى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى.

بەلكىم بەختسىزلىك تۈپەيلى سىز كىشىلىك ھاياتىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكىدە تۇرۇۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن، شۇڭا سىز كىشىلىك ھايات نۇرىنىڭ تەستە ئېرىشىدىغان قىممەتلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ بەكرەك چۈشىنىشىڭىز كېرەك. بەختسىزلىك سەۋەبىدىن، سىزنى قوغدىغۇدەك ئۇرۇق ـ تۇغقىنىڭىز يوقلۇقى تۈپەيلىدىن ھەممە ئىشتا ئۆزىڭىزگە تايىنىپ تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىڭىز زۆرۈر، شۇڭا سىز تېخىمۇ بەك ئەستايىدىللىق بىلەن، مۇشەققەت بىلەن ئىجتىھات قىلىشىڭىز كېرەك.

## ھاياتلىق ئادىل ئەمەس، سىز ئۇنىڭغا ماسلىشىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز كېرەك

بۇ دۇنيادا يۈز پىرسەنت ئادىللىق بولمايدۇ، سىز قانچە ئادىللىق ئىزدەشنى ئويلىسىڭىز، باشقىلارنىڭ سىزگە ئادىل بولمايۋاتقانلىقىنى شۇنچە ھېس قىلىسىز. پەقەت مۇتلەق ئادىللىقنى قوغلىشىپ يۈرىكىڭىزدە نەپرەتنى ئۇلغايتىپ نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئامالسىز قالغاندىن كۆرە، دۇنيانىڭ ئادالەتسىز تەرەپلىرىگە توغرا قاراپ، ئادەتتىكىدەك مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.

بىر گايتىس: «تۇرمۇش ئادالەتسىز، سىز ئۇنىڭغا ماسلىششىڭىز كېرەك» دېگەن. دەرھەقىقەت بىز تۇغۇلغان ئاشۇ پەيتتىن باشلاپ دېگۇدەك ئادالەتسىزلىك مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن.

بەزى باللار دوختۇرخانىدا ــ مېھمانخانىدەك جايدا دۇنياغا كېلىدۇ. بەزى باللار قاراڭغۇ كاتەكتە دۇنياغا كېلىدۇ، مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە، بەزى باللار يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ، يېڭى سومكىلارنى ئېسىشىپ مەكتەپكە قەدەم باسىدۇ. ھالبۇكى، بەزى باللار پەقەت باشقىلارنىڭ سومكا ئېسىشقىنىغا كۆڭۈللىرى يېرىم بولغان ھالدا قاراپلا قالىدۇ. خىزمەتكە چىققاندا بەزى باللار ئوقۇش تارىخىغا تايىنىپ، مۇناسىۋەتكە تايىنىپ، دۇنيادىكى مەشھۇر كارخانىلارغا كىرەلەيدۇ. بەزى باللار بولسا ئوقۇش تارىخى يوق، مۇناسىۋىتى يوق، پەقەت تۆۋەن قاتلامدا جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرمۇشىنى قامدايدۇ. ئېھتىمال قابىلىيىتى يوق شەخس يۇقىرى ئورۇندا بولۇپ، قابىلىيىتى بار ئادەم تالانتىنى ئىشلىتىشكە پۇرسەت تاپالماسلىقى مۇمكىن. بەلكىم سىز جان كۆيدۈرۈپ تۇرۇپمۇ يەنىلا ئادەتتىكىچە مەنسەپ بىلەن تۇرۇشىڭىز مۇمكىن. ئەمما باشقىلار ئەكسىچە، پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ بىردىنلا يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىششى مۇمكىن. ئېھتىمال سىز بەك ياخشى ئىشلىگەن بولسىڭىزمۇ، غوجايىنىڭىز يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىشى مۇمكىن. بىراق ئىشنى قالايمىقان قىلغۇەتكەن بىرى بولسا غوجايىنىنىڭ ماختىشى ۋە مەدىتىگە ئېرىششى مۇمكىن. مۇشۇ خىل ئەھۋالغا يولۇققاندا، بىز دەرغەزەپكە كېلىپ: «ئادالەتسىزلىكقۇ بۇ!» دەيمىز. ئادىللىقنى قوغلىشىش ئىنسانلارنىڭ بىر خىل غايىسى، بىراق ئۇ بىر خىل ئەمەلگە ئاشمايدىغان غايە بولغاچقا، قاتتىق تەلەپ قويغىلى بولمايدۇ.

بىر بالا ئون ياش ۋاقتىدا ئانىسى كېسەل بىلەن ئالەمدىن

ئۆتكەن، دادىسى ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس شوپۇرى بولۇپ، ئۆيدە تۇرىدىغان ۋاقتى كۆپ بولمىغاچقا، ئۇ كىر - قات يۇيۇپ تاماق ئېتىپ، ئۆزىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى ئۆگەنگەن. يەتتە يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ دادىسى ماشىنا ھادىسىسى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇ يار - يۆلەكسىز تىرىكچىلىك قىلىپ ئۆزىنى بېقىشنى ئۆگەنگەن. 20 ياش ۋاقتىدا ئۇ بەختكە قارشى قۇرۇلۇش ھادىسىسىدە سول پۇتىدىن ئايرىلىپ، قولتۇق تايىقى بىلەن يۇرۇشكە مەجبۇر بولغان.

«بالا كەلسە قوشلاپ كېلىدۇ» دەپ، ئۇ بۇ خىل ئەھۋالدا ھېچكىمدىن ياردەم تەلەپ قىلماي، بىر ئادەم يالغۇز كۈرەش قىلغان. ئاخىرىدا بىرئاز پۇل يىغىپ بېلىق بېقىش مەيدانى ئاچقان ۋە ئوقۇتى خېلى يامان ئەمەس بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن چىقالىغان، ئەمما تويۇقسىز تارقالغان بىر قېتىملىق ۋابادا ئۇنىڭ يېرىم ئۆمۈر سەرپ قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى يوققا چىققان. ئاخىرى ئۇنىڭ سەۋر - تاقىتى تۈگەپ تەڭرىنى ئىززەتپ غەزەپ بىلەن تەڭرىگە مۇنداق دەپتۇ: «نېمە ئۈچۈن ماڭا مۇشۇنداق ئادالەتسىزلىك قىلىسەن؟» تەڭرى ئۇنىڭدىن قايتۇرۇپ سورىدى: «مەن ساڭا قانداق ئادالەتسىزلىك قىلدىم؟» ئۇ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان يولۇققانلىرىنى تەڭرىگە ئېيتتى.

تەڭرى ئاڭلىغاندىن كېيىن قايتۇرۇپ سورىدى: «مۇشۇنداق پاجىئەلىك تۇرۇپمۇ نېمە ئۈچۈن ياشاپ كەلدىڭ؟» ياش ئادەم غەزەپلەنگەن ھالدا دەپتۇ: «مەن ئۆلمەيمەن، مەن شۇنچە كۆپ بەختسىزلىكلەرنى باشتىن كەچۈردۇم، مېنى قورقۇتقۇدەك ھېچ نەرسە يوق، ھامان بىر كۈنى مەن بەخت يارىتالايمەن.»

تەڭرى كۈلۈپ، دوزاخنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپتۇ ۋە بىر ئەرۋاھنى كۆرسىتىپ دەپتۇ: «ئۇنىڭ ھاياتى ئىلگىرى سەندىن كۆپ بەختلىك ئىدى، ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى دېگۈدەك ئوڭۇشلۇق

ئۆتكۈزگەن. پەقەت سەن بىلەن ئوخشايدىغان يېرى ئوخشاش بىر قېتىملىق ۋابادا ئۇ ھەممە بايلىقىدىن ئايرىلدى. ئوخشىمايدىغان يېرى ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. بىراق سەن يەنىلا قەيسەرلىك بىلەن ياشاۋېتىپسەن.»

بىز ھاياتنىڭ ئادالەتسىزلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك، بىز بۇ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلالىساق، ئاندىن نورمال كەيپىياتتا تۇرالايمىز. تۇرمۇشتىكى بىر مۇنچە نەپرەتنى ئازايتالايمىز، خۇشاللىقمۇ كۆپىيىدۇ.

پۇشكىننىڭ بىزگە ئىنتايىن تونۇش بولغان بىر پارچە شېئىرى بار. «ئەگەر ھايات ئالدىسا سېنى، ھەسرەت چەكمە بولما پەرىشان، تىنچلانماق لازىم دۇنيادا، قۇۋناق كۈنلەر كېلىدۇ ھامان». شۇنداق، تۇرمۇش بەزىدە بىزگە مۇشەققەتلىك، ئېچىنىشلىق تەرىپىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلە شۇ يەردىكى، بىز قانداق قىلىپ تۇرمۇشنىڭ شۇ خىل ئالاھىدە مۇئامىلىسىگە يۈزلىنىشىمىزدە.

كونىلاردا مۇنداق سۆز بار: «تەڭرى بىرەيلەننى يۇقىرى مەرتىۋىلىك قىلىسىمۇ، ئالدى بىلەن جاپا - مۇشەققەتتە ئىرادىسىنى تاۋلايدۇ. ئېغىر ئەمگەك، ئاچلىق، ھارغىنلىق بىلەن سىنايدۇ.» قەدىمكىلەر ئىنتايىن ئەقىللىق، بىزگە مەسىلىلەرگە باشقا نۇقتىدا تۇرۇپ قاراشنى ئۆگىتىدۇ. يەنى بىزگە پىسخىكا جەھەتتىن مۇھىتقا قانداق ماسلىشىشنى ھەمدە كەلگۈسىگە بولغان تولۇپ - تاشقان ئۈمىدۋارلىقنى ئۆگىتىدۇ.

تۇرمۇش ئادىل ئەمەس، بىز ماسلىشالماي تەڭرىدىن ئاغرىنىپ رېئاللىققا يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلالماي، يېتەرلىك ئىرادە بىلەن رېئاللىقنى، رىقابەتنى قوبۇل قىلماي كۈنبويى غەم - غۇسسە ئىچىدە يۈرسەك، ئۇنداقتا بىز تۇرمۇش تەرىپىدىن شاللىنىپ كېتىمىز. بۇنداق بولغاندىن كۆرە قانداق قىلغاندا تۇرمۇشتىكى

باراۋەرسىزلىككە تېخىمۇ ياخشى ماسلىشىشقا باش قاتۇرۇشىمىز كېرەك؟ پەقەت كۆز ئالدىمىزدىكى مۇھىتقا ماسلىشالىسىغىنىمىزلا ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ مۇھىتنى ئۆزگەرتىشكە پۇرسەت بولىدۇ.

## كەمچىلىكمۇ بەزىدە بىر خىل ئامەتتۇر

كۆڭلىمىز ھەمىشە كىچىككىنە نەرسىلەرنىمۇ سىغدۇرالمايدۇ، پەقەت مۇكەممەللىكلا خۇشاللىق ئېلىپ كېلەلەيدۇ، دەپ قارايمىز. شۇڭلاشقا بىز ھەمىشە بەزىبىر نۇقسانلار ئۈچۈن غەمگە پېتىپ، داۋاملىق نارازى بولىمىز، نۇقسانلىرىمىزمۇ بەزىدە بىر خىل ئىلتىپات ئىكەنلىكىنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمەيمىز.

بىر ھېكايىدە مۇنداق دېيىلگەن: بىر بېلىقچى دەريادىن چوڭ بىر تال مەرۋايىت سۈزۈۋاپتۇ. ئۇ خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قاپتۇ. ئۆيگە ئەكېلىپ قارىغاندىن كېيىن مەرۋايىتنىڭ ئۈستىدە كىچىك بىر قارا داغنىڭ بارلىقىنى بايقاپتۇ. بېلىقچى بۇنىڭدىن كىچىككىنە نۇقسان ھېس قىلىپتۇ، ئۇ بۇ قارا داغنى يوقىتىۋەتسە مەرۋايىت مۇكەممەل بولۇپ قىممەتلىك گۆھەرگە ئايلىنىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. بېلىقچى داغنى يوقىتىۋېتىشكە ئۇرۇنۇپ بىر قەۋەت ئويۇپتۇ، بىراق قارا داغ يەنىلا تۇرۇپتۇ. يەنە بىر قەۋەت ئويغان ئىكەن قارا داغ يەنىلا يوقىماپتۇ. ئاخىرقى قېتىم ئويغان ۋاقىتتا قارا داغ يوقاپتۇ، بىراق مەرۋايىتمۇ يوقىلىپ كېتىپتۇ. كىچىككىنە بىر داغنى دەپ بىباھا مەرۋايىتتىن ئايرىلىپ قېلىش راستلا زىيان ـ دە.

بەزىلەر بېلىقچىنىڭ ئاچ كۆزلۈكى ۋە ھاماقەتلىكىنى مەسخىرە قىلىشىمۇ، ئەمەلىيەتتە بېلىقچىنىڭ قىلمىشى ئۆزىدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ.

بەلكىم بەزىلەر يۈزىدىكى كىچىك بىر تال مەڭ ئۈچۈن كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ كۈنبويى يوقىتىۋېتىشنى ئويلايدۇ، بەلكىم ئىمتىھان تۈپەيلى ئېرىشىشكە تېگىشلىك شەرەپتىن مەھرۇم قېلىش ۋە شۇ سەۋەبتىن ئاش - تاماقتىن قېلىپ پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالىدۇ ۋە ياكى پاكارلىق سەۋەبىدىن قىز دوست تاپالمىغانلىقىدىن ئاغرىنىپ يەككە - يېگانە ھالدا غېرىبسىنىپ يۈرۈيدۇ.

ئەگەر سىز ھەمىشە مۇشۇنداق ئۇششاق ئىشلارنى ئاغزىڭىزدىن چۈشۈرمەي يۈرسىڭىز، ئۆزىڭىزگە پەقەت كۆڭۈلسىزلىكلا ئېلىپ كېلىسىز. مۇشۇنداق كىچىك نۇقسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويساق، كەمچىلىكنىمۇ بەزىدە بىر خىل گۈزەللىك دېيىشكە بولىدۇ. ئۆزىنىڭ كىچىك ئەيىبىنى كەچۈرۈپ ئادەتتىكىدەك مۇئامىلە قىلىپ، تۇرۇلغان قوشۇمىنى ئاچقاندا تۇرمۇشنىڭ ئەمەلىيەتتە قالتىس بىر تەرىپىنىڭ بارلىقىنى بايقىغىلى بولىدۇ.

بىر سۇ توشۇغۇچى بولۇپ، ئۇ ھەر كۈنى ئىككى چېلەكنى كۆتۈرۈپ ناھايىتى يىراق جايدىن سۇ ئەكېلىدىكەن، ياخشى بولمىغان يېرى شۇكى، بىر چېلەكنىڭ چاك كەتكەن يېرى بار ئىكەن، ھەر قېتىم ئۇزۇن مۇساپىدىن كېيىن ساق چېلەكتىكى سۇ لىپمۇلىق تۇرىدىكەن، چاك كەتكەن چېلەكتە بولسا يېرىم چېلەكلا سۇ قالىدىكەن. سۇ توشۇغۇچى مۇشۇ ھالەتتە ھەر كۈنى ئۆيگە بىر يېرىم چېلەك سۇ توشۇيدىكەن، شۇڭلاشقا ئىزچىل ھالدا ھېلىقى ساق چېلەك ئۆزىنىڭ ئەمگىكىدىن مەمنۇن بولىدىكەن ھەم پەخىرلىنىدىكەن، بىراق ھېلىقى چاك كەتكەن چېلەك بولسا ئۆزىنىڭ ئەيىبى سەۋەبىدىن ئىگىسىنىڭ نۇرغۇن كۈچىنى ئىسراپ قىلغىنىدىن ئىنتايىن بىئارام بولىدىكەن.

ئاخىرى بىر كۈنى مەغلۇبىيەت ۋە ئۆزىنى ئەيىبلەشنىڭ

ئازابىغا چىداپ بولالمىغان سۇنۇق چىلەك سۇ توشۇغۇچىغا دەپتۇ: «مەن ئىنتايىن خىجىلمەن، چوقۇم سىزدىن ئەپۇ سورىشىم كېرەك.»

سۇ توشۇغۇچى شۇبھىلەنگەن هالدا سەۋەبىنى سوراپتۇ.

— ئىككى يىلدىن بېرى سۇ مېنىڭ بۇ تەرىپىمدىن يولبويى ئېقىپ مەن ئۆيگە پەقەت يېرىم چىلەكلا سۇ ئېلىپ كېلەلىدىم، مېنىڭ چاك كەتكەنلىك سەۋەبىمدىن سىزنىڭ نۇرغۇن كۈچىڭىز ۋە ۋاقتىڭىز ئىسراپ بولۇپ كەتتى، — دەپتۇ سۇنۇق چىلەك ئىنتايىن ئۇيالغان هالدا.

سۇچىمۇ ئاڭلاپ ئىنتايىن بىئارام بوپتۇ، ئۇ قايتىش يولدا سۇنۇق چىلەكنى يول بويىدىكى گۈللەرگە دىققەت قىلغۇزۇپتۇ. ئاندىن سۇچى مۇلايىملىق بىلەن دەپتۇ: «سەن چىغىر يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئوخشىماسلىقلارنى بايقىدىڭمۇ؟ پەقەت سەن تەرەپتىلا گۈللەر ئېچىلغان، ئەمما يەنە بىر تەرەپتە ئۇنداق ئەمەس. مەن سېنىڭ كەمچىلىكىڭنى بىلگەچكە سەندىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ سەن تەرەپكە گۈل ئۇرۇقى چاچتىم، سەن ئېقىتقان سۇ ئەمەلىيەتتە بىكارغا ئىسراپ بولۇپ كەتمىدى، ھەممىسى گۈل سۇغۇرۇشقا سەرپ بولدى. شۇڭلاشقا بىزنىڭ تاماق ئۈستىلىمىز چىرايلىق گۈللەر بىلەن بېزەلدى. ئەگەر سەندە نۇقسان بولمىغان بولسا، مۇشۇنداق چىرايلىق گۈللەرنى نەدىن تاپقان بولاتتۇق؟»

بىزگە نىسبەتەن بەزىدە كەمچىلىكمۇ بىر خىل ئىلتىپات بولۇپ، بىزنى كۈتمىگەن ھەدىيەلەرگە ئېرىشتۈرىدۇ، ئەگەر كەمتۈكلۈك بولمىغاندا ئادەمنىڭ چىنلىقى يوقىلىپ، ھاياتنىڭ رەڭگارەڭلىكىنى ھېس قىلغىلى بولمايدۇ.

بىر چەمبەر ئۆزىنىڭ بىر بۆلىكىنى يوقىتىپ قويغانلىقى سەۋەبىدىن ئۆزىنى بېجىرىم ئەمەس دەپ ھېس قىلىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەممە يەردىن يىتتۈرۈۋەتكەن ئاشۇ بۆلىكىنى

ئىزدەپتۇ، ئەمما ئۇ يۇمىلاق بولمىغاچقا، ناھايىتى ئاستا دومىلاپتۇ. ئاستا قەدەملىرى بىلەن بىر تەرەپتىن يول بويىدىكى گۈللەردىن ھوزۇرلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن قۇرت - قوڭغۇزلار ۋە قۇشلار بىلەن پاراڭلىشىپ گۈزەل مىنۇتلاردىن قانغۇچە ھوزۇرلىنىپتۇ.

ئاخىرى بىر كۈنى ئۇ رەڭگى ۋە چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشايدىغان بىر بۆلەك ھالقىنى تېپىپتۇ. تاقاپ باققان ئىكەن بەكلا ماس كەپتۇ. ئۇ بەك تېز دومىلىغاچقا گۈللەردىن زوق ئالىدىغان، ھايۋانلار بىلەن پاراڭلىشىدىغان ۋاقىت چىقىرالماپتۇ. مۇشۇنداق بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ تېپىپ كەلگەن بۆلىكىنى تاشلىۋېتىش قارارىغا كەپتۇ، چۈنكى ئۇ يول بويىدىكى مەنزىرىلەرنى بەكمۇ سېغىنىپتۇ، شۇنچىۋالا گۈزەل مەنزىرىلەرنى ئۆتكۈزۈۋەتكۈسى كەلمەپتۇ.

نۇقسان بولمىسا مۇكەممەللىكنىڭ ئۆلچىمى بولمايدۇ. بىر مەرۋايىت تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى مۇتەخەسسىس بولۇپ، خۇددى تۇغما تالانتلىقتەك ھەرقانداق نەرسە ئۇنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ئۇنىڭ سىرى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، «مەرۋايىت ئادەمگە ئوخشايدۇ. قانچىلىك مۇكەممەل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يەنىلا كەمچىلىك مەۋجۇت. ساختا بۇيۇملارنىڭ ئەڭ چوڭ يوچۇقى شۇكى، ساختىسى بەكلا مۇكەممەل ياسالغان بولىدۇ. ھېچكىممۇ مۇكەممەل بولمايدۇ. ئاتالمىش مۇكەممەللىك پەقەت كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا مەۋجۇت. شۇڭلاشقا بىز ئۆزىمىزنىڭ كەمچىلىكلىرىمىزنى ئەپۇ قىلىشىمىز كېرەك. ئۆزىمىزنىڭ كەمچىلىكلىرىگە توغرا مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك.

كەمچىلىك ئۇچۇن پەرىشان بولۇشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق، ئۆزىمىزنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تونۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىمىزنىڭ تىرىشىش يۆنىلىشىمىزنى

بايقىشىمىز، تىرىشىش جەريانىدا ئۆزىمىزنىڭ كەمچىلىكىنى تونۇتىشىمىز كېرەك. پەقەت دادىللىق بىلەن مۇكەممەل بولمىغان ئۆزىمىزنى قوبۇل قىلساقلا، نۇقسان ئىچىدىن قۇتۇلۇپ ئۆزىمىزنى تاكامۇللاشتۇرالايمىز.

## سىزگە زىيان يەتكۈزگەن كىشىگىمۇ كەڭچىلىك قىلىڭ

كۇڭزىنىڭ شاگىرتى گۇڭ سىڭ كۇڭزىدىن سوراپتۇ: «ئۇستاز، ئۆمۈرلۈك پىرىنسىپ قىلىشقا بولىدىغان بىرەر سۆز ــ ئىبارە بارمۇ؟»

كۇڭزى دەپتۇ: «ئۇ ئومۇمەن ‹كەچۈرۈش› دېگەن سۆز. ھازىرقى سۆز بىلەن ئېيتقاندا ‹كەڭچىلىك قىلىش› تىن ئىبارەت.»

كەڭچىلىك قىلىش بىر خىل گۈزەل ئەخلاق ــ پەزىلەت، ئۇ زىددىيەتنى پەسەيتىدىغان بىر خىل دورا بولۇپ، كىشىلەر قەلبىگە ئۇيۇپ قالغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئېرىتىدۇ. باشقىلارغا كەڭچىلىك قىلىشنى بىلىدىغان ئادەملا تىنچ روھىي كەيپىياتقا ئىگە بولالايدۇ، كۆڭلىدە خاپىلىقنى ئۇزاق ساقلىمايدۇ.

تاغدا ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر مۇناخ بىر كۈنى كەچتە ئورمانلىققا سەيلە قىلغىلى بېرىپتۇ. يوپيورۇق ئاي نۇرىدا ئۇ بىر ئوغرىنىڭ شەپە چىقارماي ئۇنىڭ كەپىسىگە كىرگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. مۇناخ ئوغرىنىڭ ھېچقانداق پۇلغا ئەرزىگۇدەك نەرسە تاپالمىغانلىقىنى بىلىپ، ئوغرى كەپىدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى كەپىگە قايتىپ كەپتۇ.

ئوغرى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قاپتۇ، مۇناخ كۈلۈمسىرىگىنىچە: «سەن شۇنچە يىراق تاغ يولىدىن مېنى كۆرگىلى كەلسەڭ، مېنىڭ ساڭا بەرگۇدەك ھېچ نەرسەم يوق. ھاۋا سوۋۇپ قالدى، سەن بۇ كىيىمنى ئېلىپ كەتكىن» دەپتۇ ۋە سۆزلەۋېتىپ ئۇچىسىدىكى بۇددىستلار كىيىمىنى سېلىپ،

ئـوغرىنـىـڭ ئۈستـىـگە يىپـىـپ قويۇپـتۇ. ئوغرى هـودۇقۇپ نىمـە قـىلارىنى بـىلەلـمەي يەرگە كـىـرىپ كەتكـۈدەك بولۇپ، سـۈكـۈت ئىچىدە يولىغا راۋان بوپتۇ.

مۇناخ ئوغرىنىڭ ئاي نۇرىدا غايىب بولۇۋاتقان كۆلەڭگىسىگە قاراپ ئىختىيارسىز خۇرسىنغان هالدا دەپتۇ: «بىچارە، بىر ساڭا نۇرلۇق ئاينى سوۋغا قىلىشىمنى ئۈمىد قىلىمەن.»

ئىككىنچى كۈنى سەهەردە مۇناخ ئىستىقامەتكە تۇرغاندا ئىشىكنى ئېچىپ، تۈنۈگۈن ئوغرىغا بېرىۋەتكەن كىيىمنىڭ يەردە رەتلىك قاتلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

مۇناخنىڭ چېھرىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپتۇ: «مەن ئاخىرى ئۇنىڭغا نۇرلۇق ئاينى سوۋغا قىلدىم» دەپتۇ.

ئەپۇچان كىشىلەرنىڭ كۆڭلى دېڭىزدەك كەڭرى بولىدۇ، تۇرمۇشتىكى كىچىك ئىشلار ئۇلارغا نىسبەتەن كىچىككىنە بىر تامچە سۇ، خالاس. هەرقانچە كۆپ كۆڭۈلسىزلىك بولسىمۇ، دېڭىزغا قويۇلسا هەممىسى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان كىچىككىنە ئارىلاشما بولۇپ كېتىدۇ. هەقىقىي ئەپۇچان، مەرد ئادەم كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈن باشقىلار بىلەن هېسابلىشىپ ئاچچىقلاپ يۈرمەيدۇ. باشقىلار ئۆزىگە زىيان كەلتۈرىدىغان ئىشنى قىلغان تەقدىردىمۇ كۈلۈپلا ئۆتكۈزۈۋېتەلەيدۇ.

بىر قېتىملىق هاراق زىياپىتىدە بىر ئايال سىياسىي رەقىب هاراق رومكىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ چېرچىلغا قاراپ كەپتۇ، ئۇ چېرچىلنىڭ هاراق رومكىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ غەزەپ بىلەن شۇنداق دەپتۇ: «مەن ساڭا شۇنداق ئۆچ، ئەگەر مەن سېنىڭ خانىمىڭ بولۇپ قالغان بولسام، چوقۇم هارىقىڭغا زەهەر سېلىپ قويغان بولاتتىم».

شۈبهىسىزكى، بۇ بىر جۈملە سۆز ئۆچمەنلىككە تولغان ئېغىزا ئىدى. چېرچىل ئۇنىڭ بىلەن تاكاللاشماپتۇ، كۈلۈمسىرەپ دوستانىلىق بىلەن شۇنداق دەپتۇ: «سىز خاتىرجەم بولۇڭ، ئەگەر

مەن سىزنىڭ ئېرىڭىز بولۇپ قالغان بولسام، ئۇنى چوقۇم گۇپپىدە ئىچىۋېتەتتىم».

ئەپۇچانلىق ئامالسىزلىق ئەمەس، ئۇ بىر خىل كۈچ، ئۆچمەنلىكنى ئېرىتەلەيدىغان بىر خىل كۈچ، قارشى تەرەپ بىلەن ياراشتۇرغىلى بولمايدىغان زىددىيەت بولغان تەقدىردىمۇ ئەپۇچانلىق كۆلكىسى، كەڭ قورساقلىق بىلەن ئېيتىلغان بىر جۈملە سۆز بىلەن ئۇرۇشنى تىنچلىقتا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

مۇنداق بىر ماقال بار: «دېڭىز كۆپ تارماقنى سىغدۇرالايدۇ، ئەپۇچانلىق بولسا تېخىمۇ چوڭ، دەريانىڭ كەمتەرلىك بىلەن بارلىق ئېقىنلارنى سىغدۇرالىغانلىقى سەۋەبىدىنلا پايانسىز ئوكيان بولۇپ شەكىللەنگەن.»

فۇرتەي مۇنداق دېگەن: «كەمچىلىكلىرىمىزنى ئۆزئارا ئەپۇ قىلىشايلى، بۇ تەبىئىي بىرىنچى قائىدە، شۇڭلاشقا بىز كىچىككىنە پايدا ئۈچۈن، ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن زىغىرلاپ كېتىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق.»

كەڭچىلىك قىلىش بولسا ئۇنتۇپ كېتىشتۇر، باشقىلارنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن سىزنى ئەيىبلىگىنى ۋە ئاھانەت قىلغىنىنى، ئىلگىرىكى ھەق ـ ناھەقچىلىكنى ئۇنتۇش كېرەك. ۋاقىت بولسا ئەڭ ياخشى ئاغرىق توختاتقۇچى دورا، ئۇنتۇشنى، كەڭ قورساقلىقنى ئۆگەنگەندىلا ھايات پارلاق بولىدۇ، خۇشاللىققا تولىدۇ.

## ئۆزىنىڭكىنى توغرا دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوق

كونىلار: «ھەركىمنىڭ ئۆز كۆز قارىشى بولىدۇ» دەپ ئېيتقان. بۈگۈنكى كۈندە بىزمۇ: «ھەركىمنىڭ ئۆزىگە راست» دەيمىز.

دۆلەت چېگراسىدىن ھالقىغان ياۋروپادا يەنە مۇنداق سۆز بار: «مىڭلىغان تاماشىبىنلارنىڭ نەزىرىدە مىڭلىغان شېكىسپىر مەۋجۇت.»

ئۇزاق مەزگىللىك بۇ ھۆكۈم سۆزى ھەربىر ئادەمنىڭ دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، تەپەككۇر ئۇسۇلى، شۇنداقلا بىلىم قۇرۇلمىسى، بەدەن، پسىخىكا قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە پەرق مەۋجۇت بولغانلىقى سەۋەبىدىن ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس كۆز قارىشى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، خالاس.

شۇڭلاشقا مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندا پىكىر زىتلىقىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، مۇشۇنداق بولغان ئىكەن، سىز بىلەن باشقىلارنىڭ كۆز قارىشى ئوخشاش بولمىغان ۋاقىتتا خاپا بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۆزىنىڭكىنى توغرا دەپ تۇرۇۋېلىپ توختىماي تالاش - تارتىش قىلىپ، ئاقىۋەتتە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كەيپىياتىنى بۇزۇشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق.

جېك بىر شىركەتنىڭ خىزمەتچىسى بولۇپ، ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتقاندا ئايالى بىلەن توختىماي جاڭجاللىشىدىكەن، تاكاللىشىۋېرىپ ئاخىرى ئاجرىشىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپتۇ.

جېك نائىلاج بىر پسىخىكا ئالىمىغا مۇراجىئەت قىلىپتۇ، جېكنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بىر تەكلىپ بېرىپتۇ: «سىز ھەمىشە جاھىللىق بىلەن ئۆزىڭىزنىڭكىنى توغرا، ئايالىڭىزنىڭكىنى خاتا دەپ قارىماڭ. سىز پەقەت ئۇنىڭ بىلەن مەسىلىلەرنى مۇزاكىرىلىشىڭ، بىراق كىمنىڭ توغرا، كىمنىڭ خاتالىقىنى ئىسپاتلاپ يۈرمەڭ، پەقەت ئۇنى پىكرىڭىزنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىمىسىڭىزلا، سىزمۇ بىئاراملىق ھېس قىلمايسىز، سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئەرزىمىگەن جېدەللەرنى قىلىپ يۈرمەيسىلەر، ئەلۋەتتە.»

جېك ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن، ئالىمنىڭ دېگىنى بويىچە سىناپ كۆرۈپتۇ. نەتىجىسى دەرۋەقە ئۈنۈملۈك بوپتۇ. كېيىنچە، ئەگەر ئىككىيلەننىڭ كۆز قارىشى ئوخشىمىغۇدەك بولۇپ قالسا،

ئايالى بىلەن جېدەللىشىپ يۈرمەي ياكى سوغۇققانلىق بىلەن مۇھاكىمە قىلىشىدىكەن ياكى بولمىسا مۇزاكىرىلەشمەيدىكەن. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بوپتۇ. بارلىق ئاماللار بىلەن باشقىلارنى قايىل قىلىشقا ئۇرۇنغان چاغ باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىشكە ۋە ياكى باشقىلارغا ئۆزىنىڭكى توغرا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكە ئۇرۇنغان ۋاقىتتۇر.

ئەمەلىيەتتە بىز ئۆزىمىزنىڭكىنى توغرا، ئۆزىمىز باشقىلارغا قارىغاندا پىشقان، باشقىلاردىن ئەقىللىق دەپ قارىغانلىقىمىز سەۋەبىدىن باشقىلارغا ئۇنىڭكى خاتا، بىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ۋاقىتتا، قەلبىمىزگە كۆمۈلگەن ماختانچاقلىق تۇيغۇمىز قانائەت تاپىدۇ.

ئەكسىچە، ئەگەر باشقىلارغا ئۆزىمىزنىڭكىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىشكە ئامالسىز قالساق تىت ـ تىتلىق پەيدا بولىدۇ.

بىز ھەمىشە بىر خىل ئىدىيەۋى خاتا چۈشەنچىگە كىرىپ قالىمىز. بىر جەھەتتىن سىز باشقىلارنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشنى ئويلىغان ۋاقتىڭىزدا، ئاللىبۇرۇن ئىنتايىن كۆپ زېھنىڭىزنى سەرپ قىلىۋەتكەن بولىسىز، شۇ سەۋەبلىك كەيپىياتىڭىز بۇزۇلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، مۇشۇ سەۋەبتىن قارشى تەرەپنىڭ كەيپىياتى ئوسال لاشقان چاغدا سىزنىڭ كەيپىياتىڭىزمۇ ناچارلىشىپ كېتىدۇ، شۇڭلاشقا ئۆز ئارا قاپاق تۈرۈشمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىڭىزنىڭكىنى توغرا دەپ تۇرۇۋالماڭ.

بۇرۇن ئىككى ئاكا ـ ئۇكا بولۇپ، ھەمىشە باش ـ ئاخىرى چىقمايدىغان تالاش ـ تارتىشلارنى قىلىدىكەن. بىر قېتىم ئىككىسى بىرلىكتە ئوۋغا چىقىپتۇ، بىرلا ۋاقىتتا بىر دانە ياۋا

غازنىڭ ئۇچۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئاكىسى يانى تارتىپ غازنى قارىغا ئېلىۋاتقاندا، ئۇكىسى تۇيۇقسىز ئۇنى تۇسۇپ ئاتقىلى قويماي سوراپتۇ: «ئەگەر بۇ ياۋا غازنى ئېتىپ چۈشۈرسەك، بىز قانداق يېيىشىمىز كېرەك؟» ئاكىسى دەپتۇ: «بۇنىڭ نەرى تەس، سۇدا پىشۇرۇپ يەيلى». ئىنىسى قارشى تۇرۇپ: «قاقلاپ يېسە يېيىشلىك بولىدۇ» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئىككىيلەن مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە قىزىق مۇنازىرىگە چۈشۈپتۇ، يەنىلا بىرلىككە كېلەلمەپتۇ، ئاخىرى ئىلاجىسىزلىقتىن ئايرىپ بېرىشكە بىر ئەقىللىق ئادەمنى تېپىپتۇ.

ھېلىقى ئادەم ئۇلارغا ئامال كۆرسىتىپ شۇنداق دەپتۇ: «سىلەر نېمىشقا غازنى ئىككىگە بۆلۈپ، يېرىمىنى پىشۇرۇپ، يېرىمىنى قاقلاپ يېمەيسىلەر؟» ھەر ئىككىسى ئورۇنلۇق ھېس قىلىپ، ئاخىرى تالاش - تارتىشنى توختىتىپتۇ. بىراق قايتىپ كەلگەن ۋاقىتتا ياۋا غاز ئاللىقاچان ئۇچۇپ كەتكەن ئىكەن.

ئەمەلىيەتتە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تالاش - تارتىش پەقەتلا ئېغىز ئۇپرىتىشتۇر، يەنە مۇشۇ سەۋەبلىك ئۆزىنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇش راستىلا «ئېشىكى ئۇچ تەڭگە، توقۇمى بەش تەڭگە» دېگەندەك ئىش بولىدۇ.

قارشى تەرەپنىڭ كۆز قارىشىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش، شۇنداقلا قارشى تەرەپنىڭ بىلىمى ۋە چۈشەنچىسىنى ھۆرمەت قىلىش كېرەك.

پىسخولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، قارشى تەرەپنىڭ كۆز قارىشىنىڭ مەنبەسىنى چۈشىنىپ، ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرنىڭ ئاساسىنى تېپىپ پىكىر ئالماشتۇرغاندا ئاندىن سىز ئوتتۇرىغا قويغان لايىھە قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ ۋە قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشەلەيدۇ، شۇڭلاشقا باشقىلارنىڭ

توغرىلىقنى ئېتىراپ قىلىشنى ئۆنۈملۈك پىكىر ئالماشتۇرۇش شەكلى دېيىشكە مۇناسىپ.

ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراش ئوتتۇرىسىدا ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلىش، ماھىرلىق، كىشىگە بىر خىل خۇشخۇي ۋە مۇلايىم تەسىر بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئالقىشلىنىش دەرىجىسىنى پەيدىنپەي يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. باشقىلارنىڭ توغرىلىقىغا يول قويۇپ، مەرد ھەمدە سەمىمىيلىك بىلەن كۆلۈمسىرىسىڭىز، تۇرمۇشىڭىز ئايىغى چىقماس تالاش - تارتىشلاردىن خالىي بولىدۇ - دە، كەڭ - كۇشادىلىكتىن قانغۇچە ھۇزۇرلىنالايسىز. ئېيتىڭە بۇنىڭ قىلغىلى بولمايدىغان نېمىسى بار ؟!

## باشقىلارنى ئالدىراپ ئەيىبلىمەڭ

ھەممەيلەنگە مەلۇم، سوتتا بىر ئىشنىڭ توغرا - خاتالىقىنى جەزملەشتۈرۈش ئۈچۈن دەسلەپكى مەزگىلدە ھەممىشە كۆپ مىقداردىكى ئىنچىكە تەكشۈرۈش خىزمىتى كېرەك بولىدۇ. ئىشنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك مۇناسىۋىتىنى قاتلاممۇ قاتلام ئانالىز قىلىش، ماددىي ئىسپات، گۇۋاھچى تېپىش ئارقىلىق ئاندىن ئەڭ ئاخىرقى يەكۈننى چىقارغىلى بولىدۇ.

كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتمۇ خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ.

بەزى ئىشقا يولۇققاندا ھەرگىزمۇ ئاق - قارىنى ئايرىماي تۇرۇپلا ئەيىبلەشكە ۋە ئاغرىنىشقا بولمايدۇ، بۇنداق ئۆزىنى تۇتۇۋالماي قىلغان ئىش ھەممىشە باشقىلاردا خاتا چۈشىنىش تۇغدۇرىدۇ، ھەتتا كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئامېرىكىنىڭ گېنېرالى بۇ سەي دې لېي بىر قېتىملىق خەتەرلىك ھەم جىددىي ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىدۇ.

ئۇ قول ئاستىدىكى ئوفىتسېر ۋە جەڭچىلەرنى يىغىپ ئۇلارنى بىر قاتار بولۇشقا بۇيرۇيدۇ، ئاندىن جىددىي ھالدا: «بۇ قېتىمقى ۋەزىپىمىز ھەم مۇشكۇل ھەم خەتەرلىك، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى بىرىڭلارنىڭ تاماملىشىغا ئېھتىياجلىق، خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ بۇ ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىشنى خالايدىغانلار بولسا ئىككى قەدەم ئالدىغا چىقسۇن.»

ئۇ گېپىنى ئەمدى تۈگىتىپ تۇرۇشىغا بىر ئىشتاپ ئوفىتسېرى ئۇنىڭغا ئەڭ يېڭى ئۇرۇش دوكلاتىنى سۇنۇپتۇ، بۇ گېنېرال بۇرۇلۇپ ئىشتاپ ئوفىتسېرى بىلەن كېڭەشكە چۈشۈپ كېتىپتۇ، بىر دەمدىن كېيىن ئۇ ئۇرۇش دوكلاتىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپ، ئەمدىلا يولىيورۇق بەرگەن ئوفىتسېرلارغا يۈزلىنىپ ئۆزۈن سەپنىڭ قىلچىلىكمۇ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى، يەنىلا بىر تال تۈز سىزىق ھالىتىدە بولۇپ، بىرمۇ جەڭچىنىڭ باشقىلاردىن ئىككى قەدەم ئالدىغا چىقمىغانلىقىنى بايقاپتۇ، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئاچچىقلانغان ھالدا: «ئەسكەر باقساڭ مىڭ كۈن، ئەسقاتىدۇ بىر كۈن.، مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بىرمۇ ئادەمنىڭ چىقمايدىغانلىقىنى كىم ئويلىسۇن؟» دەپتۇ. «دوكلات قوماندان!» ئەڭ ئالدىنقى سەپتە تۇرغان بىرى ئەلەم بىلەن دەپتۇ: «بىز ھەربىرىمىز ئالدىغا ئىككى قەدەم چىقتۇق» بۇ ۋاقىتتا گېنېرال ئۆزىنىڭ ئەھۋالنى ئايدىڭلاشتۇرماي تۇرۇپلا سەپتىكى باتۇر ئەسكەرلەرنى خاتا ئەيىبلىگەنلىكىنى ھېس قىلىپتۇ.

ئىش بېجىرگەندە ئالدىراقسانلىق قىلماڭ، ھەركىمنىڭ قانداق ئىش قىلىشىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق سەۋەبى بولىدۇ، سىزنىڭ باشقىلارنى تەنقىدلىشىڭىز ۋە ئەيىبلىشىڭىز ھەمىشە ئۇنىڭ بۇ خىل ئىشنى قىلىشتىكى سەۋەبىنى ئايدىڭلاشتۇرمىغانلىقىڭىز سەۋەبىدىن بولىدۇ، ئەلۋەتتە قارشى

تەرەپ راستلا خاتا قىلغان تەقدىردىمۇ، سىزنىڭ ئالدىراپلا ئۇنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، سىلىق ئۇسۇل قوللانغاندا ئاندىن تېخىمۇ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

بىر كۈنى سودا سارايىدا جاڭجال كۆتۈرۈلۈپ نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇپ قەدەملىرىنى توختاتقۇزۇپتۇ. بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم توك قازاننى قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلىپتۇ، ئۇ قاتتىق پوزىتسىيە بىلەن شۇنداق دەپتۇ: «مەن تېخى ئالدىنقى ئايدىلا بۇ يەردىن توك قازان سېتىۋالغان ئىدىم، كۆپ ئۆتمەيلا بۇزۇلۇپ قالدى، سىلەرنىڭ بۇ توك قازىنىڭلار ئېنىقلا سۈپەت تەكشۈرۈشتىن ئۆتمىگەن ئىكەن، بۇگۈن جەزمەن قايتۇرۇۋېلىشىڭلار كېرەك.» سودا سارايىدىكى مال ساتقۇچى ئىشلىتىپ ئاللىبۇرۇن كونىراي دەپ قالغان توك قازىنىغا قاراپ سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپتۇ: «بىزنىڭ بەلگىلىمىمىزدە يېرىم ئاي ئىچىدە مال قايتۇرغىلى بولىدۇ، بىراق سىز ئاللىبۇرۇن بىر ئايدىن كۆپرەك ئىشلىتىپسىز. مالنى قايتۇرۇشقا بولمايدۇ، بىراق بىز سىزگە ھەقسىز ياساپ بېرەيلى.»

ھېلىقى كىشى بۇلارغا قۇلاق سالماي يەنىلا ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ئېغىزغا ئالغۇسىز گەپلەرنى قىلىپ مالنى قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلىپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا ئېلېكتىر ئەسۋابى مەخسۇس پوكىيىدىكى ئايال باشقۇرغۇچى ئاۋازنى ئاڭلاپ يېتىپ كەپتۇ، مال ساتقۇچىدىن ئەھۋالنى ئۇقۇپتۇ، جېدەلنىڭ داۋاملىشىۋەرمەسلىكى ئۈچۈن، ئايال باشقۇرغۇچى ھېلىقى ئەر خېرىدارغا مۇلايىملىق بىلەن دەپتۇ: «بۇ توك قازان ئاللىبۇرۇن بىر مەزگىل ئىشلىتىلىپتۇ، چوڭ مەسىلە يوق ئىكەن، بەلگىلىمىگە ئاساسەن مۇددىتى ئۆتكەن

مالنى قايتۇرغىلى بولمايدۇ، بىراق سىز ئەگەر قايتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇۋالسىڭىز، ئۇنداقتا ماڭىلا سېتىپ بېرىڭ.»

ئايال باشقۇرغۇچى پۇل چىقىرىۋاتقان ۋاقىتتا، بۇ خېرىدارنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپتۇ، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئاخىرى يول قويۇپ، مال قايتۇرۇۋېتىشتىن ۋاز كېچىپ، مال ساتقۇچىدىن ياساپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ.

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىر قەدەم چېكىنىش بىۋاسىتە ئەيىبلىگەنگە قارىغاندا ياخشىراق ئۈنۈم بېرىدۇ.

يولسىزلىققا يولۇققاندا پاراكەندىچىلىكنى بېسىقتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى، سىلىق سۆز بىلەن تاشنى ئېرىتىشتىنمۇ ئارتۇقراق بولمايدۇ. بىز ئالتۇندەك ۋاقتىمىزنى ئىسراپ قىلىپ باشقىلارنى ئەيىبلەپ يۈرمەسلىكىمىز كېرەك، خۇددى كانارجى ئېيتقاندەك: «بىز ئىشلەتكەن تەنقىد ۋە ئەيىبلەش ئۇسۇلى باشقىلاردا مەڭگۈلۈك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالماستىن ئەكسىچە باشقىلارنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويىدۇ. باشقىلارنى ئەيىبلىمەستىن ئۇلارنى چۈشىنىپ بېقىش، ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش كېرەك، بۇ تەنقىدلەشكە قارىغاندا تېخىمۇ پايدىلىق، تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولىدۇ.»

تۇرمۇشتا ھەربىر ئادەم كەمچىلىكتىن خالىي ئەمەس، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا بىز باشقىلارنىڭ كۆڭلىنىمۇ ئۆز كۆڭلىمىزدەك چۈشىنىشىمىز كېرەك، باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى ئەيىبلەپلا ئۆزىنىڭمۇ توغرا بولمىغان تەرەپلىرىنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ، بولۇپمۇ ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قالغان ۋاقىتلاردا ئالدىراپلا باشقىلارنى ئەيىبلىمەسلىك كېرەك، ئۇنى ۋاقىتىنچە قويۇپ تۇرۇپ، دىققەت - ئېتىبارىنى باشقا تەرەپكە قارىتىش كېرەك،

دىلخەستىلىكتىن يىراق تۇرۇش، خۇشاللىق ئىزدەش، كۆپرەك ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، ئازراق ھاياجانلىنىش كېرەك. چۈشىنىش، كەڭ قورساقلىق، ئىشەنچ، دوستلۇق قاتارلىق ئاكتىپ پوزىتسىيە ئارقىلىق باشقىلار بىلەن چىقىشقاندا خۇشاللىقنىڭ ھېس تۇيغۇلىرىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

## ئۆزىڭىزنى ئورۇنسىز ئەيىبلەشنى توختىتىڭ

ئۆزىڭىزنىڭ ھەرىكىتى ئەخلاق ئۆلچىمىگە ياكى ئىجتىمائىي ئەخلاققا خىلاپ ئىكەنلىكىنى سەزگەن ۋاقتىڭىزدا، ئۆزىڭىزنى ئەيىبلەيسىز، بىز ئىلگىرىكى بەختسىزلىكلەرنى ئەسلىگەندە، ئۆزىمىزنىڭ خاتا قىلمىشى ئۈچۈن ھەمىشە پۇشايمان ۋە ئەيىب ھېس قىلىمىز، بىز ئۆزىمىزنى ھەمىشە ئۇزاق ۋاقىت مۇشۇنداق چۈشكۈنلۈككە غەرق قىلىۋېلىپ، ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرالمايمىز.

بۇ راستىلا ئۆز ـ ئۆزىگە خاپىلىق تېپىۋېلىشتۇر، بىز باشقىلارغا كەڭچىلىك قىلالايمىز، ئەمما نېمىشقا ئۆزىمىزنى كەچۈرەلمەيمىز؟

جىم بىر چوڭ شىركەتتە ئىشلەيدىغان بولۇپ، خىزمىتى ئىنتايىن جىددىي ئىدى، بىر يىلى روژدېستىۋا بايرىمى ھارپىسىدا، ئۇ ئەمدىلا ئىشخانىغا كىرىپ تۇرۇشىغا ئايالىنىڭ دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدىن قىلغان تېلېفونىنى قوبۇل قىپتۇ، ئۇ كۈتۈلمىگەندە ماشىنا ھادىسىگە ئۇچرىغىنىنى، ماشىنىنىڭ سوقۇلۇپ ۋەيران بولغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ يارىلانغانلىقىنى، بىئارام بولىۋاتقانلىقىنى، دوختۇرخانىدا 24 سائەت كۆزىتىلىشى كېرەك ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەلۋەتتە ئايالى يەنە ئۇنىڭ ئەنسىرىمەسلىكىنى، ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۇنى كۆرگىلى بارسىمۇ

بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، ئۇ بەرىبىر بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن ئىشتىن چۈشىدىغانلىقىنى ئويلاپ ماقۇل بوپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە روژدېستىۋا بايرىمى هارپىسى دەل ئىش ھەققى قوشۇلۇپ مۇكاپات سوممىسى تارقىتىلىدىغان ھالقىلىق پەيت ئىدى، گەرچە ئۆزىگە شۇنداق تەسەللى بەرسىمۇ، بىراق ئۇ يەنىلا ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپ قالىدۇ، ئىشتىن چۈشۈشتىن بىر سائەت ئىلگىرى، ئۇ دوختۇرخانىدىن كەلگەن تېلېفوننى قوبۇل قىپتۇ، تېلېفوندا ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئىچكى زەخىم تۈپەيلى تۇيۇقسىز ھوشىدىن كېتىپ ئەسلىگە كېلەلمەي، قۇتقۇزۇشقا ئۈلگۈرەلمەي، بۇ ئالەمدىن كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ، جىم بىردىنلا يەر جاھان قاراڭغۇلىشىپ كەتكەندەك ھېس قىپتۇ.

ئۇ ئايالى بىلەن توي قىلغاندىن بېرى تۇرمۇش يولىدا يەتتە باھار ۋە كۈزنى بىللە بېسىپ ئۆتكەن ئىدى.

بۈگۈنگىچە ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشۈپ كەلگەن بولۇپ، ئۆز ھاياتىنى قەدىرلىگەندەك ئۆزئارا قەدىرلىشەتتى، بىراق ئايالى بۇ دۇنيادىن ئايرىلغان ئاخىرقى پەيتلەردە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولالمىدى، ئۇنى يالغۇز تاشلاپ قويدى، ئۇ قانچە قېتىملاپ «ئەگەردە» دېگەنلىكىنى، قانچە قېتىملاپ «ئۇنداق قىلماسلىق كېرەك ئىدى» دېگەنلىكىنى بىلمەيدۇ، ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلەشنى توختىتىپ باقمىدى، چەكسىز پۇشايمانلارغا بەرداشلىق بېرىپ كەلدى.

كۆپىنچە ئەھۋالدا بىز ئۆزىمىزنى ئەيىبكار ھېسابلايمىز، چۈنكى بىز ئۆزىمىزگە ۋە ئەتراپىمىزدىكىلەرگە ئۆزىمىزنىڭ قىلمىشى ئۈچۈن خىجىللىق ھېس قىلغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى ئويلايمىز، ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىمىزدىن قۇتۇلۇشنى ئويلايمىز ھەم ئىلگىرى يۈز

بەرگەن خاپىلىقلارنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنىمىز، لېكىن ئۆتمۈشتە يۈز بەرگەن بارلىق ئىشلارنىڭ قايتىدىن باشلىنىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. توختىماي ئۆزىنى ئەيىبلەش شەك شۈبھىسىزكى، ئۆزىنى ئەيىبلەشنى بىر خىل پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە ئادىتىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، ئۆزىمىزنى سەزمىگەن ئاساستا ئىرادىمىزنى بوشاشتۇرىۋېتىدۇ، ھەتتا ئۆزىنى ئەيىبلەشنى بىر خىل بېسىمنى تۆۋەنلىتىدىغان قورالغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، ئەمەلىيەتتە، ئەگەر ئۆزۋاقتىدا بۇ خىل چەكلىمە بولمىغان قىزىقىشنى ئۆز ۋاقتىدا يوقىتالمىسا ئۆزىنى ئەيىبلەش يەنە داۋاملىشىدۇ، ھەتتا بېسىم ئېغىرلىشىپ، كەيپىياتى ناچارلىشىپ ئەڭ ئاخىرىغا بارغاندا يەنىلا مەسىلە ھەل بولمايدۇ.

ئۆزىنى ئەيىبلەش تەنبىھ قوبۇل قىلىشقا ئوخشىمايدۇ، مۇۋاپىق بولغان ئۆزىنى ئەيىبلەش سىزنى خاتالىقىڭىزنى تونۇتقۇزىدۇ ھەم يېڭىدىن باشلاتقۇزىدۇ، لېكىن ھەددىدىن ئاشقان ئۆزىنى ئەيىبلەش سىزنى پەقەت ئۆتمۈشنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، بۇ ھالدا ئىشەنچ تىكلىيەلمەيلا قالماستىن ئەكسىچە ئالغا باساي بىر ئىزىدا توختاپ قالىدۇ، پاسسىپ بولغان ئۆزىنى قاچۇرۇش بولىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە بىر خىل تېخىمۇ مەسئۇلىيەتسىز قىلمىش، باشقىلارنى كەچۈرەلمەيدىغان ئۆچ - ئاداۋەت ساقلايدىغان ئادەم ئوخشاشلا ئۆزىنى كەچۈرەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى ئەيىبلەپ ئۆزىنى قىينايدىغان ئادەملەردۇر.

خاتالىقتا مۇئامىلە قىلىش كۆزگە كىرىپ كەتكەن قۇمغا مۇئامىلە قىلغانغا ئوخشىشى كېرەك، قانچىكى بالدۇر ھەل بولسا شۇنچە تېز بۇ مەسىلە سەۋەبىدىن كەلگەن ئازابلاردىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ، پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئۆزىنى ئەيىبلەشنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆلـەڭگۈسـىدىن بۇرۇنراق قـۇتۇلۇپ، ناھـايىتى خـۇشال بولغـان كەيپىيات بىلەن خاتىرجەم ھالدا كەلگۈسىگە يۈزلەنگىلى بولىدۇ.

## ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوق ئۆزىڭىز بىلەن تىركىشىپ يۈرمەڭ

ھەرقانچە كۈچەپمۇ قىلالمايدىغان ئىش ئۈچۈن، ئـۆزىڭىزنـى مەجبـۇرلاپ يـۈرمـەڭ، ئاللـىقاچـان ئـۆتۈپ كەتكـەن ئىشـلارنـى، كىشىنى غـەزەپلەندۈرىـدىغان جەريـانلارنى يەنـە ئويلاپ يۈرمـەڭ، ئۆزىڭىزگە تەئەللـۇق بولمىغان نەرسىلەرگە جاھىللىق بىلـەن ئېسىلىۋالماڭ، ئىـشلار دەرۋەقە مۇشـۇنداق بولغـان ئىكەن، ئـەڭ ياخشىسى تەبىئىي بولۇڭ، مۇھـىمى تۇرمـۇشتىن ھـۇزۇرلىنىـش كېرەككـى، ئەكسـىچە قـاتـتىقلـىق قىلـىپ ئۆزىـڭىز بىلـەن تىركىشىپ تۇرمۇشىڭىزنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويماڭ.

گورگىي سابىـق سوۋېت ئىـتتىپـاقى ئەدەبىـيات ئىلـمىنىـڭ ئاساسچىسى بولۇشتىن ئىلگىرى، بىر مەزگىللىك سەرگەردانلىق تۇرمـۇشنى باشـتىن كەچـۈرگەن. بىرىـستاندا يـۈك توشۇغۇچـى، بولكىخانىـدا ئىشـلەمچى، تىـياتىـرخانىدا ئـادەتتىكـى ئىشچـى ۋە قوشۇمچە رولچى بولۇپ ئىشلىگەن.

بىـر كۈنى ئۇ بـازاردا خىزمەتـچى قوبۇل قىلىـش ئېلانىنـى كـۆرۈپ قالىدۇ، بـۇ بىر تىـياتىرخـانا خور ئۆمـىكىنـىڭ يېڭـى خىزمەتچى قوبۇل قىلىش ئېلانى بولۇپ، ئۇ ئالدىراشچىلىق بىلەن بارىدۇ، تەلـىيىگـە يارىشا، ئـۇ قوبۇل قىـلىنىـپ تۆۋەن ئاۋازلىـق ناخشا ئېيتىش گۇرۇپپىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، دەرۋەقە ئۇنىـڭ ئاۋازى بەك ياخشى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ سەرگەردانغا ۋاقىتلىـق بولسىمۇ يەيدىغانغا تاماق چىقىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى داڭلىق ناخشىچىسى شالىيا بىن بـالىلىق دەۋرىدە تۇرمۇشى ئىنتايىن بەختسىز ئۆتكەنىدە، كېيىـن ياشلىق

دەۋرىدىمۇ، جاپا ـ مۇشەققەتتى كۆپ بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ئۆرۈلۈپ ـ سوقۇلۇپ يۈرگەن، ئۇ موزدۇز، ماگىزىندا كۆچۈرگۈچى، سەييارە تىياتىر ئۆمىكىنىڭ ياندا ش رولچىسى بولۇپ باققان، ئۇ 1893 ـ يىلى رەسمىي سەھنىگە چىقىپ ناخشا ئېيتقاندىن كېيىن بارا ـ بارا ئامىتى كېلىپ، ئاخىرى شۇ زاماندىكى دۇنياغا تونۇلغان، تۆۋەن ئاۋازلىق ئەر ناخشىچىغا ئايلانغان.

كۆپ يىللاردىن كېيىن گورگىي بىلەن شالىيابىن، ماليا تىياتىرخانىسىدا ئۇيۇن قويىدۇ، ئويۇن باشلىنىشتىن بۇرۇنقى بوش ۋاقىتتا ئىككى مەشھۇر شەخس پاراڭغا چۈشۈپ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىشىدۇ.

ــ «1884 ـ يىلى كۈزدە مەن سەرگەردان بولۇپ كاشەنگە باردىم» ــ دەيدۇ گورگىي.

ـ «ھە ،ئۇ يىلى مەنمۇ كاشەندە ئىدىم» ـ دەيدۇ شالىيابىن.

ــ «ھە مەن تېخى بىر نەچچە ئاي خور ئېيتىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسىمۇ بولغان» ــ دەيدۇ گورگىي.

ــ قايسى ئوپېرا گۇرۇپپىسىدا ؟ ــ شالىيابىن سورايدۇ.

ــ «كاشەن تىياتىرخانىسىدا» ــ دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرىدۇ گورگىي، ــ بىر كۈنى خور ناخشىچىسى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئېلان چىقارغانىكەن، مەن ئاللىبۇرۇن ئاچلىقتىن يېرىم جان بولۇپ قالغان ئىدىم، دەرھال يۈزتۈرا ئىمتىھان بەردىم، ئويلىمىغان يەردىن ئۆتۈپ، تۆۋەن ئاۋازدا ناخشا ئېيتىش گۇرۇپپىسىغا بۆلۈندۈم.

ــ ھېلىقى ئىگىز بويلۇق، يېقىمسىز يۇقىرى ئاۋازى بار كىشى سىز ئىكەنسىز ـ دە؟ ــ شالىيابىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى.

ــ ئەجەبا سىز مەن بىلەن بىرلا ۋاقىتتا كىرگەنمۇ؟ ــ

گورگىي ھەيران قالىدۇ.

— شۇنداق، بىز ئىككىمىز بىرلا ۋاقىتتا ئىمتىھان مەيدانىغا كىرگەن، سىز تۆۋەن ئاۋازدا ناخشا ئېيتىش گۇرۇپپىسىغا ئۆتتىڭىز، مەن بولسام بىرىنچى قېتىمدىلا شاللىنىپ كەتتىم، — شاليابىن ئاچچىق كۈلگىنىچە دەيدۇ: — ئۇلار مېنىڭ ئاۋاز دائىرەمنى بەك كەڭ ئىكەن دەپ قوبۇل قىلمىغان ئىدى.

بۇ ئىككىيلەننىڭ بىرى مەشھۇر ئەدىب بولۇپ چىققان، يەنە بىرى بولسا داڭلىق ناخشىچىغا ئايلانغان.

بىر ئادەم ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا نۇرغۇن سىناقلارنى باشتىن كەچۈرىدۇ، مەغلۇبىيەت ۋە بەختسىزلىككە دۇچ كېلىدۇ، مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىش ئورۇنسىز ئەمەستۇر: «كەڭ جاھاندا سىز بىلەن تەقدىرى ئوخشاشلارنى ساناپ بولغىلى بولمايدۇ، سىزنىڭ ھازىرقى شارائىتىڭىز شۇنچىۋالا ئوسالمۇ؟»

بىر ئەر يولۋاس تەرىپىدىن قوغلىنىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن تىك ياردىن چۈشۈپ كېتىپتۇ، بەختكە يارىشا غولاپ چۈشۈۋاتقاندا يارنىڭ يان تەرىپىگە ئۆسكەن بىر چاتقالنى تۇتۇۋاپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ھاياتى قىل ئۇستىدە قاپتۇ، قىيانىڭ ئۇستىدىكى ھېلىقى يولۋاس ئېخچە خىرىس قىلىپ تۇرۇپتۇ، يارنىڭ ئاستىدا يەنە بىر يولۋاس بولۇپ، ئەڭ چاتاق يېرى قۇتقۇزغۇچى دەپ بىلگەن كىچىك چاتقال بولسا ئىككى يولۋاس تەرىپىدىن غاجىلىنىپ، كۆز ئالدىدىلا ئۈزۈلەي دەپ قالغان ئىكەن. ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۇ تۇيۇقسىز سول تەرىپىدە بىر توپ ياۋا بۆلجۈرگەننىڭ ئۆسۈپ قالغانلىقىنى، قولىنى سۇنسىلا تۇتقىلى بولىدىغانلىقىنى بايقاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشى بۆلجۈرگەننى ئۈزۈپ ئاغزىغا سېلىپ ئۆز - ئۆزىگە: «نېمىدېگەن تاتلىق - ھە؟!» دەپتۇ.

بۇ بولسا تولستوينىڭ مېنىڭ «پۇشايمىنىم» دېگەن نەسرلەر توپلىمىدا سۆزلەپ ئۆتكەن بىر ھېكايە.

تۇرمۇشنىڭ ھامان كىشىنى خۇشال قىلىدىغان تەرەپلىرى بولىدۇ، ئاشۇ ئەرزىمەس ئىشلارنى قويۇپ تۇرۇپ، ھەر ۋاقىت ئۆزىڭىزنى ئەسكەرتىپ تۇرۇڭ؛ بەك زېرىكىپ كەتمەڭ، ياشىغان ھەربىر ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇڭ، ھاياتتىن ھوزۇرلىنىشنى بىلىۋېلىڭ، شۇندىلا خۇشاللىق تېخىمۇ كۆپىيىدۇ.

## كۆڭۈلگە يېقىش بىلەن رايى قايتىش كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئىككى چاقى

كىشىلىك ھايات ئېغىر يۈك بېسىلغان، كۆڭۈلگە يېقىش بىلەن كۆڭۈلگە ياقماسلىقتىن ئىبارەت ئىككى دانە چاق تىرەپ تۇرىدىغان ماشىنىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر بىرلا چاقى بولسا، بۇ ماشىنا ھەرگىز ئالغا يۈرەلمەيدۇ.

رايى يېنىش بولسا كەچكۈزدىكى سوغۇق شامالغا ئوخشايدۇ. گەرچە باھار شامىلىدەك ئىللىق بولمىسىمۇ، بىراق مېۋىلەرنى قىزارتالايدۇ. كۆڭۈلگە ياقماسلىق بىلەي تاشتەك، گەرچە كىشىنىڭ روھىنى ئاغرىتىسىمۇ بىراق تۇرمۇشىمىزنى بېيىتالايدۇ. كۆڭۈلدىكىدەك بولغان خۇشاللىق، كۆڭۈلگە ياقمىغان چاغدىكى ئۈمىدسىزلىك بولغاندىلا كىشىلىك ھاياتنىڭ تەمىنى تېتىغىلى بولىدۇ.

مۆتىدىل بولغان پىسخىكىلىق ھالەتتە ھاياتتىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى قوبۇل قىلىش نەزەر دائىرىڭىزنى تېخىمۇ كېڭەيتىدۇ.

يىراق قەدىمكى دەۋردە، ئورمانزارلىقتا بىر قەبىلە بولغان ئىكەن. بىر كۈنى ياشقىنە بىر قەبىلە ئەزاسى ئورمانلىقنىڭ

ئىچكىرىسىگە ئۇۋۇ ئۇۋۇلىغىلى بېرىپتۇ، ئۇۋۇ ئۇۋۇلاش جەريانىدا، كۆتۈلمىگەندە ئۇ بىر ياۋا ئاتنى تۇتۇۋاپتۇ.

ئۇ تاقەتسىزلىك بىلەن ئاتنى قەبىلىگە ئېلىپ كەپتۇ، قەبىلىدىكى ئەزالار ناھايىتى تېزلا بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپتۇ، كۆپچىلىك ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ بۇ ياۋا ئاتنى كۆرۈپتۇ، كېلىشكەن قىياپىتىنى ماختاپ ھارماپتۇ، ئەلۋەتتە ياش يىگىتنىڭ كۈتۈلمىگەن ھاسىلاتىغا ھەسەتمۇ قىلىشىپتۇ، كۆپچىلىك تەڭرىنىڭ مۇشۇنداق بىر ياخشى ھەدىيەسىگە ئېرىشىش بىر ئامەت دېيىشىپتۇ، ئەمما ياخشى كۈنلەر ئۇزاققا بارماپتۇ، بىر قېتىم ياش يىگىت ئاتنى كۆندۈرۈۋاتقاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ چۈشۈپ سول پۇتى ناكا بولۇپ يول ماڭالمايدىغان، ئاتمۇ مىنەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بۇ ئات شۇملۇقنىڭ بېشارىتى بولغاچقا ياش يىگىتكە ئاپەت ئېلىپ كەپتۇ، ئۇ بەك تەلەيسىزكەن دېيىشىپتۇ.

ياش يىگىت ھېچيەرگە بارماي ئۆيدىلا ئولتۇرۇپتۇ، ئۆيدىكىلەرمۇ بۇ ياۋا ئاتنى يامان كۆرۈپ ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ يۈرۈپتۇ.

كۆپچىلىك ياش يىگىتكە كەلگەن كۈلپەتتىن ئازابلىنىپ يۈرگەندە ئۇرۇش باشلىنىپتۇ. قەبىلە ئىچىدىكى بارلىق ئەر زاتى ئەسكەرلىككە كېتىپتۇ، كېسەل كارتۇتىدا ياتقان ياش يىگىت پۇتى سۇنۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆيدە قېلىپ ئەسكەرلىككە چاقىرىلىشتىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. قەبىلىدىكى كىشىلەر يەنە گەپ ـ سۆز باشلاپ ياخشى ئات ياش يىگىتكە ئامەت ئېلىپ كېلىپ ئۇنى ئۇرۇش كۈلپىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى، دەپ تەستىقلاپتۇ.

كىشىلىك تۇرمۇشتىكى كۆڭۈلدىكىدەك بولۇش ۋە كۆڭۈلگە ياقماسلىق بىز بىراقلا ھۆكۈم چىقارساق بولىدىغان ئىش ئەمەس.

ھاياتلىق داۋاملىشىش جەريانىدا بۇرۇلۇش ۋە خاتىمىگە ئۇچرىشىمىز مۇمكىن. كۆڭۈلدىكىدەك بولغان ۋاقىتتا مەغرۇرلىنىپ ئەسلىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ، بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك. كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىغاندا قاقشاپ كېتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، ھەممىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن ئېرىتىۋېتىش كېرەك.

ئىلگىرى ۋېي بەگلىكىدە ۋۇ فامىلىلىك بىر ئادەم بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ يالغۇز ئوغلى ئۆلۈپ كېتىپتۇ، بىراق ئۇ ھەر كۈنى ھاراق ئىچىپ نەزمە ئوقۇپ، خۇشال، ئەركىن يۈرۈپتۇ. ئازراقمۇ ئازابلانماپتۇ، بىرەيلەن ئەجەبلەنگەن ھالدا سوراپتۇ: «سىزنىڭ يالغۇز ئوغلىڭىز ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنى ئەمدى قايتىلاپ كۆرەلمەيسىز، ئەجەبا ئازراقمۇ ئازابلانمىدىڭىزمۇ؟» ئۇ خاتىرجەم ھالدا جاۋاب بېرىپتۇ: «مېنىڭ ئەسلىدە ئوغلۇم يوق ئىدى، بۈگۈن ئوغلۇم ئۆلۈپ كەتتى، مېنىڭ ئوغلۇم يوق ۋاقىت بىلەن ئوخشاشلا بولدىغۇ، شۇنداق ئىكەن، مېنىڭ يەنە ئازابلىنىپ يۈرۈشۈمنىڭ ئورنى بارمۇ؟»

ئوقۇمۇشلۇق ئادەمنىڭ ئوقۇمۇشلۇق بولۇشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ بىر ئىشلارنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يېتەلىشى ۋە ئۆزىنى قايغۇدىن ۋە ئاۋارىچىلىكتىن نېرى تۇتالىشىدىدۇر. بىلمىسىز كىشىلەر بولسا ئۆزىنى ئوڭۇشسىزلىقتىنمۇ تارتىپ چىقىرالمايدۇ، ھەممە ئىشنىڭ ئۆز كۆڭلىدىكىدەك بولۇشىنى ئويلايدۇ، ئۇلار ئۆزىنى شۇ كىچىك ئوڭۇشسىزلىقتىن تارتىپ چىقىرالماي چارچىتىۋېتىدۇ، شۇنداقلا خۇشال يۈرەلمەيدۇ.

بىراق، قايغۇ بولمىسا نەدىكى خۇشاللىق. چۈنكى ئىككى مەسىلە بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندىلا تۇرمۇشىمىز رەڭگارەڭ بولىدۇ ھەم تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تېتىيالايمىز، خۇشاللىقنى ئىزدەش ئۈچۈن چوقۇم بىر قايغۇلۇق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈش كېرەك.

قايغۇ خۇشاللىقنى ئىزدەشنىڭ مەلۇم بىر باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ، كونىلاردا: «جاپا تارتمىغۇچە ھالاۋەت يوق» دېگەن ماقال بار. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەر خۇشاللىقنى بىكاردىنلا ئىزدەپ قالغان ئەمەس، ئەلۋەتتە. سىز قايغۇنىڭ ئاچا يولىدا تېڭىرقاپ قالغان ۋاقتىڭىزدا قايغۇنى پۈتكۈل ئاستىدىكى بىر تال تاش دەپ ئويلاڭ، شۇندىلا سىز يىراقنى كۆرەلەيسىز ـ دە، كۆڭلىڭىز باشقىچە يورۇيدۇ.

## تۇرمۇشتىكى ئەپسۇسلىنىشلار ئۈچۈن غەمگە پېتىشنىڭ ھاجىتى يوق

پايانسىز كىشىلىك ھايات يولىدا ھەر ۋاقىت نەتىجە ئارزۇنىڭ ئەكسىچە بولىدىغان ئىشلارغا ئۇچرايمىز، بىز ھەمىشە «ئەپسۇسلىنىش» دېگەن سۆز ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئامالسىزلىقى ياكى پۇشايمىنىنى ئىپادىلەشنى ياخشى كۆرىمىز، بەزى كىشىلەر ھەتتا شۇ تۈپەيلى غەمگە پېتىپ مەيۈس ئولتۇرىدۇ، ھەمىشە بۇنداق «ئەپسۇسلىنىش» مەۋجۇت ئەمەس ئىشلار ناھايىتى كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ دەپ پەرەز قىلىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە، ماقال ـ تەمسىللىرىمىزدە توغرا ئېيتىلغان «ئادەمنىڭ قايغۇ ـ خۇشاللىقى بار، ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ ئون بەشى يورۇق». تۇرمۇشىمىزدا ھەممە يەردە ئەپسۇسلىنىش مەۋجۇت بولىدۇ. ئەگەر ئەپسۇسلىنىش بولمىسا، تۇرمۇشىمىز ھەقىقىي مۇكەممەل ھېسابلانمايدۇ. رەڭگارەڭلىكتىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

دانىيە كوپېنھاگېن ئېكسكۇرسىيەگە بېرىپتۇ، مېھمانخانىغا

يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇ بارلىق ئىشلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئەتىنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپتۇ. ئەمما ئۇ ئارام ئېلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، تۇيۇقسىز پورتمالنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بايقاپتۇ، پورتمالنىڭ ئىچىدە كىملىك ۋە نەق پۇل بار ئىكەن. ئۇ تېزلىكتە مېھمانخانا دىرېكتورىغا ئەھۋالنى ئىنكاس قىپتۇ. «بىز چوقۇم پۇتۇن كۈچىمىز بىلەن سىزگە ياردەم بېرىمىز» دەپتۇ دىرېكتور. ئەتىسى يەنىلا پورتمالنىڭ ئىز - دېرىكى بولماپتۇ. ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلمۇ ناھايىتى ئاز قاپتۇ. ھازىر ئۇ ئۆزى يالغۇز ياقا - يۇرتتا كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىدى. قانداق قىلسا ياخشى بولىدۇ؟ ئۆيدىكىلەرگە تېلېفون بېرىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈش كېرەكمۇ ياكى ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ خەۋەر كۈتۈش كېرەكمۇ؟ تۇيۇقسىز ئۇ «ياق، مەن ھەرقانداق ئەھمىيەتسىز ئىشنى قىلىشنى خالىمايمەن! مەن چوقۇم بېرىپ ۋاشىنگتوننى ئېكوسكۇرسىيە قىلىمەن. مېنىڭ بەلكىم بۇندىن كېيىن ھەرگىزمۇ بۇ يەرگە كېلىش پۇرسىتىم بولمايدۇ. مەن بۇ يەردە قىممەتلىك بىر كۈنۈمنى ئۆتكۈزگەن ئىكەنمەن، ھەرگىزمۇ پورتمالىمنىڭ يىتۈپ كەتكەنلىكىگە ئەپسۇسلىنىپ ئولتۇرماسلىقىم كېرەك. مەن پەقەت بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسىدىن ياخشى ھۇزۇرلىنىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پىيادە يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ئالدى بىلەن ئاقسارايىنى ۋە پارلامېنت بىناسىنى، يەنە كەڭ مۇزېيلارنى ئېكسكۇرسىيە قىپتۇ. ئاخىرىدا ئۇ يەنە ۋاشىنگتون خاتىرە مۇنارىنىڭ چوققىسىغا يامىشىپ چىقىپتۇ. دانىيەگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇ بۇ قېتىمقى گۈزەل ساياھىتىنى ئويلىغىنىدا بەكمۇ خۇشال بوپتۇ. ئۇ بىرەر ئەپسۇسلىنىش باردەك ھېس قىلماپتۇ. ئەگەر پورتمالنىڭ ئوغرىلىنىشىنى بىر كۆڭۈلسىزلىك دەپ قارىساق، ئەگەر ئۇ

مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن ۋاشىنگتوندا قىممەتلىك بىر كۈننى ئىسراپ قىلىپ پۇشايمانغا غەرق بولۇپ قالغان بولسا، بۇ ھەقىقىي ئەپسۇسلىنارلىق بولغان بولاتتى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئۇ ۋەتەنگە قايتىپ بەش كۈندىن كېيىن ۋاشىنگېتون ساقچى ئىدارىسى ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ پورتمالنى تېپىپ بەردى. مال ئىگىسىگە قايتتى.

ئەپسۇسلىنىشقا يۈزلەنگەندە ئەجەبا بىز پەقەت «ئەپسۇسلاندىم» دېسەكلا بولامدۇ ياكى ئەپسۇسلانغىنىمىزغا پۇشايمان قىلىمىزمۇ؟ باشقىلاردىن ئاغرىنىمىزمۇ؟ ئۆزىمىزدىن ئاغرىنىمىزمۇ؟ ۋاقىتنىڭ كەينىگە يېنىپ ھەممىنىڭ قايتىدىن باشلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىزمۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز ئۈچۈن ئەھمىيەتسىزدۇر. توختىماستىن ئەپسۇسلىنىشىمىزنى يوقىتىۋەتمەي، ئۆزىمىزنى ئازابلاپ، ھېچقانداق ئىشنى خىيالىمىزغا كەلتۈرمەي ئولتۇرساق، ھازىرقى پۇشايمان يېڭى بىر ئەپسۇسلىنىشنى پەيدا قىلىدۇ.

خەن گاۋ نام چىقىرىشتىن ئىلگىرى كۆپلىگەن رەسساملارغا ئوخشاش رەسىم سېتىش بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇ ھەر كۈنى يالغۇز بازارغا باراتتى، لېكىن بىرمۇ ئادەم ئۇنىڭ رەسىمىنى سورىمايتتى. ئۇ نۇرغۇن قېتىم ئاچ قالغان بولۇپ، ھەتتا ئۇرۇق - تۇغقان ۋە دوستلىرىنىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشەلمىگەن. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۆزىنىڭ سەنئىتى باشقىلار تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلمەي، ئەسەرلىرى ئېتىبارسىز قالغان، ھەتتا زەربە بېرىلگىنى ئەڭ چوڭ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئىدى. لېكىن ئۇ بۇ ئەپسۇسلىنىشلار ئۈچۈن غەمگە پېتىپ قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ سەنئەتكە بولغان مۇھەببىتىدىن ۋاز كەچمەي، مۇشكۈل سەنئەت يولىدا ماڭغان. ئەڭ ئاخىرىدا بىر داڭلىق رەسسامغا ئايلانغان.

ئەگەر بىز ئاشۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىشلاردىن ۋاز كېچىپ دىققىتىمىزنى باشقا جايغا بۇراپ، بوگۇنىمىزنى، ھازىر تۇرۇۋاتقان مۇشۇ تۇپراقنى، مۇشۇ بىر سېكۇنتنى يېڭى بىر باشلىنىش نۇقتىسى قىلىشنى خالىساق، ئۇنداقتا بىزنى كۈتىۋاتقىنى ناھايىتى كەڭ بولغان سەپەر بولىدۇ، جاھىللىق بىلەن ئەپسۇسلىنىشقا يۈزلەنمەي، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ ئالدىغا قاراڭ. شۇندىلا سىز پايانسىز كەڭ تەبىئەتنى كۆرەلەيسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئۈمىدۋار بولۇڭ

*پوزىتسىيە ئوخشاش بولمىغاچقا، ھاياتلىقتىكى بەخت تۇيغۇسى ۋە تۇرمۇش سۈپىتىمۇ تەبىئىيلا ئوخشاش بولمايدۇ.*

### ئىشلارنىڭ ياخشى تەرىپىنى كۆپرەك ئويلاڭ

ئاكتىپ روھىي ھالەتتىكى ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇچرىتىدىغان ھەممىسى ياخشى ئىشتۇر، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆڭلى ھەمىشە يورۇقلۇققا يۈزلەنگەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار بارلىق ئىشلارنى مەڭگۈ ياخشى تەرەپكە تەرەققىي قىلىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. دائىم غەمكىن يۈرىدىغان ئادەملەرنىڭ ئۇچرىتىدىغىنى مەڭگۈ يامان ئىشلاردۇر.

چۈنكى ئۇلار بارلىق ئىشلارنى مەڭگۈ يامان تەرەپكە تەرەققىي قىلىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. شۇڭا ئۇلار مەڭگۈ ياخشى ئىشلارنى ئۇچرىتالمايدۇ.

ئەگەر سىز ئىشلارنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى ئۈمىد قىلسىڭىز، ئۇنداقتا سىز ئىشلارنى ياخشى تەرەپتىن ئويلاڭ، مۇشۇنداق بولغاندا سىز كۆڭۈللۈك ئىشلارغا ئۇچرىيالايسىز ھەمدە خۇشال ھالەتتە تۇرالايسىز، لېكىن سىز بىر ئىشتىن نارازى بولۇپلا يۈرسىڭىز، سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ۋە نەزىرىڭىزدە شۇ ئىشنىڭ سەلبىي تەرىپىلا مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا سىز ياخشى ئىشلارغا ئۇچرىغان بولسىڭىزمۇ، پەقەت يامان تەرىپىنىلا كۆرەلەيسىز، شۇ ئىشلارمۇ تەبىئىيلا يامان تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر يىلاننىڭ گېپىنى

ئاڭلىسا قورقۇنچلۇق ھېس قىلىدۇ، يىلان تۇتىدىغان ئادەملەردىن باشقا ھەرقانداق ئادەملەر، دالىلاردا يىلان ئۇچرىتىپ قېلىشنى خالىمايدۇ. دائىم تاغلاردا يۈرۈيدىغان، دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاشۇ كىشىلەر زەھەرلىك يىلانغا ئۇچراپ قېلىشتىن بەك قورقىدۇ. ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا زەھەرلىك يىلانغا ئۇچراپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ؟ بۇ توغرىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار:

ئەگەر سىز دالىدا يىلانغا ئۇچراپ قېلىشنى خالىمىسىڭىز، ئۇنداقتا ئاغزىڭىزنى چىڭ يۇمۇپ يىلاننى تىلغا ئالماڭ، ئۆزىڭىزنىڭ يىلانغا ئۇچراپ قېلىشنى تېخىمۇ ئويلىماڭ. ئەگەر يىلاندىن قورقىدىغىنىڭىزنى ياكى تاغقا چىقىشتىن بۇرۇن يىلاننى تىلغا ئالسىڭىز، ئۇنداقتا سىز چوقۇم يىلانغا ئۇچراپ قالىسىز. ئەلۋەتتە بۇ پەقەت بىر رىۋايەت. لېكىن پسىخولوگىيەدە ئېيتىلغان پسىخىكىلىق كۆرسەتمە دەل مۇشۇ ئاكتىپ بولغان نەتىجىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى سىزنىڭ پسىخىكىڭىز ئىش - ھەرىكىتىڭىزنى بەلگىلەيدۇ. ئىش - ھەرىكەت بولسا سىز يولۇققان ئىشلارنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ، ئوخشىمىغان ھايات ئوخشاش بولمىغان پوزىتسىيەدىن كېلىپچىقىدۇ، ئىنسانلار ئۇچراتقان خۇشاللىق ۋە قايغۇلۇق ئىشلار پەقەت قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدىكى ئىش، لېكىن ئۇ ئىشلارنىڭ نەتىجىسى شۇنچىلىك چوڭ پەرقلىق بولىدۇ. پەرق شۇ يەردىكى بىزنىڭ ئۇ ئىشلارنى قانداق ئويلىشىمىزدا. ھاياتلىقتا ئوڭۇشسىزلىقلار بەك كۆپ، خۇشاللىق ئىشلارمۇ ناھايىتى كۆپ، ئەگەر سىز ھاياتىڭىزنى خۇشال - خۇرام، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتسۇن دەپ ئويلىسىڭىز، ئۇنداقتا سىز ئالدى بىلەن ئېڭىڭىزدا ئاكتىپلىشىڭ، شۇنداق قىلغاندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىزنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىڭىز گۈزەل ھەم ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.
ئىلگىرى كاندىشى ئىنتايىن غەمكىن، ئۇنىڭ ھاياتىدا يورۇقلۇق دېگەن نەرسە يوق دېيەرلىك، كۆنبويى ئاھ ئۇرۇپ ئازاب ئىچىدە ياشايتتى. ھازىر بولسا كاندىشى خۇشال، بەختلىك ئادەم. ئۇ ھەر كۈنى ئادەملەرگە كۈلكىسى بىلەن باقىدۇ. كاندىشىنىڭ بىر ساۋاقدىشى ئۇنىڭ بۇ ئۆزگىرىشىگە ھەيران بولۇپ سوراپتۇ: «بۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان باشقىچىلا ئۆزگەردىڭ، سېنى بۇنداق خۇش قىلغۇدەك بىرەر ئىش بارمۇ؟»
«توغرا، بۇ نەچچە يىلدىن بېرى مەن ھەقىقەتەن بەك خۇشال، قانداقلا ئىش قىلسام شۇنداق ئوڭۇشلۇق بولدى، مېنى ئەڭ خۇش قىلىدىغىنىنى نېمە بىلەمسەن؟» دوستى چۈشەنمىگەن ھالدا بېشىنى چايقاپتۇ: «مېنىڭ تەن سالامەتلىكىم ياخشى، ئۆزۈمنىڭ بىر ئوبدان خىزمىتىم بار، ئۇنىڭدىن باشقا مېنى سۆيىدىغان ئايالىم ھەم ئوماق ئوغلۇم بار، بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى خۇش قىلىدىغان ئىشلار» دەپتۇ كاندىشى بەختلىك ھالدا.
دوستى يەنىلا ئانچە چۈشىنەلمەپتۇ. «مۇشۇنچىلىكمۇ؟ بۇنداق ئادەملەر بەك جىققۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن بۇرۇن نېمىشقا بۇلارنى ھېس قىلالمىغان ئىدىڭ؟» كاندىشى كۈلۈپ تۇرۇپ: «راست دەيسەن، ئىلگىرى تۇرمۇش ماڭا بەك قورقۇنچلۇق بىلىنەتتى، ئەزەلدىن بىرەر ئىشتىن خۇش بولمايتتىم، بولۇپمۇ مەن ئاچقان ھېلىقى دۇكان ۋەيران بولغاندا مەن بارلىق ئامانىتىمدىن ئايرىلدىم، جىق قەرز بولدۇم، بۇ ئىش مېنى پۈتۈنلەي تۈگەشتۈردى. مەن بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلالمىدىم، قايتا ئورنۇمدىن تۇرۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدىم، بىر - بىرلەپ كەلگەن مەغلۇبىيەتلەر مىنى تېخىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈردى، شۇ چاغدا تۇرمۇش مەن ئۈچۈن بىر تېگى يوق ھاڭ ئىدى، شۇ تەرەققىسىدە ئۆتتۈم، بىر كۈنى يولدا كېتىۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز

بىر جۇپ پۇتى يوق ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ يول بويىدىكى بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ ئاياغ ياماۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «خەيرلىك سەھەر ئەپەندى، سىزگە بەخت تىلەيمەن» دېدى. ئۇنىڭ گەپلىرىدىن قىلچىلىك مەيۇسلىنىش، ئازاب دېگەنلەرنى پەقەتلا ھېس قىلالمىدىم، بەلكى خۇشال ـ خۇراملىقنى چۈمگەن ئىدى. شۇ دەقىقىدە ھېس قىلدىمكى، مەن ئۇنىڭدىن كۆپ بەختلىك ئىكەنمەن. ھېچبولمىغاندا تېنىم ساغلام ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئاكتىپ روھىي كەيپىياتتا ياشىدىم، يېڭىدىن خىزمەت تاپتىم، شۇنى بايقىدىمكى، روھىي كەيپىياتنىڭ بىر ئىشقا بولغان تەسىرى بەك چوڭ ئىكەن، شۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشۇم شۇنداق كۆڭۈللۈك ئۆتتى، ھەرقانداق ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى كۆرۈپ، بۇ خىل روھىي ھالەتنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلدىم. ئوخشاش ئەھۋالغا تۇتقان پوزىتسىيە كىشىلەرنىڭ كېيىنكى ھاياتلىقىنى بەلگىلەيدۇ، تۇرمۇشنىڭ پۈتۈنلەي ئوڭۇشلۇق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، نارازى بولۇش ۋە مەغلۇپ بولۇشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيەسى ھەر خىل بولىدۇ، سىز خۇشال ـ خۇرام، رازىمەنلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرسىڭىزمۇ ياكى ئازاب ـ ئوقۇبەت، نارازىلىقتا تۇرمۇش كەچۈرسىڭىزمۇ بولىدۇ. پوزىتسىيە ئوخشاش بولمىغاچقا، ھاياتلىقتىكى بەخت تۇيغۇسى ۋە تۇرمۇش سۈپىتىمۇ تەبىئىيلا ئوخشاش بولمايدۇ.»

ئەگەر سىز بىر ئۆمۈر خۇشال ـ خۇرام، بەختلىك ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلسىڭىز، ئۇنداقتا نارازىلىقتىكى زېھنىڭىزنى كەيپىياتنى تەڭشەش ھەم تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا سەرپ قىلىڭ. خۇددى ۋېربوۋېن ئېيتقاندەك: «ھەرقانداق ئادەم ھەر مىنۇت ھەر سېكۇنت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوخشىمىغان ئۆز ھاياتلىقىنى يارىتىدۇ، مۇھىمى بىز يەتمەكچى بولغان ھەقىقىي مەززىلىك ياشىيالايدىغان روھنى تېپىشتا.»
ياخشى ئىشلار بولسۇن دەپ ئويلىساق، چوقۇم كەيپىياتىمىزغا توغرا تەڭشەپ ياخشى ئىشلارنى ئويلىشىمىز كېرەك.

## ئويلاپ بېقىڭ، بىر يىلدىن كېيىن ئۇ ئىش يەنە شۇنداق مۇھىممۇ؟

ھاياتلىقتا تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان ئىشلار بەك كۆپ، مەسىلەن: جورىڭىز بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىش، ئوغلىڭىز شوخلۇق قىلىپ كىيىمىڭىزنى مەينەت قىلىۋېتىش، باشلىقىڭىزدىن تەنقىد ئاڭلاش ياكى بىرەر كىچىك سەۋەنلىك، قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان پۇرسەت، پورتمالنى يىتتۈرۈپ قويۇش، خىزمەت ئۇستىدىكى رەت قىلىش ۋە ياكى يىقىلىپ چۈشۈش ... قاتارلىقلار. ئويلاپ بېقىڭ، ئۆز ۋاقتىدا بېشىڭىزنى قاتۇرغان شۇ ئىشلارغا بىر يىلدىن كېيىن يەنە شۇنداق ئېتىبار بېرەمسىز؟!...

نەزىرىڭىزنى يىراققا تاشلاڭ. شۇنداق بولغاندا سىزمۇ كىچىك ئىشلار بىلەنلا بولۇپ قالمايسىز، ئۇ ئىشلار ئۇچۇن ئۇنداق قايغۇرۇپمۇ كەتمەيسىز. شۇ ۋاقىتتا بېشىڭىزنى قاتۇرغان شۇ ئىشلارنىڭ بەك كۆلكىلىك، كىچىك ئىشلار ئىكەنلىكىنى بايقايسىز، ئەمەلىيەتتە بەزى ئىشلار راستىلا شۇنچىلىك ئۇششاق ئىشلار، پەقەت كۆڭلىڭىزگە بەك ئېلىپ كەتمىسىڭىزلا شۇ ئىشلار سىزگە قىلچىلىك تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ.

ئامېرىكا كالىفورنىيەدە ئاتمىش ياشتىن ئاشقان سادى ئىسىملىك بىر ئايال بار بولۇپ، كىشىلەر تەرىپىدىن «لۇكچۇك ئانىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئۆمرىدە كەسپىي لۇكچۇك بولۇش ئۇچۇن توختىماي تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئاخىرى پىراۋا ئالدى.

ئۇنىڭ ياقتۇرىدىغىنى ئايروپىلاننى ئۆزى ھەيدەپ ھەممە يەرنى سەيلە - ساياھەت قىلىش. ئۇ: «مىنىڭچە بولسا ھەممە ئادەمدە بىردىن ئايروپىلان بولۇشى كېرەك» دەيدۇ. ئۇ كەيپىياتى ناچار ۋاقىتلاردا ماشىنىنى ھەيدەپ ئايروپورتقا بېرىپ ئايروپىلاننى 200 مېتىرلىق ئېگىز پەلەككە ھەيدەپ چىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆز ئالدىدىكى بارلىق نەرسە پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ نامايان بولىدۇ، ئۇ يەنە: «ئېگىز ئاسمان بوشلۇقىدا تۇرۇپ يەر يۈزىگە باققىنىڭىزدا شۇ شەيئى، ھەتتا ئادەملەرمۇ شۇنچىلىك سۆيۈملۈك، ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدىغان باشقىچە كۆرۈنىدۇ» دەيدۇ. بىز مۇشۇنداق بارلىق شەيئىلەرنى ئادەتتىكىدەك كۆرىدىغان روھىي ھالەتكە موھتاج. گەرچە بىز كەيپىياتىمىز ناچار ۋاقىتتا ئايروپىلان ھەيدەپ ئېگىز ئاسمان بوشلۇقىدا ئۇچالمىساقمۇ، لېكىن بىز شۇ خىل ئىدىيە، ئوي - خىيال بىلەن تاشقى دۇنيانىڭ دەخلى - تەرۇزلىرىنى سۇسلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. كۆڭۈل ئەينىكىڭىز قانچە يۇقىرى بولسا، تاشقى دۇنيانىڭ تەسىرىگە شۇنچە ئۇچرىمايسىز.

باشقىلار تەرىپىدىن تەنقىد ئاڭلىغان ۋاقتىڭىزدا سىز شۇ خاپىلىقنىڭ سىزنى داۋاملىق قوزغاپ ھېسسىياتىڭىزغا تەسىر يەتكۈزۈشىنى خالامسىز ياكى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ تۈزىتىشكە تىرىشامسىز؟ كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىغىنىڭىزدا، شۇ ناچار كەيپىياتىنىڭ داۋاملىق تارقىلىشىنى خالامسىز ياكى ئامال قىلىپ ئۇنى تىزگىنلەمسىز؟

ئۇنداقتا: «ئەگەر سىزنىڭلىق ۋاقىت» دېگەن ئويۇننى سىناپ بېقىڭ. سىز پەقەت ھازىرقى ئەھۋالنى دەل مۇشۇ ۋاقىتتا يۈز بەرمەي بىر يىلنىڭ ئالدىدا يۈز بەرگەن ئىش دەپ ئويلاپ ئۆزىڭىزدىن سوراڭ: «بۇ ئىش راست مەن ئويلىغاندەك ئېغىرمۇ؟

بۇ ئىش راستىلا مېنىڭ مۇشۇنداق خاپا بولۇپ كېتىشىمگە ئەرزىمدۇ؟» دەل شۇ چاغدا سىز ئۇنى بايقايسىز. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ نۇرغۇن ئىشلار ئۇنچىلىك مۇھىم بولماي قالىدۇ.

ئەگەر سىز كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئويلىماسلىقا، ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشسىڭىز، ئۇنداقتا، شۇ ئىشلارنى بىر يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىش دەپ ئويلاڭ. شۇندىلا سىزنىڭ ھەرقانداق ئىشنى ئاسانلا ھەل قىلالايدىغىنىڭىزغا ئىشىنىمەن.

## سىز ھەممە نەرسىڭىزدىن مەھرۇم بولۇپ قالمىدىڭىز

مۇبادا سىز ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزدىن، مال - مۈلكىڭىزدىن، سالامەتلىكىڭىزدىن ئايرىلىپ قالسىڭىزلا ھەممە نەرسىڭىزدىن ئايرىلىپ قالغاندەك ھېس قىلىسىز. ئەمما سىز ھېچبولمىسا ئۆزىڭىزنىڭ ھاياتلىقىڭىزنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دۇنيادا كۈننىڭ نۇرىنى كۆرۈپ ياشاۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىشىڭىز، ھەرگىزمۇ ھەممە نەرسەمدىن مەھرۇم قالدىم دەپ ئويلاپ قالماسلىقىڭىز كېرەك، پەقەت جان بولسىلا ھەممە نەرسىدىن ئۈمىد تۇغۇلىدۇ.

تۇرمۇشقا نىسبەتەن ھەر ۋاقىت خۇشال پوزىتسىيەسىنى ساقلاشنى بىلىشىمىز، شۇنداقلا ھەرقانچە ئوڭۇشسىزلىقا ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ ئۇنچىۋالا ئاغرىنىپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك، چۈنكى ئاغرىنىدىغان ئىشلار قانچە كۆپ بولغانسېرى ئىشلار تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىدۇ. كۆڭلىڭىز تېخىمۇ بىئارام بولىدۇ، ئاچچىقتىن ئۆزىڭىزنى كونترول قىلالمىغان ۋاقتىڭىزدا ئۆزىڭىزنىڭ يەنە نۇرغۇنلىغان نەرسىلەردىن بەھرىمەن

بولالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىڭ.

بىر ئوتۇنچى بار بولۇپ ئوتۇن كېسىپ جان باقىدىكەن، ساتقان ئوتۇنىنىڭ پۇلىغا تايىنىپ بىر بوران - يامغۇردىن دالدىنىدىغان چوڭ كەپە ياساپتۇ. بىر كۈنى ئۇ شەھەرگە ئوتۇنلىرىنى ساتقىلى كىرىپ كېتىپ، قاش قارايغان چاغدا خۇشال هالدا قايتىپ كېلىپ قارىسا، ئاران تەستە سالغان ئۆيگە ئوت كېتىپتۇدەك.

مەھەللىدىكى كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ ئوتنى ئۆچۈرۈشكە ياردەم قىلىپتۇ. ئوتۇنچىمۇ ئىنتايىن تىت - تىت بولۇپ كېتىپتۇ، ئەمما شامال ئوتنى ئىنتايىن ئۇلغايتىۋەتكەن بولۇپ، ئوت بارغانسېرى شىددەت بىلەن كۆيۈپ چاچقان سۇلارنىڭمۇ ھېچقانداق رولى بولماپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا كۆپچىلىك ئامالسىز قېلىپ كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە شىددەت بىلەن كۆيۈۋاتقان ئوت گۈلخانلىرىغا قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپتۇ.

ئوت ئۆچكەندىن كېيىن ئوتۇنچى ئۈمىدسىزلەنمەي ئەكسىچە قولىغا بىر كالتەكنى ئېلىپ، خارابىلىك ئىچىدە توختىماي بىر نەرسىنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ، كۆپچىلىك ئۇنى ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويغان قىممەتلىك بۇيۇملارنى ئىزدەۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ ئەجەبلەنگەن ھالدا بىر تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ھەرىكىتىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپتۇ.

خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئوتۇنچى ھاياجانلانغان ھالدا: «تاپتىم! تاپتىم! » دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ. كۆپچىلىك ئۇنىڭ قولىدا كۆتۈرۈۋالغان نەرسىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۈمىدسىزلەنگىنىچە ئۇھسىنىپ قاپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قولىدا كۆتۈرۈۋالغىنى قىممەت باھالىق ئالتۇن - كۈمۈش بولماستىن ئەكسىچە ھېچقانداق پۇلغا ئەرزىمەيدىغان پالتا ئىكەن.

ئەمما ئوتۇنچى قىلچىلىك ئۈمىدسىزلەنمەي ئەكسىچە

كالتەكنى پالتىنىڭ تۆشۈكىگە سېلىپ ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا: «پەقەت مۇشۇ پالتام بولسىلا ھېچنېمىدىن قورقمايمەن، مەن پالتامدا ئوتۇن كېسىپ پۇل قىلىپ، يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پۇختا ئۆي سالالايمەن» دەپتۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر بۇ خىل ئەھۋالغا ئۇچرىغان چاغدا چوقۇم تەڭرىنىڭ كۆزى يوقكەن دەپ ئاغرىنىشى ھەم بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى بىلەلمەي قېلىشى مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلەر ئەزەلدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ باقمىغان كىشىلەر ئەمەس، ئەكسىچە پەقەت مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىنمۇ يەنە ئاكتىپ ھالدا مۇۋەپپەقىيەت يولىغا قاراپ توختىماي ئىلگىرىلىگەن ئادەملەردۇر.

مەلۇم نەرسىدىن مەھرۇم قېلىش بەزىدە ئادەمنى بەكلا ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ھېچقانچە چوڭ ئىش ئەمەس، ئىشلارغا پەقەت بىر تىنچ قەلبىڭىز بىلەن مۇئامىلە قىلالىسىڭىزلا ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، ئاشۇ ئوڭۇشسىزلىقلارغا نىسبەتەن بىز ئۇنى توغرا قوبۇل قىلىپ ھەم ساۋاقنى توغرا يەكۈنلەپ، ئۆتكۈنچىلىك، ئۆزىمىزنى توغرىلاپ مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. كۈنىمىزنى ئاشۇ بەختسىز كەچۈرمىش ۋە ئۆتمۈشكە پۇشايمان قىلىش پەقەت سىزنىڭ ئازابىڭىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ، خالاس. پەقەت ئۆستىڭىزدىكى چاڭ - توزاننى قېقىۋېتىشنى بىلسىڭىز ئاندىن ئەركىن بولالايسىز.

ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن جاڭ شياۋ بىر چوڭ شىركەتكە كىرىپ خىزمەت قىلىدۇ. خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىقى ۋە كۆرۈنەرلىك تالانتى بىلەن بىرنەچچە يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بازار باشقۇرۇشنىڭ دىرېكتورلۇقىغا ئۆستۈرۈلىدۇ. ئەمدى

ئۇنىڭ ئىستىقبالى پارلاق بولۇپ خۇشاللىقتىن كۆڭلى يايراپ كېتىدۇ.

ئەتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا بىرنېمە دېمەك ھەقىقەتەن تەس، ئۇزاق ئۆتمەيلا شىركەت ئىستراتېگىيەلىك تەڭشەشنى ئويلىشىپ بازار بۆلۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دىرېكتورلۇق ۋەزىپىسىمۇ تەبىئىيلا يوق بولىدۇ، ئۇ بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا ئادەتتىكى بىر خىزمەتچىگە ئايلىنىدۇ. ئۇ بۇ ئىشلارنى ناھايىتى تەستە قوبۇل قىلىدۇ، كەيپىياتى ناچار، روھسىز بولۇپ ئاۋۋالقىدەك خىزمەت قىزغىنلىقىمۇ قالمايدۇ. ھەتتا بىر كۈننىڭ ئۆتكىنىگە شۈكۈر قىلىپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ.

بىر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن باش دىرېكتور ئۇنى بىرلىكتە دالىغا چىقىپ تاغقا يامىشىشقا چاقىرىدۇ، ئۇلار ناھايىتى تەستە تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىدۇ. دەل ئۇ بۇ ئىشلارنى چۈشىنەلمەي تۇرغان چاغدا باش دىرېكتور يىراقتىكى ئېگىز بىر تاغنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «دەپ بېقىڭە، بىز تۇرغان بۇ تاغ بىلەن ئۇدۇلدىكى تاغنىڭ قايسىسى ئەڭ ئېگىز؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ: «ئەلۋەتتە ئۇدۇلدىكى تاغ ئېگىزدە، ئۇ شەھەر بويىچە ئەڭ ئېگىز تاغ تۇرسا!» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

دىرېكتور كۈلۈمسىرىگىنىچە بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ: «ئۇنداقتا ھازىر بىز قانداق قىلغاندا ئۇ تاغنىڭ چوققىسىغا چىقالايمىز؟» دەپتۇ. ئۇ سەل ھودۇققىنىچە «ئاۋۋال بۇ تاغدىن چۈشسەك ئاندىن ئۇ تاغقا چىقالايمىز» دەپتۇ.

باش دىرېكتور كۈلۈپ تۇرۇپ: «ناھايىتى توغرا دېدىڭىز! بەزى ۋاقىتتا ئادەمنىڭ تۆۋەنگە مېڭىشىمۇ پۈتۈنلەي ئەسكى ئىشمۇ ئەمەس، سىز چوقۇم سىزنى بۇۋاسىتە سېتىش بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورلۇقىغا قويۇشىمنى ئۈمىد قىلىسىز، ئەمەلىيەتتە، ھازىر دېيىشكىنىمىزگە ئوخشاش سېتىش بىلەن بازارمۇ ئىككى تاغقا ئوخشايدۇ، پەقەت ئىختىساسلىقلارلا بۇ تاغدىن سەكرەپ

ئۆتەلەيدۇ، بىزگە ئوخشاش ئادەتتىكى كىشىلەر قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلىسەك بىرئاز ئەمەلىيەرەك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىڭىزدا بۇ ئىككى تاغدىن باشقا يەنە يىراقلاردا نۇرغۇن تاغلار بار» دەپتۇ.

ئۇ باش دىرېكتورنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنى چۈشىنىپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاكتىپ هالدا سېتىش جەھەتتىكى بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە باشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئىلگىرىكى خىزمەت قىزغىنلىقىغا قايتىدۇ. بىر يىلدىن كېيىن ئۇ سېتىش بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورلۇق ئورنىغا ئولتۇرىدۇ، ئىككى يىلدىن كېيىن باش دىرېكتور ياردەمچىسىگە ئايلىنىدۇ.

بەزى چاغلاردا مەھرۇم بولۇش بىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزنى توسۇمايدۇ، ئەكسىچە ئۆزىمىز ئۆزىمىزنى چەكلەپ قويىمىز، ئەگەر بىز ھەممىدىن مەھرۇم قالدىم دەپ قارىساق، ئىرادىمىز بوشىشىپ، تۇرمۇشىمىزنى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆتكۈزىمىز، خالاس.

كىشىلىك ھايات ئەگرى ـ توقايلىققا تولغان بولىدۇ، ئادەم چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندە ئاندىن ئېگىزگە ياماشاقچى بولىدۇ. ئەگەر بىز ۋاز كەچمەي غەلىبە ئۈچۈن كۈرەش قىلالىساقلا يەنە بىر گۈللىنىش بىزنى كۈتۈۋالىدۇ. شۇڭلاشقا ھازىرقى يوقىتىپ قويغانلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ كېتىڭ، ماڭغان يولىڭىزنىڭ تېخى ئاخىرلىشىش نۇقتىسىغا بېرىپ قالغانلىقىنى بىلسىڭىزلا، سىز ئۈچۈن يەنە بارلىق پۇرسەتلەر بار بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پۇرسەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز قولىمىزدا بولىدۇ، ئەقىللىق ئادەم ئۆزىنىڭ يوقىتىپ قويغانلىرىنى ئۆزىنىڭ غەلىبە قازىنىش يولىدا مەبلەغ سالغان كاپىتال دەپ

قارايدۇ. ھەرقانداق بىر نەتىجە قىيىنچىلىقتىن باش تارتماي يېڭەلىگەندىلا قولغا كېلىدۇ، يوقىتىپ قويۇش ئۇنچە قورقۇنچلۇق ئەمەس، ئەڭ قورقۇنچلىقى ئۆزىڭىزنىڭ «ھەممىنى يوقىتىپ قويدۇم» دەپ قارىشىڭىز.

## كۆڭلى ـ كۆكسىڭىزنى كەڭ تۇتسىڭىز تېخىمۇ ياخشى ياشىيالايسىز

ئامېرىكىلىق داڭلىق پىسخىلوگىيەشۇناس ۋېلىيام توماس مۇنداق دېگەن: «ئادەم ئۆزىنىڭ پىسخىك ھالىتىنى ئۆزگەرتكەندىلا ئاندىن پۈتۈن ھاياتىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.» دەرھەقىقەت، كىشىلىك ھاياتتىكى مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەت، ئامات ۋە ئاپەت، خۇشاللىق ۋە قايغۇ ھەممىسىنى ئادەمنىڭ پىسخىك ھالىتى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بىر ئۆمۈر ھېچقانداق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ باقمىغان كىم بار دەيسىز؟ ئەگەر ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى سىزنىڭ خىيالىڭىزدىكىدەك چىقمىسا ھەم ئۆزگەرتىشكە ئامالىڭىز بولمىسا، يەنىلا تەمكىن ھالدا قوبۇل قىلالىسىڭىز، ئاندىن ھەقىقىي قەيسەرلىككە ۋە ئەقىلگە ئىگە بولالايسىز، ئادەتتىكى ئىشلارنى ئوچۇقراق ئويلىغاننىڭ كارايىتى چاغلىق.

تۇرمۇشتا ھەربىر ئادەم يا ئۇنداق يا مۇنداق بەختسىزلىككە ئۇچراپ تۇرىدۇ، مەسىلەن: يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش، دوستى بىلەن ئايرىلىپ كېتىش، ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىش، تۇيۇقسىز خىزمىتىدىن بوشىتىلىش... قاتارلىقلار، ئەمما سىز شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، ھەرقانداق ئوڭۇشسىزلىق گەرچە كىشىنىڭ كۆڭلىنى بىسەرەمجان قىلسىمۇ، ئەمما نۇقتىئىنەزىرىمىزنى ئالماشتۇرۇپ قارىساق، بۇ خىل ئۈمىدسىز ھالەتنىڭمۇ چوقۇم ياخشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەرىپىنىڭ بارلىقىنى بايقايمىز.
جاننى ئالىدىغان ئازابلارمۇ قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن كەلگەن، چۈنكى بىز بۇ ئازابلارنى ئۆلگۈچە قويۇۋەتمەي گۆرىمىزگە بىللە ئېلىپ كېتىمىز، شۇڭلاشقا بىز تېخىمۇ ئازابلىنىمىز، ئەمما ئاشۇ مەسىلىلەرگە كەڭ دائىرىدە قارىيالايدىغان كىشىلەر ئەركىن ـ ئازادە ياشايدۇ. پۇل تۆلىگەنگە نېمە بولۇپتۇ؟ بۇ ئادىمگەرچىلىك قەرزىگە بوغۇلۇپ قالغاندىن ياخشىغۇ؟ قولىڭىزغا يىڭنە كىرىپ كەتسە نېمە بولۇپتۇ؟ بۇ كۆزىمىزگە كىرىپ كەتكەندىن ياخشىغۇ؟ باشلىقىڭىزنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىغىنىڭىزغا نېمە بولۇپتۇ؟ ئۆيگە قايتىپ كەلسىڭىز ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ئىللىق قوينى ھەم بۇ تەنقىدلەرمۇ سىزنىڭ تېخىمۇ ئۆزىڭىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىڭىزگە پايدىلىقتۇ؟ شۇڭلاشقا نەزەر ـ دائىرىڭىزنى كەڭرەك ئېچىۋەتسىڭىز ئاندىن تېخىمۇ ياخشى ياشالايسىز.
كاڭشى تەختكە ئولتۇرغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى تەبرىكلەپ ئىنتايىن داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۈچ رومكا ھۆرمەت شارابى سۇنۇپتۇ. بىرىنچى رومكىدىكى ھاراقنى خان ئانىسىغا تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇغقانلىقىغا ھەم پادىشاھلىق ئورنىغا چىقىشىغا يار ـ يۆلەكتە بولغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىپتۇ؛ ئىككىنچى رومكىنى ھۆكۈمدانلىقىدىكى بارلىق پۇقرالار ۋە ۋەزىرلەرگە سۇنۇپ، پۇقرالىرىنىڭ تىرىشچانلىقىغا، ۋەزىرلىرىنىڭ ياردىمىگە، پەقەت ئۇلار بولغاچقىلا بۈگۈنكى بۇ ياخشى ۋەزىيەتنىڭ شەكىللەنگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىپتۇ؛ ئۈچىنچى رومكىنى يۈبەي، جىڭجىن، ۋۇسەنگۇي، فىردەن قاتارلىق خائىنلارغا سۇنۇپتۇ.
ۋەزىرلەر بۇ ئۈچىنچى رومكا ھۆرمەت ھارىقىنىڭ نېمىشقا

سۈنۇلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ھېچ چۈشىنەلمەي ھەممىسى ئىنتايىن ھەيران بولۇپتۇ. كاڭشى ۋەزىرلىرىنىڭ نىيمىنى ئويلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ: «مەن ئۇلارغا رەھمىتىمنى بىلدۈرۈشۈم لازىم، ئۇلارنىڭ مېنى پادىشاھلىق ئورنۇمدىن چۈشۈشكە قىستىمىشى مېنىڭ ئۆزۈكسىز ئالغا بېسىشىمغا تۈرتكە بولدى، بۇ ماڭا ھەر مىنۇت ھەر سېكۇنت خەتەرنى ھېس قىلدۇردى، ئەگەر ئۇلار بولمىغان بولسا بۈگۈنكى كاڭشىمۇ بولمىغان بولاتتى ھەم بۈگۈنكىدەك بۇنداق پاراۋان جەمئىيەتمۇ بولمىغان بولاتتى، شۇڭا مەن ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىمەن» دەيدۇ.

بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش يولى ئەسلا ئۆزۈكسىز ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ، ھەر خىل رەقىبلەرگە يولۇقىمىز، بۇ رەقىبلەر بىزنى تىرىشچان، ئالغا ئىلگىرىلەشكە قىستايدۇ، ئەگەر بۇ رەقىبلەر بولمىغان بولسا، ئۇنداقتا بىز ھەرگىزمۇ بۇنداق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىگەن بولاتتىڭىز، نەزىرىڭىزنى كەڭرى ئېچىۋېتىپ كاڭشىدەك ھەممىنى ھۆرمەتلىسىڭىز ئۆزىڭىز ئۈچۈن بىر ياخشى كەيپىيات يارىتالايسىز.

كۆپىنچە چاغلاردا قەلبىمىز ئۈمىدسىزلىككە تولىدۇ، پەقەت بىز ئۈمىدسىز ئىدىيەنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ۋاز كېچەلىسەك، مەسىلىلەرنى نۇقتىئىنەزىرىمىزنى ئالماشتۇرۇپ ئويلىساق، ھەممە ئىشلارغا كەڭ نەزەردە قارىيالىساق بىھۇدە ئاۋارە بولۇپ يۈرمەيمىز.

بېشىمىزنى كۆتۈرسەك ئاسماندا يەنىلا يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرىدۇ. ئازاب ـ ئوقۇبەت بەزىدە ئادەمنى ئۆلۈم گىردابىغا ئاپىرىپ چۈشكۈنلەشتۈرگىنى بىلەن، بىراق بەزىدە ئادەمنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئېچىپ ئادەمنى تېز يېتىلدۈرىدۇ. مەيلى

قانداق ئىشقا يولۇقۇلۇق بەلكىم يىقىلىدىغان ۋاقتىڭىز بولار، بەلكىم قورقىدىغان ۋاقتىڭىز بولار، ئەگەر يىقىلىپ ئورنىڭىزدىن تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىسىڭىز، ئالدىڭىزغا مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمىسىڭىز ياكى ۋاز كېچىشنى قارار قىلسىڭىز، ئۇنداقتا سىز مەڭگۈ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيسىز. پەقەت بېشىنى كۆتۈرۈپ باتۇرلۇق بىلەن ئالدىغا قارىغاندىلا ئاندىن بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يەڭگىلى بولىدۇ.

ناپولېئون ئىمپېرىيەسى ۋاقتىدا فىرانسىيە بىلەن ياۋروپا قىتئەسىدىكى باشقا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن ۋاقىت چوڭ كۆلەملىك كۆرەشلەر يۈز بەردى. ناپولېئون زور قوشۇنى پۈتكۈل ياۋروپا قىتئەسى جەڭ مەيدانلىرىنى تارمار قىلدى. ياۋروپا قىتئەسىدىكى قالغان دۆلەتلەر «ئىتتىپاقداش» قۇرۇپ ناپولېئونغا تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئەينى چاغدا ئىتتىپاقداش ئارمىيەگە رەھبەرلىك قىلغىنى گېنېرال ۋېلىندون ئىدى.

ئىتتىپاقداش ئارمىيە ۋېلىندوننىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ناپولېئون تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى، بىر قېتىملىق چوڭ جەڭدە ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئىنتايىن ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. ۋېلىندون يەنىلا قان كېچىپ يۈرۈپ كىچىك قوشۇننى باشلاپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ بىر تاغلىق كەنتكە قېچىپ بېرىۋالدى، ھېرىپ ھالى قالمىغان ۋېلىندون ئۆزىنى يارىماس ھېس قىلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇچرىغان مەغلۇبىيەتلەرنى ئويلاپ شۇ ھامان قاتتىق ھەسرەتلەندى، ھەتتا ئۆلۈۋېلىشنى ئويلىدى. دەل ۋېلىندون قاتتىق ھەسرەت چېكىۋاتقان ۋاقىتتا ئۇ تويۇقسىز تامنىڭ بۇلۇڭىدا بىر ئۆمۈچۈكنىڭ تور توقۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى، بىراق ھەر قېتىم ئۆمۈچۈك ئۆمۈچۈك تورىنى تامنىڭ بۇلۇڭىنىڭ بىر

تەرىپىگە تارتىپ بېرىشىغا بۇران بىر ئۇچۇرتۇپلا ئۇزىۋېتەتتى. نەچچە قېتىم قىلسىمۇ يەنىلا شۇنداق بولدى، ۋېلىندون ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولغان بۇ ئۆمۈچۈككە قاراپ ئىختىيارسىز ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ئويلاپ كۆڭلى تېخىمۇ قايغۇغا تولدى. ئۆمۈچۈك ئۆزىنىڭ 4 ـ قېتىملىق تىرىشچانلىقىنى باشلىدى. ۋېلىندون جىمجىت قاراپ تۇرۇپ كۆڭلىدە: «ئۆمۈچۈك ۋاز كەچكىن، سەن غەلىبە قىلالمايسەن» دەپ ئويلىدى. بۇ قېتىم ئۆمۈچۈك يەنىلا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتۇردى. لېكىن ئۇ ۋاز كېچىش ئىدىيەسى يوقتەك ئالدىراش ئىشىنى يەنە باشلىدى. كەينى ـ كەينىدىن ئالتە قېتىم مەغلۇپ بولدى، بۇ چاغدا ۋېلىندون ئۆمۈچۈكنى ۋاز كېچىدۇ دەپ ئويلىدى، لېكىن ئۇ يەنىلا ئاۋالقىدەك هودۇقماستىن ئاغزىدىن تور يىپىنى قوسۇپ چىقىرىپ ئارقىدىن يەنە بىر ئۇچىغا قاراپ ياماشتى. يەتتىنچى قېتىم ئۆمۈچۈك ئاخىرى ئۇلىيالىدى. كىچىك ئۆمۈچۈك خۇددى پادىشاھتەك ئۆزىنىڭ تور يىپىنى قوغداپ تۇراتتى. ۋېلىندون بۇ كۆرۈنۈشتىن تەسىرلەندى. ئۆمۈچۈكنىڭ مەغلۇپ بولغانىسېرى باتۇرلىشىشى، ھەرگىزمۇ ۋاز كەچمەسلىك روھى ئۇنىڭغا نېمىندۇر بىلدۇرگەن ئىدى. ئۇ ئۆمۈچۈككە چوڭقۇر بىر تەزىم قىلغاندىن كېيىن تېزلىكتە چىقىپ كەتتى، ۋېلىندون ئىلگىرىكى ئاشۇ مەغلۇبىيەتلىرىنى ئويلىماي، بەلكى زېھنىنى يىغىپ كېيىنكى قېتىملىق جەڭگە تەييارلىق قىلدى، ئۇ ئەسكەرلەرنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ تېزلىكتە بەرپا بولغان قوشۇننى يىغىپ، ئاخىرىدا ناپولېئوننى مەغلۇپ قىلىپ ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. ھەقىقىي كۈچلۈكلەر ھەرقانداق قىيىنچىلىق، توسالغۇلاردىن قورقمايدۇ. ئۇلار غەلىبە قىرغىقىغا يېتىپ بارمىغۇچە باش ئەگمەيدۇ، ئارقىغا يانمايدۇ. نيۇتون ئىلگىرى: «ئەگەر سەن مۇز تېيىلىشقا ماھىر بىرسىدىن

غەلىبىنى قانداق قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى سورىساڭ، ئۇ ساڭا يىقىلىپ كەتسە ئورنىدىن تۇرۇشنىڭ ئۆزى غەلىبە دەيدۇ» دېگەن.

ھەربىر قېتىملىق مەغلۇبىيەت ۋە ئوڭۇشسىزلىق بىر باتۇر ئادەمنى تېخىمۇ قەيسەر قىلىدۇ. ئەگەر يىقىلىپ كېتىشنىڭ تەسىرى بولمىسا، بىز بەلكىم بىر ئادەتتىكى ئادەم بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ئوڭۇشسىز ئەھۋال ئادەمنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى تاۋلايدۇ ۋە چېنىقتۇرىدۇ. دائىم مۇشۇ ئوڭۇشسىزلىق ئەھۋال جاسارىتىمىز ۋە ئىرادىمىزنى قوزغاپ، ئىقتىدارىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئىدىيەرىمىزنى يۈكسەلدۈرىدۇ. مەغلۇبىيەتنىڭ ئازابىنى باشتىن كەچۈرگەندە ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالماي ئەكسىچە ئورنىمىزدىن دەس تۇرۇپ، قايتىدىن ئىرادە تىكلىشىمىز كېرەك. شۇندىلا بىز ئۆزىمىزنىڭ ھەقىقىي كۈچ ـ قۇدرىتىمىزنى ھېس قىلالايمىز.

## بوۋاقتىن ياشىيالىشىمىز ئاسان ئەمەس

ھازىرغا قەدەر سىز چوقۇم نۇرغۇنلىغان كۆڭۈلسىزلىكلەرگە يولۇققان شۇنداقمۇ؟ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا سىز چوقۇم نۇرغۇنلىغان ئوڭۇشسىزلىق، زەربە، مەغلۇبىيەت، كېسەللىك ئازابى قاتارلىقلارنى باشتىن كەچۈردىڭىز. لېكىن سىز يەنىلا قەيسەرلىك بىلەن بوۋاقتىن ياشاپ كەلدىڭىز، بۇ راستىلا ئاسان ئەمەس. ئۆزىمىزنىڭ يولۇققان ھەر خىل مۇشكۈللۈكلەر، قىيىنچىلىقلار ئۈچۈن ئاچچىقلىنىش بىھاجەت. ئۇلار پەقەت سىزنىڭ ھاياتىڭىزنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان مەنزىللەر خالاس. ھايات مۇساپىسىنى بوۋاقتىن مېڭىپ بوۋاقتىن ياشاش راستىلا ناھايىتىمۇ ئەۋزەل.

ئۇ ئىلگىرى دېكاس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 19 ياشلىق ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئۇ ناھايىتى ئادىل ئىدى. لېكىن كىشىلەر

دائىم ئۇنىڭغا: «سىزنىڭ ھاياتىڭىز بىر مۆجىزە» دېيىشەتتى. بىر ئاخشىمى ئۇ ماشىنا بىلەن قىز دوستىنى ياتىقىغا ئاپىرىپ قويماقچى ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ماي سائىتىنىڭ نۆلگە كېلىپ قالغانلىقىنى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماشىنىنى يېقىن ئەتراپتىكى ماگىزىننىڭ يېنىدا توختىتىپ ئىككى يۈەنلىك ماي ئېلىپ كەلمەكچى بولدى. ئۇ قىز دوستىغا ئىككى مىنۇتتىلا قايتىپ كېلىمەن دېدى، لېكىن ئۇ قىسقىغىنا ئىككى مىنۇتتا ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىدىغىنىنى كىممۇ ئويلىغان؟!

ماگىزىنغا كىرگەندىن كېيىن ئۇ ماگىزىننىڭ ناھايىتى تىنچ ئىكەنلىكىنى، بىرمۇ ئادەم يوقلۇقىنى بايقىدى. لېكىن تۇيۇقسىزلا ئۇ يەنە ئۈچ بۇلاڭچىنى بايقىدى. بۇلاڭچىلارمۇ ئۇنى كۆردى. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى بۇلاڭچىلارنى تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر بۇلاڭچى تېزلا تاپانچىسىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ بېشىغا تەڭلەپ تۇرۇپ ئۇنى توڭلىتىش ماشىنىسىنىڭ يېنىغا بېرىشقا بۇيرىدى. ئۇ قارشىلىق قىلالمايتتى. پەقەت ياۋاشلىق بىلەن بويسۇنۇشى كېرەك ئىدى. توساتتىن بۇلاڭچى ئۇنى ئىتتىرىپ يەرگە ياتقۇزۇپ خۇددى ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلغاندەك ئۇنىڭ كەينىدىن بېشىغا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئاتتى. ئۇ قورقۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭدا ھېچقانداق سېزىم قالمىدى. بۇلاڭچى ئۇنى ئۆلدى دەپ ئويلاپ ئىككىنچى پاي ئوقنى ئاتمىدى. بۇلاڭچىلىق ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇ ئۈچ بۇلاڭچى قېچىپ كەتتى. ساقچىلار ناھايىتى تېزلا يېتىپ كېلىشتى، ئۇنىڭ يارىسى ناھايىتى ئېغىر ئىدى، ھېچكىممۇ ئۇنىڭ يەنە ھاياتلىقىنى ئېرىشەلىشىگە ئىشەنمەيتتى. لېكىن بىر كىچىلىك جىددىي قۇتقۇزۇشتىن كېيىن ئۇ مۆجىزىلەرچە قۇتقۇزۇپ قېلىندى. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە نىيرۋا تاشقى كېسەللىك دوختۇرى

ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلىشنى قارار قىلدى. ئەمما دوختۇر ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۇنىڭ هايات قېلىش ئېهتىماللىقى پەقەتلا 40 پىرسەنت ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا بەلكىم ئۇنىڭ كېيىن ماڭالماسلىقى، سۆزلىيەلمەسلىكى، هەتتا ناهايىتى ئاددىي سۆزلەرنىمۇ چۈشىنەلمەسلىك ئېهتىماللىقىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. بۇلارنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ناهايىتىمۇ ئازابلاندى.

ئۈچ يېرىم سائەتلىك ئوپېراتسىيە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۈچۈن شۇنچىلىك ئۇزۇن بىلىندى. ئەمما تەلەيلىك بولغىنى، ئۇ يەنە بىر قېتىم قەيسەرلىك بىلەن هايات قالدى. لېكىن دوختۇرنىڭ دېگىنىدەك ئۇ سۆزلىيەلمەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. بەدىنىنىڭ ئوڭ تەرىپى پالەچ بولۇپ قالغان ئىدى. بىراق ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئەهۋالىدا ياخشىلىنىش بولدى. تەخمىنەن ئالتە هەپتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوڭ پۇتى ئاستا ـ ئاستا هەرىكەت قىلالايدىغان بولدى. يەتتە هەپتىدىن كېيىن ئوڭ قولى ئاستا ـ ئاستا هەرىكەت قىلىشقا باشلىدى، سەككىز هەپتىدىن كېيىن ئۇ ئاخىرى سۆزلىيەلىدى. كېيىن ئۇ يەنە دېكاس ئۇنىۋېرسىتېتىغا قايتىپ كەلدى. شۇنداقلا ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تارقاتقان ئۇنۋاننى ئالدى. ئۇ فاكۇلتېت مۇدىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەڭ يۇقىرى شەرەپ بىلەن ئوقۇش پۈتكۈزگەنلىكىنى جاكارلىغىنىنى ئاڭلىغىنىدا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئىپتىخارلىق ۋە ئىشەنچ بىلەن تولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە جەمئىيەتشۇناسلىق كەسپىنىڭ ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. هەممە ئىشنىڭ يۈز بېرىشى تامامەن مۇمكىن، هەرگىزمۇ ۋاز كەچمەڭ. مەڭگۇ بەل قويۇۋەتمەڭ. مانا بۇ هېلىنىقى قەيسەر كىشىنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئىلهامى.

هاياتلىق راستلا بىر مۆجىزە، بىز كېيىنكى ئىشلارنى مۆلچەرلەشكە ئاجىزدۇرمىز، هەربىر ئىشنىڭ ئالدىدا ئۆزىمىزنىڭ

قەيسەر بىر تەربىيەمىزنى، مەڭگۈ ۋاز كەچمەيدىغان بىر تەربىيەمىزنى كۆرسىتەلەيمىز. ھاياتلىقتا كۆز ئاچقاندىن باشلاپ سىز نۇرغۇنلىغان كىيسەللىكلەرنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراشقا، شۇنچە كۆپ تاسادىپىيلىقلارنى، شۇنچە كۆپ بالايىئاپەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولىسىز، ئەڭ ئاخىرىدا سىز يەنىلا بۇگۈنگىچە ياشاپ كەلدىڭىز، ئەجەبا بۇ تەبرىكلەشكە ئەرزىمەمدۇ؟ ئاشۇ بەختسىزلىككە يولۇققان كىشىلەرگە قاراڭ، ئۇلارمۇ قەيسەرلەرچە ياشاۋاتىدۇ. ئۆزىڭىزنىڭمۇ شۇنداق قىلالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىڭ. بارلىق كىشىلەرنىڭ ھاياتىنىڭ قەيسەرلىكى بىلەن ئەڭ ياخشى بولغان ئۆزى بولۇشىنى تىلەيمەن!

## ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ

تۇرمۇشتىكى خاتىرجەمسىزلىك ۋە قىيىنچىلىقلاردىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. ھەمىشە ئېغىر چۈشكۈنلۈك، توختىماي ئاغرىنىش، ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەش پەقەت كۆڭلىمىزنى تېخىمۇ ناچارلاشتۇرۇۋېتىدۇ. كىشىلىك ھايات يولى ھەرگىزمۇ ئۇدا يامغۇردا قېلىش بولمايدۇ، بەلكى يامغۇر ياغقاندىن كېيىن يەنە ھاۋا ئېچىلىپ تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىدۇ. ھاياتتىكى بارلىق ئوڭۇشسىزلىقلارمۇ خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى سۈزۈك ھاۋاغا ئوخشايدۇ، ئۇلار ھامان ئۆتۈپ كېتىپ ئىشلار ئىزىغا چۈشىدۇ.

ئۇ بىر مۇنەۋۋەر سۇغا سەكرەش تەنھەرىكەتچىسى. بۇ قېتىم ئۇ ناھايىتى مۇھىم بىر خەلقئارالىق مۇسابىقىگە قاتنىشىدۇ، مەيلى تىرېنېر بولسۇن ياكى تاماشىبىنلار بولسۇن ھەممىسى بىردەك ئۇنى ئالتۇن مېدال ئېلىشتا ئۈمىد ئەڭ زور دەپ قارايدۇ. ئۇمۇ تاماشىبىنلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، ئۆزىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ماھارىتىنى كۆرسىتىپ كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، قىيىنلىق دەرىجىسى بىر - بىرىدىن يۇقىرى

بولغان ھەرىكەتلىرى بىلەن باھالىغۇچىلارنى قايىل قىلىدۇ.
بىراق ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق سەكرەش قالغاندا، تاماشىبىنلارنىڭ ھەممىسى ئالتۇن مېدال شۇنىڭغا تەۋە بولىدى، ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىغا ھېچكىم ئۆتەلمەيدۇ دەپ تۇرغان ۋاقىتتا ئويلىمىغان يەردىن ئۇ تېخنىكىلىق خاتالىق سادىر قىلىدۇ. باھالىغۇچىلار ئۇنىڭغا پۇتكۈل مەيدانغا نىسبەتەن ئەڭ تۆۋەن نومۇرنى قويىدۇ. بىردىنلا ئۇ ئالتۇن مېدال ئالىدىغان ئۇستۇنلۇكىنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ ئىككىنچى دەرىجىگە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ چېمپىيون بولغان تەنھەرىكەتچى بىلەن بولغان پەرقى ئارانلا 0.1 نومۇرلا ئىدى.
بۇ خىل نەتىجە ئۇنى ۋە تىرېنېرنى ناھايىتى ئەپسۇسلاندۇرۇپ، ئۇلار بىرلىكتە ئازابلىنىپ يىغلىشىپ كېتىدۇ. بارلىق تاماشىبىنلار بۇ خىل مەنزىرىنى كۆرۈپ ئىنتايىن تەسىرلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلەپ كېتىدۇ، ئىنتايىن ئېچىنىدۇ، ئۆزىنى ۋەتەن ـ خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالمىغاندەك، تىرېنېرنىڭ ئىجتىھات بىلەن قىلغان تەربىيەسىنى يەردە قويغاندەك، ئەڭ يامىنى ئۆزىنىڭ جاپالىق مەشىق قىلىشلىرى، زور قان ـ تەر بەدىلىنى يوققا چىقارغاندەك ئويلاپ قالىدۇ. ۋەتەندە ئۇزۇكسىز ئۆزىگە دىققەت قىلىپ تۇرۇۋاتقان خەلققە قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەيدۇ.
ئۇ قايتىدىغان ئايروپىلانغا ئولتۇرغاندا ئاشۇ مۇسابىقىدىكى ئاخىرقى نەچچە مىنۇتتىكى مەنزىرىلەر كۆز ئالدىغا كېلىۋالىدۇ. ئۇ مۇسابىقىنى ئويلىغانسېرى مۇخبىرنىڭ كوچىلاپ سوراپ تۇرۇۋېلىشىدىن قورقىدۇ. باشقىلارنىڭ مەسخىرە قىلىشلىرى، تىل ـ ئاھانەتلىرىنى قوبۇل قىلىشقىمۇ پېتىنالمايدۇ. ئايروپىلاندىن چۈشىدىغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ قورقۇشلىرى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يېتىپ، كۆڭلى پۈتۈنلەي خاتىرجەمسىزلىنىپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېتىدۇ.

گەرچە ئۇ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قالغان بولسىمۇ، بىراق ئايروپىلاندىن چۈشۈپ كۈتۈۋېلىش زالىغا چىققاندا كۆز ئالدىدىكى مەنزىرە ئۇ ئويلىغاندەك ئۇنچە ناچار بولماي قالدۇ. نۇرغۇنلىغان كۆرۈرمەنلەر قوللىرىدا دەستە ـ دەستە گۈللەرنى كۆتۈرۈۋالغان هالدا ئۇنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. ئېنىقكى، ئۇلار ئۇنىڭ خاتالىقىغا نىسبەتەن ئۇنى تەنقىدلەش پوزىتسىيەسىدە بولمىغان. بەزىلەر تېخى قوللىرىدا «مەغلۇپ بولساقمۇ مەيدىمىزنى تىك تۇتۇپ ياشايمىز»، «بۇلارنىڭ هەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېگەندەك تاختىلارنى كۆتۈرۈۋېلىشقان ئىدى.

ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۇ يەنە دۆلەتكە ۋەكىل بولۇپ قايتا رىقابەتكە قاتنىشىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ ئالدىنقى قېتىمقىدەك سەۋەنلىكنى سادىر قىلمايدۇ هەمدە ئۆزۈنغىچە زارىقىپ كۈتكەن ئالتۇن مېدالنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلگەندە ئۆزىگە دائىم «بۇلارمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ»؛ ئوڭۇشسىزلىقتا ئۈچرىغاندا «چوقۇم داۋاملىق تىرىشىش كېرەك» دېيىش كېرەك. هېچقانداق نەرسە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى هالىتىنى ساقلاۋەرمەيدۇ، هامان بىر كۈنى ياخشى كۈنلەر كېلىدۇ.

بىر ياش بار بولۇپ، ئۇ كىچىك ۋاقتىدىلا «مەن چوڭ بولغاندا چوقۇم داڭلىق مۇسابىقە ماشىنا ماهىرى بولىمەن» دەپ ئارزۇ قىلىدىكەن، كېيىن ئۇ هەربىي سەپكە قاتنىشىپتۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇ يۈك ئاپتوموبىللىرىنى هەيدەپ مۇسابىقە ماشىنا ماهىرى بولۇش ئۈچۈن ئاساس سېلىپتۇ. هەربىي سەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن ئۇ دېهقانچىلىق مەيدانىدا ماشىنا هەيدەپتۇ. بىراق ئۇ دائىم ۋاقىت چىقىرىپ ئىشتىن سىرت ماشىنا تەربىيەلەش كۇرسىغا قاتنىشىپتۇ. ئۇ ماشىنا

مۇسابىقىسىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىسىلا بار ئاماللارنى قىلىپ قاتنىشىپ باقىدىكەن.

بىر قېتىملىق مۇسابىقىدە، ئۇ ئۆزىنىڭ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىپتۇ، بىراق مۇسابىقە داۋاملىشىپ يېرىمىغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئىككى مۇسابىقە ئاپتوموبىلى ئۆزئارا سوقۇلۇپ كېتىپتۇ. نەتىجىدە ئۇمۇ كاشىلىغا ئۇچراپ، ئۆزىنىڭ ئاپتوموبىلى تامغا سوقۇلۇپ ئوت كېتىپتۇ. ئۇ قۇتقۇزۇلۇپ چىققان ۋاقىتتا بەدىنىنىڭ كۆپ قىسمى كۆيۈپ كەتكەن ئىكەن، دوختۇرلارنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە بەدىنىنىڭ 40 پىرسەنت يېرى كۆيۈپ كەتكەنلىكى بايقىلىپتۇ.

يەتتە سائەتلىك ئوپېراتسىيەدىن كېيىن ئۇ ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپتۇ. مۇسابىقىدىن كېيىن ئۇنى ئەڭ ئازابلىغىنى بولسا دوختۇرلارنىڭ ئۇنىڭغا: «بۇنىڭدىن كېيىن ماشىنا ھەيدىيەلمەيسىز» دېگىنى بوپتۇ. چۈنكى بۇ مۇسابىقىدە ئۇنىڭ قولى ئېغىر دەرىجىدە يىگىلەپ قالغان ئىكەن. بىراق بۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ پەقەت ئۈمىدسىزلەنمەپتۇ. ئۇ ئۆزىگە ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنىڭ ئەتىدىن باشلىنىدىغانلىقى، ئۆتكەن كۈنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆتمۈشكە ئايلىنىدىغانلىقىنى دەپتۇ. ئاشۇ ئۈزۈن يىللىق پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇ بىرقاتار تېرە كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەلىرىنى قىلغۇزۇپتۇ. تېرىسىنىڭ ئېلاستىكلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەر كۈنى مۇكەممەل بولمىغان ئاجىز قولىدا دەرەخ شاخلىرىنى تۇتۇپ جاپالىق مەشىق قىپتۇ. قاتتىق ئاغرىق ئازابىنى تارتسىمۇ، ئۇ يەنىلا چىشىنى چىشلەپ بەرداشلىق بېرىپتۇ. ئەڭ ئاخىرقى ئوپېراتسىيە تۈگىگەندىن كېيىن ئۇ دېھقانچىلىق مەيدانىغا قايتىپ كېلىپ توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنى ھەيدەپ قوللىرىنى

قايتىدىن كۆندۈرۈپ، داۋاملىق مۇسابىقە ئاپتوموبىلىنى مەشىق قىپتۇ. ئۆزىنىڭ مۇستەھكەم ئىرادىسى ۋە ياخشى روھىي كەيپىياتىغا تايىنىپ توققۇز ئايدىن كېيىن ئۇ قايتىدىن مۇسابىقە مەيدانىدا پەيدا بوپتۇ. مۇسابىقىدە ئۇ ئىككىنچى دەرىجىلىك شان ـ شەرەپكە ئېرىشىپتۇ. ئىككى ئايدىن كېيىن ئالدىنقى قېتىم ۋەقە يۈز بەرگەن مەيداندا چېمپىيونلۇقنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ ئىسمى جېمى ھالبوس، ئۇ ئامېرىكىنىڭ داڭلىق ئاپتوموبىل ماھىرى.

ئاشۇ قېتىملىق ئېغىر زەربىدىن كېيىن نېمە كۈچ جېمىنى ئورنىدىن قايتا تۇرغۇزدى؟ جېمىنىڭ جاۋابى بولسا «مەن مەغلۇبىيەتنى ئارقامغا تاشلىغان، مەن ئۆزۈمنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلالايدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتىم» دېگەن. ئۆتمۈش خۇددى بىر ۋاراقنىڭ يىرتىلغىنىغا ئوخشايدۇ، پەقەت ئاشۇ ئازابلىق ئۆتمۈشلەرنى ئۇنتۇغاندىلا، يىراقتا تاشلىۋەتكەندىلا، ئاندىن بۈگۈنگە توغرا يۈزلىنىپ، قەدەمنى ياخشى ئېلىپ ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ.

## ئەڭ ناچار بولسىمۇ يەنە باشتىن باشلاش كېرەك

ئادەمنىڭ ھاياتى بولسا ئۆزاقتا سوزۇلغان سەپەر. پەقەت بىرلا قېتىملىق مەغلۇبىيەت ئۇچۇن ئۆزىنى ئىنكار قىلسا بولمايدۇ. ئەھۋال قانچە ناچار بولسىمۇ يەنىلا باشتىن باشلايدىغان جۈرئەت بولۇشى كېرەك. سىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىڭىزدىن ئاغرىنىشقا ئاساسىڭىز يوق، گەرچە سىزنىڭ ھازىر ھېچنېمىڭىز بولمىسىمۇ يەنىلا باشتىن باشلىسىڭىز بولىدۇ، ھېچقانچە چوڭ ئىش يوق. ئادەم كۆندىلىك ھايات يولىدا دائىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراۋەرمەيدۇ. ئەگەر تۈنۈگۈنكى مەغلۇبىيەت بولمىسا، بۈگۈنكى

مۇۋەپپەقىيەت بولۇشى ناتايىن. پەقەت مەغلۇبىيەتنى قوبۇل قىلالىغان ئادەملا ئاندىن باشتىن باشلاشقا جۈرئەت قىلالايدۇ. ئاندىن ئۆزى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ تەقدىرنى بويسۇندۇرالايدۇ.

جېك بىر چوڭ تىپتىكى پۇل مۇئامىلە ئورگىنىدا مەبلەغ سالغۇچى ۋاسىتىچى بولۇپ ئىشلەيدىكەن. بىر قېتىم بىر خېرىدار پۈتۈن مال - بىساتىنى سېتىپ بىر شىركەتنىڭ كىچىك تىپتىكى پايچېكىنى سېتىۋاپتۇ. بىراق جېك خېرىدارلارغا پايچېكنى سېتىۋالماسلىق توغرىسىدا تەكلىپ بېرىپتۇ. خېرىدارلار جېكنىڭ گېپىگە كىرىپ پۇلىنى قايتۇرۋاپتۇ. بىراق ئەڭ ئاخىرىدا خېرىدار چوڭ زىيان تارتىپتۇ. جېك ئارقا - ئارقىدىن خېرىدارلارغا مۇشۇنداق خاتا تەكلىپلەرنى بېرىپتۇ. بۇ خېرىدارلارغا نۇرغۇن زىيانلارنى ئەكەپتۇ. خېرىدارلار گەرچە بۇ ئىشقا نىسبەتەن جېكتىن ئاغرىنمىغان بولسىمۇ، بىراق جېك ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەپ بەك ئازابلىنىپتۇ. ئۆزىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىدىن گۇماللىنىپ ئاخىرىدا كەسپىنى ئالماشتۇرۇپتۇ، جېك ئىزچىل ھالدا پۇشايمان بىلەن ئۆزىنى ئەيىبلەش ئىچىدە كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. كېيىن ئۇنىڭ دوستلىرى، خىزمەتداشلىرى يەنە خېرىدارلار ئۇنىڭغا چىقارغان تەدبىرلىرىنىڭ قائىدىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئەمەسلىكىنى ئېيتىشىپتۇ. ئاشۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتكە ئاساسلانغاندا، ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان پىلان - تەكلىپلەر ئەمەلىيەتكە ناھايىتى ئۇيغۇن، ئۇنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىمۇ ناھايىتى ياخشى، بۇنىڭدىن پەخىرلىنىش كېرەك ئىدى. گەرچە كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ياخشى نەسىھەتلەرنى قىلغان بولسىمۇ، بىراق جېك يەنىلا ئۆزىنى كەچۈرەلمەپتۇ. ئۇ ئۆزىنى ئۆزى سولاپ قويۇپ ھېچكىمنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلىماپتۇ. بىراق كېيىن بىر پسىخىك

مۇتەخەسسىسى جېكقا: «بىز ناھايىتى ئاسانلا ئۆزىمىزنىڭ بۇرۇن ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىمىزنى بايقىۋالالايمىز، بىراق كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى مۆلچەرلىيەلمەيمىز، ھەممە ئىشنى باشتىن باشلاش كېرەك. ھېچقانچە چوڭ ئىش يوق» دەپتۇ.

يىسخىك دوختۇرىنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا جېك ئاخىرى ئۆزىنى كەچۈرۈپتۇ. قايتىدىن ئۆزىنىڭ خىزمەت ئورنىغا بېرىپ ئۆزىگە ئىشىنىدىغان جېكقا ئايلىنىپ كەسىپ جەھەتتە بارغانسېرى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپتۇ.

بۇ دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەر مەغلۇپ بولۇپ باققان، بەزى ئادەملەر تىرىشىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. بەزىلەر يىقىلىپ تۇرمۇشنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ. بەختسىزلىكلەر قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇقى ئىرادىمىزنى يوقاتقانلىقىمىز ھېسابلىنىدۇ، پەقەت بىزنىڭ ھاياتىمىز يەنىلا داۋاملاشسا يىقىلىپ كەتسەك ئورنىمىزدىن تۇرالىشىمىز كېرەك.

قىيىنچىلىققا، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا ئولىمپىك مەيدانىدا يىقىلىپ قايتا ئورنىدىن تۇرغان تەنھەرىكەتچىنى ئويلاش كېرەك، قاراڭغۇلۇقتا جان تالىشىپ ئىلگىرىلەۋاتقان «خەيلۇن» نى ئويلاش كېرەك، سىزنىڭ ھاياتىڭىز قانچىلىك جاپالىق، ناچار بولىسمۇ قەدىر ـ قىممىتىڭىزنى ھېچقانداق ئادەم تارتىپ كېتەلمەيدۇ. ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ. ئەڭ ناچار بولسىمۇ باشتىن باشلاش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## چىكىنىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئەقىل

*كۆزىڭىزنى پەقەت ئېرىشىشنى ئويلىغان، لېكىن ئېرىشەلمىگەن نەرسىلەرگىلا قاراتماڭ، بولمىسا ئېرىشكەنلىرىڭىز ئاز ياكى كۆپ بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۆزىڭىزنى نامراتتەك ھېس قىلىسىز، سىز ئىنچىكىلىك بىلەن ئالىقىنىڭىزدىكى نەرسىلەرنى ساناپ كۆرۈڭ، شۇ چاغدىلا ئەمەلىيەتتە ئۆزىڭىزنىڭ ناھايىتى باي ئىكەنلىكىنى بايقايسىز.*

### ئەمەلىيەتتە سىز ئىنتايىن باي

سىزچە، بايلىق دېگەن نېمە؟

ئايلىق مائاشى 8000 يۈەن بولغان خىزمەتتىن سىز قانائەتلىنەمسىز؟ 100 كىۋادرات مېتىرلىق ئۆي سىزگە بەختەرلىك تۇيغۇسى بېرەلەمدۇ؟... ئادەملەر كۈندىن - كۈنگە چەك - چېگراسى يوق ئاتالمىش «يۇقىرى سەۋىيەلىك» تۇرمۇشنى قوغلىشىدىغان بولدى. ئادەملەر ئادەتتىكى ئۆيدىن قەۋەتلىك ئۆيلەرگە ئالماشسىمۇ، يەنە داچا سېتىۋالغۇسى كېلىدۇ، كۆڭۈل ئېچىش شەھەرچىسىدە ناخشا ئېيتىشقا قانائەتلەنمەي، يەنە گولف توپ ئوينىغۇسى كېلىدۇ، سۇيۇق كىرىستاللىق تېلېۋىزور، قول كومپيۇتېرمۇ يەتمىگەندەك يەنە ئەڭ يېڭى نۇسخىدىكى قول تېلېفونغا، ئەڭ مودا سېپىرلىق سۇرەتكە تارتىش ئاپپاراتىغا ئېرىشىشنى ئويلايدۇ، كىچىك ماشىنىسىنىڭ بولۇشى يەتمىگەندەك، يەنە مودا بولغان WS غا ئېرىشكىسى كېلىدۇ،

دۆلەت ئىچىدە ساياھەت قىلىپ قانائەتلەنمەستىن، چەت ئەللەرگە چىقىپ ساياھەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. گەرچە ئاللىقاچان قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن سەۋىيەگە يەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ھەمىشە نامراتلىقتىن قاقشايدۇ، شۇ سەۋەبتىن بۇ خىلدىكى كىشىلەر ئۆزىنىڭ بايلىقىنى ئازراقمۇ ھېس قىلالمايدۇ. سىز ئوخشىمىغان كىشىلەردىن نېمىنىڭ بايلىق ئىكەنلىكىنى سورىغىنىڭىزدا، بەزىلەر خەجلەپ تۈگىمەيدىغان پۇلغا ئىگە بولۇشنى، بەزىلەر تەن ساقلىقنى، بەزىلەر ئەركىنلىكنى، يەنە بەزىلەر بولسا ھەمراھىنىڭ ئۆز يېنىدا بولۇشنى بايلىق دەپ قارايدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، بايلىقنى پۇل بىلەن ئۆلچەش توغرا ئەمەس، چۈنكى بايلىققا نىسبەتەن ھەربىر ئادەمنىڭ كۆز قارىشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، ئەمەلىيەتتە بايلىق — كۆڭۈلدىكى بىر خىل رازىمەنلىكتىن ئىبارەت. ھازىر نۇرغۇنلىغان كىشىلەر «پالاقلاپ يۈرۈش جەمەت» نى قۇرماقتا، مەيلى يۇقىرى كىرىمدىكى ئاقسۆڭەكلەر بولسۇن ياكى ئادەتتىكى ئىشلەمچىلەر بولسۇن ھەممىسى ئۆزىنى تۇرمۇش ھەپىلىسى بىلەن ھېرىپ كېتىۋاتقاندەك، ئۆزىنى «پالاقلاپ يۈرۈش جەمەتى»گە قوشۇلۇپ كەتكەندەك ھېس قىلىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە بەزىلەرنىڭ تۇرمۇش كىرىمى ئانچە تۆۋەن ئەمەس، بىراق ئۇلار ئۆزىنى ناماراتتەك، ھەمىشە مۇشۇنداق ئالدىراش يۈرۈشى كېرەكتەك ھېس قىلىشىدۇ.

مەلۇم تاشقى سودا شىركىتىنىڭ تەرجىمانى شياۋلىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆزىنىڭ ھەر ئايلىق مائاشى 4300 يۈەن، ھەر خىل سۇغۇرتىلار ئۈچۈن تۇتۇپ قېلىنغاندىن كېيىنكى مائاشى 4000 يۈەن ئەتراپىدا ئىكەن، بىراق ئۆزىنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان پەرقىنى چوڭ دەپ قاراپ ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەش ئارقىلىق كۆپرەك پۇل تېپىشنى خالايدىكەن.

مەلۇم ئىدارىدىكى خىزمەتچى خۇي يىشۇنىڭ ئېيتىشىچە، ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىز بىلەن ئىدارىگە بېرىپ، بىر كۈن ئالدىراش ئىشلەپ، كەچ سائەت سەككىزدە ئۆيىگە قايتىپ، ئالدىراش تاماق ئېتىپ، بالىسىنى ئۇخلىتىدىكەن، ئۆزى كەچ سائەت سەككىزلەر بىلەن ئاندىن ئارام ئالالايدىكەن، گەرچە تۇرمۇشتا بىر كۈندىكى ئۈچ ۋاق تاماقنىلا باش قاتۇرۇش بىھاجەت بولسىمۇ، بىراق كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى يۇقىرى سۈرئەتلىك ماشىنىغا ئايلىنىپ قالغاندەك ناھايىتى ھارغىن ھېس قىلىشىدۇ.

مەلۇم ئورگان خىزمەتچىسى ۋاڭ فېينىڭ ئايلىق مائاشى 3000 يۈەندىن يۇقىرى بولۇپ، لەنجۇ شەھىرىگە نىسبەتەن خېلى يامان ئەمەس كىرىم ھېسابلانسىمۇ، بىراق ئاتا ـ ئانىسى، بالا ـ چاقىسى بار بولغان ۋاڭ فېيغا نىسبەتەن باللىرىنىڭ يۇقىرىلاپ ئوقۇشى، تۇرمۇش قۇرۇشى ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سالامەتلىكى قاتارلىقلارنى ئويلاشقاندا كېيىنكى چىقىم ئەھۋالىنى پەرەز قىلىش قىيىنغا چۈشەتتى، تۇرمۇش بېسىمى ئۇنى ھەقىقەتەن ھالسىراتقانىدى.

ئېنىقكى، ئالىمبۇرۇن ھالىق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولساقمۇ، ئەمما ھەمىشە ئۆزىمىزنى ياخشى كىيىش، ياخشى يېيىش ئۈچۈن تىركىشىۋاتقاندەكلا ھېس قىلىمىز، ئېنىقكى، ئالىمبۇرۇن رەھبەرلىك قاتلىمىغا كىرگەن بولساقمۇ، يەنىلا بۇنىڭدىن رازى بولمايمىز، ئېنىقكى، ئۆي ۋە ماشىنىغا ئىگە بولۇپ تۇرۇپمۇ، ھەمىشە دوستلىرىمىزنىڭ ئالدىدا ئۆزىمىزنىڭ نامراتلىقىدىن قاقشايمىز، بايلىق دېگەن زادى نېمە؟ يىللىق مائاشىنىڭ مىڭ يۈەن بولۇشىمۇ؟ ھەيۋەتلىك داچىسىنىڭ بولۇشىمۇ؟ ياكى بىر ماشىنىنى ئادەتتىكىدەك بىر قول تېلېفون سېتىۋالغاندەك ئاسانلا سېتىۋېلىشمۇ؟ ئەگەر يۇقىرىقىلاردىن

قانائەت هاسىل قىلالمىسىڭىز، ئۇنداقتا ئۆزىڭىزنىڭ بايلىقىنى مەڭگۈ ھېس قىلالمايسىز.

ئەمەلىيەتتە بايلىق بولسا ئېرىشكەن نەرسىلەرنى قەدىرلەشتىن ئىبارەت، ئەگەر سىز تۇرمۇشتا خۇشاللىقنى ئېرىشمەكچى بولسىڭىز، ئۇنداقتا قانائەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ، چۈللۈكتە بولسا يېمەكلىك ۋە سۇغا ئېرىشىشنىڭ ئۆزى بىر بايلىق ھېسابلىنىدۇ، بۇ ۋاقىتتا بىر دۆۋە پۇلغا سېلىشتۇرغاندا يېمەكلىك ۋە سۇنىڭ قىممىتى چەكسىز يۇقىرى بولىدۇ، دېڭىزدا چۆكۈپ كېتىۋاتقان كېمىدىكى ئادەملەرگە نىسبەتەن قۇتقۇزۇش ئۈسكۈنىلىرىگە ئېرىشىشنىڭ ئۆزى بايلىق ھېسابلىنىدۇ، تاغلىق رايوندىكى نامرات بالىلارغا نىسبەتەن ياخشى بىر قەلەم ۋە دەپتەرگە ئېرىشىشنىڭ ئۆزى بايلىق ھېسابلىنىدۇ، بىر نېفىت سودىگىرى كىشىلەرگە مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆز قىلغان ئىكەن: «مېنىڭ بارلىق تونۇشلىرىمنىڭ ئىچىدە، ئەڭ نامراتلىرى بولسا پۇلدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق كىشىلەردۇر.» پۇل ــــ بايلىقنىڭ سىمۋولىدۇر، ئەمما ھەرگىزمۇ ھەقىقىي بايلىقنا، بولۇپمۇ مەنىۋى بايلىقنا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ.

بىر يىگىت ھەمىشە ئۆزىنىڭ باي بولالمىغانلىقىدىن ئاغرىنىپ، پۇلدارغا ئايلىنالمىغانلىقىغا ھەسرەت چېكىپ كۈنبويى غەمكىن يۈرۈيدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر دانىشمەننى تېپىپ سوراپتۇ:

ــ نېمىشقا دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى مېنىڭدىن باي، نېمىشقا مەنلا شۇنچە نامرات؟

ــ نامرات؟ سەن ئازراقمۇ نامرات ئەمەس، ــ دەپتۇ دانىشمەن جاۋابەن.

— مەن قىممەت باھالىق كىيىملەرنى، ئېسىل ماشىنىلارنى سېتىۋالالمايمەن، خالىغان يەرلىرىمگە ساياھەتكە بارالمايمەن، مېنىڭ ھېچنېمەم يوق، مەن نامرات بولماي كىم نامرات بولسۇن؟ — دەپتۇ يىگىت ھەسرەتلىك ھالدا.

دانىشمەن يەنە سوراپتۇ:

— ئەگەر ساڭا بىر مىليون پۇل بېرىپ دوزاخقا كىر دېسەم كىرەمسەن؟

— ياق، — دەپتۇ يىگىت جاۋابەن.

دانىشمەن يىگىتتىن يەنە سوراپتۇ: — يۈز مىليونغا ئېرىشىش بەدىلىگە ئىككى پۇتۇڭدىن ئايرىلىشنى خالامسەن؟

— خالىمايمەن، — دەپتۇ يىگىت.

دانىشمەن يەنە يىگىتتىن: «ساڭا بىر مىليون بېرىپ، جېنىڭنى ئالسام سەن خالامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىت قەتئىيلىك بىلەن — خالىمايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

دانىشمەن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— باركاللا، سەن ھازىر ئەركىنلىككە، ساغلام تەنگە، مۇھەببەتكە، ھاياتلىققا ئىگىسەن، بۇلار بىر مىليوندىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان بايلىقتۇر، يەنە نېمىشقا ئۆزۈڭنى باي ھېسابلىمىغۇدەكسەن؟

يىگىت دانىشمەننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەممىنى چۈشىنىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇرۇنقىدەك قايغۇرمايدىغان، زارلانمايدىغان بوپتۇ، ئەكسىچە كۈنلىرىنى خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر قارىغۇلارچە پۇلنىڭ ئاز- كۆپ بولۇشىنى بايلىقنى ئۆلچەشنىڭ بەلگىسى دەپ قارايدۇ، ھەقىقەتەن پۇل كىشىلەرنى ماددىي جەھەتتىن قانائەتكە ئېرىشتۈرەلەيدۇ، بىراق مەنىۋى جەھەتتىكى ئەركىنلىك، خۇشاللىق، بەختنى پۇلغا

سىتتىۋالغىلى بولمايدۇ.

بايلىق بولسا كۆڭۈلنىڭ توقلۇقىدىن ئىبارەت، ئاچ كۆز ئادەمگە نىسبەتەن، ئۇنىڭ پۇلى ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۆزىنى باي ھېسابلىمايدۇ، خاتىرجەملىك، بالايىئاپەتكە ئۇچرىماسلىق، ئىناق ئائىلە تۇرمۇشىغا ئىگە بولۇش، ئىشلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىنىڭ ھەممىسى بايلىق ھېسابلىنىدۇ، مانا بۇلار پۇلغىمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدىغان ھەقىقىي بايلىقتۇر، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىز ئەسلىدىنلا ناھايىتى باي.

## «ھەممە ئادەمنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىمەن» دەپ ئويلىماڭ

مەيلى سىز قانچىلىك بەدەل تۆلەڭ، قانچىلىك مۇكەممەللىككە ئىگە بولغان بولۇڭ، قىلغان ئىشلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى نەتىجىلىك قىلدىم دەپ ئويلاڭ، يەنىلا سىزنى ياقتۇرمايدىغانلار بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس قىزىقىشى ۋە كۆز قارىشى بولىدۇ، بىز ھەممە كىشىلەرنى بىر خىل ئىدىيەدە بولۇشقا زورلىيالمايمىز.

قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەمەلىيەتتە بىز باشقىلارنىڭ بىزنى تولۇق مۇكەممەللىككە ئىگە دەپ مۇئەييەنلەشتۇرۇشىگە ئېرىشەلمەيمىز، شۇڭا باشقىلارنىڭ تەنقىدى ۋە ئەيىبلىشىگە ئاچچىقلانماسلىقىمىز، شۇنداقلا مۇكەممەللىكنى قوغلىشىپ ياكى باشقىلارنىڭ سۆز - چۆچەكلىرىدىن قورقۇپ ئۆزلۈكىمىزنى يوقىتىپ قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

بىر رەسسام ھەممە ئادەم ياقتۇرىدىغان بىر پارچە رەسىم سىزىپ چىقىشنى ئويلاپتۇ، رەسىم پۈتكەندىن كېيىن بازارغا ئېلىپ چىقىپ كۆرگەزمە قىلىپتۇ ھەمدە رەسىمنىڭ يېنىغا بىر

تال قەلەمنى ئېسىپ قويۇپ، كۆرۈرمەنلەرنىڭ رەسىمدىكى ئۆزى ياقتۇرمايدىغان ئورۇنغا قەلەم بىلەن بەلگە قىلىپ قويۇشىنى ئېيتىپتۇ.

كەچتە رەسسام رەسىمنى قايتۇرۇپ كېلىپ رەسىمنىڭ پۈتۈنلەي بەلگە بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكىنى بايقاپتۇ، رەسىم كىشىلەر تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ئەيىبلەشكە ئوچراپتۇ، رەسسام بۇ قېتىم ناھايىتى ئۈمىدسىزلىنىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى، رەسسام ھېلىقى رەسىمنى يەنە كۆرگەزمە قىلىش ئۈچۈن بازارغا ئېلىپ چىقىپ ئەسلىدىكى ئورۇنغا ئېسىپ قويۇپتۇ، رەسسام بۇ قېتىم كۆرگەزمە ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، كىشىلەرنى رەسىمدىكى ئۆزى ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئورۇنغا بەلگە سېلىپ قويۇشنى ئېيتىپتۇ، رەسسام كەچتە قايتقاندىن كېيىن رەسىمنىڭ يەنىلا بەلگە بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ، رەسسام ئېغىر خۇرسىنغان ھالدا:« مەن بۈگۈندىن بىر ھېكمەتنى چۈشەندىم، ئۇ بولسىمۇ، مەيلى بىز قانداق ئىش قىلايلى، پەقەت بىر قىسىم كىشىلەرنىڭلا ئېتىراپ قىلىشىغىلا ئېرىشەلىسەك كۇپايە ئىكەن».

ئادەم ھەمىشە باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىشىنى ئويلايدۇ، مەسىلەن: بۈگۈن بىر يېڭى كىيىم كىيگىنىڭىزدە باشقىلارنىڭ ماختىشىنى ئاڭلىسىڭىز خۇشال بولىسىز ئەلۋەتتە، ئەگەر ھېچكىم سىزگە دىققەت قىلمىسا بەلكىم سىز ئاكتىپلىق بىلەن باشقىلاردىن: «قاراڭ بۇ كىيىمنى تۈنۈگۈن يېڭىدىن سېتىۋالدىم، بۇ يىلقى ئەڭ مودا پاسون ئىكەن، قانداق چىرايلىقمىكەن؟» دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن.

ئەگەر سىز باشقىلارنىڭ بىردەك ئالقىشىغا ئېرىشكەن چاغدا، تۇساتتىن مەلۇم بىرسىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىسىڭىز

ئەسلىدىكى خۇشاللىقىڭىز ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كېتىشى مۇمكىن، ھەتتا سىزنىڭ ئەيىبىڭىزنى ئېچىپ بەرگۇچىگە نەپرەتلىنىشىڭىز، كۆڭلىڭىزدە ئۇ كىشىگە نىسبەتەن غۇم ساقلىشىڭىزمۇ مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە بىز ياشاۋاتقان دۇنيا ناھايىتى مۇرەككەپتۇر. ھەربىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشى ئۆزىنىڭ ھېس - تۇيغۇسى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىسى ئۇستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. شۇڭا باشقىلارنىڭ سىزنىڭ ئەسلىي قىياپىتىڭىزنى تولۇق چۈشىنىپ كېتىشى ناتايىن. باشقىلارنىڭ سىزگە بولغان تونۇشى بەلكىم پىرىزمىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەرگە چېچىلىشىغا ئوخشايدۇ، ھەتتا شەيتان ئەينەكنىڭ ئاستىن - ئۇستىن كۆرسەتكىنىگە ئوخشايدىغاندۇ. سىز نېمىشقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىڭىزدىن رازى بولۇشىنى ئۇمىد قىلىسىز؟

مەلۇم بىر چوڭ شىركەتنىڭ خىزمەتچىسى كۇنبويى قايغۇرۇپلا يۈرۈيدىكەن، ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىشى كېرەكلىكىنىمۇ بىلمەيدىكەن. مەسىلەن: ئۇ يېڭىدىن ئىشقا چۈشكەن ئايال خىزمەتدىشى بىلەن ئۇچراشقاندا باشقىلاردا خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، يېڭى كەلگەن خىزمەتدىشى بىلەن ئانچە كۆپ ئالاقە قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىكەن. ئۇنىڭ بىرەر قېتىم رەھبەرنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىشى مەلۇم مۇنازىرىگە سەۋەبچى بولىدىكەن. شۇڭا ئۇ رەھبەرنىڭ ئىشخانىسىغىمۇ بارمايدىغان بوپتۇ. يىغىن ئاچقان ۋاقىتتا ئۇ ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويسا باشقىلار ئۇنى ھاكاۋۇر دەپ كوتۇلدىشىدىكەن. شۇڭا ئۇ ھېچقانداق گەپ قىلماستىن ئۈن - تىنسىز خىزمەتلا قىلىدىغان بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە تەرسا ئەخمەققە ئايلىنىپ قاپتۇ. ئىشقىلىپ ھەر خىل تۇخۇمدىن تۈك

ئۇندۇرىدىغان مۇنازىرىلەر ۋە كوتۇلداشلاردىن روھى تېخىمۇ چۇشكۇنلىشىپ كېتىپتۇ. بۇلار ئۇنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىپ ناھايىتى تېزلا ئۇنى ھالاك قىپتۇ.

ئەگەر باشقىلارنىڭ سىزدىن رازى بولۇشىنى ئويلىسىڭىز، ئۆزىڭىزنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشىڭىز كېرەك. ئەمما سىز تىرىشىپ ئىمكانقەدەر باشقىلارغا ماسلىشىپ كەم ـ كوتىسىز بولسىڭىزلا ھەر تەرەپتىن باشقىلار سىزدىن رازى بولارمۇ؟ ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس، بۇ خىل ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ئارزۇ پەقەت سىزگە ئېغىر يۈك بولۇپ، قاتمۇقات غەم ـ ئەندىشىگە چۈشۈرۈپ سىزنى ھاردۇرىۋېتىدۇ، خالاس.

بىر ئەسكەر ئۆزىنىڭ قوماندان بولغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. ھەر قېتىم ھەربىي يۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، ئۇ ھەمىشە قوشۇنىنىڭ كەينىدە مېڭىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. بىر قېتىملىق ھەربىي يۈرۈش جەريانىدا دۈشمەنلىرى ئۇنى مەسخىرە قىلىپ: «قاراڭلار ئۇ قانداقمۇ قوماندانغا ئوخشىسۇن، خۇددى بىر پادىچىنىڭ ئۆزىغۇ !؟» دەپتۇ.

قوماندان بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مېڭىپتۇ، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى يەنە ئۇنى مازاق قىلىپ: «قاراڭلار، ئۇ قانداقمۇ قوماندانغا ئوخشىسۇن. ئۆتۈپ كەتكەن توخۇ يۈرەك بىرنېمە ئىكەن، قورقۇنچاقلىقىدىن قوشۇنىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنىۋالدى» دەپتۇ. قوماندان بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قوشۇنىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ مېڭىپتۇ. دۈشمەنلىرى يەنە ئۇنىڭ يېغىرىغا تېگىپ «قاراڭلار! ئۇ ئەسكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىپ ئۇرۇش قىلغاندىن بۇيان بىرەر قېتىممۇ جەڭدە غەلىبە قىلىپ باقمىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە ھاكاۋۇرلارچە قوشۇنىنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭغىنىنى قاراڭلار، خىجىل بولۇشنى بىلمەيدىكەن!» قوماندان بۇلارنى ئاڭلاپ نېمە قىلارنى بىلمەپتۇ. ھەتتا پۇت ـ

قولىمۇ ئۆزىگە بويسۇنماپتۇ، باشقىلارنىڭ كۆرسەتمىسىدە يولنىمۇ تېپىپ ماڭالماپتۇ.

ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇن ئادەملەر بۇنداق خاتالىقنى سادىر قىلىدۇ. دائىم باشقىلارغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن بىلىپ ـ بىلمەي، ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ. سىزنى ھەربىر ئادەمنىڭ ياقتۇرۇپ كېتىشى ناتايىن. ھېچكىم ھەممىلا كىشىنىڭ پۈتۈنلەي ياقتۇرۇشىغا ئېرىشەلمەيدۇ. سىز باشقىلارنىڭ سىزنى ياقتۇرماسلىقىغا يول قويۇڭ، بۇ نورمال ئەھۋال.

گېيوتى شۇنداق دېگەن: «ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ يولىدا مېڭىشى، سۆز ـ چۆچەكتىن قورقۇپ قالماسلىقى، باشقىلارنىڭ مەيدانىغا نەزەربەنت بولۇپ قالماسلىقى كېرەك» پەقەت ئۆزىنىڭ مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ باشقىلارنىڭ كەلسە ـ كەلمەس سۆزىگە كۆپ قۇلاق سالمىسىڭىزلا ئاندىن ھەقىقىي خۇشاللىققا ئېرىشەلەيسىز.

## بۈگۈن يوقىتىپ قويغان قۇياش ئۈچۈن ياش ئاققۇزساڭ، ئەتە يۇلتۇزلاردىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشىڭ مۇمكىن

تاگور مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەگەر سەن بۈگۈن يوقىتىپ قويغان قۇياش ئۈچۈن ياش ئاققۇزساڭ، ئۇنداقتا ناھايىتى تېز يۇلتۇزلاردىنمۇ ئايرىلىپ قالىسەن.» بىز دائىم ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار ئۈچۈن خۇرسىنىپ، ئازابلىنىپ ئەتراپىمىزدا بىزنى ئوراپ تۇرغان گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىسى ۋە كەلگۈسىدىكى خۇشاللىقلارغا سەل قارايمىز. بەلكىم ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار ئۈچۈن ئاچچىقلانمايدىغان، ئازابلانمايدىغان ھېچكىم بولمىسا كېرەك. ئەمما ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار مەڭگۈگە ئۆتمۈشتۇر. شۇڭلاشقا ئۆتمۈش ئۈچۈن، ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمىغان ئىشلار ئۈچۈن زېھنىي ـ قۇۋۋىتىمىزنى سەرپ قىلىش ئارتۇقچە.

ئۆتمۈشتىن مېھرىنى ئۈزەلمەسلىك سىزنى تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەردىن مەھرۇم قىلىدۇ. تۈنۈگۈن يوقىتىپ قويغان نەرسىنى مەڭگۈ تۈنۈگۈنگە قالدۇرۇش بولسا سىزنى تېخىمۇ كۆپ خۇشاللىق ۋە نەتىجىگە ئېرىشتۈرۈشتىكى بىر خىل ئاكتىپ بولغان پوزىتسىيەدۇر.

داڭلىق دىراما ئارتىسى پورھىد دۇنيا تىياتىر سەھنىسىدە ئەللىك يىلدىن كۆپرەك روناق تاپقان، ئەمما ئۇ 71 ياشقا كىرگەندە ۋەيران بولغان. ئەڭ چاتاق بولغىنى شۇكى، ئۇ بىر قېتىم پاراخوت بىلەن شىمالىي ئاتلانتىك ئوكياندىن ئۆتۈۋاتقاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن پاراخوتتىن تېيىلىپ يىقىلىپ كېتىپ پۇتى ئېغىر يارىلانغان. پورھىدنىڭ پەقەت پۇتىنى كېسىۋەتكەندىلا ئاندىن ھايات قالىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلالماسلىقىدىن ئەنسىرىگەن دوختۇر ئۇنىڭغا بۇ خەۋەرنى ئېيتىشقا پېتىنالمىغان. بىراق ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، دوختۇر پۇتۇنلەي خاتا ئويلىغان ئىكەن. دوختۇر پورھىدقا بۇ خەۋەرنى ئېيتقان ۋاقىتتا ئۇ تەمكىنلىك بىلەن: « بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئامال بولمىسا مۇشۇنداق قىلايلى ئەمىسە» دەيدۇ.

ئوپېراتسىيە كۈنى پورھىد چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئۈنلۈك ئاۋازدا سەھنە سۆزىنى دېكلاماسىيە قىلىدۇ، بەزىلەر ئۇنىڭدىن: «ئۆزىڭىزگە تەسەللى بېرىۋاتامسىز؟» دەپ سورىغاندا ئۇ: «ياق، مەن دوختۇر ۋە سېستىرالارغا تەسەللى بېرىۋاتىمەن، ئۇلار ناھايىتى جاپا چەكتى» دەيدۇ.

كېيىن پورھىد يەنە داۋاملىق دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ ئويۇن قويىدۇ، ئۇ بۇ سەھنە خىزمىتىنى يەنە يەتتە يىل داۋاملاشتۇرالىغان.

ھاياتنىڭ نەچچە ئون يىلىنى ئەستايىدىل ئويلايدىغان بولساق، ئۇزۇن بولغاندىمۇ 100 يىلدىن ئاشمايدۇ. دۇنياغا كەلگەندە

يالىڭاچ كېلىمىز، كېتىدىغان چاغدىمۇ ئوخشاشلا قۇرۇق قول ئايرىلىمىز. شۇڭا، ھاياتنىڭ مەنىسى قانداقتۇر بىر نىشانغا يېتىش بولماستىن، بەلكى ئاشۇ قىسقىغىنە جەريانغا باغلىقتۇر، ئەگەر بىز چەكلىك ھاياتىمىزدا كۆپ ۋاقتىمىزنى ئىلگىرىكى يوقىتىپ قويغىنىمىزنى ئەسلەشكە سەرپ قىلساق، بۇ نېمانچە چوڭ ئىسراپچىلىق - ھە؟!

ئىلگىرىكى يوقىتىش بىزنىڭ كېيىنىمىزگە ئەينەك بولسا بولىدۇ. بىراق ئۇنى دائىم يۈدۈۋالساق بولمايدۇ. بىزنىڭ ھاياتلىق يولىمىز تېخى ئۇزۇن. ئاشۇ توقۇنۇشلاردىن تۇغۇلغان كۆز يېشى، بىزارلىق غەملەرنى تاشلاپ ئەركىن ھالدا ھايات سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇرسىڭىز ئاندىن سىز ماڭغانچە تېز ماڭىسىز، ماڭغانچە خۇشاللىنىسىز، يولىڭىزمۇ ماڭغانچە كېڭىيىدۇ.

دېڭ پۇشى بىر بوكس ماھىرى، بىراق ئۇ بىر قېتىم دەرىجىسى يۇقىرى بولغان «بوكس شاھى» ئۇنۋانىنى رەقىبىگە ئۇتتۇرۇپ قويىدۇ. بۇ ئىش ئۇنىڭغا ناھايىتى زور زەربە بولىدۇ. مۇسابىقە داۋاملىشىپ 10 - قېتىملىق مۇسابىقە ئاخىرلاشقان چاغدا دېڭ پۇشى پەقەت چىدىيالمايدۇ. ئۇنىڭ يۈزلىرى ئىششىپ ھەممە يەرلىرى جاراھەت بىلەن تولۇپ كېتىدۇ، ئىككى كۆزىنىمۇ ئاران ئاچالايدۇ، ئاخىرىدا تىرېنېر رەقىبىنىڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ بۇ مۇسابىقىدە يەڭگەنلىكىنى دېڭ پۇشىنىڭ ئۇتتۇرغانلىقىنى جاكارلايدۇ. دېڭ پۇشى بۇ قېتىم دۇنيا بوكس شاھلىقىغا تاللىنالمىغان بولمىسىمۇ، قاتتىق زەربىگە يۈزلىنىپ رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشقا ئامالسىز قالىدۇ. ئۇ ئۆيىگە قايتىدىغان چاغدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ بۇ زەربىدىن خۇددى روھىنى يوقىتىپ قويغان ئادەمگىلا ئوخشاپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى يىلى ئۇ يەنە ئۇتتۇرۇپ قويغاندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ قېرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئازابلىنىشتىن ساقلىنىش ئەس، بىراق دېڭ پۇشى ئۆز - ئۆزىگە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇتتۇپ كەتكەن كۇنلەر ياكى تۆكۈلۈپ كەتكەن سۇت ئۈچۈن يىغلاشنى خالىمايمەن. مەن بۇ زەربىگە بەرداشلىق بېرەلىشىم، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ مېنى مەغلۇپ قىلىشىغا قاراپ تۇرماسلىقىم كېرەك.»

قايتا غەم قىلىپ يۈرمەسلىك ئۈچۈن ئۇ ئۆز - ئۆزىدىن مۇنداق سورايدۇ: «مەن ئۆتمۈش ئۈچۈن غەم قىلمايمەنمۇ؟» ئۇنداق ئەمەس! بۇنداق قىلىش پەقەت ئۇنى ئىلگىرىكى مەغلۇبىيەتلىرىنى قايتا ئويلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ، خالاس. بۇنداق قىلىش ئۇنى ھەممىگە بەرداشلىق بېرىپ، ئاندىن ئۇنىڭ مەغلۇبىيەتلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، بارلىق دىققىتىنى كۆلگۈسىدىكى گۈزەل پىلانلىرىغا مەركەزلەشتۈرەلەيدۇ.

دېڭ پۇشى كېيىن بىرودېۋىي كوچىسىدا بىر ئاشخانا ئاچىدۇ. ئۇ بۇ يەردىمۇ بوكس مۇسابىقىسى ئورۇنلاشتۇرۇپ، بوكس مۇسابىقىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەر خىل كۆرگەزمىلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. ئالدىراشلىق ئىچىدىكى تۇرمۇش ئۇنىڭغا ئۆتمۈشنى ئەسلەشكە زادىلا پۇرسەت بەرمەي، ئۇنى نۇرغۇن غەم - ئەندىشىلەردىن خالاس قىلىدۇ.

تۈنۈگۈنكى غەم - ئەندىشىنى ئۇنتۇماڭ. ئۆزىڭىزنىڭ يوقىتىپ قويغانلىرىڭىزنى ئۇنتۇش، شۇنداقلا بارلىق دىققىتىڭىزنى ۋە نەزىرىڭىزنى بۈگۈنىڭىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرسىڭىز تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسىگە ئېرىشتۈرىدۇ. كۆپ ۋاقىتلاردا يوقىتىپ قويۇش ئىلاجسىزلىقتىن بولىدۇ. بىز كونترول قىلىشنى ئۆگىنىشكە ئامالسىز، بىراق مەغلۇبىيەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىش يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ تاللىشىدا.

جىيالى ئۇ بىر يۈك قىرقىش ئىشچىسى بولۇپ، بىر قېتىملىق ماشىنا ۋەقەسىدە ئىككى پۇتى ۋە بىر قولىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. بىراق ئۇ ئازراقمۇ ئۈمىدسىزلەنمەستىن، ئەكسىچە بىر قولى بىلەن موتوسىكلىت ھەيدەپ پۈتۈن كۈن ھەر تەرەپكە چېپىپ چارۋىچىلىق مەيدانىدىكى پائالىيەتلەرگە نازارەتچىلىك قىلىدۇ.

پەقەت تەقدىرنىڭ يىقىتىشىغا ئۇچرىغاندىلا، ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ توغرا نىشانىنى تاپالايمىز. بەزى ۋاقىتلاردا يوقىتىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل ئېرىشىش. توققۇزى تەل ئادەمنىڭمۇ مەلۇم تەرەپتە يەنە ئېرىشەلمىگەنلىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئادەملەر ئېھتىمال نىمىنىڭ ئارزۇ، غايە، كۈرەش، ئىنتىلىش ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن. ئىنتىزار بولغان غايىلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشقان چاغدىكى ھوزۇرىنىمۇ بىلمەسلىكى مۇمكىن، تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق - سوغۇقىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ باقمىغان ئادەم، قانداقمۇ يامغۇردىن كېيىنكى ھەسەن - ھۈسەندىن ھوزۇرلىنىشنى بىلسۇن؟ ئۇنىڭدىن ھاياجانلىنالىسۇن؟

يوقىتىش ئۇ ئاللىبۇرۇن ئۆتمۈشكە ئايلانغان بولىدۇ، مۇھىمى بىزنىڭ يۈرىكىمىز ئۆتمۈشتىلا توختاپ قالماسلىقى لازىم، چۈنكى ئۆتمۈشتىنمۇ مۇھىم بولغىنى ھازىر، ئەگەر سىز قولدىن كەتكەن پۇرسەتلەر ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ يۈرىۋەرسىڭىز، يەنە نۇرغۇن ياخشى پۇرسەتلەردىن ئايرىلىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە بۇ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئەمەسمۇ؟!

## تولا ئويلاۋېرىپ تېخىمۇ يوقىتىپ قويماڭ

ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ غايىسى ۋە پايدا -

مەنپەئەتى ئۈچۈن خۇددى ماشىنىغا ئوخشاش ئارام ئالماستىن ئىشلەيدۇ، ئۇلارنىڭ هاياتى ئالدىراشلىق ئىچىدە خورايدۇ. ئۇلارنىڭ روھىمۇ رەھىمسىز رىقابەت ھەم جىددىي تۇرمۇش رىتىمى ئىچىدە قۇرت يېگەن ياغاچقا ئوخشاپ قالىدۇ. تەپەككۇرىمۇ گاللىشىپ قالىدۇ.

سىزنىڭ ئېرىشكەنلىرىڭىز ھېلىمۇ ئاز ئەمەس، ئۆزىڭىزنى ئەركىن قويۇپ تۇرۇپ گۈزەل مەنزىرىلەردىن ھۇزۇرلىنىشقا ھەقلىقسىز. ئەگەر بىز توختىماي يۈگۈرۈۋەرسەك ئەتراپىتىكى گۈزەل مەنزىرىلەردىن قانداقمۇ ھۇزۇرلىنالايمىز.

لابى بىرەيلەننىڭ ناھايىتى تېز يول يۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى توختىتىپ سوراپتۇ: «سىز نېمىنى قوغلاۋاتىسىز؟» «تۇرمۇشنى قوغلاۋاتىمەن» دەپتۇ ھېلىقى كىشى ئارقىغا قاراپمۇ قويماي. «سىز تۇرمۇشنىڭ ئالدىڭىزدا ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىسىز؟» دەپتۇ لابى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سىز پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن ئالدىڭىزغا قاراپ يۈگۈرۈپ تۇرمۇشقا يېتىشىۋېلىشنى ئويلايدىكەنسىز، نېمىشقا ئەتراپىڭىزغىمۇ قاراپ قويمايسىز، سىز ئۆزىڭىزدىن تۇرمۇشنىڭ زادى قەيەردە ئىكەنلىكىنى سوراپ باقتىڭىزمۇ؟ بەلكىم تۇرمۇش كەينىڭىزدىن سىزنى قوغلاپ كېلىۋاتقاندۇ، پەقەت كۆڭلىڭىز تىنچ بولسىلا تۇرمۇش سىز بىلەن بىللە بولىدۇ، سىز قانچە تېز يۈگۈرگەنسېرى تۇرمۇشتىن شۇنچە يىراقلىشىسىز.»

ئادەم بەزىدە جىمجىت ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە نېمە ئۈچۈن قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىش كېرەك، ئەڭ دەسلەپتە ھەممىمىز گۈزەل تۇرمۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز، لېكىن بىز بارغانسېرى بۇ مەقسەتنى ئۇنتۇپ قېلىپ مېخانىكىلىق ھالدا ئاڭسىزلارچە ئالدىغا ئىنتىلىمىز. مۇشۇ جەرياندا روھىمىز قۇرۇقدىلىنىپ، كۆز ئالدىمىزدىكى گۈزەل مەنزىرىلەرمۇ بىزنى جەلپ قىلالمايدۇ.

خىزمەت كىشىلىك تۇرمۇشتا ناھايىتى مۇھىم، بىراق بىر ئادەم خىزمەت قىلىشنىلا بىلىپ ئارام ئېلىشنى بىلمىسە، ئۇ چاغدا بىز خىزمەت ۋە ۋاقىتنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالىمىز.

بۇرۇن بىر ئادەم خىزمەت ۋە سالامەتلىكتە نەتىجە قازانغان بىر زاتتىن سوراپتۇ: «سىز ئېھتىمال بىر سائەت خىزمەت قىلىپ 50 ئامېرىكا دوللىرىغا ئېرىشەلىشىڭىز مۇمكىن. ئەگەر كۈندە بىر سائەت ئارام ئالالىسىڭىز، مۇشۇنداق ھېسابلىغاندا بىر ئايدا 1500 ئامېرىكا دوللىرى، بىر يىلدا 18 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى ئاز تېپىشىڭىز مۇمكىن مۇشۇنداق قىلىش ئەرزىمدۇ؟». مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھېلىقى زات خۇشاللىق بىلەن جاۋاب بېرىپ: «ئەگەر بىر كۈندە 8 سائەت دەم ئالماي ئىشلىسە 400 ئامېرىكا دوللىرى كىرىم بولۇشى مۇمكىن، بىراق مېنىڭ بەش يىللىق ئۆمرۈم قىسقىراپ كېتىشى مۇمكىن. يىلىغا 12 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى كىرىم بويىچە ھېسابلىغاندا، بەش يىلدا 60 مىڭ ئامرىكا دوللىرىنى ئاز تېپىشىم مۇمكىن. ئەگەر كۈنىگە بىر سائەتتىن كۆپرەك ئارام ئالسام، ئۇ چاغدا كۈنىگە بىر سائەتتىن ئىشلەپ تاپىدىغان 50 ئامېرىكا دوللىرىدىن زىيان تارتىشتىن سىرت، كەلگۈسى بەش يىلدىكى كۈنىگە يەتتە سائەت خىزمەت قىلىپ تاپىدىغان پۇلدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشىم مۇمكىن. مەن ھازىر 60 ياشتا، ئەگەر ۋاقتىدا ئارام ئالسام، 10 يىل ئارتۇق ئۆمۈر كۆرۈشۈم مۇمكىن. لېكىن 18 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن زىيان تارتىشىم مۇمكىن. ئويلاپ بېقىڭ، 18 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى كۆپمۇ ياكى 60 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى كۆپمۇ؟»

سوئال سورىغان ھېلىقى ئادەم لام ـ جىم دېمەستىن كېتىپ قاپتۇ، بۇ زاتنىڭ جاۋابىدىن بىزمۇ ئۇنىڭ ئەقىللىقلىقىغا قايىل بولماي تۇرالمايمىز. نۇرغۇن ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئالدىراشلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سەۋەب قىلىپ ئارام ئېلىشقا ۋاقتىم يوق دەپ قاراپ، بارلىقىنى خىزمەتكىلا ئاتىۋېتىدۇ. قارىماققا بۇ ئاقىلانىلىكتەك قىلىسىمۇ، بىراق خىزمەت بىلەن ئارامنى بىرلەشتۈرۈشنى بىلمەسلىك ئەقىلسىزلىكتۇر. بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش رىتىمى جىددىي، نۇرغۇنلىغان بېسىملارغا بەرداشلىق بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ھەر كۈنكى ئالدىراش تۇرمۇش ئادەمنى ناھايىتى چارچىتىدۇ. ئادەم بەزىدە جىمجىت ئولتۇرۇپ تەپەككۇر قىلىپ بېقىش كېرەك. مەسىلەن: يېقىنقى بىرقانچە كۈن ئىچىدىكى خىزمەت ۋە تۇرمۇشىڭىزنى ئەسلەپ بېقىپ بۈگۈنكى كۈنگە قانداق ئېرىشكەنلىكىڭىزنى ئويلاڭ، قول سېلىپ ئىشلەشتىن ئىلگىرى قايسى تەرەپلەرگە ئېتىبار بېرىشىڭىز كېرەكلىكى ھەققىدە ئەقىلگە مۇۋاپىق پىلان تۈزۈۋېلىڭ. شۇندىلا قارىغۇلارچە قاتراپ، ئىشلىگەنسېرى ھېرىپ - چارچاپ «ئېشەكنى ئۆچ تەڭگە توقۇمى بەش تەڭگە» بولۇپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ئەگەر سىز ئارام ئالماستىن ئالدىڭىزغا قاراپ چېپىۋەرسىڭىز، تۇرمۇش سىزنى چارچىتىپ قويۇشى مۇمكىن، پەقەت دائىم جىمجىت ئولتۇرۇپ ھاياتلىق ھەققىدە تەپەككۇر قىلالايدىغان ئادەملەرلا ئۆزى ئۇچرىغان ھەر خىل مەسىلىلەرنى ماھىرلىق بىلەن بىرتەرەپ قىلىپ تۇرمۇشتىن ھۇزۇرلىنىشنى بىلىدۇ.

## چېكىدىن ئاشقان جاھىللىق سىزگە تېخىمۇ كۆپ بەختسىزلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ

ئەگەر ھەرقانداق ئىش چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىلسە سىزگە ئەكسىچە نەتىجە بېرىپلا قالماستىن، تېخىمۇ كۆپ ئاۋارىچىلىكلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. بالىڭىزنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ئادەتتىكىچە، لېكىن سىز بالىڭىزنىڭ

بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆتۈشنى تەلەپ قىلىسىز، ئۇنىڭدا تېخىمۇ جىددىيلىشىپ ئۆگىنىشكە نىسبەتەن بىزار بولۇش پسىخىكىسى تۇغۇلۇپ، نەتىجىدە ئادەتتىكى تولۇق كۇرس، ھەتتا مەخسۇس كۇرس مەكتەپلىرىگىمۇ ئۆتەلمەسلىكى مۇمكىن.

ئازراقمۇ نوتا بىلمەيدىغان ھەم مۇزىكىغا قىلچىمۇ قىزىقمايدىغان بالىنى جاپالىق پىيانىنو مەشىق قىلىشقا مەجبۇرلاپ، پىيانىنو ئۇستىسى بولۇشنى تەلەپ قىلىسىز، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ ئازابلارنى ئېلىپ كېلىسىز. بەزىدە بىز ئۆگىنىشىمىزنىڭ تەبىئىي ئوخشۇشلۇق بولۇشىغا ئېھتىياجلىق، لېكىن ۋاز كېچىشنىمۇ ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك.

بىر قىز مۇھەببەتتە ئوخشۇشسىزلىقتا ئۇچراپتۇ. مۇھەببەتلەشكىلى تۆت يىلدىن ئاشقان چاغدا ئوغۇل دوستى تۇيۇقسىز قىزغا ئايرىلىپ كېتىش تەكلىپىنى قويۇپتۇ. قىز ئوغۇل دوستىنىڭ تۇرلۇك بۇزۇلماس ۋەدىلىرىنى ئويلاپتۇ. ئوغۇل دوستى ئەينى ۋاقىتتا ئۇنى بىر ئۆمۈر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىكەن. قىز ئوغۇل دوستىنىڭ ئۆزىگە دېگەن شېرىن ـ شېكەر سۆزلىرىنى يەنە ئەسلەپتۇ: «قوزام، سىز مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغىنىم، سىزنى باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا قاراپ تۇرمايمەن...». بۇ ۋەدىلەرنىڭ دېيىلگىنىگە تېخى ئەمدىلا تۆت يىل بولدىغۇ؟ ئەمدى بۇ ۋەدىلەر نېمىشقا ئىس ـ تۈتەكتەك غايىب بولۇپ كېتىدۇ؟

قىز ھەر كۈنى ياش تۆكۈپ ئوغۇل دوستىنىڭ ئايرىلىپ كەتمەسلىكىنى ئۆتۈنۈپ، ئۇنىڭغا تېلېفون ئۇرۇپتۇ. ئوغۇل ئالماپتۇ. قىز ئۇنىڭغا قىسقا ئۇچۇر يوللاپتۇ. لېكىن ئۇ قايتۇرماپتۇ. كېيىن ئوغۇل تۇيۇقسىز تېلېفون نومۇرىنى

ئالماشتۇرۇۋەتتى. قىز سەۋدايىلارچە ئۇنى ھەر تەرەپتىن ئىزدەپتۇ. كېيىن قىز ئۇنىڭ خىزمەتتىن ئىستىپا بەرگەنلىكىنى، بۇرۇنقى ئۆيىدىنمۇ كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى، ھەتتا دوستلىرىنىڭمۇ ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ. ئوغۇل ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولغان ئىكەن.

قىز ئۇنى مۇشۇنداقلا يوقىتىپ قويۇشنى خالىماپتۇ. ئۇ قەتئىيلىك بىلەن خىزمەتتىن ئىستىپا بېرىپ چەكسىز ئازاب دېڭىزىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. بىر كۈنى قىزنىڭ دوستى ئۇنىڭغا ئوغۇلنىڭ بىر قىز بىلەن ئاشخانىدا شۇنداق قىزغىن ھالدا ئولتۇرغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. قىزنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپتۇ. ئوغۇلغا قاتتىق نەپرەتلەنگەن ھالدا: «مەن ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالىمەن» دەپ ۋارقىراپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ، تاماكا چېكىشكە، ھاراق ئىچىشكە ئادەتلىنىپتۇ. لېكىن ئۇ بۇنىڭدىن ھېچقانداق خۇشاللىقنى ھېس قىلماپتۇ. ئەكسىچە تېخىمۇ ئازابقا پېتىپتۇ.

ۋاز كېچىشنى بىلمەسلىك بەزىدە بىزنى تېگى يوق ھاڭغا ئىتتىرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ياخشى كۆرۈشنىڭ توغرا ـ خاتاسى يوق. ئۇ سىزنى ياخشى كۆرگەندە مەقسىتىنى ئاشكارىلايدۇ. ئوخشاشلا سىزگە ئەجىر قىلىدۇ ھەم سىز ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدۇ. ئايرىلغان چاغدىمۇ سىزگە ئالاكۆڭۈللۈك قىلمايدۇ. ئەگەر سىزنى ئەزەلدىن ياخشى كۆرمەيدىغان بىرسىنى يېنىڭىزدا قېلىشقا مەجبۇرلىسىڭىز، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغاندىنمۇ بەكرەك ئازابقا قالىسىز. ئەگەر سىز بىرسىنى ياخشى كۆرمىسىڭىز، ۋاز كېچىڭ، باشقىلارنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈشىگە پۇرسەت بېرىڭ. ئەگەر سىز ياخشى كۆرگەن ئادەم سىزدىن ۋاز كەچسە، ئۆزىڭىزنى ئەركىن تۇتۇڭ. ئۆزىڭىزگە باشقىلارنى ياخشى كۆرىدىغان پۇرسەت

بېرىڭ. ئايرىلغان چېغىڭىزدا ئۆزىڭىزدىن ئەستايىدىللىق بىلەن سوراپ كۆرۈڭ: «يەنىلا ئۇنى ياخشى كۆرەمسىز؟» ئەگەر ياخشى كۆرسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ غۇرۇرى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلىڭ. ئەگەر ئۇنى يەنىلا شۇنچىلىك ياخشى كۆرسىڭىز، ياخشى كۆرۈشنىڭ ئىگىلىۋېلىش ئەمەس، بەلكى قارشى تەرەپكە بەخت ئاتا قىلىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك. سىز ياخشى كۆرگەن ئادەم كەينىڭگە بۇرۇلۇپلا سىزدىن ئايرىلىشنى ئېيتقاندا، سىزمۇ كەينىڭىزگە بۇرۇلۇشنى ئۆگىنىپ قويۇڭ. بارلىق ئازابلىرىڭىزنى كەينىڭىزگە چۆرىۋېتىڭ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئازابلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ، يېڭى تۇرمۇشىڭىزنى باشلىۋېلىڭ.

چېكىدىن ئاشقان جاھىللىقنىڭ نەتىجىسى پەقەت سىزگە تېخىمۇ چوڭ زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىز ۋاز كېچىشكە قىيالىساقلا نۇرغۇن مەسىلىلەر ئۆزلۈكىدىن ھەل بولىدۇ. پەقەتلا كۆڭلۈلدىكى كىچىككىنە نارازىلىق ئۈچۈن كۆپچىلىك بىردەك بۇ ئەمەلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. ھەتتا زور بەدەل تۆلەشتىن، كۆپ زېھنىنى سەرپ قىلىشتىن ئايانمايدۇ. قەيەستىكى ئازابقا چىداشقا رازىكى، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ چىقىشنى خالىمايدۇ.

ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ئارزۇيىمىز ئۈچۈن جاھىللىق قىلمىغاندىلا، ئۆزىمىزگە توغرا قاراپ، تېخىمۇ رەڭدار كىشىلىك ھاياتقا ئېرىشەلەيمىز.

يازغۇچى سۇخېر: «ئەزەلدىن پېشانىمىزگە پۈتۈلمىگەن بەختسىزلىك بولسا ــــ ئۆلسىمۇ ۋاز كەچمەيدىغان جاھىللىقتىن ئىبارەت» دېگەن ئىدى. ئەگەر سىز ۋاز كېچىشنى خالىمىسىڭىز، پەقەتلا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان جاراھەت، ئۆزىڭىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەرىپىدىن توختىماستىن تاتلىنىپ ھەرگىز ساقايمايدۇ. ئەكسىچە سىيىشنى تېخىمۇ تېزلىتىۋېتىدۇ. ۋاز كېچىش بولسا ھەرقانچە چوڭقۇر بولغان جاراھەتنىمۇ ساقايتىۋېتىدۇ.

## ھەرگىز ئاغرىنماڭ، سىز ناھايىتى بەختلىك

بىز ھەمىشە ئۆزىمىزنىڭ بەختسىزلىكىمىزدىن ئاغرىنىمىز. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ ئۆزىمىزنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىگە سەل قارىغىنىمىز. شوپىنخاۋېر شۇنداق دېگەن: «بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىگە بولغانلىرى ھەققىدە ناھايىتى ئاز ئويلىشىمىز، ئويلايدىغىنىمىز ھەمىشە ئىگە بولالمىغىنىمىز ھەققىدە بولىدۇ.» خۇشاللىق ھەمىشە تۇرمۇشنىڭ ئۇششاق ھالقىلىرىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. خۇشاللىق ئۇ بايلىق ئەمەس، ھوقۇق ھەم كۈچمۇ ئەمەس، بەلكى ئاكتىپ ھالدا يۇقىرىغا ئىنتىلىدىغان ساغلام يۈرەكتىن ئىبارەت.

رېيبوكتىن بەزىلەر شۇنداق سورىغان: «سىز تىنىچ ئوكياندا ئېزىپ قېلىپ ھەمراھلىرىڭىز بىلەن 12 كۈن سالدا لەيلەپ يۈرگەندە ھېس قىلغان ئەڭ مۇھىم نەرسە نېمە؟» ئۇ جاۋاب بېرىپ: «مەن شۇ قېتىملىق ئىشتىن شۇنداق تەجرىبە ـ ساۋاق ئالدىمكى، ئەگەر سىزنىڭ يېتەرلىك پاكىز سۈيىڭىز، يېمەكلىكىڭىز بولسىلا باشقا نەرسىلەرگە تەلپۈنۈپ ئاغرىنماسلىقىڭىز كېرەك ئىكەن» دېگەن.

بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا، بىر ئەسكەرنىڭ گېلى بومبا پارچىسى تېگىپ زەخىملىنىپ يەتتە قېتىم قان سالغان، ئۇ دوختۇرغا خەت يېزىپ: «مەن ياشىيالايمەنمۇ؟» دەپ سورىغان. دوختۇر «ھەئە» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ دوختۇرغا يەنە خەت يېزىپ: «مەن گەپ قىلالامدىم؟» دەپ سورىغان. دوختۇر ئۇنىڭغا يەنە باش لىڭشىتىپ «ھەئە» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئاخىرقى بىر

پارچە خېتىدە: «ئۇنداقتا ھېچنېمىدىن ئەنسىرىمىسەممۇ بولىدىكەن» دەپ يازغان.

كۆپ ھاللاردا بىزنىڭ قىسمەتلىرىمىز يۇقىرىقى ئىككى مەسىلىگە باغلانغان: مەسىلىگە سىلىشتۇرغاندا تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىشلاردۇر. ئۇنداقتا بىز يەنە نېمىدىن ئەنسىرەيمىز. يەنە مەن بەختىسىز دەپ زارلىنىشىمىزنىڭ نېمە ئاساسى بار. بەزىلەر ئازراقلا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا تەڭرىنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن ئاغرىنىدۇ. ئۇلار كۆپلىگەن داڭلىق شەخسلەرنىڭمۇ نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغىنىنى بىلمىسە كېرەك. بۇلارغا سېلىشتۇرغاندا بىز يەنە تولىمۇ بەختلىك ...

ئەنگلىيەلىك يازغۇچى يوھان كىرەش ياش ۋاقتىدا جاپالىق ئىزدىنىپ نۇرغۇن ئەسەر يازغان، دەسلەپتە ئۇ ئەۋەتكەن 743 پارچە ئەسەر ئېلان قىلىنماي بىردىن ـ ئىككىدىن قايتىپ كەلگەن. ئۇ بۇ زەربىدىن قىلچە ئۈمىدسىزلەنمىگەن. چۈنكى ئۇ ئەڭ ئېغىر زەربىنىڭ ئارگىناللىرىنىڭ قايتۇرۇۋېتىلىنىشى ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ نۇرغۇن كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان تەجرىبىگە ئىگە ئىدى. ئەگەر ئۇ بولدى قىلسا ئىلگىرى قايتۇرۇۋېتىلگەن بارلىق ئارگىنالنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى بولمايتتى. ئەگەر ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇتۇق قازانسا، قايتۇرۇۋېتىلگەن ئارگىنالى قايتىدىن ئەھمىيەتكە ئىگە بولاتتى، ئۇنىڭدا مۇشۇنداق بىر پىكىر بولغاچقا، ئۇ ئۇتۇق قازىنالىدى.

پاسسىپ شارائىت ئەڭ قاتتىق قول ھەم ئەڭ ئالىيجاناب ئوقۇتقۇچىدۇر، ئۇ قاتتىق قوللۇق بىلەن مەشھۇر تالانت ئىگىلىرىنى تەربىيەلەپ چىقىدۇ. ئۇ كىشىلەرنى ئۆتكۈر تەپەككۇر قىلالايدىغان ياكى زور ئۇتۇق قازىنالايدىغان جاپا ۋە

ئوڭۇشسىزلىقتىن قورقمايدىغان قىلىپ تەربىيەلەيدۇ. ئوڭۇشسىزلىقلار ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئادەملەر ئەڭ كەسكىن، ئېھتىياتچان، چىدامچان، قىيىنچىلىقتا باش ئەگمەيدىغان جاھىل كېلىدۇ. ھەقىقىي قەيسەر كىشى ئوڭۇشسىزلىقتا ھەرگىز باش ئەگمەيدۇ. باشقا كەلگەن كۈلپەتلەردىن ئىچى تىتىلدايدىغان، تەقدىرنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن زارلايدىغان كىشلەرگە رەھىمسىز تەقدىر ھەرگىزمۇ غەمخورلۇق قىلمايدۇ.

ئەنگلىيەدىكى نۇرغۇن چېركاۋلارغا «كۆپ ئويلاڭ»، «كۆپ مىننەتدار بولۇڭ» دېگەن خەتلەر ئويۇلغان. بۇ ئىككى جۈملە سۆز ھەربىرىمىزنىڭ يۈرىكىگە ئويۇلۇپ كەتسۇن. «كۆپ ئويلاڭ»، «كۆپ مىننەتدار بولۇڭ»، مىننەتدار بولۇشقا تېگىشلىك ئىشلارنى كۆپ ئويلاڭ، سىز ئېرىشكەن بارلىق نەرسىلەرنى مىننەتدارلىق ئىلكىدە ئەسلەڭ.

تۇرمۇش بىزنى ئاللىقاچان نۇرغۇن نەرسە بىلەن تەمىن ئەتتى. بىز يەنە نېمىدىن ئاغرىنىمىز؟ ناچار تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان كىشلەرنى ئويلاپ بېقىڭ، شۇ چاغدىلا بىز ئۆزىمىزنىڭ تولىمۇ بەختلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. كېسەل كارىۋىتىدىكى كىشلەرنى ئويلىغىنىمىزدا، ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ ساغلام تېنىمىزنىڭ قەدرىگە يېتىمىز. بەخت ئىشكىنى ئىزدەپ يۈرمەڭ، چۈنكى سىز ئاشۇ بەخت ئۆينىڭ ئىچىدە.

## قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا چېكىنىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئەقىل - پاراسەت

ھەمىشە ئىنتايىن ئېغىر جاھىللىق ئىچىدە ياشاشمۇ ياخشى ئىش ئەمەس. قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش بولسا ئارزۇنى ئەمەلگە

ئاشۇرۇشنىڭ شەرتى، ئەمما ماھىيەتلىك شەرتى ئەمەس. قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا چىكىنىشنىڭ ئۆزىمۇ بەزىدە باتۇرلۇقتەك، بەزىدە ھاماقەتلىكتەك كۆرۈنىدۇ. نۇرغۇن ۋاقىتتا چېكىنىشنىڭ ئۆزى بىر خىل ئەقىل ـ پاراسەتتۇر.

شۈيدۈن ئۆزى ئىگىلىك تىكلەشنى ئويلىغان، ئەمما بىرقانچە قېتىم ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولغان. بىر قېتىملىق چوڭ مەغلۇبىيەت سەۋەبىدىن ئايالى ئۇنى تاشلاپ كەتكەن. ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق بىر ئەتىگىنى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بىر تال ئارغامچىنى ئېلىپ ئۆلىۋېلىش ئۈچۈن ئورمانلىققىمۇ كەلگەن. ئۇنىڭ ياشاشقا نىسبەتەن قىلچىلىك ئۈمىدى قالمىغان. شۈيدۈن يوغان بىر تۈپ گىلاس دەرىخىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئارغامچىنى دەرەخ شېخىغا ئىلماقچى بوپتۇ. بىراق بىرقانچە قېتىم تاشلىغان بولسىمۇ ئارغامچا دەرەخكە ئىلىنماپتۇ. ئۇ چۈشكۈنلەشكەن ھالدا: «ئەجەبا تەڭرى مۇشۇ ئىشتىمۇ مېنى مۇرادىمغا يەتكۈزمەمدىغاندۇ؟» دەپتۇ. ئۇنىڭ بىرئاز ئاچچىقى كەپتۇ ـ دە، دەرھال دەرەخكە يامىشىشقا باشلاپتۇ. دەرەخ شېخى گىلاس مېۋىسىگە لىق تولغان بولۇپ، قىزىرىپ چاقناپ تۇرغان گىلاسلارنى كۆرگەن شۈيدۈن ئىختىيارسىز ھالدا بىر تال گىلاس ئۈزۈپ تەمىنى تېتىپتۇ. پاھ! نېمىدېگەن تاتلىق ـ ھە! ئۇيەنە بىرنى ئۈزۈپ يەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ يەپ تويمايدىغان كىچىك بالىدەك قىزىل گىلاسلارنى يەۋېرىپ تاتلىق تەمىدىن ھوزۇرلىنىپتۇ. قۇياش چىقىپ ئالتۇن نۇرلىرىنى ھەر تەرەپكە چاچقاندا، نۇرغا چۆمۈلگەن يوپۇرماقلار ئىللىق شامالغا ئەگىشىپ شىلدىرلىغاندىلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۈمىد نۇرلىرى چاقناپتۇ. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قەلبىدە ھېچ چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر بەخت تۇيغۇسى قوزغىلىپ، تۇنجى قېتىم كىچىك ئورماننىڭ شۇنچىلىك گۈزەل ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بىر نەچچە باللار دەرەخ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ئۆزلىرىگە گىلاس ئۈزۈپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. شۇيدۇن كۈلۈمسىرىگىنىچە باللارغا شاخنى ئىرغىتىپ بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ خۇشال هالدا گىلاسلارنى تېرىپ، ئويناقلىغانچە سەكرىشىپ مەكتەپكە كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ كۆڭلى ئېچىلىپ قاپتۇ. باللارنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، تۇرمۇشتا يەنە ئادەملەرنى خۇشال قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلارنىڭ بارلىقىنى، يەنە ئاشۇ گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ئۇنىڭ هوزۇرلىنىشىنى كۈتىۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ. ئۇ ئۆز - ئۆزىدىن: «مەن نېمە ئۈچۈن بۇنچە بۇرۇن هايات يولۇمدىن ۋاز كەچكۈدەكمەن؟» دەپ سوراپتۇ. ياق مەن ياشىشىم كېرەك. ئۇ ئاخىرى هەممە ئىشلارنى ئىدىيەسىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئارغامچىنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيگە قايتىپتۇ. كېيىن ئۇ مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەش نىيىتىدىن ۋاز كېچىپ، بىر ئىنتېرنېت شىركىتىدىن خىزمەت تېپىپتۇ. هەربىر كۈنىنى ئالدىراش هەم مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

هايات بەئەينى ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان پويىزغا ئوخشايدۇ. يول ياقىسىدىكى نۇرغۇن مەنزىرىلەر بىزنىڭ كۆڭۈل بېرىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. ئوخشاش بىر ئىشتا خاتالاشسىڭىز هەمدە شۇ ئىشتا كەينى - كەينىدىن مەغلۇپ بولغىنىڭىزدا، مۇشۇ مەزگىلدە گۈزەل مەنزىرىلەردىن هوزۇرلىنالمىغىنىڭىز ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ ياش تۆكمەسلىكىڭىز كېرەك. چۈنكى كۆرۈش نۇقتىڭىزنى ئالماشتۇرۇپ قاراپ باقسىڭىزلا ئاندىن ئالدىڭىزدا گۈزەل مەنزىرىلەرنىڭ سىزنىڭ هوزۇرلىنىشىڭىزنى ساقلاۋاتقانلىقىنى بايقايسىز. هەر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ۋاقىتتا، ئاچچىقتىن پۇشايمان ياشلىرىنى تۆكۈش، ئۆزىڭىزگە تايىنىپ باشقا بىر ئىشتىن پۇرسەت يارىتىشىڭىزغا يەتمەيدۇ. ئەگەر سىز بايقىيالىسىڭىزلا هەممە يەرنى پۇرسەت

قاپلىغان بولىدۇ. بىرلا يولغا كىرىۋېلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق.
گېئور ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇقىغا تەيىنلەنگەن، ئەمما 1988 - يىلىدىكى دېموكراتىك زۇڭتۇڭ سايلىمىدا مەغلۇپ بولغان، 2000 - يىلى كىچىك بوش ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولۇپ سايلانغان. ئەڭ ئاخىرقى نەتىجە ھەممىگە مەلۇم. گېئور يەنە سايلامدا مەغلۇپ بولغان. ئەينى ۋاقىتتا مۇخبىر گېئوردىن 2008 - يىللىق زۇڭتۇڭ سايلىمىغا قاتنىشىدىغان ياكى قاتناشمايدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ ناھايىتى خاتىرجەم ھالدا: «مەن سىياسىي قىزغىنلىقتىن ئاللىبۇرۇن ۋاز كەچتىم» دېگەن.
مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر مۇشۇنداق ئوڭۇشسىزلىقنى بېشىدىن كەچۈرسە، چوقۇم كۆڭلىدە غۇم قالىدۇ. ئەمما گېئور ئىنتايىن خاتىرجەم ھالدا پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلىگەن ھەمدە كۆزىنى ئىنسانلار مۇناسىۋەتتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان يەرشارى مۇھىت مەسىلىسىگە قاراتقان. پۈتۈن زېھنىنى مۇھىت قوغداشقا ھەمدە پۈتۈن يەرشارىدىكى خەلقلەر بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپ ئىنسانلارنىڭ ياشىشىغا تەھدىت بولىۋاتقان پارنىك ئېففېكتى مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ھەل قىلىشقا چاقىرغان.
يەتتە يىلدىن بېرى ئۇ نەچچە مىڭ قېتىم نۇتۇق سۆزلەيدۇ، يەرشارى مۇھىت ئاسراشقا دائىر نۇرغۇنلىغان سۈرەتلەرنى تارتىدۇ. يەنە مۇھىتقا ئالاقىدار كىتابلارنى نەشر قىلىپ چىقىرىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەرگە پارنىك ئېففېكتىنىڭ تەسىرىنى چۈشەندۈرىدۇ. دەسلەپتىكى چاغلاردا ئۇنىڭ بۇ خىزمىتى ئىنتايىن جاپالىق بولۇپ، ئۇ نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرايدۇ. يەنە ئۇنىڭغا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ قارا چاپلىشىغا ھەم ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. ئەمما ئۇ بۇ ئىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ خىل قىيىنچىلىق ئۇنىڭ ئىنسانىيەت

ۋە يەرشارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىشىدەك قىزغىنلىقىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

دائىم سايلامدا مەغلۇپ بولىدىغان بۇ نامزات، ئاخىرى ياشاش يولىنى ئۆزگەرتىپ، ئاخىرى نەچچە يىلدىن بېرى سەرپ قىلغانلىرىنىڭ جاۋابىغا ئېرىشىدۇ، ناھايىتى كۆپ كىشىلەر ئۇنىڭ ئاكتىپ تەسىرىدە، ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، يېنىدىكى كىچىك ئىشلاردىن باشلاپ، ئۇنىڭ مۇھىت قوغداش ئىشلىرىنى قوللايدۇ. گېئورمۇ ئاخىرى نوبېل مۇكاپاتىنى باھالاش ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشىدۇ.

نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن كېيىن مۇخبىر ئۇنىڭدىن: «سىز يەنە ئامېرىكا زۇڭتۇڭ سايلىمىغا قاتنىشامسىز؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «دۇنيادا زۇڭتۇڭ بولۇشتىنمۇ ئۇلۇغ ئىشلار بار تۇرسا، مەن يەنە نېمىشقا ئاشۇ يولغىلا ئېسىلىۋالغۇدەكمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە داۋاملاشتۇرۇش روھى ئىنتايىن قىممەتلىك، ئەمما پايدا ـ زىياننى ئېنىق ئايرىماي، پەقەت باش چۆكۈرۈپلا ئىشلىسەك، ئەڭ ئاخىرقى نەتىجە يەنىلا مەغلۇبىيەت بولۇشى مۇمكىن. مۇۋاپىق ۋاقىتتا توختىتىپ قويۇشنى بىلگەندە، ۋاز كېچىشنى ئۆگىنىۋالغاندا، ئاندىن ئالدىڭىزدا تېخىمۇ داغدام يولنىڭ سىزنى كۈتىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيسىز.

## بەختىڭىزنى ھېسابلاپ بېقىڭ

نۇرغۇن ۋاقىتلاردا بىز ئېرىشكەنلىرىمىزنىڭ ئىنتايىن ئاز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. چۈنكى بىز پەقەت ئۆزىمىزدە يوق نەرسىلەرنىلا كۆرىمىز، تېخىمۇ كۆپ ۋاقىتلاردا بىز ھەمىشە

ئاچچىقلاپلا يۈرىمىز. ئۆزىمىزنى بەختسىزدەك ئويلاپ قالىمىز. چۈنكى بىز ئۆزىمىزنىڭ بەختىنى ھېسابلاشنى بىلمەيمىز.

50 ياشتىن ئاشقان بىر ئادەم ناھىيە بازىرىغا بىر كۈندىلىك بۇيۇملار دۇكىنى ئېچىپتۇ. ئۇ 30 يىل ئىلگىرى بىر چەت يېزىدىن بۇ يەرگە كەلگەن بولۇپ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە شۇنچە يىللار ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ خېرىدارلارغا بولغان مۇئامىلىسى ئىنتايىن قىزغىن بولغاچقا، بازاردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ نەرسە سېتىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ سودىسىمۇ ئىنتايىن ياخشى ئىكەن.

دۇكاندار پەقەت نەچچە يىللا مەكتەپتە ئوقۇغان بولۇپ، ھېساب ئىشلىرىغا پۇختا ئەمەسكەن. گەرچە دۇكان كېڭەيگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا بۇرۇنقى ھېسابلاش ئۇسۇلى بىلەن ھېسابات قىلىدىكەن. پۇل چېكىنى سېرىق رەڭلىك بىر لىپاپىنىڭ ئىچىگە سالىدىكەن. قەغەز پۇلنى بوش تاماكا قۇتىسىنىڭ ئىچىگە سالىدىكەن. ھەتتا ۋاقتى توشقان كونا ھېسابات تالونلىرىنىمۇ ئۇ شۇنىڭ ئىچىگە قىسىپ قويىدىكەن.

دادىسىنىڭ ھېسابات خاتىرىسى بىلەن ھېساب قىلىشقا كۆنەلمىگەن ئۈچىنچى ئوغۇل بىر قېتىم دادىسىدىن سوراپتۇ: «دادا،سىز ئادەتتە قانداق ھېساب يازىسىز؟ سىز زىيان تارتىشتىن قورقمامسىز؟ سىز ئەسلىدىلا كىرىم بىلەن چىقىمنى ھېسابلىمايدىكەنسىز، مەن ئورنىڭىزدا بىر تۈرلۈك زامانىۋى بوغالتىرلىق سىستېمىسى لايىھەلەپ بېرەيمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. دادىسى كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئۇنداق قىلىش ھاجەتسىز بالام، داداڭنىڭمۇ كۆڭلىدە سان بار» دەپتۇ، ئوغلى يەنىلا چۈشەنمەي: «ئۇنداقتا سىز پايدا بىلەن تەننەرخنى قانداق ھېسابلايسىز؟» دەپ سوراپتۇ. دادىسى ئوغلىغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ يەنە: «مەن كىچىكىمدە يېزىدا تۇرمۇش كەچۈرگەن، ئائىلىدىكىلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرمۇشى ئىنتايىن جاپالىق ئىدى. دادام ۋاپات بولۇشىنىڭ ئالدىدا پەقەت بىر خىزمەت ئىشتىنى بىلەن بىر ئاياغنى ماڭا قالدۇرغان، كېيىن مەن يېزامدىن ئايرىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ تىرىشچانلىقىمغا تايىنىپ يېتەرلىك پۇل يىغىپ مۇشۇ تۇرلۇك ماللار دۇكىنىنى ئاچتىم، كېيىن ئاناڭ بىلەن تونۇشۇپ توي قىلدۇق ھەمدە سىلەر ئۈچىڭلار دۇنياغا كۆز ئاچتىڭلار، بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى ئىنتايىن بەختلىك ھېسلارغا باشلايدۇ. ئاكاڭ ئادۋوكات، ئاچاڭ مۇھەررىر بولدى. سەن بولساڭ بوغالتىر بولدۇڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر تۇرىۋاتقان ئۆيىمىز بۇرۇنقىدىن نەچچە يۈز ھەسسە ياخشى بولۇپلا قالماي، يەنە مەن تۇرلۇك ماللار دۇكىنىنىڭ غوجايىنى بولدۇم، — ئۇ بىر ئاز توختاپ دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، — مېنىڭ تەننەرخ بىلەن پايدىنى ھېسابلاش ئۇسۇلۇم ئىنتايىن ئاددىي، يەنە ھەممىسىنى قوشۇپ ئارقىسىدىن يەنە ھېلىقى دادام ماڭا مىراس قالدۇرغان ئىشتان بىلەن ئاياغنى ئېلىۋېتىمەن». دادىسىنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئاڭلاپ ئوغلى ئاخىرى دادىسىنىڭ ئۇسۇلىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ.

نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ھەر خىل ئاماللارنى ئويلاپ تېپىپ بەختكە ئېرىشىشنى ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە بەخت بىزنىڭ قېشىمىزدىلا، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئەڭ مۇھىم ھالقا بولسا، بىز ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلالىدۇقمۇ ـ يوق؟ بەختنى ھېسابلاش ئۇسۇلىنى بىلەلىدۇقمۇ ـ يوق؟ دېگەندەك، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، كۆز نۇرىڭىزنى ئۆزىڭىزنىڭ ئۈستىگە قارىتالىغاندا، ئاندىن سىز ئۆزىڭىزدە بەختنىڭ قىلچىمۇ كەم ئەمەسلىكىنى بايقايسىز.

بىر كىچىك ئوغۇل بالىنىڭ ئائىلىسى ئىنتايىن نامرات ئىكەن، مىجەزىمۇ ناھايىتى ئوسال بولۇپ، دائىم باشقىلار بىلەن

ئۇرۇشۇشنى ياخشى كۆرىدىكەن، بىر قېتىم ئۇ يەنە ئۇرۇشۇپ ئۆيگە كەلگەندە ئانىسى ئۇنى قاتتىق تەنقىدلەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاچچىقلانغانچە ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ چىركاۋغا كېلىپ كۆڭلىدىكىنى يوشۇرماستىن پوپقا سۆزلەپ بېرىپتۇ. پوپ ئىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا: «سەن هازىرنىڭ ئۆزىدە ئۆيۈڭگە قايتىدىغان يۆنىلىشتە ماڭ، يول بويى ئۇچرىغان ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ ماڭ، ئەگەر سەن ئىشىكنى ئۈچ قېتىم چەككۈچە ساڭا بىرەرسى ئىشىك ئېچىپ بەرسە، شۇ كىشى سېنىڭ قەلبىڭدىكى هەرقانداق ئارزۇلىرىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدۇ» دەپتۇ. كىچىك بالا بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۇنداق خۇشال هالدا ئۆيىگە قايتىدىغان يولغا چۈشۈپ مېڭىپتۇ. ئۇنىڭغا يول بويىدا تۇنجى بولۇپ بىر دېهقاننىڭ ئۆيى ئۇچراپتۇ، ئۇ دەرهال ئىشىك ئالدىغا كېلىپ دېهقاننىڭ ئىشىكىنى ئۈچ قېتىم چېكىپتۇ، ئەمما هېچكىم ئىشىكنى ئاچماپتۇ، ئۇ يەنە بىرقانچە قېتىم چەككەندىن كېيىن ئاندىن ئۆيئىچىدىن «كىم» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ گەپ - سۆزسىز كېتىپ قاپتۇ. ئۇ يەنە ئىككىنچى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئۈچ قېتىم چېكىپتۇ، ئاۋۋالقىدەك هېچكىم ئىشىكنى ئاچماپتۇ. خېلى ۋاقىتتىن كېيىن ئىنتايىن ئېزىلەڭگۈ ئېيتىلغان «ئەتە كېلىڭ، بىز ئاللىقاچان ئۇخلاپ قالدۇق» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپتۇ. بالا بىرئاز ئۈمىدسىزلىنىپتۇ. ئۇ يەنە بىردەمدە بىر سودىگەرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەپتۇ. كۆڭلىدە: «بۇلار سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، چوقۇم ناهايىتى تېزلا گەپ - سۆزسىز ئىشىكنى ئاچىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ. ئەمما ئۇ ئىشىكنى بەش - ئالتە قېتىم چەككەندىن كېيىن ئۆيئىچىدىن «نېمە سېتىۋالماقچى ئىدىڭىز» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپتۇ - دە، يەنىلا جىمجىت كېتىپ قاپتۇ.

يول بويى ئۇ نۇرغۇن ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىنى چېكىپتۇ، ئەمما ئۈچ قېتىم ئىچىدە ھېچكىممۇ ئىشىكنى ئاچماپتۇ. ئۇ ئۈمىدسىزلىنىپ ئاچچىقلىنىپتۇ ھەم پوپنىڭ دېگەن گەپلىرىدىن گۇمانلىنىشقا باشلاپتۇ. ئۇ بېشىنى ساڭگىلاتقانچە مېڭىپ ئۆزىمۇ سەزمەستىن ئۆز ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاللىقاچان تۈن يېرىملاشقان بولۇپ ئۇ دەككە - دۈككە ئىچىدە ئاستا قولىنى ئىشىككە ئاپىرىپتۇ، بىراق ئاتا - ئانىسىغا قانداق يۈزلىنىشنى بىلەلمەي ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ بىرھازا جۈرئەت قىلالماي تۇرغاندىن كېيىن ئاستا ئىشىكنى خۇددى ئۆزى ئاران ئاڭلىيالىغۇدەك يېنىك بىرنى چېكىپتۇ، ئۇ تېخى ئەمدىلا چېكىپ تۇرۇشىغا دەرھال ئىشىك ئېچىلىپ ئانىسى چىقىپ كەپتۇ، ئانا ئوغلىنى كۆرۈپلا يىغلىغانچە ئۇنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ: «ئوغلۇم، ئاخىرى قايتىپ كەلدىڭ» دەپتۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا بۇ بالا پوپنىڭ دېگەنلىرىنى چۈشىنىپتۇ، كېيىن ئۇ تارىختا نامى مەشھۇر قوماندانغا ئايلىنىپتۇ. ئۇنىڭ ئىسمى ناپولېئون ئىدى.

ئاشۇ قولىمىز بىلەن بىۋاسىتە تۇتۇپ سېزەلمەيدىغان بەخت ئەسلىي ئۆز يېنىمىزدىلا بولسىمۇ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالىدۇ. سىز ئۈمىدسىزلەنگەندە، ئازابلانغاندا، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، ئۆزىڭىزدە بار بولغان نەرسىلەرنى ئويلاڭ، شۇندىلا سىز ئۆز تۇرمۇشىڭىزنىڭ ئۇنچىلىك ناچار ئەمەسلىكىنى بايقايسىز.

## بەخت ئۆز ئالقىنىڭىزدا

*بەخت يوشۇرۇن بولىدۇ، ھېسسىياتسىز ئادەم ھەمىشە ئۇنى كۆرەلمەيدۇ، ھەمىشە ئۇنى ئۆزىدىن يىراقتەك ھېس قىلىدۇ، پەقەت ھېس قىلالايدىغان ۋە مىننەتدار بولۇشنى بىلىدىغان كىشىلەرلا، ئاندىن ھەر ۋاقىت بەختنىڭ يۈرىكىنى سېزەلەيدۇ.*

## بەخت ھېس قىلىشقا موھتاج

ئەمەلىي تۇرمۇشىمىزدا، ئاچچىقلىنىدىغان ۋاقتىمىز ھەمىشە بەختلىك چاغلىرىمىزدىن كۆپ دېيەرلىك، ئۇنداقتا بەخت دېگەن نېمە؟ بەخت — ئۆزىمىزدىكى بىر خىل سەزگۈ، بىر خىل ئىنتىلىش، بىر خىل تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە تۇرمۇش پوزىتسىيەسى، ھەتتا بىر خىل ئەقىل - پاراسەت ۋە ئىقتىداردۇر، بەخت ئىنچىكە ھالدا بىلەن ھېس قىلىشقا ئېھتىياجلىق.

بۇرۇن ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنى بەختلىك دەپ ھېس قىلمايتتى، چۈنكى ھەر قېتىم باشقىلارنىڭ ھەممە نەرسىسىنىڭ تەل ئىكەنلىكىنى كۆرگەندە، ئۆزىنى باشقىلارغا يېتەلمەيمەن دەپ ئويلايتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ دۇنيا ئادىل ئەمەس دەپ ھەسرەت چېكەتتى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ دوستى ئاغرىپ قېلىپ، دوختۇرخانىغا دوستىنى كۆرگىلى كەلدى، ئۇ دوستىنىڭ تاتارغان چىرايىنى، ئاران سۆزلەۋاتقان ھالىتىنى كۆرۈپ شۇنداق ئازابلاندى،

دوختۇرخانىدىن چىقىپ، ئىللىق قۇياشقا قاراپ، بىردىنلا ئۆزىنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلىپ ئەركىن ماڭدى، يەنە يولدىن ئۆتۈۋاتقان بالىلارنىڭ كۈلكە چىرايىنى كۆردى، يەنە كۈن نۇرى بىلەن سەلكىن شامالغا قاراپ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بەردى.

ئاشۇ دەقىقىدىن باشلاپ، ئۇ باشقىلارغا ھەۋەس قىلمىدى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان ھېس قىلىپ بولغان ئىدى.

مەلۇم بىر ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ بەختىنى مۇنداق بايان قىلغان:

مەن بەختلىك، چۈنكى مەندە بىر ئىللىق كوللېكتىپ بار، ئەمدىلا خىزمەتكە چۈشكەن ۋاقتىمدا، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى بېسىملارنى ھېس قىلدىم، تەجرىبەمنىڭ كەملىكى سەۋەبىدىن، ئوقۇتۇشتىكى نۇرغۇن تەرەپلەر ئۆزۈمنى قانائەتلەندۇرەلمىدى. ئەمما، ئوخشاش كەسىپتىكى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار ماڭا كۆپ تەرەپتىن يېتەكچىلىك قىلدى، مەكتەپ مۇدىرىمۇ ئىلھام ۋە بىرمۇنچە يېتەكلەش خاراكتېرلىك تەكلىپ - پىكىرلەرنى بەردى، كېيىن مەن رەھبەرلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرمەي تۇنجى قارارلىق ئوقۇغۇچىلىرىمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۇزاتتىم، مانا مۇشۇنداق جاسارەت ۋە پاراسەتلىك مەكتەپ مۇدىرى ۋە ئىززەت - ھۆرمەتلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى مېنى يۈلەنچۈكۈمدەك ھېس قىلدۇردى، شۇڭا مەن بەختلىك، ئىنتايىن بەختلىك.

«مەن بەختلىك، چۈنكى مەن سەرپ قىلغاننى ئوقۇغۇچىلىرىم مۇئەييەنلەشتۈردى، ھەر قېتىم ئاتكىرىكىلارغا يېزىلغان: ‹مۇئەللىم، گەرچە بىر يېرىم يىل ۋاقىت ئۆتۈپ كەتسىمۇ، سىزنىڭ يەنىلا بۇرۇنقىغا ئوخشاش ھاياتىي كۈچكە تولۇشىڭىزغا، بۇرۇنقىدەك ساغلام، بۇرۇنقىدەك بەختلىك بولۇشىڭىزغا

ئىشىنىمىز»، «بىز ئەبەدىي سىزنى سۆيىمىز، سىزنى سېغىنىمىز» دېگەن ھەربىر باھالىرى، ھەربىر تىلەكلىرى مېنى چەكسىز بەخت ھېس قىلدۇرىدۇ.»

«مەن بەختلىك، چۈنكى ئائىلەمدىكىلەر مېنى چۈشىنىدۇ ھەم قوللايدۇ، ئوقۇتقۇچىلىق ئىنتايىن ئالدىراش، ئىنتايىن جاپالىق خىزمەت، ئەمما ئايالىم ھەمىشە مېنىڭ ئىش ۋاقتىدىن تاشقىرى ئىشلىشىمنى چۈشىنىدۇ، قىزىممۇ يېرىم مېھىر ـ مۇھەببىتىمنى ئوقۇغۇچىلىرىمغا بېغىشلىغانلىقىمنى چۈشىنىدۇ، مانا مۇشۇنداق ئائىلەمنىڭ قوللىشى ئاستىدا خىزمىتىم بارغانسېرى ئوڭۇشلۇق كېتىپ بارماقتا، مۇشۇنداق ئائىلەمنىڭ بارلىقى مېنى چەكسىز بەخت ھېس قىلدۇرىدۇ.»

بەخت ھەممە يەردە مەۋجۇت، بىز بەختنى ھېس قىلىشنى ئۆگىنىۋالساقلا، ئاندىن ئۇزۇكسىز بەخت يارىتالايمىز ھەم ئۇنى ھەر كۈنى ئۆزىمىزگە ھەمراھ قىلالايمىز، سىرتقى مۇھىتقا تايىنىپ بەختكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، ئەكسىچە قەلب سېزىمىمىزغا تايانغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيمىز، بەخت دۇنيادىن ھۇزۇرلىنىشىمىز ۋە مەدھىيەلىشىمىزنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرگىمۇ خۇشاللىق ۋە ئىللىقلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

پەقەت ھەربىر ئادەم بەختنى چوڭقۇر ھېس قىلالىغاندىلا، ئاندىن تۇرمۇشتىن قۇسۇر ئىزدىمەيدىغان بولىدۇ.

ھايات ئىنتايىن ئۇزۇن جەريان، ئاشۇ كىچىككىنە بەخت گويا پورەكلەپ ئېچىلغان دەستە ـ دەستە گۈلگە ئوخشايدۇ. ئەمما بۇ خىل بەخت ئىنتايىن ئاسانلا سەل قارىلىدۇ، خۇددى بىر ئىللىق قول قولىڭىزنى ئۇزۇن سىلىسىمۇ ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى ھېس قىلالمىغانغا ئوخشاش. بىز ھەر ۋاقىت تەسىرلىنىشنى بىلمىسەك، بەخت قولىمىزدىكى تەرخەمەككە، ياستۇقىڭىز

يېنىدىن چىققان يېقىمسىز خورەككە ئايلىنىپ قالىدۇ، خالاس.
قارشى تەرەپنىڭ تۆلىگىنى ئورۇنلۇق دەپ قاراپ ھەممە ئىشتا قائىدە - يوسۇندىن چىقالمىغاندا، تۇرمۇشمۇ تەبىئىي ھالدا مەززىسىز نەرسىگە ئايلىنىدۇ. سىز كۆزىڭىزنى ئېچىپ، ئەينەكنى ئېلىپ تۇرمۇشنىڭ نۇقسانلىرىنى ئىزدىگەن ۋاقتىڭىزدا، تۇرمۇشىڭىزنىڭ مەنىسىزلىكىنى، ئۈمىدسىزلىنىشتىن قۇتۇلۇشنىڭ تەسلىكىنى ھېس قىلىسىز، ئەمما سىز نەزىرىڭىزنى ئاشۇ ياخشى ئىشلارغا تاشلىسىڭىز، ئىنتايىن ئاز بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ سىزگە بەخت ھېسسىنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ.
بەخت ھېس قىلىشقا موھتاج، ئۆزىمىز سەل قارىغان ئاشۇ ئازغىنە بەختنى ھېس قىلالىشىمىزمۇ بىر خىل ئىقتىدار.

## ھەر كۈنى «مىننەتدارلىق بايرىمى» ئۆتكۈزۈڭ

ئۆز - ئۆزىڭىزدىن: «ئاشۇ سۈپسۈزۈك كۆك ئاسمانغا قانغۇچە قارىمىغىلى، خۇش پۇراق گۈل ھىدلىرىنى تويغۇچە ھىدلىمىغىلى، قۇشلارنىڭ يېقىملىق ناخشىلىرىنى ھۇزۇرلىنىپ ئاڭلىمىغىلى قانچىلىك بولغاندۇ؟ ئەجەبا، بوران - چاپقۇن سەۋەبىدىن، ئاسماندىكى ھەسەن - ھۈسەننى ئۇنتۇپ قالغاندىمەنمۇ؟ ئەجەبا، يولغا چىقىش ئالدىدىكى ئالدىراشچىلىق سەۋەبىدىن، يول بويىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەرگە سەل قارىغاندىمەنمۇ؟ ئەجەبا، مەندە ھارغىن، قېتىشىپ قالغان يۈرەكتىن باشقا يەنە بىر مىننەتدارلىققا تولغان يۈرەك بارمىدۇ؟» دەپ سوراپ بېقىڭ.
ئەمەلىيەتتە، ئاچچىقلانماسلىقمۇ ئىنتايىن ئاددىي، پەقەت مىننەتدارلىق قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىپ، تۇرمۇشتىن مىننەتدار، دوستلىرىڭىزدىن مىننەتدار، كەڭ تەبىئەتتىن مىننەتدار

بولـسـنغـزلا، هـەر كۈنى مـىـنـنەتـدارلـىقـقا ئـىگە قـەلـبىڭـىز تۇرمۇشىڭىزنى پۈتكۈل خۇشاللىقلار بىلەن تولدۇرىدۇ.

ياڭ لـىچـىن خـىـزمـەتـدىـشى بىلـەن بىرلـىكتە ئوقـۇتقۇچـىـلار ئاشـخانـىسـىغا تامـاق يېگىـلى كـىردى، تـاماق ئالـىدىغان چـاغـدا، خـىـزمـەتدىـشى ئۇنىڭغا سومـكـىلارغا قـاراپ ئـولتۇرۇشـنـى دەپ قويۇپ، تاماق ئالغىلى كەتتى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ، ئـۇ بىر ئايـال مۇلازىمەتچىنىڭ پۈتۈن چىرايىدىن مۇز ياغدۇرغان هالدا ياندىكـى ئۈستەلنى يۇغۇشتـۇرۇۋاتقانلـىقـىنـى كۆردى، مۇلازىمـەتچى ئايـال قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىلىدىكى باشتا تاماق يېگەنلـەر قالدۇرۇپ كـەتكەن تامـاق قاچىلـىرىنى يـۇغۇشتۇرۇشـقا ئەمـدىلا تۇتۇنىۋاتقان ۋاقىتتا، ئۇ مۇلازىمەتچى ئايالغا قاراپ، ئادەتلەنگىنى بويىچە «رەھمەت سىزگە» دېدى.

مۇلازىمەتـچى ئايال تـۇيۇقسـىـز بېشـىـنى كۆتـۈرۈپ ئـۇنىڭغا قاراپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ: «ھېچـقـىسى يـوق» دەپ جاۋاب قايتۇردى، ئۇ ناھايىتى تېزلا ياڭ لىچىنلارنىڭ ئۈستىلىنى پـاك ـ پاكىز يـۇغۇشتۇرۇپ بـولۇپ، يەنـە بـاشقا ئـۈسـتەللـەرنـى يۇغـۇشتۇردى، ئۇنـىڭ ئاچچىقتا تـولغان چـىـرايىنىـڭ ئورنىـنـى يېقىملىق كۈلۈمسىرەش ئالغانلىقـىـنى كۆرگـەن ياڭ لىچـىـنىـنىڭ قەلبى ئىختىيارسىز خۇشاللىقتا چۆمگەن ئىدى، چۈنكى ئۇنىـڭ بىر ئېغىز رەھـمـەت دېگەن سـۆزى بىـلەن، بـاشـقا خېرىـدارلار تېخىمۇ ئىللىق مۇلازىمەتتىن بەھرىلىنەلەيتتى.

ئىنتايىن كۆپ چاغلاردا، بىز رەھمەت سۆزىگە سەل قارايمىز، ئېرىشكەن نەرسـىمىـزنـىڭ ھەمـمـىسـىـنى ھەقلـىقتەك ھـېس قىلىمىز، ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ بىزنى تەربىيەلىشى ئۇلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى، مۇئەللىملەرنىڭ بىزگە تەلىم بېرىشى، بىلىمدە كامالەتكە يېتىشى، گۇمـاندىن خالـىي بولۇشـى ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئاشخانا مۇلازىمەتچىلىرىنىڭ قىزغىن

مۇئامىلىدە بولىشى ئۇلارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك خىزمىتى دەپ قارايمىز، بىز ئەتراپىمىزدىكى ئۇن - تىنسىز تەقدىم قىلغۇچىلارغا پەرۋاسىز سوغۇق مۇئامىلە قىلساق بۇ نېمىدىگەن قورقۇنچلۇق مەنزىرە - ھە!

ئەگەر ئاددىي بىر ئىبغىز «رەھمەت» سۆزى، باشقا قەلبلەرنى ئىللىتقىلىقا چۈمدۈرىدۇ، سىزنىڭ سەمىمىيىتىڭىزگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ، ھەممىمىزدە مىننەتدارلىققا ئىگە قەلب بولسۇن ھەمدە ئاشۇ مىننەتدارلىق ئادەتكە ئايلىنىپ كەتسۇن!

تۇرمۇشىمىزدىكى ھەربىر كۈن مىننەتتارلىققا چۈمۈشكە ئېھتىياجلىق، مۇشۇنداق بولغاندىلا سىز كەڭ قورساقلىقنى ئۆگىنەلەيسىز، قۇربان بېرىشنى ئۆگىنەلەيسىز، قانداق جاۋاب قايتۇرۇشنى بىلەلەيسىز، يېقىملىق كۈلكىڭىز بىلەن ھەربىر تاڭنى كۈتىۋېلىڭ، يېقىملىق كۈلكىڭىز بىلەن دۇنيانى كۈتىۋېلىڭ ...

مىننەتدارلىق بايرىمى مەزگىلىدە، مەلۇم بىر ئەپەندى روھى چۈشكەن ھالدا چىركاۋغا كەپتۇ، باستىرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا: «ھەممەيلەن مىننەتدارلىق بايرىمىدا تەڭرىگە ئۆزىنىڭ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ھازىر مېنىڭ ھېچ نەرسەم يوق، ئىشسىز قالغىلى بىر يېرىم يىل بولدى، نەچچە قېتىم خىزمەت ئىزدىدىم، ھېچقايسى مېنى قوبۇل قىلمىدى، ھازىر مېنىڭ مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىدىغان ھېچقانداق نەرسەم يوق» دەپ دەردىنى تۆكۈپتۇ.

باستىر: «سېنىڭ راستىلا ھېچ نەرسەڭ يوقمۇ؟ ئەمەلىيەتتە، سەندە ھېچ نەرسە كەم ئەمەس، پەقەت ئۆزۈڭ ھېس قىلالمىدىڭ، خالاس. ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، مەن ساڭا بىر پارچە قەغەز بىلەن بىر تال قەلەم بېرىمەن ھەم سەندىن بىرقانچە سوئال سورايمەن، سەن ئەستايىدىللىق بىلەن يېزىپ چىق» دەپتۇ.

باستىر: «ئايالىڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ: «ئايالىم بار، ئۇ قىيىنچىلىقتا مېنى تاشلاپ كەتمەيلا قالماستىن، يەنە مېنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ، مۇشۇلارنى ئويلىسام، قەلبىمدىكى خىجىلچىلىق تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئۇنداقتا بالاڭ بارمۇ ؟

— بار، ئىنتايىن ئوماق بەش بالام بار، گەرچە مەن ئۇلارغا ياخشى يېگۈزۈپ، كىيدۈرۈپ، ياخشى تەربىيەگە ئىگە قىلالمىساممۇ، ئەمما بالىلىرىم بەك غەيرەتلىك.

— ئىشتىھايىڭ ياخشىمۇ؟

— ئىشتىھايىمنىڭ ياخشىلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ، پۇل بولمىغانلىقتىن ئىنتايىن چوڭ چەكتە قورسىقىمنى رازى قىلالمايمەن، دائىم يېرىمىياتا تويغۇزىمەن.

— ئۇيقۇڭ ياخشىمۇ ؟

— ئۇيقۇ ؟ ها ها ها. . . ئۇيقۇم بەك ياخشى، بېشىم ياستۇققا تەگدىمۇ قېتىپلا ئۇخلاپ كېتىمەن.

— دوستۇڭ بارمۇ ؟

— بار، ئىش ئورنۇمدىن قالغاندا، ئۇلار دائىم ياردەم بېرىپ تۇردى، ھازىر ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرۇشقا ئامالسىزمەن.

— كۆرۈش ئىقتىدارىڭ قانداق؟

— كۆرۈش ئىقتىدارىم ئىنتايىن ياخشى، ناھايىتى يىراق يەردىكى نەرسىلەرنىمۇ شۇنداق ئېنىق كۆرەلەيمەن.

ئەڭ ئاخىرىدا باستىر: «ئۇنداق بولسا ھازىرنىڭ ئۆزىدە خۇلاسىلەپ ئۆزۈڭنىڭ نېمىلەرگە ئېرىشكىنىڭگە قاراپ باق، — دەپتۇ .

— ماقۇل ، مېنىڭ ياخشى ئايالىم ، ئىنتايىن ئوماق بەش بالام، ياخشى ئىشتىھا بىلەن ئۇيقۇم، سادىق دوستلىرىم، ياخشى

بولغان كۆرۈش قۇۋۋىتىم باركەن، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، بايا دېيىشكەن گەپلەرنى ئويلاپ قارىمىغىلى ئۇزۇن بولغان ئەينەككە قاراپ: «ۋاھ، مەن نېمىدېگەن رەتسىز، نېمىدېگەن چۇشكۇن! چاچلىرىم پاخپىيىپ كىر چوتكىسىغىلا ئوخشاپ قاپتۇ، كىيىملىرىممۇ شۇنچىلىك مەينەت ...» دەپ ئويلاپتۇ.

كېيىن ئۇ مىننەتدارلىققا تولغان قەلبكە ئىگە بوپتۇ، كەيپىياتىمۇ ياخشىلىنىپتۇ، ئاندىن كېيىن ياخشى بىر خىزمەت تېپىپتۇ، ھەپتە ئاخىرىدىكى بەزى ۋاقىتلىرىدا بىر ئائىلە كىشىلىرى دالا سەيلىسى قىلسا، بەزى ۋاقىتلىرىدا دوستلىرى بىلەن يىغىلىپ، ئىنتايىن بەختلىك ياشاپتۇ.

ئەگەر سىزنىڭ ئۆيىڭىز، ماشىنىڭىز، پۇلىڭىزنىڭ يوقلۇقىدىن ئازابلىنىشىڭىز، بەختكە ئېرىشىدىغان ئىشلىرىڭىزغا دەخلى يەتكۈزمىسە، مەسىلەن: سىزدە بىر ساغلام تەن، بىر كۆيۈمچان يولدىشىڭىز ياكى ئايالىڭىز، بىر ئوماق بالىڭىز، بىر مۇقىم خىزمىتىڭىز بولسا. . . ئەجەبا بۇلار سىزنىڭ ئېھتىياجلىنىشىڭىزغا يەتمەمدۇ؟

سەھەر دېرىزىنى ئېچىپ كۆپكۆك ئاسمانغا، ياپيېشىل چىمەنلەرگە، مەرۋايىتتەك شەبنەم تامچىلىرىغا قارىغان ۋاقتىڭىزدا، تەڭرىنىڭ سىزگە گۈزەل بىر كۈننى ئاتا قىلغىنىدىن مىننەتدار بولۇڭ. كېچە يۇلتۇزلار يانغاندا، تولۇن ئاي جامالىنى ئېچىپ تاتلىق كۈلۈمسىرىگىنىدە، تۈت ئەتراپ كېچىنىڭ ئىللىقلىقىغا پۈركەنگەندە، زېمىن بەرگەن تىنچلىقتىن مىننەتدار بولۇڭ.

تۇرمۇش خۇش پۇراق ئابىي زەمزەمدەك توختىماي تامچىلاپ تۇرىدۇ. مىننەتدار بولۇشنى ئۆگىنىڭ، ئۆزىڭىزدىن مىننەتدار بولسىڭىز، تۇرمۇش سىزگە ھەدىيە قىلغانلىرىدىن رازى بولىدۇ،

مۇشۇنداق بولغاندا سىز ئاندىن بىر ئاكتىپ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىغا، بىر ساغلام پسىخىكىلىق ھالەتكە ئېرىشەلەيسىز.

## بىپەرۋا بولماڭ

تۇرمۇشتىكى كىچىككىنە ئىشلار ئۇچۇن دائىم ئاچچىقلىنىپ ھالىمىز قالمايدۇ ـ دە، بارغانسېرى بەخت بىلەن خۇشاللىقنى ھېس قىلىش ئىقتىدارىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز، ئىنچىكىلىك بىلەن ئەسلىسەك، تۇرمۇشىمىزدا نۇرغۇنلىغان تەسىرلىنىشلەر ئاۋۋالقىدەكلا مەۋجۇت، مەسىلەن: بىر دوستانە قاراش، بىر زوقلىنىپ كۈلۈمسىرەش، بىر جۈپ باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان قول، مەيلى ئۇ سىزنىڭ تۇغقىنىڭىز، ئوقۇتقۇچىڭىز، ياكى بىر ناتونۇش ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مۇشۇ ئىللىقلىقنىڭ تەپسىلاتىنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئەستايىدىل ساقلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ، قەلبىمىز بۇ خىل گۈزەللىك ئىچىدە تېخىمۇ سۈزۈك ۋە پاكىزلىققا ئايلىنىدۇ.

لىڭشىننىڭ چىرايلىق ئەمەس، ھەتتا بەزى يەرلىرى كۆرۈمسىز ـــ تېرىسى قاپقارا، يۈزى ئىنتايىن چوڭ، كۆزىنىڭ كىچىكلىكىدىن ئوچۇق ياكى يۇمۇقلۇق ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغاندەكلا ئىدى، ئۇنىڭ سىنىپتىكى نەتىجىسىمۇ ئادەتتىكىچە، خەتلىرى ئىمىر ـ چىمىر ئىنتايىن سەت ئىدى.

ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ كۆپ سۆزلىمەيتتى، سىنىپتىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە ئىنتايىن ئاز قاتنىشاتتى، شۇڭلاشقا مەيلى ئوقۇتقۇچىلار بولسۇن ياكى ساۋاقداشلىرى بولسۇن ھەممىسى ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ كەتمەيتتى.

ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، دەرسخانىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئورنىدا خۇددى كۆرۈنمەس ئادەمدەك ئولتۇراتتى، گويا

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

بىر كىچىك ئاسماننى ساقلاۋاتقاندەك ئۇ شۇ يەرنى ساقلايتتى، ئۇ يەر كۆپچىلىك ئۈچۈن ئۇنتۇلغان بۇلۇڭ ئىدى.

بىر كۈنى ماتېماتىكا دەرسىدە، ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزلىرى تەكرار قىلىشنى ئېيتىپ، ئۆزى پارتىلارنى توختىماي ئايلىنىپ ئوقۇغۇچىلار چۈشەنمىگەن مۇجمەل يەرلەرنى چۈشەندۈردى، مۇئەللىم مېڭىپ ئەڭ ئاخىرقى رەتكە كەلگەن چاغدا، تۇيۇقسىز بىر خىل خۇشپۇراق ھىدنى پۇراپ قالدى، مۇئەللىم بېشىنى دېرىزە تەرەپكە بۇراپ، دەرسخانا سىرتىدىكى قاتار كەتكەن ئاق مىخولىيە دەرىخىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى، توپ ـ توپ ئىنتايىن يوغان گۈللەرنىڭ شاخلاردىن ساڭگىلاپ ئاق قۇغىلا ئوخشاپ قالغانلىقىنى كۆردى، دەسلەپتە مۇئەللىم ئاق مىخولىيە دەرىخىدىن كەلگەن پۇراق دەپ ئويلىدى، ئەمما بېشىنى سەل تۆۋەنلىتىپ پۇراپ بېقىپ بۇ پۇراقنىڭ سىرتتىن كىرمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى، ئېنىقكى يېنىدىلا پۇراۋاتاتتى، بىردەمدىلا بۇ پۇراقتىن نەپەس ئالالماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن مۇئەللىم ئەتراپقا زەن سېلىپ قاراشقا باشلىدى، تۇيۇقسىز لىجى يوغانلىقىدىكى ئاق گۈلنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئولتۇرغان قىزنىڭ چېچىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇلغانلىقىنى بايقىدى، بىرىپ قارىسا جۇخار گۈلى، مۇئەللىم ئىختىيارسىز شۇ تەرەپكە بېشىنى ئېگىپ قاراپ: «نېمىدېگەن پۇراقلىق گۈل ـ ھە!» — دەپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى.

لىڭشى ئۇ چاغدا مەشىق قەغىزىگە بىر مەسىلىنى ھېسابلاۋاتقان ئىدى، مۇئەللىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، لىڭشى ھەيران بولۇپ ھودۇققان ھالدا قارىدى، مۇئەللىمنىڭ چىرايىدىكى كۈلكىنى كۆرۈپ يۈزلىرى قىزىرىپ، خىجىل بولغىنىچە لىۋىنى يېنىككىنە چىشلەپ قويدى.

قالغان ئۆگىنىش قىلىدىغان ۋاقىتتا، لىڭشى راۋرۇس

ئولتۇرۇپ ئەستايىدىللىق بىلەن سوئال ئىشلىدى، ئارىلىقتا يەنە ئەستايىدىللىق بىلەن قول كۆتۈرۈپ مۇئەللىمدىن ئىشلىيەلمىگەن مەسىلىلەرنى سورىدى، مۇئەللىمنىڭ كىچىككىنە چۈشەندۈرۈشى بىلەن ئۇ بىردەمدىلا ھەممىنى چۈشەندى، مۇئەللىم ئۇنى ئىنتايىن ئەقىللىق بالىدەك ھېس قىلدى. ئىككىنچى كۈنى، مۇئەللىم دەرسلىك كىتابى ئىچىدە بىر دەستە گۈلنى بايقىدى ھەم ئۇنىڭ سوۋغا قىلغانلىقىنى پەرەز قىلدى - دە، تېزلا ئۇنىڭ ئورنىغا قارىدى، ئۇنىڭ مۇئەللىمگە قارىغان چىرايىنى خۇشاللىق قاپلىغان ئىدى، مۇئەللىممۇ ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ رەھمىتىنى بىلدۈردى.

كېيىنكى بىر ئاي ئىچىدە، لىنگشى ئاسمان - زېمىن ئۆزگەردى، ئۇ ئىلگىرىكىدىن شوخلىشىپ قالغان بولۇپ، ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى، ئۆگىنىش نەتىجىسىمۇ ئادەتتىكىدىن كۆپ ياخشىلاندى، ئۇنى تەنقىدلەيدىغان ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئەمدى ئۇنىڭغا سەل قارىمىدى، مۇئەللىملەرنىڭ ھەممىسىدە ھەيرانلىق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ھېچكىممۇ ئۇنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى بايقىمىغان ئىدى.

نەچچە يىلدىن كېيىن، ئۇ ئويلىمىغان يەردىن بىر نوقتىلىق ئالىي مەكتەپكە ئۆتتى، كۆپ ئۆتمەي ھېلىقى ماتېماتىكا مۇئەللىم لىنگشىنىڭ ئۆزىگە ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى، خەت مۇنداق يېزىلغان ئىدى: «مۇئەللىم، مېنىڭ ئارزۇيۇم بىر جۇخار دەرىخى تىكىپ، ئۇنىڭدىن ناھايىتى چىرايلىق جۇخارگۈلىنى ئېچىلدۇرۇش، ئاندىن دەستە - دەستىلەپ، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلارغا سوۋغا قىلىش، شۇنداق بولغاندىلا بۇ دۇنيا چەكسىز خۇش پۇراققا تولاتتى.»

شۇنداق، بەزى كېرەكسىز گۈللۈكتە پەقەت بىر تۈپ جۇخار گۈلى، بىر تۈپ ھاياتلىقتا گۈزەللىك ئېلىپ كەلگۈچى

جۇخارگۇلى بولىدۇ، ئاشۇ كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان گەپ ـ سۆزلەر، تەۋرەنمەس قاراش، ئىللىق كۇلۇمسىرەش سىزگە كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىپ، ئاشۇ سىزگە كۆپ قېتىم تەسىرلىنىش ۋە بەخت تۇيغۇسىنى بەرگەن كىشىلەرگە مىننەتدارلىق قىلىشنى ئۆگىتىدۇ، پەقەت ئىنتايىن قىسقا بىر پارچە خەت، دۇنياغا بىر كىشىلىك مۇھەببەت ھىدىنى بېرەلەيدۇ.

ئۇنداقتا، مىننەتدارلىق ئادىتىنى قانداق يېتىلدۇرگىلى بولىدۇ؟ تۆۋەندىكى بىرقانچە خىل ئۇسۇلنى كۆرۈپ باقايلى:

ھەر كۈنى ئەتىگەن ئويغانغان ۋاقتىڭىزدا، سىزنى سۆيىدىغان، سىزگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، سىزگە ياردەملىشىدىغان كىشىنى ئويلاپ، بۇ يېڭى بىر كۈنگە مىننەتدار بولۇڭ.

كىچىك بىر پارچە ئاتكىرىتكا، بىر پارچە رەھمىتىڭىز بىلدۈرۈلگەن باغاقچە ياكى ئېلېكترونلۇق يوللانما، باشقىلارغا سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ھېس قىلدۇرسۇن.

مۇۋاپىق ۋاقىتتا، ئۆزىڭىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادەمگە، سىز بىلەن ئارىلاشقىلى ئۇزۇن بولغان دوستىڭىزغا ياكى خىزمەتدىشىڭىزغا مىننەتدارلىق ئىمكانىيىتىگە تولغان باغرىڭىزنى ئېچىڭ.

بىر كىچىككىنە سوۋغات بولسىمۇ سىزنىڭ مىننەتدارلىق ھېسسىياتىڭىزنى ئىپادىلەپ بېرەلىسىلا بولدى.

كۆپچىلىكنى تاسادىپىي خۇش قىلىڭ، بىر ۋاق تەملىك كەچلىك تاماق، ئالاھىدە تەييارلانغان تاتلىقلار، ھەممىسى سىزنىڭ يېقىنلىرىڭىزنى ئىللىقلىق تۇيغۇسىغا باشلاپ كىرسۇن.

ئۇنىڭدىن باشقا، باشقىلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىڭىزنىڭ سەۋەبىنى تېزىس قىلىپ چىقىڭ، 10 ــــ 15 كىچە مەزمۇن بولسۇن، سىزنىڭ قارشى تەرەپكە بولغان ھېسسىياتىڭىزنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان، نېمىشقا ئۇنى ياخشى كۆرىسىز ياكى ئۇ

سىزگە قايسى تەرەپلەردىن ياردەم بېرىپ سىزنىڭ مىننەتدارلىقىڭىزنى قوزغىدى دېگەندەك مەزمۇندا بولسۇن، ئەڭ ئاخىرىدا بۇ جەدۋەلنى قارشى تەرەپكە تاپشۇرۇپ بېرىڭ.

بىر ئوچۇق يەردە كۆپچىلىككە بولغان مىننەتدارلىقىڭىزنى ئىپادىلىسىڭىز بولىدۇ، مەسىلەن: ئىشخانىدا ياكى دوستلىرىڭىز، ئائىلىڭىزدىكىلەر بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان ۋاقىتتا.

تۇرمۇشتىكى ھەربىر ئىلتىپاتلارغا ھەرگىز سەل قارىماڭ، بىر دەستە جۇخار گۈلنىڭ پۇرىقى بولغان تەقدىردىمۇ بىزنىڭ قانچە پۇرىشىمىزغا، قەلبىمىزنى مىننەتدارلىققا تولدۇرۇشقا ئەرزىيدۇ.

## ناتونۇش كىشىلەرگە كۈلۈمسىرەپ، ئۇلارنىڭ كۆزىگە دىققەت قىلىڭ

دوستانە كۆز نۇرىمىز بىلەن، ھۆرمەتكە ئىگە پوزىتسىيە بىلەن ناتونۇش كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلسىڭىز، كۈلۈمسىرەش بىلەن كۆز نۇرىنىڭ ئۇچرىشىشى سىزنى ئۆزىڭىزگە گۈزەل بىر بۇرۇلۇشنى ھېس قىلدۇرىدۇ ھەمدە سىزگە بىر ئىللىق بەخت تۇيغۇسىنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئامېرىكىدا مەيلى مەكتەپتە، دۇكاندا ياكى كوچىلاردا بولسۇن ئۇدۇل كەلگەن ناتونۇش ئادەمگە ئامېرىكىلىق ئادەملەر ئەدەپ بىلەن ئەھۋال سورايدۇ ياكى سىزگە قاراپ كۈلۈمسىرىگىنىچە باش لىڭشىتىدۇ، بۇ بىر ئەقەللىي ئىش ھېسابلىنىدۇ.

ئامېرىكىدا، ئادەتتىكى دوستلار كۆرۈشكەن چاغدا: «ئەھۋالىڭ قانداقراق؟»، «بۈگۈن ئىنتايىن روھلۇق كۆرۈنىسەنغۇ؟» دېيىشىدۇ، بىرقەدەر تونۇش كىشىلەر ئۇچراشقاندا: « بۇ كىيىمىڭنى بەك ياقتۇرىمەن» دەيدۇ، ئەگەر سىز دۇكاندا نەرسە

سىتىۋالماقچى بولۇپ پۇل تۆلىمەكچى بولغىنىڭىزدا، پۇل تاپشۇرۇۋالغۇچى خادىم كۈلۈمسىرىگىنىچە سىز بىلەن: «ياخشىمۇسىز؟ ئەھۋالىڭىز قانداق؟» دەپ سالاملىشىدۇ، پۇلنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن «سىزگە خۇشاللىق يار بولسۇن!» دەيدۇ.

ئامېرىكىنىڭ بۇ خىل مەدەنىيەت ئادىتى، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھاياتقا بولغان ھۆرمىتى ھەمدە كىشىلىك قىممىتىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى كىشىلەرنى چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە قىلىدۇ، ئەڭ ئاددىي كۈلۈمسىرەش، ئاددىي بىر ئېغىز سالاملىشىش كىشىنىڭ قەلبىنى بىردەمدىلا نۇرلاندۇرىۋېتىدۇ.

بىر نامەلۇم كىشىگە كۈلۈمسىرىگەن ۋاقتىڭىزدا، قەلبىڭىز چەكسىز خۇشاللىققا چۆمىدۇ، بىر كۆڭۈلدىكىدەك ماختاش، رىغبەتلەندۈرۈش، بەخت تىلەش، سالاملىشىش سىزنىڭ بىر كۈنلۈك خۇشال كەيپىياتىڭىزنى ساقلىيالايدۇ.

ھەر كۈنى ئەتىگىنى بىر يەھۇدىي پىروفېسسور ھەمىشە ئوخشاش ۋاقىتتا يېزىنىڭ چىغىر يولىنى سەيلە قىلاتتى، قانداق ئادەم بىلەن ئۇچرىشىشتىن قەتئىينەزەر ئۇ قىزغىنلىق بىلەن ئۇلارغا « خەيرلىك ئەتىگەن» دەپ ئەھۋال سورايتتى.

مىچىن دېگەن بىر ياش دېھقان بار بولۇپ، ئۇ چۈەن پىروفېسسورنىڭ سالىمىغا دەسلەپتە سوغۇق ئىنكاس قايتۇردى. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتا كەنتتىكىلەرنىڭ چۈەن پىروفېسسور بىلەن يەھۇدىيلارغا بولغان پوزىتسىيەسى دوستانە ئەمەس ئىدى، ئەمما مىچىننىڭ سوغۇق قارىشى، چۈەن پىروفېسسورنىڭ قىزغىنلىقىنى قىلچە سۇسلاتالمىدى، ھەر كۈنى ئەتىگەن ئۇ ئاۋۇالقىدەكلا بۇ سوغۇق تەلەت ياشقا كۈلۈمسىرەش بىلەن بېقىپ خەيرلىك ئەتىگەن دەپ تۇردى، ئاخىر بىر كۈنى مىچىن

قالپىقىنى ئېلىپ چۇەن پىروفېسسور بىلەن « خەيرلىك ئەتىگەن» دەپ سالاملاشتى.

نەچچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى، ناتسىستسلار ھۆكۈمىتى ھاكىمىيەت بېشىدا ئولتۇردى، بىر كۈنى چۇەن پىروفېسسور پويىزدىن چۈشۈپ، قىسىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يىراق بولمىغان جايدا بىر قوماندانلىق كالتىكى تۇتىۋالغان كوماندىرنىڭ ئالدىدا كالتەكنى پۇلاڭلىتىپ « ئوڭغا، سولغا» دەپ ۋارقىراۋاتقىنىنى كۆردى، كۆرسەتكەن سول تەرەپ بولسا ئۆلۈم يولى، ئوڭ تەرەپ بولسا ھاياتلىق يولى بولۇپ، ھېلىقى كوماندىر بولسا ئەينى يىلدىكى ياش يىگىت مىچىن ئىدى.

بىردەمدىن كېيىن، كوماندىر چۇەن پىروفېسسورنىڭ ئىسمىنى چاقىردى. ئۇ ئالدىغا چىقتى. چۇەن پىروفېسسور ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا بېشىنى كۆتۈردى، كۆزى كوماندىرنىڭ كۆزى بىلەن دەقىقە ئىچىدە ئۇچراشتى. چۇەن پىروفېسسور ئادەتتىكىدەك كۈلۈمسىرەپ «ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، مىچىن ئەپەندى» دېدى.

مىچىن ئەپەندىنىڭ كەيپىياتىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يۈز بەرمىدى، ئەمما ئىختىيارسىز: «خەيرلىك ئەتىگەن» دېدى. ئاۋازىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن پەقەت ئۇ ئىككىيلەنلا ئاڭلىيالىدى. بۇ ھايات ـ ماماتلىق دەقىقىدە، ئەنگلىيەلىك پارتىيەنىڭ كوماندىرى چۇەن پىروفېسسورنى ئوڭغا ــ ھاياتلىق يولىنى كۆرسەتتى.

قەلبنى ھاياجانلاندۇرۇپ ئېرىشكىنىڭىز ھەممەتلىك ساخاۋەت، ۋۇجۇدى بىلەن چەكسىز بېرىلىش، قاردا بېرىلگەن كۈل رەڭ دوستلۇق يولى بولۇشى ناتايىن. بەزى چاغلاردا، بىر ئېغىز قىزغىن سالاملىشىش، بىر تاتلىق كۈلۈمسىرەش، ھەممىسى باشقىلارنىڭ قەلبىگە قۇياش نۇرىنى چاچالايدۇ.

ھەرگىز بىر ئېغىز سۆزگە، كۈلۈمسىرەشنىڭ رولىنى تۆۋەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

مۆلچەرلىمەڭ، ئۇ بەلكىم سىزگە بەختىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ بېرىشى، سىز ئۈچۈن مەڭگۈ يېنىپ تۇرىدىغان چىراغ بولۇشى مۇمكىن. تۇرمۇشىمىزدا بىر ئېغىز سالاملىشىشقا، ئىللىق كۈلۈمسىرەشكە ھەرگىز ئېغىرلىق قىلماڭ.

## ئاچچىقلانغان ۋاقتىڭىزدا بىردىن ئونغىچە ساناڭ

ئاچچىقىڭىز كەلگەن ۋاقتىڭىزدا، ئەگەر سىز سۆزلىمەكچى بولسىڭىز، ئاۋۋال بىردىن باشلاپ ئونغىچە ساناڭ، ئەگەر بەكلا ئاچچىقىڭىز كەلگەن بولسا، ئاۋۋال يۈزگىچە ساناپ ئاندىن گەپ قىلىڭ، چۈنكى چېچىلىپ قالغان ئادەمنىڭ چېچىلدۇرغان ئادەمگە قارىغاندا ئۇچرايدىغان زىيىنى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ.

بىر يازغۇچىنىڭ ئېيتىشىچە قېلىشىچە، كىچىك ۋاقتىدا دادىسى ھەر قېتىم ئۇنىڭغا ئاچچىقلانغان ۋاقتىدا، ئۈنلۈك ئاۋازدا بىردىن ئونغىچە سانايدىكەن. كىچىك ۋاقتىدا ئۇ دادىسىنىڭ نېمىشقا دائىم مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن، كېيىن چوڭ بولۇشىغا ئەگىشىپ ئاندىن بىلىپتۇ. بۇ دادىسىنىڭ ئۆزىنى تىنچلاندۇرۇش تاكتىكىسى بولۇپ، يەنە بىر جەھەتتە ئالغاندا، مۇشۇ ۋاقىتتا كېيىن قانداق قىلىشنى ئويلايدىكەن.

بۇ يازغۇچى چوڭ بولغاندىن كېيىن، بۇ ئۇسۇلنى ئۆگىنىۋاپتۇ ھەم ھەر قېتىم كۆڭۈلسىز ئىشلار يۈز بەرگەندە، غەزەپلەنگەن ۋاقىتتا، ئاۋۋال ساناق ساناپ، ئاچچىقتىن پارتلاپ كەتمەسلىككە تىرىشىپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ بۇ خىل ئۇسۇلغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپتۇ، ئاچچىقى كەلگەن چاغدا، ئۇ ئاۋۋال ئۆزۈن، چوڭقۇر نەپەسلىنىش بىلەن بىرگە ئوخشاش ۋاقىتتا ئۈنلۈك ئاۋازدا بىرنى ساناپ، ئارقىدىنلا نەپەس چىقىرىپ پۈتۈن بەدىنىنى بوشاشتۇرىدىكەن، ئىككىنى سانىغان

ۋاقىتتىمۇ بۇ جەريانىنى، تاكى ئۇنىنى سانىغىچە قايتا تەكرارلايدىكەن.

نەپەسلىنىش بىلەن سانىنىڭ بىرلىشىشى ئادەمنى بوشاشتۇرىدۇ، ساناپ بولغاندىن كېيىن، قەلبىڭىز پاكىز پاكلانغاندەك ھېس قىلىسىز، ئاشۇ «غەزەپ» بارغانسېرى يوقايدۇ. يازغۇچى بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق كىشىلەرنى ئېغىر - بېسىق، باشقىلارغا ياردەملىشىپ «چوڭ ئىشنى كىچىكلەتكىلى» بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇسۇلنىڭ ئادەمنى بوشاشتۇرۇش، كەيپىياتنى تەڭشەشكە بولغان رولى ئىنتايىن چوڭ، بېسىم ۋە قىيىنچىلىقلارغا بولغان ئۇنۇمىمۇ ئوخشاشلا يۇقىرى. ئۇنىڭدىن باشقا جىمجىت يەردە بىرئاز ماڭسىڭىز، ئۆزىڭىزدىكى قەھر - غەزەپنى باسالايسىز، ئەمما داۋاملىق ئاچچىقلاندۇرىدىغان ئىشنى ئويلىماسلىققا دىققەت قىلىشىڭىز كېرەك. ئۇنداق قىلمىسىڭىز غەزىپىڭىزنى بېسىش ئۈنۈمىگە يېتەلمەيسىز ياكى چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ، تىلىڭىزنى ئېغىزىڭىزنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئايلاندۇرۇپ، ئىچىڭىزدە «ئاچچىقلانماي، غەزىپىمنى باساي، غەزىپىمنى باساي» دەپ سۈكۈت قىلىڭ، ئارقىدىن ئاچچىقىڭىزنى ئاستا - ئاستا چىقىرىپ تاشلاڭ.

ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ قېتىم مۇشۇنداق قىلسىڭىز، كەيپىياتىڭىزنى تىنچلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇ.

كەيپىيات ئەقلىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىشى كېرەك، بولمىسا ئۆزىڭىزگە چەكسىز ئاۋارىچىلىك، شۇنداقلا باشقىلارغا ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ.

غەزەپلىنىش بولسا بىر خىل ناچار پىسخىك ھالەت. قەدىمكىلەردە: «غەزەپ تالغا زىيانلىق، قورقۇش بۆرەككە زىيانلىق» دەيدىغان قاراش مەۋجۇت ئىدى. غەزەپ بىر خىل

پۈتۈنلەي يوقاتقىلى ھەم ساقلانغىلى بولىدىغان ئىش ـ ھەرىكەت، پەقەت ئۆزىڭىزنى ياخشى تۇتىۋالالىسىڭىز، خاتا چۈشەنچىدىن قۇتۇلۇپ چىقالايسىز.

نېمە ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشىيەلمەيدۇ؟

سەۋەبى ئاساسلىق ئۈچ تەرەپتە كۆرۈلىدۇ: بىرىنچىدىن، ئۇلار ئۆزىنىڭ كەيپىيات ئۆزگىرىشىنى چۈشەنمەيدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى كونترول قىلالمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، باشقىلارنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشنى چۈشەنمەيدۇ.

لىن زېشۈنىڭ يۇرتىدا «پەۋقۇلئاددە ئۆتكۈر بالا»، «ئۆلىما» دېگەندەك گۈزەل نامى بار، ئۇ تۆت يېشىدىن باشلاپ كىتاب ئوقۇپ، خەت يېزىشنى ئۆگەنگەن، يەتتە يېشىدا ياخشى ماقالىلەرنى يازغان.

بىراق، لىن زېشۈنىڭ كىچىك چېغىدىكى مىجەزى ئىنتايىن ئوسال ئىدى، شۈنىڭ بىلەن دادىسى لىن بىڭرى ئۆز قەلىمى بىلەن «ئاچچىقنى كونترول قىلايلى» دېگەن خەتنى يېزىپ لىن زېشۈنىڭ كىتابخانىسىغا ئېسىپ قويىدى، بۇ ئىككى خەت ئۇنى بىر ئۆمۈر ئاگاھلاندۇرغۇچىغا ئايلاندى، ھەر قېتىم يېڭى بىر جايغا كەلگەندە ئۇ ھەمىشە «ئاچچىقنى كونترول قىلايلى» دېگەن خەتنى ئېسىپ قوياتتى.

«ئاچچىقنى كونترول قىل» غاندىلا ئاندىن سەگەك ھالەتنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ، سالماق پىكىر قىلغاندىلا ئاندىن ھەقىقىي ھۆكۈم، ئەقەللىي ساۋاققا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا قانداق ۋاقىتتا قانداق ئىشقا يولۇققۇشتىن قەتئىينەزەر، چوقۇم كەيپىياتنى تۇراقلاشتۇرۇش، چېچىلماسلىققا كاپالەتلىك قىلىشىڭىز كېرەك.

ھېچنېمىگە قارىماي، تازا پۇخادىن چىققىچە قەلبىڭىزدىكى

غەزەپ ئوتلىرىنى چىقىرىۋەتسىڭىز، بەلكىم قەلبىڭىز ۋاقىتلىق بوشىشى مۇمكىن. لېكىن، سىز ئىنتايىن تېزلا تېخىمۇ چوڭ بالاغا ئۇچرايسىز، چۈنكى سىزنىڭ ئەسەبىي قىزىققانلىقىڭىز خاتالىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، شۇڭلاشقا ئۆزىڭىزنىڭ غەزەپلىك كەيپىياتىنى كونترول قىلىڭ، ھەرگىز قىزىققانلىق قىلىپ ئۆزىڭىز ۋە يېنىڭىزدىكىلەرنى جازالىماڭ.

كەيپىياتنى كونترول قىلىش ئاسان ئەمەس، ئەمما بۇنداق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم، باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىڭىز سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز، شۇڭا ھەر ۋاقىت ئۆزىڭىزگە ئۆزۈمنى كونترول قىلىۋالاي دەپ ئەسكەرتىپ تۇرۇڭ.

## مىجەزىڭىزنى ئۆزگەرتىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ

تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىشى كەيپىياتىمىزغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. مەغلۇبىيەتمۇ ئوخشاشلا كەيپىياتىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، ھەتتا بەزى تېخى يۈز بەرمىگەن ئىشلارمۇ كەيپىياتىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، تۇرمۇشىمىزدا بۇنداق ئىشلاردىن ساقلىنىشىمىز تەس، ئاچچىقنىڭ قىلچە پايدىلىق تەرىپى يوق، كەيپىياتىمىزنى تەڭشەشنى تەسىرگە ئۇچراتمايمىز دېسەك، مەسىلىلەرگە بىر خىل پىكىر قىلىشنى ئۆزگەرتىپ، كەيپىياتىمىزنى باشقا تەرەپلەرگە يۆتكىسەك ھەممە ئىش باشقىچە بولغان بولاتتى.

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى چېن ئەنچى مۇئەللىمدىن بىر قېتىملىق پىروگراممىدا بىر ئوقۇغۇچى: «چېن مۇئەللىم، نېمە ئۈچۈن تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىشى مېنىڭ كەيپىياتىمغا تەسىر كۆرسىتىدۇ؟» دەپ سورايدۇ. چېن ئەنچى مۇئەللىم مۇنداق دەپ

جاۋاب بېرىدۇ: ئەمەلىيەتتە بۇ تېمپېراتۇرانىڭ ئىشى ئەمەس، ئەكسىچە ئۆزۈڭدىكى پسخىك ئامىللارنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى مەسىلە، مەن سىلەرگە بىر ھەقىقىي ۋەقەنى سۆزلەپ بېرەي، ئىلگىرى ئامېرىكىدا نۇتۇق سۆزلەۋاتقان ۋاقتىمدا، بىر خىزمەتدىشىم ياتاققا قايتىپ كىرىپلا، بەك ياخشى بولدى دەپ كەتتى، مەن ئۇنىڭدىن «نېمە ئىش يۈز بەردى»؟ دەپ سورىدىم، ئۇ «بۈگۈن قاتناش ۋەقەسىنىڭ بولغانلىقىنى ئېيتتى، قاتناش ۋەقەسىنىڭ بۇنچىلىك خۇشال بولغۇدەك نېمىسى بار؟» دەپ سورىدىم، ئۇ «بەختىكە قارشى ماشىنىلا سوقۇلدى، ئادەملەرگە ھېچ نەرسە بولمىدى» دېدى، مەن: «ئادەملەرگە بىر ئىش بولغان تەقدىردىمۇ نېمە بولماقچى؟» دېدىم، ئۇ «بەختىكە يارىشا ئادەمنى سوقىۋەتتى، ئەمما ئۆلتۈرۈپ قويمىدى» دېدى، مەن: «سوقۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن تەقدىردىمۇ نېمە بولماقچى» دېدىم، ئۇ «بەختىكە يارىشا پەقەت بىرسىلا ئۆلدى، ماشىنىدىكى قالغانلار ھېچ نەرسە بولمىدى» دېدى. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بۇ جاھاندا يامان ئىشلارنىڭمۇ باشقا بىر ياخشى تەرىپى بولىدۇ.

تۇرمۇش قانداق ھالەتتە ئىپادىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، بىزدە شۇكۇر - قانائەتلىك پسخىكا بولۇشى كېرەك، خۇشال تۇرمۇش، بىر ئۈمىدۋارلىققا ئىگە قەلب بولۇشى، بەزىدە تېخىمۇ چوڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، ئاشۇ بەختسىزلىك ئىچىدىن تۇرمۇشتىن ھوزۇرلىنىشنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك، مۇبادا ئۈمىدۋارلىق پسخىكىسى بىلەن تۇرمۇشقا باقسىڭىز، تۇرمۇشىڭىزدىكى ھەممە نەرسىدىن مىننەتدار بولىسىز، چۈنكى تۇرمۇش سىزنى چىقىش يولى تاپالماسلىققا مەجبۇرلىمايدۇ، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ كەڭ قورساقلىقىغا مىننەتدار قىلغۇزىدۇ، بىر شائىر: «باھاردا رەڭمۇرەڭ گۈللەرنىڭ كۆزدە يەنە تولۇن ئاي، يازدا كېلۇر ئىللىق

شامال، قىشتا ياغار ئاپپاق قار» دېيىش ئارقىلىق ھەر پەسىلنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق گۈزەل تەرەپلىرى بارلىقىنى مەدھىيىلىگەن. بەزىدە بىز ئۇچرىغان ئىشلار ئۇنداق يامان ئىشلار ئەمەس، ئەكسىچە بىز پىكرىمىزنى بۇراشنى، كەيپىياتىمىزنى كونترول قىلىشنى بىلمەيمىز.

چيەن جىڭاڭ سودا سارايغا كىيىم ـ كېچەك سېتىۋالغىلى بارغاندا، كوتولمىگەن بىر كۆڭۈلسىز ئىش يۈز بېرىدۇ، ئۇ ئالماقچى بولغان نەرسىلىرىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، دۇكاندىن چىقىپ ئۆزىمايلا قايتۇرۇلغان پۇلنىڭ ئىچىدە بىر 50 يۈەنلىك ساختا پۇلنىڭ بارلىقىنى بايقاپ قالىدۇ ـ دە، ئىنتايىن غەرەپلەنگەن ھالدا دۇكانغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، پۇلنى ئۇستەل ئۇستىگە تاشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان جەڭگى ـ جېدەل باشلىنىدۇ، پۇلمۇ ئالماشتۇرۇلمايدۇ.

ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئاچچىقى يانمايدۇ، بىراق ئويلاپ ـ ئويلاپ، ئۇ پۇل ساختا بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزۈم ئەينى چاغدا نېمىشقىمۇ ئەستايىدىل تەكشۈرمىگەن بولغىيتتىم دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ، دېمىسىمۇ بۇ ئۆزىنىڭ خاتالىقى ئىدى، خاتالىق ئۆزىدە بولغاندىكىن ئۆزىگە ئۆزى ئاچچىقلىنىشىنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بولسۇن؟ ئەگەر ئۆزى ئەينى چاغدا ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ، مۇلايىملىق بىلەن چۈشەندۈرگەن بولسا ئىشلار پۈتۈنلەي بۇنداق بولماسلىقىمۇ، ئىشنىڭ ئاقىۋىتى بەلكىم ياخشىلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى، ھازىر بۇ باشقىلارنى ئاچچىقلاندۇرۇپ ئۆزىمۇ مەقسىتىگە يېتەلمىگەنلىكتىن باشقا يەنە نېمە؟ بۇنداق ئويلانمايلا ئاچچىقلىنىش ھەقىقەتەن ئەرزىمەيدۇ.

ئۆز ـ ئۆزىگە چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ كەيپىياتى بۇرۇنقىدەك يامانلاشمىدى، ئەسلىدە يۈنىلىشنى ئۆزگەرتىپ

ئويلانساق ئىشلارنىڭ بىزگە بولغان تەسىرى دەرۋەقە ئوخشاش بولمايدۇ.

ئىشلارنىڭ تەسىرى كۆپ تەرەپلىمىلىك. سىزدە بايقاش بار ـ يوقلۇقىغا قاراپ، يۈنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ ئويلىسىڭىز، ئەسلىدىكى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىمىغان نەتىجىگە ئېرىشىسىز، بىز بۇرۇنقى قىممەت قارىشىمىز بىلەن پىكىر قىلىش ئۇسۇلىمىزغا يۈزلىنىپ ئادەتلىنىپ قالساق، ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى بىر تەرەپلىمىلىكتىن قۇتۇلالمايمىز، شۇڭا ئەقىللىق ئادەم تۇرمۇشنىڭ ئۆزىگە قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىدىن ئاغرىنمايدۇ، ئەكسىچە پىكىر قىلىش ۋە تۇرمۇشقا مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلىنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، ئۈمىدسىزلەنگۈچىلەر قىيىنچىلىقنى توسالغۇ دەپ قارىغىنىغا ئوخشاش، ئۈمىدۋار ئالغا ئىنتىلگۈچىلەر قىيىنچىلىقنى شوتا دەپ قارايدۇ، پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقى ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىنىڭمۇ ئوخشىماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، سىز ناچار كەيپىيات بىلەن ئۆزىڭىزنى ئازابلىغان ۋاقتىڭىزدا، نېمىشقا باشقا بىر پىكىر قىلىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئويلانمايسىز؟ بەلكىم قىيىنچىلىق بىزنىڭ ئەقلىمىزنى سىناشنى، ئاستا ـ ئاستا كەيپىياتىمىزنى كونترول قىلىشنى، ئۆزىمىزنى تۈتمۇئىلىشنى ئۆگىتىدىغاندۇ؟

خۇشاللىق بىزنىڭ ئىزدىنىشىمىزگە تايىنىدۇ، خۇشاللىق تۇرمۇشنى تەڭشەش ئارقىلىق، تۇرمۇشنى خۇشاللىققا تولدۇرىدۇ، ئەگەر سىز خۇشال ياشاشنى ئويلىسىڭىز، كەلگۈسىدىكى گۈزەل تۇرمۇشتىن بەھرىلىنىش ۋە ھېس قىلىپ بېقىشنى ئويلىسىڭىز، كەيپىياتىڭىزنى بۇراڭ، مەسىلىلەرنى پىكىر قىلىش يۈنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇپ ئويلاڭ، ئۆزىڭىزنى كۆپرەك رىغبەتلەندۈرۈپ، ئازراق

ئۇمىدسىزلەندۇرۇڭ، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن باشقا بىر گۈزەل مەنزىرىلەرنى كۆرەلەيسىز.

## كەيپىياتىڭىز تەرىپىدىن كونترول قىلىنماڭ

ئاچچىقلانغان ۋاقتىڭىزدا ھەمىشە كەيپىياتىڭىز ياخشىلانغاندىن كېيىن ئاندىن خىزمەت قىلىشنى ئويلايسىز، ئەمما كۆپ ۋاقىتلاردا، ئىش قىلىشقا مۇۋاپىق كەيپىيات ھەمىشە كېچىكىپ قەدەم تەشرىپ قىلىدىغانلىقى، كۆڭلىڭىزدىكى ئاچچىقنىڭمۇ ئۇزۇندا تىنچلىنىدىغانلىقىنى بايقايسىز، شۇڭلاشقا نۇرغۇن كىشىلەر داۋاملىق ئاچچىقنىڭ يېنىشىنى ساقلاشقا مەجبۇر بولىدۇ، ھەتتا خاتىرجەم ھالدا ساقلاۋېرىدۇ. ئۇلار ئۆز - ئۆزىنى بەزلەپ: «ياخشى كەيپىيات بولمىسا، قانداقمۇ ياخشى ئىشلىگىلى بولسۇن؟» دەپ ئۆزىنى ئالداپ يۈرۈۋېرىدۇ. بۇ ئاڭلاشقا ئىنتايىن ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئەمما مەسىلىگە باغلىغاندا بىزدە ھەمىشە ياخشى كەيپىيات بولمىغاندا ، يەنە داۋاملىق كەيپىياتىمىزنىڭ ياخشىلىنىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرامدۇق؟ ئەگەر سىز زىممىڭىزدىكى مەسئۇلىيەتكە يۈزلىنەلىسىڭىز، ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇشقا باھانە ئىزدەپ كەتمەڭ.

كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغاندا ھەمىشە بىزار بولىدۇ، بەزى ۋاقىتتا پەقەت ئۇزاققىچە تۇرۇپ قېلىش، كېچىكىپ قېلىش، سىزنىڭ پۈتۈن كۈنلۈك كەيپىياتىڭىزغا تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن. ئەمما بىز مۇشۇ ناچار كەيپىياتنى خىزمەتكە سۆرەپ كىرسەك، كەيپىياتىمىز ياخشى بولغاندا زېھنىمىز بىلەن بېرىلىپ قىلالىساقمۇ، كەيپىياتىمىز ناچار بولغاندا ھېچ ئىشنى قىلالمايمىز. بىز ئۆزىمىزنىڭ كەيپىياتىنى كونترول قىلىشنى، ئەستايىدىل،

مەسئۇلىيەتچان هالدا خىزمەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك.

لىن فېن نېرۋا كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا خىزمەت قىلىدۇ. بىر قېتىم ئۇ دوختۇرخانىغا بېرىپ بولۇپ ئاندىن پورتمالىنىڭ يوقلۇقىنى بايقايدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇ پورتمالنى يىتتۈرۈپ قويغىنىنى ياكى ئۆيدە ئۇنتۇپ قالغىنىنى بىلەلمەي ناھايىتى تىت - تىت بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كاللىسىدا پورتمالنى ئويلاپ قولى هېچ ئىشقا بارمايدۇ، خىزمەت قىلىش كەيپىياتىمۇ ناچارلىشىپ زادى پورتمالىمنى نەدە يوقىتىپ قويغاندىمەن دەپ ئويلاپ يۈرىدۇ.

ئالدىنقى نەچچە كۈندە خىزمەت ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ، بىمارلار ناھايىتى كۆپ هەم ۋاراڭ - چۇرۇڭ بولۇپ كېتىدۇ. لىن فېن بارغانسېرى بىزار بولۇپ، مىجەزىمۇ ئوساللىشىپ بىمارلار بىلەن تاكاللىشىپ قالىدۇ. شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇنى سېستىرالار باشلىقى قاتتىق تەنقىدلەيدۇ. ئەمما ئۇ يەنىلا قايىل بولماي خاتالىق مەندە ئەمەس دەپ ئويلايدۇ.

ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئەستايىدىل ئويلىنىش ئارقىلىق خاتالىقىنىڭ ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى تونۇيدۇ. ناچار كەيپىيات بىلەن خىزمەتكە كېلىش بولسا، ۋەزىپىنى ئادا قىلماسلىقنىڭ ئىپادىسى. ناچار كەيپىيات بىلەن قانداقمۇ بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولسۇن؟ باشقىلارغا مۇلازىمەت قىلىدىغان خىزمەتنى قىلىش تېخىمۇ تەس. قوپال مۇئامىلە بىلەن باشقىلارنى قانداقمۇ رازى قىلغىلى بولسۇن؟ شۇندىن كېيىن ئۇ پات - پات ئۆزىگە قەتئىي ناچار كەيپىيات بىلەن ئىشقا بارماسلىقنى، ئەلۋەتتە «هاياجانلانغان چاغدىمۇ هەرگىز هاياجانلىق كەيپىياتىم بىلەن ئىش قىلمايمەن» دەپ ئەسكەرتىپ تۇردى.

ئەگەر بىزمۇ هېسسىياتىمىزغا تايىنىپ ئىش قىلماي، بەلكىم بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمىز مۇمكىن.

مەلۇم ۋاقىتتا، ئەگەر كەيپىياتىمىز ئۇنداق ـ مۇنداق بولۇپ قالسا، ھەتتا خەتەرلىك ئىشلار يۈز بېرىشى مۇمكىن.

بىر ئاممىۋى ئاپتوبۇس بېكەتتە توختىدى. يولۇچىلار ماشىنىغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن شوپۇر ئەمدىلا ئىشىكنى يېپىپ ماشىنىنى قوزغىتىشىغا سىرتتا بىرىنىڭ غەزەپ بىلەن ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئۇرغانلىقى ئاڭلاندى. شوپۇر يەنە ماشىنىنى توختىتىپ ئىشىكنى ئاچتى. بىر ئوتتۇز ياشلىق ئادەم ماشىنىغا چىقىپلا شوپۇرغا:

—— ئىشىكنى بۇنداق تېز يېپىپ نېمە قىلاتتىڭ؟ —— دەپ ۋارقىرىدى. شوپۇر:

—— مەن سىزنىڭ كەينىدە ئىكەنلىكىڭىزنى نەدىن بىلەي، —— دەپ جاۋاب قايتۇردى.

—— سەن كۆرمىدىڭما؟ —— ئۇ ئادەم يەنە تەرسالىق قىلىپ تۇرىۋالدى.

—— بۈگۈن مەن ھەيدىگەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق نۆۋەتچى ئاپتوبۇس، سەن بۇنى بىلمەمتىڭ؟ —— شوپۇر ئۇنىڭغا شۇنداق دەپ ئاچچىقلىنىپ تۇيۇقسىز ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتتى. بۇ ۋاقىت ئىشتىن چۈشىدىغان ئالدىراش مەزگىل بولۇپ يولدا ماشىنىلار ناھايىتى كۆپ ئىدى، نەتىجىدە ئاممىۋى ئاپتوبۇس ئالدىدىكى بىر ماشىنىغا سوقۇلۇپ كەتتى....

ھەر مىنۇت ھەر سېكۇنتتىكى كەيپىياتىمىز ئوخشاش بولمايدۇ. ئەگەر كەيپىياتىمىزنىڭ ياخشى ـ ناچارلىقىغا قاراپ ئىش قىلساق، قىلغان ئىشىمىزنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىگە تەسىر يەتمەسمۇ؟ شۇڭلاشقا كەيپىياتىڭىز ناچار ۋاقىتتا، چوقۇم دىققەتنى پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن بۇراپ، كۆڭۈللۈك ئىشلارنى ئويلاڭ. قەتئىي ناچار كەيپىياتنى قىلماقچى بولغان ئىشقا چېتىۋالماڭ.

ئەسلىدە ۋاڭ پىندەنىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن ياخشى ئىدى. ئەمما ئۇستەل ئۈستىدىكى دۆۋە ـ دۆۋە ھۆججەتلەرنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ كەيپىياتى ناچارلىشىپ كەتتى. ئۇ چۈشكىچە پايپېتەك بولۇپ نۇرغۇن ماتېرىياللارنى رەتلەپ بولدى. قارىماققا ئاددىي، ئەمما قىلسا ئىنتايىن ئاۋارىچىلىك، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار ... ئادەمنى تېخىمۇ بىزار قىلىدۇ.

چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ۋاڭ پىندەن تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ، تۇيۇقسىز ئەينەكتىن ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئاچچىقلانغان ھالىتىنى كۆردى. ئۇ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي: «ئەجەبا بۇ مەنمۇ؟» دەپ ھاڭۋېقىپلا تۇرۇپ قالدى. مەن خىزمەتداشلىرىم ئارىسىدا «كۆلكىگە ئامراق قىز ئەمەسمىدىم؟» دەپ ئويلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىگە نىقاب ياساپ، ناچار كەيپىياتىنى تەڭشىدى، ئۇ ئۆزىنى ئىمكانقەدەر تىنچ كەيپىيات بىلەن ياخشى خىزمەت قىلىشقا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇردى.

ئەگەر بىر پۇرسەت كەلسە، سىز بۈگۈنكى ناچار كەيپىياتىڭىز بىلەن شۇ پۇرسەتنى تۇتىۋېلىشنى خالامسىز، بۇ سىز ئۈچۈن بىر چوڭ يوقىتىش بولامدۇ؟ شۇڭلاشقا كەيپىياتىڭىزنىڭ ياخشى ـ ناچارلىقى بويىچە ئىش قىلماڭ، كەيپىياتتىكى ۋاقىتلىق ئۆزگىرىش قىلماقچى بولغان ئىشىڭىزنى تىزگىنلىۋالسا، بۇ ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ كەملىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەشنى بىلىش كېرەك، ھېسسىيات بويىچە ئىش قىلماي، مەسىلىلەرگە ئەقلىي تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ باھا بېرىش كېرەك. پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشىيەلىگەندىلا، ئاندىن پۇرسەتنى چىڭ تۇتالايسىز، تۇرمۇشىڭىز كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ، ھەممە ئىشلىرىڭىز ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

## يغلاپ باقمىغىنىڭىزغا قانچىلىك بولدى

بىز دائىم ئاچچىقلىنىمىز، ئەمما ئىنتايىن ئاز ياش تۆكىمىز، ئۆزىڭىزنىڭ يىغلاپ باقمىغىنىغا قانچىلىك بولغانلىقىنى ھېسابلاپ بېقىڭ؟ بىر ئاي، ئىككى ئاي، ئۈچ ئاي ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزۇن بولدىمۇ؟ بولۇپمۇ ئەرلەر، بەلكىم نەچچە يىلدىمۇ بىرەر قېتىم ياش تۆكۈپ باقمىغاندۇ. ئامېرىكىلىق بىر داڭلىق شەخسنىڭ «بىر تەرەپتىن يىغلاپ، بىر تەرەپتىن يەڭ» تور بېكىتىنىڭ نەچچە مىڭ كىشىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىغا ئاساسلانغاندا، 76% ئادەم بىر يىل ئىچىدە بىر قېتىممۇ يىغلاپ باقمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان، ئۇنىڭ ئىچىدە، ئالتە يىل ئىچىدىمۇ بىرەر قېتىم يىغلاپ باقمىغانلىرىمۇ بار ئىكەن. گەرچە بىز «ئەرلەر ئاسانلىقچە يىغلىمايدۇ» دەپ قارىساقمۇ، ئەمما ئەزەلدىن يىغلاپ باقماسلىق ياخشى ئىشمۇ ئەمەس.

كىچىك ۋاقتىمىزدا، كۆندە دېگۈدەك يىغلايتتۇق، ئارقىدىنلا يەنە ناھايىتى تېزلا كۆلكىمىزنى قايتۇرۇۋېلىپ، كۆز يېشىمىز قۇرۇماستىنلا يۇز بەرگەن بارلىق كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەتتۇق. ئەمما، چوڭ بولغاندىن كېيىن يىغلىمايدىغان بولدۇق ھەم كەيپىياتىمىزمۇ ئۇنداق ئاسان ياخشىلانمايدىغان بولدى، چۈنكى قەلبىمىزنى بېسىپ تۇرغان پاسسىپ كەيپىياتلار ھېچقاچان بوشىنىشقا ئېرىشەلمىدى.

ليۇ ياتىڭ مۇھەببەتتىن ئايرىلىپ قېلىپ، مۇھەببەت ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ چىقالمىدى ھەم كەيپىياتىنىڭ تۆۋەنلىكى خىزمەتكە تەسىر كۆرسىتىپ غوجايىنى تەرىپىدىن ئىشتىن ھەيدەلدى، مۇھەببەت ۋە خىزمەتتىكى قوش بېسىملار ئۇنى

بىراقلا تۇرمۇشتىكى قاراڭغۇ ھاڭغا تاشلىدى. ئەمما، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر بىر تامچىمۇ ياش تۆكمىدى، كۇنبويى ئۆيىدە بۇرۇنقى لايىقى بىلەن چۈشكەن سۈرەتكە ھاڭۋېقىپ قاراپ ئولتۇرۇپ، خىزمەت ئىزدىگىلىمۇ چىقمىدى، قىسقىغىنە بىر ئاي ئىچىدە، ئۇ ئورۇقلاپ، ھېچكىمگە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي مۇردىغىلا ئوخشاپ قالدى.

ئامال يوق، دوستى ئۇنى مەجبۇرىي ھالدا پىسخولوگىيەدىن مەسلىھەت سوراش ئورنىغا ئېلىپ كەلدى، دوختۇرنىڭ چۈشەندۈرۈشى بىلەن ئۇ ئاخىرى رېئاللىقنى قوبۇل قىلىپ، ئىچ ـ ئىچىدىن ھەسرەتلىنىپ تازا يىغلىدى، بىر ئايدىن كېيىن، يېڭى بىر خىزمەت تاپتى، گەرچە ئىلگىرىكى لايىقىنى ئويلاپ ئازابلانسىمۇ، كۆز يېشى قىلسىمۇ، ئەمما ئۇ ئاللىقاچان ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى كونترول قىلىشنى ئۆگىنىۋالغاندى.

نېمىشقا كىشىلەر قانغۇچە يىغلىغاندىن كېيىن، ئىنتايىن يەڭگىللەپ قالغاندەك، كۆڭلىدە تىنىپ قالغان ئاچچىقمۇ يوقاپ كەتكەندەك ھېس قىلىدۇ؟ ئىلىم ـ پەن خادىملىرىنىڭ بايقىشىچە، يىغلىغان ۋاقىتتا چىققان كۆز ياش ئادەم بەدىنىدىكى نۇرغۇن ھورمۇنلارنى چىقىرىپ تاشلايدىكەن، ئەسلىدە بۇ ھورمۇنلار ئادەمنىڭ بىزار بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن، ئامېرىكا مىننېسوتا ئىشتاتىنىڭ بىيوخىمىيەشۇناسى فىرود بىر قىزىقارلىق تەجرىبە ئىشلىگەن: بىر تۈركۈم ئىختىيارىي قىلغۇچىلارغا تەسىرلىك كىنو قويۇپ بەرگەن، تەسىرلىنىپ يىغلىغانلارنىڭ كۆز يېشىنى پىروبىركىغا چۈشۈرگەن، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، كۆز ياشنىڭ تەركىبىدە كاتېخولامىن بار بولۇپ، بۇ چوڭ مېڭىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئاجرىتىلىپ چىقىرىلىدىغان خىمىيەۋى ماددا ئىكەن. ئوشۇقچە كاتېخولامىن يىغلىغۇەرسە يۈرەك ـ مېڭە قان تومۇر كېسىلىنى

كەلتۈرۈپ چىقىرىشى، ھەتتا يۈرەك تىقىلمىسىنى كەلتۈرۈپ ئۆلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن، شۇڭلاشقا بىز «ئاجىزلارچە كۆز يېشى» نى تۆككەن ۋاقتىمىزدا، ئاجرىتىلىپ چىقىرىلىدىغىنى جانغا زامىن بولىدىغان « زەھەر» بولۇشى مۇمكىن.

يىغلاش بولسا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي دەرد ـ ئەلەمنى تۆكۈش شەكلى بولۇپ، بۈگۈنگە قەدەر بۇ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى كىشىلەرنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى شەخسىي مەنپەئەتنىڭ قورالىغا ئايلانماقتا، ھەتتا بارغانسېرى سەتلەشمەكتە. ئويلاپ بېقىڭ، ئازابلانغان ۋاقتىڭىزدا ئۆزىڭىزنىڭ ھېسسىياتىنى چىقىرىشتا، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ يىغلاشنى تاللامسىز ياكى بىر جىمجىت يەردە يوشۇرۇنچە ياش تۆكۈشنى تاللامسىز؟ سىز باشقىلارغا ئۆزىڭىزنىڭ ئامالسىز قالغان بىر تەرىپىنى كۆرسىتەمسىز ياكى داۋاملىق نىقابلانغان قەيسەرلىكىڭىزنى كۆرسىتىشنى خالامسىز؟

جۇڭگو پسىخولوگىيە نازارىتى بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى، بېيجىڭ يۇشىن پسىخولوگىيە مەسلىھەت سوراش مەركىزىنىڭ مەسلىھەتچىسى سوڭ يۈلىڭ مۇنداق دەپ قارايدۇ: جەمئىيەت رىقابىتىنىڭ كۈنسېرى ئۆتكۈرلىشىشىگە ئەگىشىپ، ھازىرقى زامان كىشىلىرى بېسىم ئاستىدا ئۇيۇشۇپ قالماقتا، كۆز يېشىمۇ «راھەت ـ پاراغەتكە بەك بېرىلىپ كېتىدىغان بۇيۇم» غا ئۆزگەرمەكتە، بولۇپمۇ ئەرلەر، ئۇلار كىچىكىدىن باشلاپ «باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئاجىزلىقىنى كۆرسەتمەسلىك كېرەك، بولمىسا ھېچقانداق ئىستىقبالى بولمايدۇ» دېگەن ئىدىيەدە تەربىيەلەنگەن، شۇنىڭ بىلەن چوڭ بولغاندىن كېيىن، ھاياتلىقتىكى ئۇخشاش بولمىغان باسقۇچلاردىكى بېسىملارغا يۈزلىنىپ، ئۆزى توپلاشقا تېخىمۇ ئادەتلەنگەن، بەزىلەر ھەتتا كۆلكىنى ۋاستە قىلىپ تۈرۈپ ئىپادىلىگەن، سوڭ يۈلىڭنىڭ

ئېيتىشىچە، ئۇ مۇنداق بىر ئەر كىشىنى ئۇچراتقان، ئۇ گەپ قىلغان ۋاقىتتا ھەمىشە ئادەتلەنگەندەك كۈلۈمسىرەپلا تۇرغان، ئەمما ئىنتايىن ئېنىقكى، ئۇ كۈلكە ئىنتايىن ئاچچىق كۈلكە، سۇڭ يۇلىڭ ئۇنىڭغا ئۇچ قېتىم «بولدى كۈلمەڭ» دېگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخىرى يىغلاپ كەتكەن، سۇڭ يۇمېي: «ئەمەلىيەتتە بۇ خىل قەيسەرلىك قالپىقى ئىنتايىن ئاسانلا بىسىمنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ» دېگەن.

راست، يىغلايدىغان چاغدا يىغلىماي، ئۇزۇكسىز سەۋر قىلساق، قەلبىمىزدىكى بۇرۇقتۇرمىلىقنىڭ ۋاقتى ئۇزارغانسېرى كۆڭلىمىزدىكى بېسىم بارغانسېرى ئېغىرلايدۇ، روھىي مەسئۇلىيەتمۇ بارغانسېرى چوڭىيىدۇ، بۇنداق بولىۋەرسە كىشىلەرگە بىر قىسىم ساغلام بولمىغان ئاقىۋەتلەرنى، روھىي چۈشكۈنلۈك، كەيپىياتى تۆۋەنلەش، مەيۈسلىنىش، ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەت چېكىش، ئەڭ ئېغىر بولغاندا ئۇيقۇسىزلىق، ئىشتىھاسى ناچارلىشىش، دۇنيادىن بىزار بولۇش، ھەتتا ھاياتىنى بالدۇرلا ئاخىرلاشتۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

گېرمانىيە يازغۇچىسى گىرلاس دائىم: «20 ـ ئەسىر كۆز ياشسىز ئەسىر»، 21 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، كىشىلەرنىڭ كۆز يېشى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇپ كېتىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر كەيپىياتىنى ئىپادىلەش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالىدۇ، ئۇلار نىقاب كەينىگە يوشۇرۇنىۋېلىپ ئۆزىنى مۇستەقىل ھالدا بېسىملار بىلەن ئېلىشتۇرىدۇ» دېگەن.

بۇ خىل «يىغلاش تېخنىكىسى» غا دائىر دوكتور جېر مۇنداق بايان قىلىدۇ: «جەمئىيەت تەرىپىدىن يىغلىمايدىغان قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىلغان كىشىلەر قايتىدىن يىغىنىڭ رولىنى ياخشى ئۆگىنىشى كېرەك، بولۇپمۇ بارغانسېرى باغرى قېتىپ

كېتىۋاتقان ئەرلەر». داڭلىق دوكتور ئايال يازغۇچى لۇيسى «سىزنىڭ ئىككىنچى هاياتىڭىز» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق كۆرسەتكەن: «ئەرلەر بىلەن ئاياللار تۇرمۇشتا ئوخشاشلا بۇ خىل ئىپادىلەشكە موهتاج، ئۇ بولسىمۇ يىغلاشتۇر. يىغلاشنى بىلمەيدىغان كىشىلەر چوقۇم ‹يىغلاش ماهارىتى›نى ئۆگىنىشى كېرەك.»

جېر دوكتور يىغلاش ماهارىتى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق تەكلىپ بېرىدۇ: «سىز هەرقانداق تېلېفون ياكى كۈتۈلمىگەن مېهمانىنىڭ سىزنى ئاۋارە قىلىشىدىن خالىي هالدا پىنهان ئولتۇرۇپ قولىڭىزنى مەيدىڭىزگە قويۇڭ، ئاندىن يېنىك نەپەس ئېلىڭ. ئاستا ـ ئاستا هاۋانى سۈمۈرگەندىن كېيىن بوۋاق بالىغا ئوخشاش يىغلىغان ئاۋاز چىقىرىڭ. بۇ خىل ئاۋازنى ئۆزىڭىز ئەستايىدىل ئاڭلاڭ. ئازابلىق تۇيغۇلارنى هېس قىلىپ بېقىڭ، ئۆزىڭىزنىڭ پەس ئاۋازدا يىغلىشىغا يول قويۇڭ، ئۆتمۈشتىكى ئازابلىق ئىشلارنى ئويلاڭ، ئاندىن شۇ ئازابلىق ئىشلارغا ماس كەلگۈدەك يىغلىغان ئاۋاز چىقىرىڭ.» ئەگەر سىز پۈخادىن چىققۇدەك بىر يىغلىۋالسىڭىز تۈماندىن كېيىن قۇياشنى كۆرگەندەكلا تۇيغۇغا كېلىسىز، چۈنكى سىز ئىچىڭىزدىن چىقىرالمىغان شۇ يىغىلار بېسىمىڭىزنى هەددىدىن زىيادە ئاشۇرۇۋېتىدۇ. شۇڭا سىز ۋاقىت چىقىرىپ يىغلاش هەرىكىتى ئېلىپ بېرىڭ. يېتەرلىك هېسسىيات بولسا، نەچچە مىنۇت يىغلىسىڭىزلا بېسىمدىن ئاجرىيالايسىز، بۇ ۋاقىتتا سىز تۇيغۇلىرىڭىزدىن خالاس بولالايسىز هەم يېنىكلەپ قالىسىز.

راست، مۇۋاپىق يىغلاش كىشىلەر قەلبىنى بېسىپ تۇرغان ياسىپ كەيپىياتنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە چىقىرىپ تاشلاپ، روهىي جەهەتتىكى يۈكنى يەڭگىللىتىدۇ، پسىخولوگلارنىڭ تەشەببۇسى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس: يىغلاشقا

تېگىشلىك بولسا يىغلاۋېرىڭ، كۆز ياشلىرىڭىزنى تۇتۇۋالسىڭىز ئۇ سىزنى تېخىمۇ ئازابلايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى قانداق ئازاب بولۇشتىن قەتئىينەزەر، توختىماي ئۆزۈكسىز يىغلاشقا بولمايدۇ، يىغىنىمۇ مۇۋاپىق ۋاقىتتا توختىتىش كېرەك، بېسىمدىكى كەيپىياتىڭىز چىقىرىشقا ئېرىشكەندە، يەڭگىللەپ قالغاندىن كېيىمۇ داۋاملىق يىغلىماڭ، يىغلاش ۋاقتى ئادەتتە 15 مىنۇتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك، بولمىسا سالامەتلىككە زىيىنى بار.

تۇرمۇشتىكى بېسىملارنى ئامال قىلىپ ھەل قىلغىلى بولىدۇ، كۆڭلىمىزدىكى ناچار كەيپىياتنى ئامال قىلىپ چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ، ئەگەر سىز باشقىلارنىڭ ئالدىدا يىغلاشقا جۈرئەت قىلالمىسىڭىز، ئادەم يوق بىر يەرنى تېپىپ يوشۇرۇنچە يىغلىۋالسىڭىزمۇ بولىدۇ، يىغلاپ بولغاندىن كېيىن ناچار كەيپىياتنى كۆز يېشىڭىز بىلەن بىللە پاك - پاكىز سۈرتىۋېتىڭ.

## تەنقىدلەشلەرگە ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ

بەزىلەر باشقىلارنىڭ ئۆزىنى تەنقىدلىشىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ئىنتايىن كىچىك بىر تەنقىد ــ تۈزىتىش ياكى ئەيىبلەش، ھەتتا بىر پىكىر بولغان تەقدىردىمۇ ھەممىسىگە ئاچچىقلىنىدۇ، ياكى شۇ زامان ئىنتايىن كەسكىن ئىنكاس قايتۇرىدۇ، ئەمەلىيەتتە بىز ئادەتتىكى كۆڭلىمىز بىلەن بۇ تەنقىدلەرگە مۇئامىلە قىلساق، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئاڭلىساق ھەم قارشى تەرەپنىڭ دېگەنلىرى بىر تەرەپلىمىلىك بولغان تەقدىردىمۇ بىز سوغۇققانلىق ئۇسۇلى بىلەن مۇئامىلە قىلساق تامامەن بولىدۇ، ھەرقانداق ۋاقىتتا ساراڭلارچە ئاچچىقلىنىش ئىشلارنى تېخىمۇ ناچار تەرەپكە بۇرايدۇ.

مىكىلانجىلو ئىتالىيەلىك مەشھۇر ھەيكەلتىراش، بىر قېتىم

فىلورېنسا شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە تەكلىپ قىلىپ بىر پارچە مەر ـ مەر تاشتىن جانلىق ئادەمگە ئوخشاش ئادەم شەكلىنى ياساپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان.

شۇنىڭ بىلەن مىكېلانجېلو جىددىي ھالدا ھەيكەلتىراشلىق خىزمىتىنى باشلىغان، ئىككى يىلدىن كېيىن بىر جەڭچىنىڭ ھەيكىلى ئاخىرى فىلورېنسا شەھىرىنىڭ خەلق مەيدانىدا تىكلەنگەن .

بۇ ئېسىل گۈزەل ـ سەنئەت بۇيۇمى ئېچىلىدىغان كۈنى، ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئېسىللىكىنى ئېغىز ـ ئېغىزغا تەگمەي ماختاپ كەتكەن، شەھەر باشلىقىمۇ كەلگەن، ئۇ مۆغەمبەرلەرچە ئوڭ ـ سولغا قاراپ، ئېغىر خۇرسىنغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتىدۇ، مىكېلانجېلو ئوڭايسىزلانغان ھالدا: «شەھەر باشلىقى جانابلىرى مۇۋاپىق بولمىغان يەرلىرى بارمىكىن» دەپ سورايدۇ، شەھەر باشلىقى دەرھال «ئەپەندى، ئۇنىڭ بۇرنى بەك پەس بولۇپ قاپتۇ» دەيدۇ خۇددى مۇتەخەسسىستەك قىياپەتتە.

مىكېلانجېلو گۈزەل ـ سەنئەتتىن ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان شەھەر باشلىقىنىڭ قەستەن تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈۋاتقانلىقىنى چۈشىنىدۇ، ئەمما كەمتەرلىك بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ ، ھەيكەلگە ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن قاراپ يۇقىرى ئاۋازدا: « شۇنداق! بۇرنى تازا مۇۋاپىق كەلمىگەندەك تۇرىدۇ، بىراق جىددىيلەشمەڭ، مەن دەرھال ئۇنىڭ ئوبرازىنى ئۆزگەرتىپ سىزنى رازى قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىمەن» دەپتۇ.

گېپىنى تۈگىتىپلا جازىغا تايىنىپ ھەيكەلگە يامىشىپتۇ، ھەيكەلنىڭ بۇرنىنى ئالدىراپ ئوڭشاشقا ئۇرۇنۇپتۇ، مەر ـ مەر تاش ئۇۋاقلىرى پۇرقىراپ چۈشۈشكە باشلاپتۇ.

بىرئازدىن كېيىن ئۇ جازىدىن چۈشۈپ، قولىنى قېقىشتۇرۇپتۇ، تاش ئۇۋاقلىرى شامالدا ئۇچماپتۇ، ئارقىدىنلا ئۇ شەھەر باشلىقىغا ھۆرمەت بىلەن: « قاراپ بېقىڭ ئەمدى بولدىمىكىن؟» دەپتۇ، شەھەر باشلىقى تاش ھەيكەلگە قايتىدىن ئىنچىكىلىك بىلەن قاراپ خۇشال بولغان ھالدا: « ھىم! بوپتۇ، مەن دېگەندەك ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، بۇ ھەيكەل تېخىمۇ چىرايلىق بوپتۇ» دەپ ماختاپتۇ.

شەھەر باشلىقى كەتكەندىن كېيىن ئۇ قولىنى يۇيۇپتۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەيكەلنىڭ بۇرنىنى ھېچقانداق ئۆزگەرتمىگەن، بىراق شەھەر باشلىقى دىققەت قىلمىغان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئوغرىلىقچە بىر چوڭ مەر - مەر تاش ئۇۋىقىنى تۇتۇپ، قەستەن ھەيكەلنىڭ بۇرنى ئۈستىدە يۇمشىتىپ «ئۆزگەرتكەن» ھالەتنى ياساپ چىققان ئىكەن.

زۆرۈر ۋاقىتتا قارشى تەرەپنىڭ ئىرادىسىگە ئاساسلانسا بولىدۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ پىرىنسىپىنى يوقىتىپ قويماسلىقى كېرەك، بۇنداق بولغاندا قارشى تەرەپنى رەنجىتىپ قويۇشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ پىكرىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ، تەنقىد ئالدىدا بىز ئۆزىمىزنىڭ كەيپىياتىنى كونترول قىلىشىمىز، ئاكتىپ ئىستراتېگىيە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك.

پىلاتون ياش ۋاقتىدىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ بولغان ئىدى، ئۇنىڭ بىر دوستى بىر كۆركەم ئورۇندۇقنى سوۋغا قىلىپ ئۇنىڭغا بولغان كۆڭلىنى ئىپادىلەپتۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي، پىلاتون كۆپچىلىكنى ئۆيىدە مېھمان بولۇشقا چاقىرىپتۇ، كۆپچىلىك ھېلىقى چىرايلىق ئورۇندۇقنى كۆرۈپ، بەس - بەستە ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ، سەۋەبىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن پىلاتونغا زوقلانغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ، تۇيۇقسىز كىشىلەر ئارىسىدىن بىرسى ھېلىقى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئورۇندۇقنىڭ ئۇستىگە چىقىپ، ساراڭلارچە قالايمىقان دەسسەپ تېپىپتۇ ھەمدە «بۇ ئورۇندۇق پىلاتوننىڭ قەلبىدىكى مەغرۇرلۇق ۋە شۆھرەتپەرەسلىككە ۋەكىللىك قىلىدۇ، مەن ئۇنىڭ ئابرۇيپەرەسلىكىنى چەيلەپ يوق قىلىۋېتىشىم كېرەك» دەپتۇ.

بۇ ھەرىكەت پۈتۈن مەيداندىكى كىشىلەرنى ھەم پىلاتوننىمۇ ئىنتايىن چۆچۈتىۋېتىپتۇ، ئەمما ئارقىدىنلا پىلاتون خاتىرجەملىك بىلەن بىر ئىش قىپتۇ، ئۇ ئالدىرىماي ئۆيگە كىرىپ نەچچە پارچە لاتا ئېلىپ چىقىپ، ھېلىقى دەسسەپ مەينەت قىلىۋەتكەن ئورۇندۇقنى پاك ـ پاكىز سۈرتۈپتۇ، كەينىدىن ھېلىقى ئورۇندۇقنى دەسسەۋاتقان دوستىنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئالدىرىماي قىزىقارلىق ھەم چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ: «سىزنىڭ قەلبىمدىكى شۆھرەتپەرەسلىكنى يوق قىلىۋەتكىنىڭىزگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت، ھازىر مەنمۇ سىزنىڭ قەلبىڭىزدىكى ھەسەتلەرنى سۈرتۈشىڭىزگە ياردەم قىلدىم، بۇ نۆۋەت ئەمدى خاتىرجەم ھالدا ئولتۇرۇپ كۆپچىلىك بىلەن بىللە چاي ئىچكەچ پاراڭلاشسىڭىز بولامدۇ؟» دەپتۇ.

ناچار سۆزلەر بىلەن سىلىشتۇرغاندا، ئېسىل ۋە نەپىس سۆزلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ تەسىراتىغا قارىتا زەربە بېرىش كۈچى تېخىمۇ چوڭ، ئاشۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمىغان تەنقىدكە نىسبەتەن، بىزنىڭ ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ كېتىشىمىزنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق. كالللىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىستىراتېگىيەلىك ئۇسۇل بىلەن تەنقىدكە مۇئامىلە قىلساق تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟

ئەلۋەتتە، مۇكەممەل ئادەم بولمايدۇ، شۇڭلاشقا ھەربىرىمىز باشقىلارنىڭ پىكىر ۋە تەنقىدىگە ئۇچراپ قېلىشىمىز مۇمكىن، بىز تۆۋەندىكى بىرقانچە ئۇسۇللار بىلەن تەنقىدنى قوبۇل قىلىشنى سىناپ باقساق بولىدۇ:

بىرىنچى، كەيپىياتىمىزنى تىنچلاندۇرۇشىمىز، سەۋرچانلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن تەنقىدلىگۈچىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغان مۇھىم كۆز قارىشىنى چۈشىنىشىمىز، ھەرگىز بىرتەرەپتىن باش لىڭشىتىپ، بىر تەرەپتىن رەددىيە بەرمەسلىكىمىز لازىم.

ئىككىنچى، چوقۇم ئىشتىن ئاۋۋال بىر پىسخىكىلىق قورغان قۇرۇۋالماسلىقىمىز لازىم، ئەكسىچە ھەرقانداق بىر تەنقىدنى ھالەتنى قەيسەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك، چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ئۆزىڭىزگە: «مەن تەنقىدنى قارشى ئالىمەن»، «مەن بىرئاز ئۆزگەرتىلگەن كۆز قاراشنى ئاڭلاشقا ئىنتىلىمەن»، «بۇ ئادەم ماڭا ياردەم قىلغۇچى» دەپ ئەسكەرتىپ تۇرۇڭ.

ئۈچىنچى، ھەرگىز گەپتە چېقىشىۋالماڭ، چۈنكى بۇ ئىنتايىن ئاسانلا «ئۇرۇش»نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، سىزنىڭ گېپىڭىز پەقەتلا قارشى تەرەپكە رەت قىلغان تۇيغۇنى بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ «ئوت ئېچىشماق» تېخىمۇ ئۇلغىيىدۇ، بۇ خىل ھاياجاننى كونترول قىلىش ئىنتايىن تەس، چۈنكى قارشى تەرەپنىڭ ھۇجۇمى سىز تەنقىدكە ئۇچرىغاندەكلا كۈچلۈك، ئەمما بۇ ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىگە ھېچقانداق ياردەم بېرەلمەيدۇ ھەم ھېچقانداق ئۇنۇمىمۇ يوق.

تۆتىنچى، كەيپىياتىڭىزنى ئىللىتىشنى سىناپ بېقىڭ، چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، كۆڭلىڭىزدە سان تولدۇرۇڭ.

بەشىنچى، ئۆزىڭىزنىڭ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىڭ، تەنقىدنى قوبۇل قىلىڭ، ئەمەلىيەتتە يېڭى ئىشلارنى سىناپ كۆرۈش، كۆز قاراشنىڭ يۇقىرىلىقىنىڭ ھەممىسى سىزنى ئاسانلا تەنقىدكە ئۇچرىتىدۇ، نۇقتىلارنى ئالماشتۇرۇپ بۇ ئىشلارنى ئويلاڭ، ئۆزىڭىزگە مەغلۇبىيەتنىڭ گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلانغانلىقىڭىزنى ئېيتىڭ، بۇنداق بولغاندا سىز تېخىمۇ كۆپ خۇشاللىقلارنى ھېس قىلالايسىز.

## سەۋرچان بولۇڭ

كۆپىنچە كىشىلەر ئىش قىلغاندا ھەمىشە ئالدىراشلا قىلىدۇ. كەيپىياتىنى تىنچلاندۇرمايلا تۇگىتىشۋېتىدۇ ـ دە، سەۋر قىلىشنى بىلمەي ئىشلارنى ئىنتايىن ئاسانلا ئاۋارىچىلىككە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

بىر كىچىك راھىب بار بولۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتى ھەر كۇنى ئەتىگەن بۇتخانىنىڭ ھويلىسىدىكى چۇشۇپ كەتكەن يوپۇرماقلارنى سۇپۇرۇش ئىكەن، بۇ بىر يېنىك ئىش ئەمەس بولۇپ، كىچىك راھىب ھەر كۇنى ئەتىگەن خېلى ئۇزۇندا ئاندىن ھويلىدىكى دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى تازىلاپ بولالايدىكەن، بولۇپمۇ كۇز ۋە قىش پەسىللىرى، ھەر قېتىم شامال چىققاندا، دەرەخ يوپۇرماقلىرى ھەمىشە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۇچۇپ يۇرۇيدىكەن، بۇ ئىش كىچىك راھىبنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپتۇ، ئۇنىڭ بارغانسېرى سەۋر ـ تاقىتى توشۇپ، ئۇزۇكسىز ئۆزىنى يەڭگىللىتىدىغان ياخشى ئامال ئىزدەپ يۇرۇپتۇ.

بىر كۇنى، بىر راھىب ئۇنىڭغا: «سەن ھەر كۇنى يوپۇرماق سۇپۇرۇشتىن ئىلگىرى، ئاۋۋال دەرەخنى بار كۇچۇڭ بىلەن ئىرغىتقىن، يوپۇرماقلار پۇتۇنلەي چۇشۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەتىسى ھېچقانداق جاپا تارتمايلا تازىلاپ بولىسەن» دەپتۇ.

كىچىك راھىب بۇ ئامالنىڭ يامان ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى كۇنى شۇ ئامال بويىچە ئىش قىلىشنى باشلاپتۇ، ئۇ ئەتىگەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، پۇتۇن كۇچى بىلەن دەرەخنى ئىرغىتىپتۇ، كۆڭلىدە بولسا: « بۇ قېتىم، بۇگۇن بىلەن ئەتىنىڭ يوپۇرماقلىرىنى بىر قېتىمدىلا تازىلاپ بولىمسام» دەپ ئويلاپتۇ.

ئەمما ئىككىنچى كۈنى، كىچىك راھىب ھويلىغا چىقىپلا ئىختىيارسىز ساراڭدەك قاراپلا قاپتۇ، چۈنكى ھويلىدىكى يوپۇرماقلار ئازلىماقتا يوق، ئادەتتىكىدىنمۇ كۆپ ئىكەن، بۇ ۋاقىتتا راھىب كالان كېلىپ، ئىنتايىن مەزمۇنلۇق ھالدا كىچىك راھىبقا: « ئەخمەق بالا، بۈگۈن سېنىڭ قانچە كۈچىگىنىڭدىن قەتئىينەزەر، يوپۇرماق ئەتە ئوخشاشلا ئۈچۈپ چۈشۈۋېرىدۇ» دەپتۇ.

تۇرمۇشتا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر كىچىك راھىبقا ئوخشايدۇ، چۈنكى سەۋر ـ تاقەت قىلىشنى بىلمەيدۇ، شۇڭلاشقا ئىشلارنى بىر قېتىمدىلا ھەل قىلىۋېتىشكە ئۇرۇنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىنتايىن كۆپ ئىشلارنى ئالدىدىن پۈتتۈرۈۋېتىشكە ئامالىمىز يوق، بەك بالدۇر كەلگۈسىدىن قايغۇرسىڭىز پەقەتلا ئۆزىڭىزنى ھاردۇرۇۋالىسىز ھەم ئۆزىڭىزگە تەئەللۇق خۇشاللىقلاردىن مەھرۇم قالىسىز.

ئۇزۇكسىز ئالدىراش بولسىڭىز، مەيلى تاماق يېيىش، يول مېڭىش، ئۇخلاش، ئويناش ھەممىسىدە ھېچقانداق سەۋر ـ تاقىتىڭىز بولمىسا، ھەمىشە بىر نىشانغا ئالدىرىسىڭىز، يەنە بىر ئۇلۇغۋار مەقسەتنىڭ سىزنىڭ ئورۇنلىشىڭىزنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلسىڭىز، ئارتۇقچە ۋاقىتنى «ھازىر» دىكى بۇ ئىشلارغا ئىسراپ قىلىۋەتمەڭ، چۈنكى ئالاقزەدە بولغانسېرى ئىشلارنى ياخشى بېجىرەلمەيسىز، كەيپىياتىڭىزمۇ تاقىتى تاق بولۇپ ئوساللىشىپ كېتىدۇ، شۇڭلاشقا سەۋر ـ تاقەتلىك بولۇپ، ھەربىر ئىشنى خاتىرجەم ھالدا قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.

## كۆڭۈلگە ياقمىغان گەپلەرنى قىلىڭ

رىقابەتنىڭ كۈنسېرى ئۆتكۈرلىشىشىگە ئەگىشىپ، ھازىرقى دەۋردىكى خىزمەت، تۇرمۇش بېسىملىرى بارغانسېرى

چوڭايماقتا، بەزىلەر كۆڭۈلسىز ئىشلارغا يولۇققاندا ئاشۇ كۆڭۈلسىزلىكنى ۋاقتىدا چىقىرىۋېتىشكە ماھىر ئەمەس بولۇپ، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى، پىسخىكىلىق توسالغۇنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ھەمىشە بۇرۇن ھەل بولمىغان مەسىلە، زىددىيەتلەرنى ئويلايدۇ، ھەدېسلا ئىلگىرىكى بالايىئاپەتلەرنى، ھازىرقى قىيىنچىلىقلار بىلەن كەلگۈسىنىڭ غۇۋالىقىنى سۆزلەيدۇ، بۇ ئادەملەرگە نىسبەتەن، ئەزەلدىن ھېچقانداق بىر ئىش ئۇلارنى قانائەتلەندۇرۇپ باقمىغان، ئۇلارنىڭ كونىچە، چۈشكۈن، بوشاڭ ئۇسۇللىرى، بەختسىز ۋە بىزارلىق تۇرمۇشنىڭ باش تېمىسى، ساق ـ سالامەت، ھەممە ئىشى ئوڭۇشلۇق بولغان چېغىدا، تۇرمۇشتىكى ئاچچىقنى چىقىرىدىغان ئىشلارنى ئويلاشقا ئادەتلەنگەن. ئەمەلىيەتتە، ئىنتايىن كۆپ ۋاقىتلىرىنى زەردىسى قايناش، تېڭىرقاشقا سەرپ قىلىشتىن، ئۆزىدىكى ئارتۇقچە سەمرىپ كەتكەن كېسەل قەلبىگە كۆپرەك قاراپ، ئۆز كۆڭلىنى ھىمايە قىلىدىغان ئىزدىگەن ياخشىراق.

لى شياۋلى بولسا بېيجىڭدىكى بىر يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا كارخانىسىنىڭ خىزمەتچىسى بولۇپ، خىزمەت خاراكتېرى ئۇنى دائىم كاماندىروپكىغا چىقىشقا بەلگىلىگەن، باشقىلار كاماندىروپكىغا چىققان چاغدىكى بوش ۋاقىتلىرىدا ئەتراپتىكى ئاسارئەتىقىلەرنى كۆرگىلى باراتتى، ئەمما ئۇ ۋۇخەندىكى خىزمىتىنى ئالدىراپلا تۈگىتىپ، ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە بىۋاستە گۇاڭجۇغا كېلىپ خىزمىتىنى قىلىدۇ، دائىم بىر ئاينىڭ يېرىمىدەك ۋاقتىنى سىرتتا ئۆتكۈزىدۇ.

ۋاقتىنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ ئۇ ئىنتايىن بىزارلىق ھېس قىلىشقا باشلايدۇ، ئەمما بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىن، تۇرمۇش بېسىمى بىرئاز پەسەيگەن ھەم يوقىتىپ قويغاندەك ھېس

قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تەنھەرىكەت ئارقىلىق دەردىنى چىقىرىشنى ئويلايدۇ.

ئۇ ئادەتتە گولف توپ ئويناشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، ھەر قېتىم بىزارلىق ھېس قىلغان ۋاقىتىدا، بىرقانچە خىزمەتدىشىنى گولف توپ ئويناشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ: «گولف توپ ئادەمنىڭ كەيپىياتىنى ئاسانلا خۇشاللىققا ئېرىشتۈرىدىغان ھەرىكەت، ھەر قېتىم مەن دەردىمنى چىقارماقچى بولۇپ، پۈتۈن دىققىتىم بىلەن گولف توپ ئوينىغان ۋاقتىمدا، ھەر قېتىم توپنى كىرگۈزگەن ۋاقتىمدا، ئۇلار ماڭا بەس ـ بەستە ماڭا چاۋاك چالىدۇ، بۇ ۋاقىتتا مەن ئىنتايىن خۇشاللىق ھېس قىلىمەن.» ئەمەلىيەتتە، شياۋلىنىڭ توپ ئويىنىشى يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كۆڭلىدىكى بىزارلىقلارنى چىقىرىش ئۈچۈندۇر، ئەمما ئۇ ھازىر ئىدارىدىكى گولف توپ ماھىرىغا ئايلىنىدۇ.

شياۋلى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ھەرىكەت بىلەن قەلبىدىكى بىزارچىلىقنى چىقىرىپ تاشلايدۇ ھەم ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەيدۇ، تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقىغا ئېرىشىدۇ، مۇشۇنداق بىر ئىشتىن ئىككى ئۇنۇم ئالسا ياخشى ئەمەسمۇ؟

ئەگەر ئىنتايىن كۆپ بېسىملارنىڭ ئۇشتۇمتۇت تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە تاقابىل تۇرالمىسىڭىز يىقىلىپ كېتىشىڭىز مۇمكىن، ناچار كەيپىياتنى داۋاملىق تەڭشىيەلىگەن ئادەم، خاتالىق ۋە مەغلۇبىيەتكە ھەقىقىي يۈزلىنەلەيدۇ ھەم ناچار كەيپىياتمۇ ھېچقانداق تەھدىت تۇغدۇرالمايدۇ، كۆڭلىڭىزنى ياساشقا ماھىر بولسىڭىز، ھەر ۋاقىت تۇرمۇش بېسىمى بىلەن يېسخىك كېسەللىكلەرنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

چېن خۋا بولسا كەيپىياتى تۇراقسىز قىز. ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە: كەيپىياتى ئىنتايىن تۇراقسىز بولۇپ، ئەتىگىنى

خۇشال بولغان بولسا كەچ كىرىشى بىلەنلا ھېچنېمە كۆڭلىگە ياقماي ئىنتايىن روھى چۈشۈپ كېتىدىكەن. ناچار كەيپىياتقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن چىنخۇا ئۆزىگە «بازار ئايلىنىش» تەك ئامالنى تاپتى.

ئۇنىڭ ئايلىق كىرىمى يۇقىرى ئەمەس بولۇپ، ئادەتتە نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغىلى ئاز باراتتى، سېتىۋالماقچى بولغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى جەدۋەل قىلىپ، چوڭ كىيىم ـ كېچەك، كىچىكى لۆڭگىگىچە، نەچچە رەت ئويلانغاندىن كېيىن بىر ئاي ئىچىدە ھەممىشە ئون نەچچە خىل كۇندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋالماقچى بولىدۇ، ئۇ سېتىۋالماقچى بولغان نەرسىلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى بىلەن ئورنىنى بېكىتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەڭ كۆپ ئېرىشىدىغان نەپكە كاپالەتلىك قىلىدۇ، بۇ جەدۋەلنى ئۇ ھەممىشە ئۆزى بىللە ئېلىپ يۈرۈيدۇ، مۇبادا كەيپىياتى ناچارلاشسا، ئۇدۇل دۇكان ياكى تاللا بازىرىغا كىرىپ چوڭدىن كىچىككىچە ھەممىنى ئېلىپ قايتىپ كېلىدۇ، «نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىش كىشىگە بىر خىل رازىمەنلىك تۇيغۇسى بېرىدۇ. بولۇپمۇ ئاياللار نەرسە سېتىۋالغان چاغدا، بىزارلىق تۇيغۇلىرى بىلىپ ـ بىلمەي يۇتۇنلەي يوقاپ كېتىدۇ.»

چېن خۇا شۇنداق دەيدۇ: «ئىلگىرى كەيپىياتىم ناچار بولۇپ قالسا ھېچنېمىگە قارىماي ئۇدۇل ماگىزىنغا كىرىپ ئىشلىتىدىغان، ئىشلەتمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تازا سېتىۋالاتتىم، ئەمما ئۆيگە كېلىپلا پۇشايمان قىلىشقا باشلايتتىم، بۇنداق كۆپ ‹ئەھمىيەتسىز› نەرسىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلمەيتتىم.» ئەمما ھازىر ئۆزى تۈزىۋالغان نەرسە ـ كېرەك جەدۋىلى ئۇنىڭ «ساراڭلارچە» نەرسە سېتىۋېلىشنى «يېرىم ساراڭلارچە» نەرسە سېتىۋېلىشقا

ئۆزگەرتتى ھەم ئۆزىنىڭ كەيپىياتىدىكى ئېھتىياجلارنى قالدۇردى ھەم پۇلنى ئىسراپ قىلمايدىغان بولدى.

ياش ـ خانىم قىزلارغا نىسبەتەن، نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىش ئۇلارنىڭ بىزارلىقىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، خۇشاللىق ئېلىپ كېلىش، ناچار كەيپىياتقا مۇۋاپىق ۋاقىت بېرىش بولسا بىر خىل ياخشى كەيپىياتنى بوشاشتۇرۇش ئۇسۇلى.

ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ كەيپىياتىنى ئىللىتىدىغان باشقىچە ئۇسۇللار يەنە بارمۇ؟

بىرىنچى، دائىم سومكىڭىزنى رەتلەپ تۇرۇڭ، ئەگەر سومكىڭىز بىر ئاي ئىچىدە ھېچقانداق رەتلەنمىسە، بىر نەرسىنى ئىزدەشكە توغرا كېلىپ قالسا، خېلى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشىڭىز مۇمكىن، پىسخىكا بىر مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا دۇچ كەلگەن مۇشكۇل ئەھۋالنى دەپ دوستلىرىڭىزغا دەردىڭىزنى تۆكسىڭىز، دوستلىرىڭىز سىزگە تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى بېرىدۇ ھەمدە ئۇلار پەقەتلا ئاڭلىغۇچى، دېگەنلىرىڭىز ھەمىشە ئىچىڭىزنى بوروختۇم قىلغىنىڭىزدىن ياخشىراقلىقىغا ئىشىنىڭ، ئادەملەر بىلەن ئالاقە قىلىش، ئەمەلىيەتتە بىر پىسخىكىلىق مېتابولىزم جەريانى، ئەمما دىققەت قىلىشمىزغا ئەرزىيدىغىنى، ئەڭ ئاخىرىدا چوقۇم ئاكتىپ پىسخىكىنىڭ ساقلىنىپ قېلىپ، ناچار پىسخىكىنىڭ چىقىرىپ تاشلىنىشى. ھەرگىز ئۆزىڭىزنى تاشلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلماڭ، ئەكسىچە دوستىڭىزدىن ئازراق نەرسە يىغىپ سومكىڭىزغا قاچىلاڭ.

ئىككىنچى، ئۆيدىن چىقىپ ھەرىكەت قىلىڭ، ئادەملەرنىڭ كەيپىياتى بىلەن ئۆيدىكى بوشلۇق ئارىسىدا مۇناسىۋەت مەۋجۇت، سىز كۈنبويى ئۆيدە تۇرغان ۋاقتىڭىزدا، ياخشى كەيپىياتىڭىزنى ساقلاش ئىنتايىن تەس، شۇڭلاشقا سىرتلارغا چىقىپ ھەرىكەت قىلىش يامان ئەمەس تالالاش، مەيدانلار، باغچىلارنىڭ ھەممىسى

بولىدۇ، ھەتتا ھېچقانداق مەقسەتسىز ماڭىسىگىزمۇ بولىدۇ، بۇ خىل ئۇسۇل داۋاملاشتۇرۇشقا موھتاج، ئەمما تويۇقسىز بېسىملارغا دۇچ كەلگەن چاغلاردا، دەرھال ئۆيدىن چىقىپ، ئاندىن ساپ ھاۋادىن چوڭقۇر نەپەس ئالسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئۈچىنچى، «تەسەۋۋۇر» غا مايىل بولۇڭ، سىزدە بىزار بولۇش، ھەسرەت چېكىش، خاتىرجەم بولالماسلىق، جىددىيلىشىش قاتارلىق ناچار كەيپىياتنىڭ قورشاۋىدا قالغان ۋاقتىڭىزدا، «تەسەۋۋۇر» نى پارچىلاشنى توسالغۇغا ئۇچراتماڭ، زەڭگەر ئاسماننىڭ ئادەمنى خاتىرجەم قىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ؛ چەكسىز كەڭ يايلاقنىڭ كىشىنىڭ كۆڭلىنى چاغ قىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ؛ توپ - توپ بۇلۇتلارنىڭ تىنچ ۋە خاتىرجەم قىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ؛ تاتلىق بۇلاق سۈيىنىڭ ئادەمنى ھوزۇرلاندۇرۇپ، قەلبىنى تىنچلاندۇرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ؛ ئاچ قىزىل تاللارنىڭ ئادەمنى ھوزۇرلاندۇرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ، كۆز يەتكۈسىز دېڭىزنىڭ ئادەمنىڭ مېڭىسىنى سەگەكلەشتۈرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ؛ دېڭىز ئۈستىدە ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتقان چايكىلارنىڭ ئادەمنى راھەتلەندۈرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ؛ دېڭىز بويلىرىدا ئاستا مېڭىشنىڭ ئادەمنى يەڭگىللەشتۈرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ؛ گۈزەل ئۆتمۈشنىڭ تەبىئىي رەۋىشتە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ؛ ئېرىشكەن نەتىجىلىرىڭىزنىڭ سىزگە قايتىدىن ئىشەنچ ئاتا قىلالايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ.

تۆتىنچى، ئۆزىڭىز ئۈچۈن ياشاڭ، ھەقىقىي ئۆزىڭىز بولۇڭ، كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەم خۇشاللىق ھەم ئازابلىق ھەم ئېچىنىشلىق بولۇشى ھەقىقەت، ئۆزىڭىزنى كۆلكىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

زورلىشىڭىز هاجەتسىز، ئۆزىڭىزنى ئۇنداق قەيسەر هالەتتە نىقابلىماڭ، يىغلىغىڭىز كەلسە يىغلاۋېرىڭ، هېچقانداق يۈزى چۈشۈپ كېتىدىغان ئىش يوق، ئاجىزلىقىڭىزغا رۇخسەت قىلىڭ، ئۆزىڭىزنىڭ بارلىق كەيپىياتىغا هۆرمەت قىلىڭ.

بەشىنچى، ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان ئىشنى قىلىڭ، كىشىلەر ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئىشنى قىلغان ۋاقىتتا، كەيپىياتى ئىنتايىن ئازادىلىشىپ، ناچار كەيپىياتلار ئازلاپ هەم ئىللىيدۇ، قىزىقىشنى يېتىلدۈرگىلى هەم ئىزدەپ تاپقىلى بولىدۇ، ئەگەر سىز خىزمەتتە قىزىقىشنى ئىزدىمەكچى بولسىڭىز، ئۇنداقتا خىزمەت قىلسىڭىزمۇ هېرىش، بېسىم هېس قىلماڭ، سىز هەرقانداق بىر ئىشتىن خۇشاللىق تاپماقچى بولسىڭىز تۇرمۇشتا بېسىم ۋە ئازابلار قالمايدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، كەيپىياتىمىز ناچار، ئېغىر سىقىلغان ۋاقتىمىزدا، ئۆزىمىز قەلبىمىزنى داۋاملىق ئېغىرلاشتۇرمايلى، ئاشۇ ناچار كەيپىياتلار ئۇچۇن مۇۋاپىق سۆز تاپايلى، مەسىلەن: دوستىمىزنى ئىزدەيلى، ساياهەت قىلايلى، ئۇسسۇل ئويناپ ناخشا ئېيتايلى، نەرسە - كېرەك سېتىۋالايلى، ۋاقىتتا قەلبىمىزگە ئازادىچىلىك بېرەيلى، ئۆزىمىزنىڭ كەيپىياتىنى باشتىن - ئاخىر يېنىكلىتىش هالىتىدە، ئۆزىمىزنى باشتىن - خۇشاللىققا چۆمدۈرەيلى.

## نېمىلا بولۇشتىن قەتئىينەزەر، داۋاملىق ياشاڭ

تۇرمۇش، خىزمەت ... هەممىسىنى توختىتىپ قويساق بولمايدۇ، قانداق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، هەم قانچىلىك ئاچچىقلىنىپ ئازابلىنىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، روهىڭىز چۈشۈپ كەتمەسلىكى، تۇرمۇشنى يەنىلا قەتئىي

داۋاملاشتۇرۇش كېرەك، چۈنكى قۇياش ئەتە يەنىلا كۆتۈرۈلىدۇ.

سەنيا 18 يېشىدىن باشلاپلا ئېگىلىك تىكلەشكە باشلىغان، دەسلەپتە كوچىلارغا سوغۇق ئىچىملىك تەنزىسى قۇرغان، كېيىن ئۆزىنىڭ كىچىك تايىنىپ، قەددەمۇقەددەم جان تىكىپ ئىشلەپ، ئون يىل كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى بىرنەچچە يۈز مىڭ يۈەنلىك مەبلەغكە ئىگە شىركەت غوجايىنىغا ئايلانغان، بىراق بىر قېتىملىق خاتا تەدبىر ئۇنىڭ شىركىتىنىڭ ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، سەنيا ئۆيىدىن، ماشىنىسىدىن ئايرىلىپ يەنە نۇرغۇنلىغان قەرزگە بوغۇلۇپ قالغان، خۇددى بىر كېچىدىلا ئون يىل ئىلگىرىكى ھېچنېمىسى يوق ھالىتىگە قايتىپ قالغان.

يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يىقىلىشنىڭ ئازابىغا ھەر بىر ئادەم ئىنتايىن تەستە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، بۇ چوڭ زەربە ئۇنى بىردەمدىلا رەھىمسىز رېئاللىققا يۈزلىنىشكە ئامالسىز قىلىپ قويىدۇ، بىر ئاغرىپلا ئورنىدىن تۇرالماي ئىنتايىن چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ، بىر كۈنى ئۆلۈۋېلىشنى ئويلاپ، دوستىغا: «بۇ قېتىم تۈگەشتىم، ماڭىدىغان پەقەت بىرلا يولۇم قالدى... مەن پەقەت ئۆلۈپلا تۈگىشەي، سىلەرنىڭ مېنى كەچۈرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دەيدۇ.

دوستى ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ ئەستايىدىل ھالدا: «10 يىل ئىلگىرى سېنىڭ نۇرغۇن يولۇڭ بار ئىدى، ھازىرمۇ ھەم شۇنداق، ئەگەر سەن راستىلا ئاشۇ بارسا كەلمەس يولنى تاللىساڭ، ھېچكىم سېنى كەچۈرمەيدۇ، توخۇ يۈرەك ئادەملەر ھېسداشلىق قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ، قەددىڭنى قايتىدىن رۇسلىغىن، بولامدۇ؟ تۇرمۇشىڭنى داۋاملىق داۋاملاشتۇر. . . سەن شۇنى چۈشىنىشىڭ كېرەككى، پەقەت كۈرەش قىلغان ئادەملا

ئاندىن مەغلۇپ بولىدۇ، سەندە باشقىلارغا تەئەللۇق بولمىغان نەرسىلەر بار، شۇڭلاشقا سېنىڭ ئازابلىنىشىڭ هاجەتسىز، كەل، بىز بىرلىكتە چىقىپ قاراپ باقايلى، ئون يىلدىن بېرى قۇياش سېنىڭ ئۇستۇڭدە بۇرۇنقىدەك ئىللىق نۇر چاچماقتا، ئەگەر قۇياش ئۆزگەرمىسە، سېنىڭ كۆرەش ئىرادەڭمۇ يوق بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك.»

دوستىنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭغا ئۇمىد نۇرلىرىنى كۆرسەتكەندەك، كۆز ئالدى يورىغاندەك بولۇپ سىرتقا چىقىپ ئىللىق قۇياش نۇرى ئىچىدە توختىماي يۈگۈرۈپ يۇقىرى ئاۋازدا: «قۇياش ئۆزگەرمەيدۇ، قۇياش ئۆزگەرمەيدۇ!» دەپ ۋارقىراپتۇ.

قۇياش ئۆزگەرمەيدۇ، كىشىلىك هاياتتىكى بىر قېتىملىق مەغلۇبىيەت سىزنى مەڭگۇ توختىمايدىغان قاراڭغۇلۇق ئىچىگە باشلاپ كىرسە بولمايدۇ، پەقەت قۇياش ئاۋۋالقىدەك پارلاپ تۇرسىلا بىزنىڭ كۆرەش ئىرادىمىز يوقاپ كەتمەسلىكى هەم ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ئۆزىمىزنىڭ يولىدا ياخشى مېڭىشىمىز لازىم، كۆلۈڭ، بىز تۇرمۇشنى يەنىلا داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

چارلى بىر بەختسىز غېرىب ئۆسمۈر، ئۇنىڭ ئائىلىسى ئىنتايىن نامرات، ئۇ تېخى بىر ياشقا توشمىغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەن هەم ئۇ تۇغۇلغان ۋاقتىدا غەيرىي نورمال تۇغۇلغان بولۇپ، ئومۇرتقىسى غەيرىي بولۇپ تۆگە لوككىسى شەكلىدە هەمدە سول پۇتى ئەگرى تۇغۇلغان، ئۇ چوڭ بولغاندا هېچكىم ئۇنىڭ بىلەن ئويناشنى خالىمىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنتايىن غېرىبلىق هېس قىلغان.

بىراق ئۇنىڭدا باشقا بالىلاردا يوق تۇغما تالانت بار بولۇپ، ئۇنىڭغا ئادەتتىن تاشقىرى سەزگۈ ۋە ئەقىل ئىنئام قىلىنغانىدى، ئۇ بەش ياش ۋاقتىدا لاتىن تىلىنى، يەتتە ياش ۋاقتىدا گىرېك تىلىنى ۋە باشقا تىللارنى ئۆگەنگەن، سەككىز

ياش ۋاقتىدا گېئومېترىيە ۋە ماتېماتىكىنى ئۆگەنگەن، ئالىي مەكتەپتىكى ۋاقتىدا، ئۇ ھەر بىر دەرستە ئالدىدا ماڭغان، ئەمما ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان چاغدا، مەكتەپ رەھبەرلىرى ئەتراپلىق ئويلاشمايلا ئۇنىڭ مەكتەپ پۈتكۈزۈش مۇراسىمىغا قاتنىشىش سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلىغان.

ئۇ ئىنتايىن چوڭ زەربىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما ناھايىتى تېز لا قەددىنى رۇسلىغان، ئۆزىنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئامېرىكىغا كەلگەن، سىرتقى قىياپىتى كۆرۈمسىز بولغانلىقتىن، ئامېرىكىدا تەرەپتىن خىزمەت ئىزدەۋاتقان چارلىز ئىنتايىن سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغان، ئەمما ئۇ ئەزەلدىن بوشىشىپ قالمىغان، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ بىر ئېلېكتىر شىركىتىدىن رەسىمچىلىك خىزمىتىنى تاپقان، ئايلىقى 21 ئامېرىكا دوللىرى بولغان، ئۇ بۇ خىزمەتنى ئىنتايىن ئەستايىدىل ئىشلىگەن، ئىشتىن سىرتقى چاغلىرىدا نۇرغۇن زېھنىنى سەرپ قىلىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئېلېكتىرنى تەتقىق قىلغان.

خىزمەتتىكى تىرىشچانلىقى ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئىپادىلەپ بەرگەن، ئۇ ئۆمرىدە 200 خىلدىن ئارتۇق ئېلېكتىر كەشپىياتى ھوقۇقىغا ئېرىشكەن ھەم نۇرغۇنلىغان ئېلېكتىر نەزەرىيەسى ۋە تېخنىكىسىغا ئائىت كىتاب ۋە ماقالىلەرنى يازغان، ئۇ خىزمەتتىن خۇشاللىق ئىزدەشنى ھەم تەقدىم قىلىشنى بىلىپ، بۇ دۇنيانى ياشاشتىكى ئەڭ ياخشى دۇنيا دەپ بىلگەن، ئۇ بايلىق توپلاپ ئۆي سېتىۋالغان ھەم تونۇش بىر جۈپ ئەر - ئايال بىلەن بۇ ئۆيدە ھۇزۇرلانغان، چارلىز مۇشۇنداق قىلىپ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن.

سىزنىڭ ھازىرقى شارائىتىڭىز ناچار بولۇشتىن، قانداق زەربىگە ئۇچراشتىن قەتئىينەزەر، تۇرمۇشقا ئاۋۋالقىدەك

ئۆزگەرمەس سۆرئىتىڭىز بىلەن ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەڭ، سىزچۇ؟ قوغلاپ يېتىۋالالىدىڭىزمۇ؟ ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن مەلۇم بولمىغان ھەربىر كۈننى كۈتىۋېلىشنى ئۆگىنىڭ، بەخت ۋە خۇشاللىق سىزگە يېقىنلاپ كەلگۈسى. . .

## ئاغرىنماي ياشاڭ

*مۇھىتنى ئۆزگەرتىشكە ئامالىڭىز بولمىسا ئاۋۋال ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتىڭ.*

## سىز ئاغرىنىدىغان ئىشلار شۇنچىۋالا كۆپمۇ؟

ئازابلىنىش، ئاچچىقلىنىش، رازى بولماسلىقلارنىڭ ھەممىسى بىزدە دائىم پەيدا بولىدىغان كەيپىياتلار، بىراق سىز كېيىنكى قېتىم بىرەر ئىشقا ئۇچراپ ئاغرىنغان ۋاقتىڭىزدا ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىڭىزدىن: «بۇ ئىش نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا يۈز بەرگەن ھېلىقى ئىشتىنمۇ ئېغىرمىدۇ؟»، «بۇ ئىش راستىلا ئاغرىنىشقا ئەرزىمدۇ؟» دەپ سوراپ بېقىڭ، تەپسىلىي تەھلىل قىلغاندىن كېيىن سىز بەلكىم ئاغرىنىشنىڭ ئۆلچىمىنى ياخشى ئىگىلەپ، ئاسانلىقچە ئاغرىنمايدىغان بولۇشىڭىزمۇ مۇمكىن.

ۋېرنىڭ ئۆيى يولنىڭ جىددىي ئايلانمىسىغا جايلاشقان بولۇپ، كىشىلەر بۇ يولدىن ماشىنا ھەيدەپ ئۆتكەندە ئادەتتە سۈرئەتنى ئاستىلىتىپ ماڭاتتى، ئايلانمىدىن ئۆتۈپ 200 مېتىر ماڭغاندىن كېيىن شەھەر يوللىرى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولغا ئايلىنىپ قالاتتى، مۇبادا بۇ ئايلانما بولمىسا، ۋېرنىڭ ئۆيى ئىنتايىن خەتەرلىك جايغا ئايلىنىپ قالغان بولاتتى.

بىر كۈنى، ۋېر دەرس تەكرار قىلىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز پاڭ - پۇڭ قىلغان ئاۋازنى ئاڭلىغان ۋېر ئالدىراپ - تېنەپ ئىشىك ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۆز ئىتىنىڭ قانغا بويىلىپ، يولنىڭ

بويىدا مىدىرلىماي ياتقانلىقىنى كۆردى، ئىتى ئالدى پۇتىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئارقا پۇتى ۋېرنىڭ ئايالى بولسا ئىتىغا قارىغىنىچە كۆز يېشى قىلىۋاتاتتى.

«كىم قىلغاندۇ بۇ ئىشنى؟ تازىمۇ بىر قاملاشمىغان ئىشقۇ بۇ؟ سوقۇشنى سوقۇپ ماشىنىسىنى ھەيدەپ قېچىپ كەتكىنىنى كۆرۈڭ» دەپ قوشنىلار بەس ـ بەستە ئەيىبلىشىۋاتاتتى. ۋېر: ئۇ يولدىن ئۆتكەندە ئىتىنى كۆرگەن، نېمە ئىش بولغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ! بولمايدۇ، مەن چوقۇم ئىتنى سوقىۋەتكەن ئادەمنى تېپىپ يۈزتۇرا ھېسابلىشىشىم كېرەك، دېگەنلەرنى ئويلاپ غەزەپلەنگىنىچە ماشىنىسىغا سەكرەپ چىقىپ ئۇچقاندەك مېڭىپ ھېلىقى ئىتىنى سوقىۋەتكەن شوپۇرغا يېتىشىۋالدى.

ۋېر غەزەپ بىلەن ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۇنىڭغا ۋارقىراپ تۇرۇپ: « سەن مېنىڭ ئىتىمنى نېمىشقا سوقىۋەتتىڭ» دېدى. ئويلىمىغان يەردىن ھېلىقى ئادەم پەسەنت قىلمىغان قىياپەتتە: « مەن ئىتىڭنى سوقىۋەتكەنلىكىمنى بىلىمەن . . . بىراق ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ» دېدى. « نېمە!؟ نېمە دېمەكچىسەن؟» دېدى ۋېر ئاچچىقلاپ تۇرۇپ.

ھېلىقى ئادەم مېيىقىدا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئالدىرىماي ـ تېنىمەي: « مەن سېنىڭ ئىتىڭنى سوقىۋەتكەنلىكىمنى بىلىمەن، ئەمما سەن زادى نېمە قىلماقچى!؟» دېدى.

بۇ چاغدا ۋېر ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى كونترول قىلىشقا ئامالسىز قالدى. ئۇ ئۈنلۈك ئاۋازدا: « قولۇڭنى كۆتۈر» دېدى، «نېمە؟»، «مەن سېنى قولۇڭنى كۆتۈر دەۋاتىمەن، ئەبلەخ ... مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دېدى.

ھېلىقى ئادەم مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا: « مەن سەن بىلەن

ئۇرۇشمايمەن، ئەگەر سەن ئاۋۋال مېنى ئۇرساڭ، بۇ بىر جىنايەت ھېسابلىنىدۇ» دېدى. ۋېر بېشىنى چىڭ سىققىنىچە تۇرغان يېرىدە داڭقاتقىنىچە تۇرۇپ قالدى. ھېلىقى ئادەم ئاستاغىنە ئۇنىڭ يېنىدىن كەتتى.

كېيىن ۋېرنىڭ ئۆيىدىكىلەرى ئىتنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. چارۋا دوختۇرلىرى ئوكۇل ئۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتتى. كېيىنكى بىر قانچە كۈندە ۋېرنىڭ كاللىسىغا ھەمىشە ھېلىقى ئادەمنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىسى، يەنە ھېلىقى بىر ئېغىز «سەن نېمە قىلالايتتىڭ» دېگەن گېپى كىرىۋېلىپ ئۇدا ئۈچ ئاخشام تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى. ئاشۇ كۈنى كەچتە ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كۈندىلىك خاتىرە يېزىشقا باشلىدى. بىر سائەتكە يېقىن ھەسرىتى، ئازابى ۋە نارازىلىقىنى، شىكايەتلىرىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ۋېر ئاخىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان: «يارىلاندۇرغۇچى ئۆزىمۇ بىر يارىلانغۇچىدۇر» دېگەن جۈملىنى يېزىپ چىقتى.

شۇنداق ئاسانلا ئائىلىنىڭ ئەڭ ئامراق نەرسىسىگە زىيانكەشلىك قىلغىلى بولىدۇ، ئەمما قارشى تەرەپنىڭ ئۇنىڭغا قانچىلىك ئامراقلىقىنى بىز چوقۇم بىلىپ بولالمايمىز، گۆدەك بالا كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈپ تۇرغان ھالدا ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ كېتەلەيدۇ، ئەمما بىز ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى بىلەلىشىمىز ناتايىن؛ باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگىنىلىكىمىز ئۈچۈن ئەپۇ سوراڭ، ئۇ چوقۇم ئاشۇ ئازارلىرىڭىزدىن ئۈچۈن قېتىم - قېتىملاپ يۈرىكىگە سانجىلغان، بۇ ئادەم بۇ ئىشتىكى ھەقىقىي زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى، راست، ئۇنىڭ ئىپادىسى لۇكچەككە ئوخشايدۇ، ئەمما بۇلار ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى ئازابىدىن كېلىپچىققان.»

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەر قېتىم ھېلىقى ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ

ئائىلىسىگە كەلتۈرگەن ئازابىنى ئويلىغان ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ھېلىقى گەپلىرىدىن تەسىرلىنىپ، كەيپىياتىمۇ ئاستا ـ ئاستا تىنچلىنىپ قالىدىغان بولدى.

كىشىلىك ھاياتىمىزدا، ھەر خىل قىيىنچىلىق ۋە زەربىنى باشتىن كەچۈرگىنىمىزدە ئاغرىنىشىمۇ بولىدۇ، بىراق سىز بۇ ئىش شۇنچىۋالا ئاغرىنىشقا ئەرزىمدۇ ـ ئەرزىمەمدۇ؟ بۇ ئىش نەچچە كېچە ئۇخلىماي ئازابلىنىشىڭىزغا ئەرزىمدۇ ـ ئەرزىمەمدۇ؟ دېگەننى چۈشىنىشىڭىز كېرەك.

ئەگەر سىز خۇشال ئادەم بولماقچى بولسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىدىيەسىنى كونترول قىلىشىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ پىلانى بويىچە ياشىشىڭىز كېرەك، سىز چەكسىز ئاغرىنىشقا نىسبەتەن بىر مۇداپىئە لىنىيەسىگە موھتاج، ئۇنىڭ ئىچكى قەلبىڭىزنى چىرىتىۋېتىشكە ھەرگىز يول قويماڭ.

ئەمەلىيەتتە، يورۇقلۇق ھەر بىر ئادەمنىڭ قەلبىدە مەۋجۇت، پەقەت بەزى ۋاقىتتا بىزگە كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئادەم بولمىغاچقا تاپالماي قالىمىز، خالاس. ئازابلىق ئىشلارغا ئۇچرىغان ۋاقىتتا، ئەگەر بىز بىر نۇقتىنى ئالماشتۇرالىساق، شۇ ۋاقىتتا كەيپىياتنى ئۆزگەرتەلىسەك، ئېغىر بېسىم، گۇلدۇرمامىلىق قەبىھ ھاۋا ئىچىدە تۇرغان تەقدىردىمۇ قۇياش نۇرىغا ئوخشاش ئىللىق كەيپىياتقا ئىگە بولىسىز .

كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئازابلانغان چېغىدا، كەيپىياتنى ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىش بىر ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە قانداق ئۆزگەرتىشنىمۇ بىلمەيدۇ. كۆپلىگەن ۋاقىتتا ئوخشاش بىر ئىشنى بىر نۇقتىغا ئالماشتۇرۇپ قارىساق كەيپىياتمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

دۇنيادىكى نۇرغۇن ئىشلارنى خۇددى قاراڭغۇ كېچىنىڭ كېلىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئوخشاش بىز كونترول قىلالمايمىز، بىراق بىز

ئۆزىمىزنىڭ كەيپىياتىغا باشقۇرغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاكتىپ ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقىغا يول قويماسلىقىمىز لازىم.

ئېسىمىزدە بولسۇنكى، مەيلى قانداق ۋاقىتتا بولسۇن پەقەت ئۆزىمىزدە يورۇق شامدەك ئۈمىد بولسىلا چوقۇم بارلىق كۈچىمىز بىلەن غەلىبىگە ئېرىشىپ، پارلاق كەلگۈسىگە قاراپ مېڭىشىمىز كېرەك.

## ئاغرىنىش ئاسارىتىدىن قۇتۇلايلى

تۇرمۇشتا ئۇچرىغان ئاۋارىچىلىكلەرنى ئارقىمىزغا تاشلىۋەتكەن ۋاقتىمىزدا، ئەگەر سىز ھەقىقەتەن ئاغرىنىشنى ئويلىسىڭىز، ئۇنداقتا ئاشۇ ئاغرىنىدىغان گەپلەرنى يېزىپ قويۇڭ، كېيىن ئاشۇ ئاۋارىچىلىكلەرنى قەلبىمىزدىن سىزىۋېتىڭ ياكى يىرتىۋېتىڭ، كۆيدۈرۈۋېتىڭ. پەقەت سىز ئۆز قەلبىڭىزگە ئىشەنسىڭىز چوقۇم ئۇچۇق - يورۇق بولالايسىز، ئاۋارىچىلىك قانداق پەيدا بولۇشتىن قەتئىينەزەر، بىز چوقۇم مۇۋاپىق ھەل قىلىشىمىز، شۇ ۋاقىتتا ئاۋارىچىلىكلەرنىڭ بىزگە پاسسىپ تەسىر ئېلىپ كېلىشىدىن قۇتۇلۇشىمىز لازىم.

بىر پىسخولوگىيە ئالىمى بىر تۈرنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن پىسخىك تەجرىبە ئېلىپ بارماقچى بولۇپ، پاراخوتتىكىلەر بىلەن بىرلىكتە دېڭىزغا چىقىپتۇ، پاراخوتتا بىرنەچچە كۈن سەپەر قىلغاندىن كېيىن، دېڭىزدىكى مەنىسىز كۈنلەردىن پاراخوتتىكىلەر بىر - بىرلەپ مەيۈسلىنىپ ئاغرىنىشقا باشلاپتۇ. پىسخولوگىيە ئالىمى ئۇلارنىڭ يۈزەكى قارىشىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا كېمىنىڭ قۇيرۇقىغا بېرىشنى ئېيتىپتۇ ھەمدە پاراخوتقا يۈزلىنىپ دولقۇنلاۋاتقان دېڭىز سۈيى بىلەن ئۆزىنىڭ

قەلبىدىكى بارلىق نارازىلىقلارنى چىقىرىپ، بۇ نارازىلىقلارنى دېڭىز سۈيىدە ئېقىتىۋېتىشنى ئېيتىپتۇ، ئۇلار ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى سىناپ كۆرگەندىن كېيىن دەرۋەقە ھەممەيلەن كەيپىياتىنىڭ تولىمۇ راھەتلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ. ئۇلار پىسخولوگىيە ئالىمىغا قەلبىدىكى بىزار ئىشلارنى چىقىرىۋېتىپ خۇددى دېڭىز سۈيىگە كىرىپ كەتكەندەك، دېڭىز سۈيى بارغانسېرى يىراقلىشىپ كەتكەندەك، ھەتتا كۆرۈنمەيلا قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۇيۇقسىز قەلبىنىڭ ۋىللىدە يورۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قايتا ئاغرىنماپتۇ.

ئاغرىنىشقا قارىتا بىز مۇۋاپىق ئۇسۇلنى تېپىپ، ئاغرىنىشنى چىقىرىۋېتىشىمىز كېرەك. پەقەت ھەممە ئاغرىنىشنى چىقىرىپ تۆگەتكەندىلا ئاندىن كەيپىياتىمىزمۇ يېنىكلەپ قالىدۇ، ئاغرىنىشلارنى قەغەزگە يېزىپ يىرتىش ياكى كۆيدۈرۈۋېتىشنىڭ ھەممىسى ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنىڭ بىرى، ئەلۋەتتە، يەنە ئازابلارنى چىقىرىۋېتىشنىڭ نۇرغۇنلىغان ئۇسۇلى بار، مەسىلەن: دەردىنى يېقىن تۇغقانلىرىغا ئېيتىش، دوستلىرىنى تېپىپ مەسىلىنى بىرلىكتە ھەل قىلىش، ھېچقانداق ئادەم يوق جايغا بېرىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا ۋارقىرىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

پىسخولوگىيە تەتقىقاتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، كىشىلەرنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولمىغان ۋاقىتتا، سالامەتلىك ئەھۋالى روشەنكى ناچارلىشىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئىنكاسىمۇ تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئىش قىلىش ئۈنۈمى ۋە نەتىجىسىمۇ كۆرۈنەرلىك چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇڭا بىز دائىم قەلبىمىزنى يۇيۇپ تۇرۇشىمىز، رەتلەپ تۇرۇشىمىز، قەلبىمىزدىكى ئاشۇ ناچار كەيپىياتلارنى تازىلاپ تۇرۇشىمىز لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا يەڭگىللىك بىلەن جەڭگە ئاتلانغىلى ھەمدە ھەر بىر كۈنىنى مەنىلىك ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ.

لياقىچىلىكى بىر تۇر شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى بولۇپ كىشىلەرگە ئىنتايىن ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى، چىھرىدە ھەمىشە كۈلكە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى، بىراق يېقىندىن بۇيان خىزمەت بېسىمى ئېغىر بولۇپ كەتكەنلىكتىن ئۇنىڭ ئىچى تىتىلدايدىغان، خىزمەتداشلىرى ۋە يولدىشىغا سەۋرچان بولالمايدىغان، ھەدېسىلا ئاچچىقلايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. كېيىن ئۇ ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ئۆز خاتالىقلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئاخىرى نۇرغۇن ئىشلارنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزدى.

ئۆزىدىكى ناچار كەيپىياتنىڭ كېلىش مەنبەسىنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئۇ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا ھەمدە بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن ئاشۇ ئاۋارىچىلىكلەرنى يېڭىشكە باشلىدى، ئۇ تېخىمۇ كۆپ زېھنىنى خىزمەتكە قويدى، نەتىجىدە ئۇ قەلبىدىكى تەشۋىشلەرنى يوقىتىپلا قالماستىن، يەنە خىزمەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازاندى.

بىر ئادەم داۋالغۇش كەيپىياتىنى باشتىن كۆچۈرمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس، بىراق ئەگەر ھەمىشە ئېغىر كەيپىياتنى يۈك قىلىۋېلىپ بىر خىل تىت ـ تىت بولۇپ كەتسە، تۇرمۇشتا ئىچى پۇشۇپ قالسا، ئۆزىگە پايدىسىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كۆز ئالدىدىكى گۈزەل مەزگىلنى بىكاردىنلا ئىسراپ قىلىدۇ. بۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ ئىستىقبالى بىلەن كەلگۈسىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، ئەگەر سىز بارلىق دىققىتىڭىزنى بىزارلىق ۋە ئاغرىنىش ئۈستىگە قويسىڭىز ھەمدە ياخشى ئۇسۇل قوللىنىپ ھەل قىلمىسىڭىز، قانداقسىگە خۇشال كەيپىيات ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇدەك پۇرسەتكە ئېرىشەلەيسىز. مۇۋاپىق ئۇسۇل تېپىپ، ئۆزىڭىز ئۇچرىغان ئازابلارنى يەڭگىللىك بىلەن ھەل قىلىۋېتىڭ. پەقەت بارلىق ئازابلارنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىپ تەمكىن بولسىڭىزلا ئاندىن تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا يۈزلىنەلەيسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## سىز بىلەن بىرلىكتە ئاغرىنىدىغان دوستلىرىڭىزدىن ھەزەر ئەيلەڭ

كىشىلەر مەسىلىگە ئۇچرىغان ۋاقىتتا يېقىن دوستلىرىغا دەرد تۆكۈپ بېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ھەمىشە باشقىلار تەرىپىدىن تەسەللى تېپىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، دەردىنى تۆكۈش خاتا ئەمەس، ئەمما ئۇلار سىزنىڭ ناچار كەيپىياتىڭىزنى ئويلاشمايدۇ، مۇشۇنداق ئاغرىنغانلار پەقەت سىزنىڭ ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىڭىزنى ئېغىرلاشتۇرىۋېتىدۇ، سىز دوستىڭىزنىڭ پاسسىپ ئامىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايسىز.

كىشىلەرنىڭ كەيپىياتى مۇشۇنداق ئاسانلا تاشقى ئامىلنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، مەسىلەن: بىر تاشقى دۇنيادىكى ئۇچۇر ـ ئىشارىتىنى قوبۇل قىلىپ ئادەتلەنسەك، ناۋادا ئۇچۇر ئاكتىپ ھالەتتە بولسا ئۇ بىر ياخشى ئىش بولىدۇ، ئەكسىچە ئۇچۇر پاسسىپ ھالەتتە بولسا، ئۇنداقتا كەيپىياتىڭىز چۈشۈپ كەتكەندەك ياكى تەشۋىشلىنىپ بىئارام بولغاندەك ھېس قىلىسىز.

پاسسىپ ئىشارەتلەرنىڭ ھەممىسى خەتەرلىك، مۇشۇنداق ۋاقىتتا بىز تىرىشىپ ئۆزىمىزنى ئېنىق تونۇشىمىز ھەمدە باشقىلارنىڭ ئېغىزىدا «قەھرىمان مەھسۇلات» دېگەن نامغا قېلىشىمىزدىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

گېلىيا بىر مەزگىللەردە ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان، ئاشۇ مەزگىلدە ئۇنىڭدا خاتىرجەمسىزلىك ۋە ئۈمىدسىزلىك پەيدا بولغان، تۇرمۇشى مەنىسىز، ھەرقانداق ئىشنى قىلغاندا زېھنىنى يىغالماي، ھەتتا دوستلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىۋاتقاندەك، بارلىق كىشىلەر ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىغاندەك، ئۇنى كۆزگە

ئىلمىغاندەك، ئۇ ھاياتىدا مەغلۇپ بولغاندەك ھېس قىلىپ قالغان ئىدى. كەيپىياتى تۆۋەنلەپ كەتكەندە، ئۇ ئۆزىنى بىر مەغلۇبىيەتچىدەك ھېس قىلدى، بىر قېتىم ئۇنىڭ كەيپىياتى زىيادە ناچارلىشىپ ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم زەربە بولدى. بۇ قېتىم ئۇ بىر دوستىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىدىكى ھەر خىل ئۈمىدسىزلىك ئىپادىلىرىنى سۆزلەپ بەردى، دوستى بىر تەرەپتىن ئاڭلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن توختىماي ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن كۆڭلى ئارام تېپىپ قالار دەپ ئويلىغان دوستى كۈتۈلمىگەندە گېلىيانىڭ تېخىمۇ ئاچچىقلىنىپ، تەشۋىشلەنگەنلىكىنى كۆردى.

كېيىن ئۇ پىسخولوگىيە دوختۇرىنى ئىزدەپ باردى، ھەربىر ئادەمنىڭ ئەمەلىيەتتە كەيپىياتىنىڭ تۆۋەن چاغلىرىنىڭ بولىدىغانلىقى بۇنىڭ ئانچە ھەيران قالارلىق ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئۇ دوختۇردىن مۇشۇنداق ھېسسىيات بىلەن ئىدىيە ۋاقىتلىق بولىدىغانلىقىنى، ھەرقانداق ناچار كەيپىياتنىڭمۇ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن يوقاپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدى.

بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ئوخشاش بولمىدى. قايتىدىن دۈشمەنلىك بولمىدى، ئاچچىقىنى يۇتالمىغان چاغدا ئەڭ گۈزەل شەيئىلەر كۆل رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. ئىشلار ئەسلىدىكىدىنمۇ ئېچىنىشلىق بولىدۇ. ئۇ بۇلارنى چۈشىنىپ كۆلدى. ھەر قېتىم ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى ئۇ بۇ دۇنيادىن نەپرەتلىنەتتى، بىراق ھەپتىنىڭ ئىككىنچى كۈنى بارلىق ئىشلار يەنە ياخشى بولۇپ كېتەتتى. ئۇ ئەقلىنى ئىشلىتىپ تۇرۇپ ئويلىنىشقا باشلىدى: «نېمىشقا ئىزچىل بۇ خىل «توختاپ قېلىش» تەك ساختا

كۆرۈنۈشكە ئالدىنىپ كەلدى؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ خىل ساختا كۆرۈنۈش ئىزچىل ئۆزگىرىۋاتىدۇ.» «ھەممىسى ساختا كۆرۈنۈش» گېلىيا كەيپىياتى ئوسال ئەھۋالغا چۈشكەن چاغدا ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ: « بۇ ۋاقىتلىق، كەيپىياتىم ئازراق زۇكامداپ قالغان ئوخشايدۇ» دەيتتى. ئۇزۇنغا بارمايلا ۋاقىتتا ئۇ بىر قانۇنىيەتنى بايقىدى، بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىتتا ئۇ ئىككى قېتىم مۇشۇنداق سىزىمدە بولغان ئىدى، ھازىر ئۇ ئالىلىقاچان شۇنى بىلىپ يەتتىكى، ھەربىر ئادەم ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ دۇنياسى ۋەيران بولغاندەك ھېس قىلىپ قالغان ئىدى، ئۇ پەقەت ئۇنىڭ كەيپىياتىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقى، خالاس.

يەنە ئۇ كەيپىياتى ناچار ۋاقىتتا دوستلىرىغا دەردىنى تۆكۈپ بەرمىدى، ئەمەلىيەتتە بۇنداق قىلىشنىڭ ئۇنچە چوڭ رولىمۇ يوق، پەقەت سىز كەيپىياتىڭىزنى ئۆزگەرتسىڭىزلا ئۇنىڭمۇ تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

ئىشقىلىپ بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ناچار كەيپىياتمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئەگەر سىز بىر پاسسىپ دوستقا ئۇچرىسىڭىز، بۇ خىل ناچار كەيپىياتنىڭ يەنە قانچە ئۇزۇن داۋاملىشىدىغانلىقىغا بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ ـ دە!

ئۇ ناچار كەيپىياتنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى ساقلىغاندىن كېيىن قايتىدىن باشقىلارغا يۈزلەندى ھەمدە ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ناچار كەيپىياتىدا باشقىلارغا ئازار بەرمىدى. كېيىن گېلىيا بۇ ئىشلارنى چۈشەنگەن ۋاقىتتا ئۇ ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمەيدىغان، ئاشۇ ناچار كەيپىياتنىڭ تۇرمۇشىغا تەسىر يەتكۈزۈشىدىن ساقلاندى. ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ئۇنىڭ ھەرقانداق ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىشىگە يول قويمىدى.

سىزمۇ ناچار كەيپىياتنى بىر قېتىملىق «زۇكام» دەپ

چۈشەنگەن ۋاقتىڭىزدا، چوقۇم ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك. كەيپىيات چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن ۋاقىتتا سىز ھېچقانداق ئالاھىدە ئىش قىلىشقا موھتاج ئەمەس ھەمدە مۇشۇنداق ناچار كەيپىياتىڭىزنى باشقىلارغا تۆكۈپ بېرىشىڭىزنىڭمۇ ھاجىتى يوق، بىر تەرەپتىن بۇ بەلكىم باشقىلارنىڭ پىسخىك مەسئۇلىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى ھەمدە باشقىلارنىڭ پاسسىپ كەيپىياتى سىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر قاراڭغۇچىلىققا باشلاپ كىرىشىمۇ مۇمكىن.

كەيپىياتىمىزنىڭ ياخشى بولمىغان ۋاقتى خۇددى زۇكامنىڭ يۇقىرىغان ۋاقتىغا ئوخشايدۇ. بىر تەرەپتىن بىز زۇكام بولۇپ قالغان ۋاقتىمىزدا، باشقىلار بىلەن ئارىلىق ساقلاشنى بىلىشىمىز، باشقىلارغا يۇقتۇرۇپ قويماسلىقىمىز، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى بارلىق خاتىرجەمسىزلىك ۋە پاسسىپ ئويلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشقا يول قويماسلىقىمىز لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، زۇكامداپ قالغان ۋاقىتتا قارشى تۇرۇش كۈچىمىز تۆۋەن بولغىنىغا ئوخشاش، كەيپىياتىمىز ناچار ۋاقىتتا تاشقى دۇنيادىكى ئۇچۇرنىڭ تەسىرىگە تېخىمۇ ئاسان ئۇچرايمىز، باشقىلارنىڭ ئىپادىسى، بىر ئېغىز گېپى كەيپىياتىمىزدا داۋالغۇش پەيدا قىلىپ قويىدۇ، شۇڭلاشقا بىز تاشقى دۇنيادىكى ئۇچۇرنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم، ئەمەلىيەتتە ئاشۇ پاسسىپ كەيپىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقىمىز، ئاشۇ سىز بىلەن بىللە ئاغرىنىدىغان دوستلىرىڭىز بىلەن ئارىلىق ساقلىشىڭىز لازىم.

## غۇدۇڭشىماي تەكلىپىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ

دائىم باشقىلاردىن: «بېسىمىم بەك ئېغىر، ساراڭ بولايلا دەپ

قالدىم، راستلا چىدىمايلا قالدىم» دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلايمەن. غۇدۇراشنى ھەربىر ئادەم بىلىدۇ، بىراق داۋاملىق غۇدۇراشقىمۇ بولمايدۇ، غۇدۇراش ئادەمنىڭ ئىچىنى تىتىلدىتىپ بارغانسېرى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ، پەقەت پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىلا ئاندىن ئىشلارنى ئەتراپلىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ، بەزى ۋاقىتتا ھەقىقەتەن كىشىنى ھاردۇرىۋېتىدىغان بېسىم ياكى ھەل قىلىش تەس بولغان ئىشلارغا يولۇقمىساقمۇ بېسىمنى ياخشى كونترول قىلالماي ئەمەلىي تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويالمايمىز.

نىڭ جۇنجىن تۇرۇۋاتقان ساھەنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشى تېز بولۇپ، دائىم يېڭى نەرسىلەر بارلىققا كېلىپ تۇرىدۇ، شەھەر ـ بازارلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئۇ دائىم ئۆزىنى جىددىي ئۆزگىنىش ئەھۋالىغا قىستاپ قويىدۇ، ئۇنىڭدىن سىرت ھەر كۈنى 10 سائەتتىن ئارتۇق ئىشلەيدۇ، بېسىمنىڭ ئېغىرلىقىدىن نەپەس ئالغۇدەك ۋاقىتمۇ قالمايدۇ، دائىم چۈشىدە شىركەتنىڭ ئىشىنى چۈشەيدۇ، خىزمەت بېسىمىنىڭ ئېغىرلىقىدىنمۇ باغانسېرى ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوقلۇقىنى ھېس قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايالىغا، دوستلىرىغا غۇدۇرۇشقا باشلايدۇ، كۈتۈلمىگەندە بۇ نارازىلىقلار ئۇنىڭ بېسىمىنى يەڭگىللەتمەستىن، بەلكى خىزمەت كەيپىياتىنى تېخىمۇ ناچارلاشتۇرىۋېتىدۇ، زور بېسىمدا قالغان نىڭ جۇنجىن ئالدى بىلەن چوقۇم ئۆزگىرىش، يول تېپىپ ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىزدىنىشكە باشلايدۇ.

ئۇ ئۆزىگە مۇشۇنداق بىرقاتار پىلاننى تۈزۈپ چىقىدۇ:

1. ھەر كۈنى خىزمەت خاتىرىسى يېزىش. خاتىرىگە شۇ كۈنى ئۇچرىغان مەسىلە، ئۇچراتقان ئادەم، بىرتەرەپ قىلىدىغان مەسىلىلەرنىڭ تەسىراتىنى خاتىرىلەش، ئاي ئاخىرىغىچە

بۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ۋە خۇلاسىلەش، ئۇچرىغان مەسىلىلەرنى توپلاش، ئۇچراتقان ئادەملەرنىڭ قايسى تۈرگە تەۋە ئىكەنلىكىنى، بىر تەرەپ قىلىغان مەسىلىلەرنىڭ ئۇسۇلىنى ھەل قىلىش ۋە خۇلاسىلەش، خىزمەت قىلىشنى خالىمىغان چاغلىرىدا تەپەككۇر قىلىدىغان ئىشلارنى ئاز ئويلاپ روھىي بېسىمنى ئازايتىش.

2. ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرى ئۈچ ـ تۆت سائەت مۇقىم ئۆگىنىش ۋاقتى چىقىرىش. كەسپىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يېڭى ئەھۋاللار ۋە تەرەققىيات ئەۋزەللىكىنى ئۆگىنىش، چۈشىنىش، ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇش.

3. ھەرگىز خىزمەتتىكى كەيپىياتنى ئۆيگە ئېلىپ كەلمەسلىك، ھەرگىز خىزمەتنىڭ قۇلى بولۇپ قالماسلىق، بېسىمى شەپقەتسىز رىقابەت بىلەن رىتىملىق تۇرمۇشنى پەيدا قىلىش، ئەگەر خىزمەت شەخسىي تۇرمۇش بوشلۇقىنى ئىگىلىسە ھامان بىر كۈنى بىتچىت بولىدۇ.

4. ئۆزىنى چوقۇم مەلۇم بىر قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان نىشانغا يېتىشىم كېرەك دەپ زورلىماسلىق، بەزى ۋاقىتتا ئۆزۈمگە ئۆزۈم بېسىم يۈكلىۋالسام، ھەممە ئىشتا مۇكەممەللىكنى قوغلاشسام ھارغىنلىقتىن ھاسىراپ قالىمەن، شۇڭا شۇ ۋاقىتتىكى ھالەت، بوش ۋاقىت، ئورۇن قاتارلىق شەرتلەرگە ئاساسەن ئەڭ مۇۋاپىق، ئەڭ قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىشلارنى تاللاپ قىلىش، ھەرگىزمۇ ئۆزۈمگە بېسىمنى ئارتىۋالماسلىق.

5. ۋاقىت چىقىرىپ ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىش، مەسىلەن: مۇزىكا ئاڭلاش، كىتاب كۆرۈش، ئويۇن ئويناش قاتارلىقلار.

پىلاننى تۈزۈپ بولۇپ ئۇ يېنىككىنە بىر تىنىدى، مۇشۇنداق قىلغاندىلا بېسىم بىزگە چاپلىشىۋالمايدۇ ھەم باشقىلارنىڭ

ئارقىسىدىمۇ قالمايسىز، پاسسىپ ئۆگىنىش ھالىتىدىن ئاكتىپ ئۆگىنىش ھالىتىگە ئۆتىسىز، ئالدى بىلەن بىر قەدەم ئالسىڭىز مۇشۇنداق مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا كۆپ بوشىشىپ قالغاندەك ھېس قىلىسىز. نىك جونجىن پىلانى بويىچە ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىپلا قالماستىن، يەنە نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ تەدبىرلىرىنى خۇلاسىلەپ چىقتى، غوجايىن ئۇنى كىچىك ئىشلاردىن باشلاپ ئۇتۇق قازانغان دەپ ماختىدى، ئۆزىنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىنىڭ بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆپ يېنىكلىگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

رىقابەت كەسكىن كۆچىيىۋاتقان بۇ دەۋردە ئىشلەپچىقىرىش بېسىمىمۇ ھەقىقەتەن چوڭ، غۇدۇراش ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلماي ئەستايىدىللىق بىلەن بېسىمنىڭ ھەقىقىي كېلىش ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ، ئاندىن كېيىن مۇۋاپىق ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تېپىشىمىز، ناچار كەيپىياتنى پاك ـ پاكىز تازىلىشىمىز لازىم.

ئەنلىنا بىر ئاقسۆڭەك، ئوقۇش تارىخى يۇقىرى، خىزمەت ئىقتىدارى كۈچلۈك بولسىمۇ بىراق ئوغۇل دوستى يوق ئىدى، ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپلا ئۇ ئىنتايىن زېرىكىشلىك ھېس قىلاتتى، دوستلىرى بىلەن كارائوكىغا كىرىپ ناخشا ئېيتىپ، ھاراق ئىچىپ ۋاقتىنىچە ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇقىنى ئۇنتۇماقچى بولاتتى. بىراق ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر ئادەمنىڭ يالغۇز قۇرۇق ئۆيدە ئولتۇرغانلىقىغا قاراپ، پاسسىپ كەيپىياتقا چۆكۈپ، ھەتتا دائىم ئۆيدە قاراڭغۇدا يىغلايدىغان بولۇپ قالدى، ئۇ بەزى ۋاقىتتا يېرىم كېچىدە دوستلىرىغا تېلېفون بېرىپ دەردىنى تۆكۈپ بەردى، بىراق بىرقانچە قېتىم ئۇرغاندىن كېيىن ئۆزىمۇ دوستلىرىنىڭ غۇدۇراشلىرىدىن زېرىكىشكە باشلىدى، ئۇ

پىسخىك دوختۇرنى ئىزدەپ بېرىپ: «مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ مەن قانداق ياشاشنى بىلەلمەي قالدىم، تۇرمۇشنىڭ بارغانسېرى مەنىسى قالمىغاندەك تۇيۇلىدۇ» دېدى. پىسخىك دوختۇرى ئۇنىڭغا: «سىز بىر ئادەم تۇرمۇشتا يالغۇزچىلىق ھېس قىلىشىڭىز نورمال ئەھۋال، سىز ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلىشىڭىز، تۇرمۇشتىن خۇشاللىق ئىزدەشنى ئۆگىنىشىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ تۇرمۇشىنى تولۇپ - تاشقان ئىشەنچكە ئىگە قىلىشىڭىز لازىم» دېدى، ئۇ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا: «مەن سىناپ باقتىم، لېكىن يەنىلا تۇرمۇشنى بەك مەنىسىز ھېس قىلىۋاتىمەن» دېدى.

«سىزنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىڭىز يامان ئەمەس، مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر سىز قايتىدىن ئۆزىڭىزنىڭ يېڭى تۇرمۇشىڭىزنى قۇرۇپ چىقىڭ، يېڭى دوستلار بىلەن كۆپ تونۇشىڭ، يېڭى قىزىقىشلارنى يېتىشتۈرۈڭ، ھەرگىز قاملاشمىغان ئىشلارنى قىلماڭ، سىز ئۆزىڭىزنىڭ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ سىناپ بېقىڭ، ئىشتىن سىرتقى تۇرمۇشىڭىزنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇڭ» دېدى دوختۇر. دوختۇر ئۇنىڭغا ئەستايىدىل تەپەككۇر قىلىپ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈپ قويدى، ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ئىشتىن سىرتقى تۇرمۇشىغا مول بولغان مىساللاردىن بىر قانچىنى تاللاپ چىقتى، ئىككىنچى كۈنى ئۇ ئۆزىنى بىر يوگا سىنىپىغا تىزىملاتتى، ئۆزى بىمىغان ۋاقىتتا ئۇ يەنە بىر مۇزىكا كۇلۇبىغا قاتناشتى، يېڭى تونۇشقان دوستلىرى بىلەن دوستانە ئالاقىدە بولۇش ئۈچۈن بەزىدە يەنە بىر قىسىم بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدىغان بولىدۇ. ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ، ئۇ ھەر كۈنى يېڭى ئىشلارنى قىلىدىغان بولغاچقا تۇرمۇشىمۇ مەنىلىك ئۆتىدۇ ھەمدە قايتا ئاغرىنمايدىغان ۋە غودۇڭشىمايدىغان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولىدۇ.

بىر ئادەم چۈشكۈن كەيپىياتنى يۇك قىلىۋالسا خۇددى قۇلۇلە ماڭغاندەك ئاستا ماڭىدۇ، ھېچقانداق ئۇنۇمنىمۇ كۆرەلمەيدۇ، يەنە تەشۋىشلىنىپ روھنىمۇ كۆتۈرەلمەي قالىدۇ. پەقەت غۇدۇڭشىماي ئۆز قولى بىلەن ھەقىقىي ئىشلارنى قىلىپ ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا تۇرمۇشىمىز ئاندىن رەڭدارلىققا تولىدۇ.

## ئەمەلىيەتنى ئۆزگەرتىشكە ئامالسىز قالغاندا، ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتىڭ

بەلكىم ناھايىتى كۆپ ئادەملەر ئەتراپىدىكى مۇھىتنى ئۆزگەرتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، مەسىلەن: ئەتراپىمىزدىكى تازىلىق مۇھىتى ناچار بولسا ئاچچىقىمىز كېلىدۇ، بىراق ھەممىلا يەردە ئەخلەت كۆرگىنىمىزدە ئۆزىمىزنىڭ قولىدىكى كېرەكسىز قەغەزنى تاشلىغىمىز كېلىدۇ ـ دە، ئۆزىمىزگە ئىشقىلىپ بۇ يەر ئاللىقاچان مەينەت بولۇپ بولدى، بىر تال كېرەكسىز قەغەز ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ دەپ تەسەللى بېرىمىز. بەلكىم نۇرغۇن كىشىلەر سىز بىلەن ئوخشاش كۆزقاراشتا بولىدىغاندۇ. ئەگەر ھەممىمىز ئۆزگەرتىشنى ئۆزىمىزدىن باشلىساق، مۇھىت تازىلىق يېڭى تۇسكە كىرمەمدۇ؟ ئوخشاشلا پۈتۈن دۇنياغا يۈزلەنسەك ئادەم بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئۇنى ئۆزگەرتىشكە ئامالسىز قالىمىز، بىراق بىز ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتسەك بولىدۇ، سىز ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتىپ بولغاندا، كۆز ئالدىڭىزدىكى دۇنيا تەبىئىي ھالدا سىزگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ، شۇڭا سىز دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشىنى ئۈمىد قىلسىڭىز، ئۇنداقتا بىرىنچى بولۇپ ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتىشىڭىز لازىم.

ئەنگلىيە ۋېستمىنىستىر چېركاۋىنىڭ باش روھانىنىڭ قەبرە

تېشىغا مۇنداق بىر ئابزاس سۆز يېزىلغان:
ياش ۋاقتىمدا مېنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچۈم ھېچقانداق توسقۇنلۇققا ئۇچراپ باقمىغان بولۇپ، پۈتۈن دۇنيانى ئۆزگەرتىشنى شۇنداق ئارزۇ قىلاتتىم، مەن ئاستا - ئاستا يېتىلىپ ئەقىل-ئىدراكىمنى بىلگەن ۋاقتىمدا مەن بۇ دۇنيانى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بايقىدىم، شۇنىڭ بىلەن مەن نەزەر - دائىرەمنى تارايتىپ پەقەت دۆلىتىمنى ئۆزگەرتىشنىلا ئويلىدىم، بىراق بۇمۇ ناھايىتى تەسكە توختىدى.
ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئەڭ ئاخىرقى كىچىككىنە ئۈمىدىم بىلەن ئائىلەمنى، يېقىن تۇغقانلىرىمنى ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدىم، بىراق، ھەي! ئۇلار زادىلا ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلمىدى.
ھازىر مەن جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇيۇقسىزلا دەسلەپتە ئۆزۈمنى ئۆزگەرتىم، ئارقىدىن مەن ئائىلەمنى ئۆزگەرتسەم، ئۇلارنىڭ قوللىشى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشى ئاستىدا مەن بەلكىم دۆلىتىمنى ئۆزگەرتەلىشىم مۇمكىن ئىكەنلىكىنى، ئەڭ ئاخىرىدا بەلكىم مەن پۈتۈن دۇنيانىمۇ ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ يەتتىم.
بىزنىڭ مۇھىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئىقتىدارىمىز بولمىغان ۋاقىتتا، بولۇپمۇ مۇھىتنىڭ بىزگە پايدىسى بولمىغاندا ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتەيلى، بۇ بىر خىل ئەقىل - پاراسەت، بىر خىل ئىستراتېگىيە.
ئەينى ۋاقىتتا شىندى مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا، بىر قېتىم تاغقا سەيلە قىلغىلى چىقىدۇ ھەم ئۇ ھاشارات يوقىتىش دورىسىنى ئېلىپ خىمىيەلىك بۇلغىنىشنى يوقاتماقچى بولىدۇ، ئويلىمىغان يەردىن ئۇ بەدىنىنىڭ تۇيۇقسىز تارتىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، ئەمما ئۇ بۇنىڭغا ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەي ۋاقىتلىق ئەھۋال دەپ ئويلايدۇ، لېكىن

ئۇ ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئۆمرىنىڭ شۇنىڭدىن باشلاپ قاباھەتلىك چۈشكە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى.

تەكشۈرۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنىڭ بىر خىل ھاشارات ئۆلتۈرۈش دورىسىدىكى مەلۇم بىر خىمىيەلىك ماددىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغانلىقى بايقالغان، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئەتىر، باش يۇيۇش سۇيۇقلۇقى ھەمدە كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى بارلىق خىمىيەلىك ماددىلار، ئوخشاشلا ئۇنىڭغا رېئاكسىيە قىلىدىغان، ھەتتا ھاۋامۇ ئۇنىڭغا كاناي ياللۇغىنى پەيدا قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ، بۇ خىل كېسەل «كۆپ قاتلاملىق خىمىيەلىك ماددىلار رېئاكسىيە كېسەللىكى» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بىر خىل غەلىتە، ئاستا خاراكتېرلىك كېسەل ئىدى.

بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاغزىدىن شۆلگەي ئاقىدىغان، سۇيدۇكىنىڭ رەڭگىمۇ يېشىلغا ئۆزگەرگەن، ھەتتا تەرىدىمۇ زەھەر بار بولۇپ، دۈمبىسى چىققان تەر سەۋەبىدىن قاپىرىپ كەتكەن، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش موتورىسىدا ئۇخلىسىمۇ بولمايدىكەن، بولمىسا يۇرىكى سىقىلىپ ۋە قول - پۇتلىرىنىڭ تارتىشىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن، شىنىدىنىڭ تارتىۋاتقان ئازابلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ھەقىقەتەن تەس.

شىنىدىنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھەمراھى جېم تۆمۈر ۋە ئەينەكتىن ئامېرىكا ئىئۇۋادىكى بىر تاغ باغرىغا مىكروبسىزلانغان ئۆي ياساپ «خەتەرلىك سىرتقى دۇنيا ۋەھىمىسى»دىن تولۇق قۇتۇلدۇردى، ئۇ سۇنئىي قويۇلغان ھاۋاغا تايىنىدىغان بولۇپ، پەقەت فاكس ئارقىلىقلا سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىلىشىدۇ، ئۇ پەقەت تەركىبىدە ھېچقانداق خىمىيەلىك ماددا بولمىغان يېمەكلىكلەرنىلا يەيدۇ ۋە ئىچىدۇ، شۇڭا بارلىق

نەرسىلەر چوقۇم ياخشى بىر تەرەپ قىلىنىشى كېرەك بولۇپ، ئادەتتە پەقەت دىستىللەنگەن سۇنىلا ئىچەلەيدۇ، سىرتقا چىقالماسلىق ئۇنى نورمال ئادەم بەھرىلىنەلەيدىغان بارلىق نەرسىلەردىن بەھرىلىنىشتىن مەھرۇم قىلىدۇ. ئۇ غېرىبسىنىش، يالغۇزلۇقىنى يەتكۈچە تارتىدۇ، تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بولغىنى، مەيلى ئۇ قانچىلىك ئازابلانسۇن ھەرگىز يىغلىمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ كۆز يېشىدىمۇ تەرگە ئوخشاش زەھەرلىك ماددىلار بار.

ئەمما ئۇ ئىنتايىن قەيسەر، ئۇ ئازاب ئىچىدە ئۆزىنى قەتئىي تاشلىۋەتمەيدۇ، ئۇ ئۇزۇكسىز ئۆزى ئۈچۈن، ئوخشاشلا يەنە خىمىيەلىك ماددىلارنىڭ قۇربانىغا ئايلانغانلار ئۈچۈن ھوقۇق - مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرىدۇ. مۇشۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرنى كۆزنەك بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈچىنى چىقىرىدۇ، ئۇ كېسەل بولغان ئىككىنچى يىلى «مۇھىت تېگىشمە تەتقىقات تورى» نى قۇرىدۇ. كېيىن ئۇ يەنە باشقا گۇرۇپپىدىكىلەر بىلەن بىرلىشىپ «خىمىيەلىك ماددىنىڭ زىيىنىنى تەكشۈرۈش تورى» نى قۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ خەتەردىن قۇتۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئۇ ھەمىشە ئازابلىنىپ دەرد - ئەلەمدىن جاندىن تويىدۇ، ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇ ئاستا - ئاستا تۇرمۇشقا بولغان پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئۇ: «بۇ جىمجىت دۇنيادا مەن ئىنتايىن كۆپ رەھىدارلىقىنى ھېس قىلدىم، چۈنكى مەن يىغلىسام بولمايدۇ، شۇڭا كۈلۈشنى تاللىدىم» دەيدۇ.

مۇھىتنى ئۆزگەرتىشكە ئامالسىز بولمىغاندا ئاۋۋال ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇڭ، خۇددى سىرتتا يېغىۋاتقان يامغۇرنى توختىتىشقا ئامالسىز بولمىغاندا كۆڭلۈكنى تۇتۇپ سىرتقا چىققىنىڭىزغا ئوخشاش ھەم ئالدىڭىزدىكى يول مەلۇم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەۋەبلەر تۈپەيلى مېڭىشقا بولمىسا ئايلىنىپ ماڭغىنىڭىزغا ئوخشاشلا، شۇڭا ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ئەڭ ئاقىلانە تاللاشتۇر!

## ئاچچىقىڭىزنى دەل ۋاقتىدا يۇتۇۋېتىڭ

ھەربىر ئادەم ياشىغان ئىكەن، ئادىل بولمىغان ھەر خىل مۇئامىلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ، بۇ ۋاقىتتا پىسخىكىمىز بىر خىل سىناقىقا دۇچ كېلىدۇ، ئەگەر بىز گەپنى ئىچىمىزگە يۇتۇۋەتسەكلا تىنچ كەيپىياتقا يۈزلىنەلەيمىز، شۇنداقلا ھېچقانچە ئاچچىقلانمايلا قالماستىن، يەنە نۇرغۇن مول ھوسۇلغا ئىگە بولىمىز، گەپنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىشنى چۈشەنگەن ۋاقتىمىزدا ئاندىن كەڭرى قەلبكە، ئادىمىيلىككە ئىگە بولالايمىز.

بىر ياش ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن دېڭىز بويىدىكى نېفىتلىك رايونىدىكى قۇدۇق قېزىش ئەترىتىگە خىزمەتكە تەقسىملىنىپتۇ، نېفىتلىك رايونىغا خىزمەتكە چۈشكەن بىرىنچى كۈنى ئىسمىنى باشلىقى ئۇنىڭغا بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئون نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتە قۇدۇق جازىسىغا چىقىپ بىر چىرايلىق قۇتىنى قۇدۇق جازىسى ئۈستىدىكى باشقۇرغۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى تاپىلاپتۇ، ياش قۇتىنى ئېلىپ تېز سۈرئەتتە ئىنتايىن تار كېمە يان شوتىسىغا يامىشىپ، ئۈستىبېشى تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا چوققىغا چىقىپ قۇتىنى ئوڭۇشلۇق ھالدا باشقۇرغۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ، باشقۇرغۇچى قۇتىغا ئۆزىنىڭ ئىسمىنى چوڭ قىلىپ يېزىپ، ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ كېتىشنى تاپىلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ئىنتايىن تېزلىكتە كەلگەن يولى بىلەن قايتىپ قۇتىنى ئىسمىنى باشلىقىغا بېرىپتۇ، ئىسمىنى باشلىقمۇ ئوخشاشلا قۇتىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ ئىسمىنى يېزىپ بېرىپ، ئۇنى قايتا باشقۇرغۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ،

مۇشۇنداق قىلىپ ھېلىقى ياش قايتا ـ قايتا بېرىپ كېلىپ ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋاپتۇ، تۆتىنچى قېتىم چوققىغا چىقىپ قۇتىنى تاپشۇرۇپ بەرگەن چاغدا باشقۇرغۇچى ئەدەپ بىلەن: «قۇتىنى ئېچىڭ» دەپتۇ، ياش قۇتىنى ئېچىپتۇ. ئىككى ئەينەك كومزەك بولۇپ، بىرىدە قەھۋە، يەنە بىر كومزەكتە ئاشىق ـ مەشۇق قەھۋەسى بار ئىكەن. ياش باشقۇرغۇچىغا زەردە بىلەن ھومىيىپ قويۇپتۇ، باشقۇرغۇچى ئارقىدىنلا: «قەھۋەنى دەملەڭ» دەپتۇ. شۇنىڭ بۇ ياش قەتئىي چىداپ بولالماي «جاڭگىدە» قىلىپ قۇتىنى يەرگە ئۇرۇپ چېقىۋېتىپ «مەن ئىشلىمەيمەن» دەپتۇ. قۇتىنىڭ يەرگە تاشلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ياش تولىمۇ خۇشاللىق ھېس قىلىپ، دەردىنى ئاخىرى چىقىرىۋالغاندەك بولۇپتۇ. بۇ ۋاقىتتا باشقۇرغۇچى ئۇنىڭغا «كەتسىڭىز بولىدۇ، لېكىن كېتىشتىن ئىلگىرى سىزگە شۇنى دەپ قوياي، بايا سىزگە قىلدۇرغانلىرىمىزنى ‹چەكلىك دائىرىدە بەرداشلىق بېرىش مەشىقى› دەيمىز. چۈنكى دېڭىزدا ئىش قىلغاندا ھەر ۋاقىت خەتەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئەزالارنىڭ بەرداشلىق بېرىش كۈچىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن بۇ تۇردىكى خىزمەتكە ماسلىشالايدۇ، ناھايىتى ئەپسۇس! ئالدىنقى ئۈچ قېتىمدا سىز ئوڭۇشلۇق ئۆتكەن، بىراق ئەڭ ئاخىرقى بىر قەدەمدە سىز ئۆزىڭىز ئۈچۈن دەملەنگەن تاتلىق قەھۋەدىن ئىچەلمىدىڭىز، ئەمدى كەتسىڭىز بولىدۇ» دەپتۇ.

ئەمەلىيەتتە كۆپ ۋاقىتلاردا مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئارىلىقىمىز بىر قەدەملا قالىدۇ، ئاتلاپ ئۆتەلىسىڭىز پارلاق كەلگۈسى سىزنى كۈتۈۋالىدۇ. بىراق نۇرغۇن كىشىلەر باشتا ئاۋارىچىلىكلەرگە بەرداشلىق بېرەلىسىمۇ، ئەڭ ئاخىرقى ھالقىلىق سىناقتا يەنىلا مەغلۇپ بولىدۇ، ئاچچىقىنى دەل ۋاقتىدا يۇتۇۋېتىشنى ئۆگەنمىگەنلىكتىن، ئاخىرغىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

داۋاملاشتۇرالمىغاندا، ئەڭ ئاخىرقى بىر دەقىقىغە بەرداشلىق بېرەلمىگەندە، مۇۋەپپەقىيەت بىردەمدىلا غەزەپلىك پارتلاپ يىراقلاپ كېتىدۇ.

خەنشىن ناھايىتى كىچىك ۋاقتىدىلا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بولۇپ، بېلىق تۇتۇشقا تايىنىپ تۇرمۇشىنى قامدايتتى، كۈنلىرىمۇ ناھايىتى جاپالىق ئۆتەتتى، داۋاملىق ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆزگە ئىلماسلىقىغا ۋە بوزەك قىلىشىغا ئۇچرايتتى.

بىر قېتىم بىر توپ ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئۇنى ھاقارەتلىدى. بىر جاللات ئۇنىڭغا: «سەن گەرچە قامەتلىك بولۇپ، پىچاق ـ خەنجەر ئېسىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرسەڭمۇ، بىراق سەن يەنىلا بىر توخۇ يۈرەك. ھەقىقەتەن جىگەرلىك بولساڭ، خەنجىرىڭنى ئېلىپ ماڭا تىقىۋەت، ئەگەر جۈرئەت قىلالمىساڭ مېنىڭ چاترىقىم ئاستىدىن ئۆمىلەپ ئۆت» دەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ نۇرغۇنلىغان تاماشىبىنىنىڭ ئالدىدا ھېلىقى جاللاتنىڭ چاترىقىدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپتۇ، بىراق، ئۇ ھەرگىزمۇ بۇ قېتىمقى ئۇۋالچىلىقتىن تەۋرىنىپمۇ قويماي، ئەكسىچە ئىرادە باغلاپ كەسىپتە ئۇتۇق قازىنىپتۇ. دەرۋەقە، كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ پاراستى ۋە بەرداشلىق بېرىش كۈچىگە تايىنىپ خەن دەۋرىدىكى سەركەردىگە ئايلىنىپتۇ، شياڭيۇنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن كىشىلەر تەرىپىدىن جاھانغا داڭلىق قوشۇن باشقۇرغۇچى دەپ ئاتىلىپتۇ.

ئوڭۇشسىزلىق ئالدىڭىزدىكى يولدا ئۇچرىغان تىكەن ۋە سازلىق، بىراق ھاياتلىق يولىڭىزدا چوقۇم بۇلارنى باشتىن كەچۈرۈشىڭىز ۋە قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك، ئەگەر سىز تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنمىغان ۋاقتىڭىزدا ئالدى

بىلەن سەۋر ـ تاقەت قىلىشنى ئۆگىنىشىڭىز كېرەك، سەۋر قىلىش دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ئىتائەتمەن بولۇش، چۈشكۈنلىشىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئىرادىنى تاۋلاش ۋە پارتلاش كۈچىنى توپلاش دېگەنلىكتۇر. سەۋرچان بولۇش جەريانى ھەرگىزمۇ نەتىجە ئەمەس، سەۋرچان بولۇش بىر خىل چېگرا، بىر خىل ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇش دېگەنلىكتۇر.

سەۋرچان بولۇش كۆپ ۋاقىتلاردا ئازابلىق، چۈنكى سەۋرچانلىق مىجەزىڭىزنى بوغۇپ قويىدۇ، بىراق مۇۋەپپەقىيەت دائىم سىز سەۋرچانلىق بىلەن ئادەتتىكى كىشىلەر بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان، ئامالسىز ئازابلارنى قوبۇل قىلالىغىنىڭىزدىن كېيىن ئاندىن ئالدىڭىزدا پەيدا بولىدۇ.

## خىزمەتتىكى ناچار كەيپىياتنى ئۆيىڭىزگە ئېلىپ كىرمەڭ

ئائىلە بولسا بىر تىپتىنچ پاناھلىنىدىغان جاي، ئىللىق راھەتلىنىدىغان بېكەت، بىراق نۇرغۇن ئادەملەر ئىدارىسىدە ئۇچرىغان كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ باشقىلارغا ئېيتىشنى ياكى نارازىلىقلىرىنى چىرايىدا ئىپادىلەپ باشقىلارغا تېرىكىش ئارقىلىق ئۆز كەيپىياتىنىڭ ناچارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

كەيپىيات يۇقۇملىنىش كۈچىگە ئىگە، ھەرقانداق بىر خىل كەيپىيات تۆت ئەتراپقا تارىلىپ باشقىلارغا تەسىر يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ، ئائىلىدە مەلۇم بىر ئەزانىڭ كەيپىياتى باشقىلارنى يۇقۇملاندۇرسا، بۇ خىل كەيپىيات ئەكسىچە تارىلىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل كەيپىيات كۈچىيىپ كېتىدۇ، سىرتتا ئاچچىقلىنىشقا ئۇچراپ ئۆيگە قايتىپ دەردىنى چىقىرىش ئاقىلانىلىك ئەمەس، بۇنداق قىلغاندا ناچار كەيپىياتتىن

قۇتۇلالمايلا قالماستىن، ئەكسىچە باشقىلارنىڭ كەيپىياتىغىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ.

يىل ئاخىرى بولغاچقا لى يەننىڭ يىقىندىن بىرى خىزمەت بېسىمى ئېغىر بولۇپ كەتتى، بىر كۈنى خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىپ قويغاچقا رەھبەردىن تەنقىد ئاڭلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىچىمۇ چۇشكۈنلىشىپ كەتتى.

ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ يولدىشى بىلەن ئوغلىنىڭ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىردىنلا ئىدارىدىكى تەنقىدى ۋە ئۆيگە ئاران كېلىپ يەنە ئاتا - بالا ئىككىيلەنگە تاماق ئېتىشنى ئويلاپ شۇئانلا ئاچچىقى كەلدى - دە، ئىختىيارسىز ئۇلارغا غەزەپ بىلەن سۆزلەپ كەتتى، ئېرى بىلەن ئوغلىنىڭ چۈشەنمىگەن قىياپىتىگە قاراپ لى يەن تېخىمۇ ئاچچىقلاپ كەتتى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، ئۇ تاماق ئۈستىلىدە بىر پارچە خەتنىڭ تۇرغانلىقىنى، ئۈستىگە: «ئاپا، ناچار كەيپىياتنى ئۆيگە ئېلىپ كەلمىگىن بولامدۇ؟ تۈنۈگۈن مېنى بەك قورقىتىۋەتتىڭ، مەن ئەزەلدىن سىنىڭ بۈنداق ھالىتىڭنى كۆرۈپ باقمىغان، سىنىڭ خۇشال ئەمەسلىكىڭنى كۆرۈپ مەن بىلەن دادامنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بولدى» دەپ يېزىلغان ئىدى. بۇ قىسقىغىنە خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يۈزلىرى بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى، بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئېرىنىڭ دائىم: «خىزمەت ئۈستىدىكى ئىشلارنى ئىشىكتى كىرىپلا ئېسىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ» دېگەن گەپلىرىنى ئېسىگە ئالدى. ئەگەر كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۆيدىكىلەرگىمۇ تارقىتىۋەتسەك چوقۇم باشقىلارنىڭ كەيپىياتىغىمۇ تەسىر يېتىدۇ. بۇ شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ھازىر نۇرغۇن كىشىلەرگە خىزمەتتە ئۇچرىغان بېسىم،

جىددىيلىشىش، تەشۋىشلىنىش، دەر ـ ئەلەم، ئازابلىنىش قاتارلىق ناچار كەيپىياتلار دائىم ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كېلىدۇ، بىراق مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىز ناچار كەيپىياتنى ئۆزگەرتىپ كېلىشتىن ساقلىنىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ كەيپىياتىنى باشقۇرۇشنى ئۆگىنىشىمىز لازىم، ئارتۇقچە خۇشاللىق ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسى يوقۇلمۇقتۇر، بىر خۇشاللىق تۇرغۇنلىغان خۇشاللىقلارنى تۇغىدۇ، بىر كۆڭۈلسىزلىك سان ـ ساناقسىز كۆڭۈلسىزلىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ، بۇ قائىدىنى چۈشەنگەندىن كېيىن بىز ئۆزىمىزنى تىزگىنلەشنى، ناچار كەيپىياتنى چۆرۈۋېتىپ، خۇشاللىقنى ئۆيگە ئېلىپ قايتىشنى ئۆگىنىشىمىز لازىم.

لوڭ يۈەن بىلەن خىزمەتداشلىرى بىرلىكتە دالا سەيلىسىگە بېرىش يولىدا ئىنتايىن خۇشال ھالدا يولدىكى گۈزەل مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىۋاتاتتى، ئىككىنچى كۈنى يەكشەنبە بولۇپ، كۆپچىلىك ئەسلىدە بارىگاھ قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز شىركەتتىن تېلېفون كېلىپ ئەتە جىددىي ئىش بارلىقىنى، ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلىمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى، كۆپچىلىك بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر ـ بىرلەپ ئاغرىنىشقا باشلىدى، كەيپىياتمۇ بىردىنلا تۆۋەنلەپ كەتتى.

قايتىش يولىدا كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۈمىدسىزلەنگەن ئىدى، لوڭ يۈەن بىلەن خىزمەتداشلىرى بىرلىكتە ئۆيگە قايتتى، ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە روھى چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن دەماللىققا ئىشىكنى چەكمەستىن، بەلكى ئىشىك ئالدىغا بېرىپ سول قولىنى سوزۇپ ئىشىك يېنىدا تۇرغان ھاسىنى سىيلىدى، تەخمىنەن يېرىم مىنۇت توختاپ ئاندىن ئىشىكنى چەكتى،

ئىشنىڭ ئېچىلغاندىن كېيىن ئۇ خۇشال هالدا ئائىلىگە ئۆزىنىڭ خىزمەتداشلىرىنى تونۇشتۇردى، خىزمەتداشلىرى كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ قايتماقچى بولدى، ئۇ خىزمەتداشلىرىنى ئۇزىتىپ چىققاندا خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭغا قايىل بولغان هالدا: «يارايسەن، رولنى ياخشى ئالدىڭ، ئۆيگە كىرىشتىن ئىلگىرى چىرايىڭ هاۋادەك تۇتۇلۇپ كەتكەن ئىدى، ئۆيگە كىرىپلا ئادەمگە ئوخشىدى» دېيىشتى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئادەم دېگەن هەممىشە كۆڭۈلسىز ئىشلارغا دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ، بىراق قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر مەن ناچار كەيپىياتنى ئائىلەمدىن ئالغۇم يوق، بىر ئادەم كۆڭۈلسىزلىكتىن ۋاي داد دەۋاتسا، ئىككى ئادەم قانداقمۇ خۇشال بولسۇن» دېدى.

ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا ئەڭ هالقىلىق بولغىنى سىزنىڭ قانداق قىلىشىڭىز، خۇشال ئۆتسىڭىزمۇ ئۆتىدۇ شۇ بىر كۈن، خاپا ئۆتسىڭىزمۇ ئۆتىدۇ، مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا كۈندە خۇشال بولالمايمەن دېگەننى ئويلاپ ئۆزىڭىزنىڭ كەيپىياتىنى ئوڭشاڭ، دۇنيادا هەممە ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولىۋەرمەيدۇ، بىراق سەۋرچان بولۇشنى، كۆڭلىڭىزنى كەڭرى تۇتۇشنى، ئېغىر - بېسىق، خۇشخۇي بولۇشنى ئۆگەنسىڭىزلا ئائىلىدىكىلىرىڭىز بىلەن بىرنەرسە دېيىشىپ قالماي خۇشال ئۆتەلەيسىز.

ئۈمىدۋارلىق بولسا بىر خىل ئاكتىپ كىشىلىك پەزىلەتكە يۈزلىنىشتۇر، كىشىلىك هايات نۇرغۇنلىغان بوران - چاپقۇنغا يۈزلىنىدۇ، كۈلكە - چاقچاق هەم ئۆتۈپ كېتىدۇ، ناچار كەيپىياتنى قوبۇل قىلىۋالغان ئادەم سېھىرگەرلىك بىلەن ناچار كەيپىياتنى يوقىتىش ئەمەس، بەلكى ئۇلار هەل قىلىش ئۇسۇلىنى تېپىپ كەيپىياتىدىكى ناچارلىقلارنى ئۆزگەرتىشنى بىلىشى لازىم، ئۇلار مەيلى گۈزەل گۈل غۇنچىلىرىنى كۆرسۇن

ياكى بىپايان دېڭىزنى ئويلىسۇن، ئىشقىلىپ كەيپىياتىنى ئاستا ـ ئاستا تىنچلاندۇرۇشى كېرەك. ئۆزىڭىزنىڭ ناچار كەيپىياتىنى يوقىتىش ئائىلىدىكىلىرىڭىزگە تارقىتىۋېتىش دېگەنلىك ئەمەس، سىز بىر خاتىرە يېزىپ سىناپ بېقىڭ، دەردىڭىزنى ئېيتىپ بېقىڭ، ئائىلىڭىزدىكىلەر بىلەن بىللە ئۇچىيىڭىز ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك كۈلكىلىك بولغان كومېدىيەلىك كىنولارنى كۆرۈڭ، تۇرمۇشىڭىزغا قىزىقارلىق يۇمۇرلارنى قوشۇپ سىناپ بېقىڭ، ئىشقىلىپ ئائىلىڭىزنى ھەر مىنۇت ھەر ۋاقىت خۇشاللىققا چۆمگۈزۈڭ ...

## ئازاب تۇيغۇنچىسىنى يېشىۋېتىڭ

ناھايىتى بىر ئاددىي مەسىلە: لىق سۇ توشقۇزۇلغان بىر ئىستاكانغا يەنە سۇ توشقۇزغىلى بولامدۇ؟ چوقۇم بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، كىشىلەرنىڭ قەلبىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. سىزنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، پەرۋا قىلىدىغىنىڭىز نۇرغۇن نەرسىلەرنى چىڭ تۇتىۋېلىپ قويۇۋەتكىلى چىدىمىسىڭىز، سىزنىڭ يېڭى نەرسىلەرگە ئېرىشىمىكىڭىز ناھايىتى تەس. پەقەت قەلبىڭىزدىكى بوشلۇققا سۇ قۇيۇپ ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ كەتسىڭىز، ئاندىن يەڭگىل كەيپىياتقا ئىگە بولالايسىز. سىزنىڭ بىر خىل بوغۇمئاياغلىق مايمۇن توغرىسىدا ئاڭلىغان ـ ئاڭلىمىغانلىقىڭىزنى بىلمەيمەن، تەتقىقاتچىلار بوغۇمئاياغلىق مايمۇندىكى بىر خىل ئالاھىدە قىزىقارلىق ھادىسىنى بايقىغان، يەنى ئۇ بىر تال خاسىڭنىڭ بوتۇلكا ئىچىگە سېلىنغانلىقىنى بايقىغاندا، قىلچە ئىككىلەنمەستىن بوتۇلكا ئىچىگە قولىنى تىقىپ ھېلىقى خاسىڭنى ئالىدىكەن، بۇ ۋاقىتتا سىز يەنە چوڭ بىر سولياۋ خالتا خاسىڭنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويسىڭىزمۇ،

ئۇ يەنىلا ھېلىقى بوتۇلكىدىكى بىر تال خاسىڭدىن ۋاز كەچمەيدىكەن، بوغۇمئاياغلىق مايمۇننىڭ ئېھتىمال سېزىمى يوق، چۈنكى ئۇ بىر تال خاسىڭدىن قولىنى تارتىۋالسىلا، يېنىدىكى ئىنتايىن كۆپ خاسىڭغا ئېرىشكەن بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇن ۋاقىتلاردا بىزمۇ ئاشۇ بوغۇمئاياغلىق مايمۇنغا ئوخشاش پەقەت قولىمىزنى چىڭ تۇتىۋېلىشنىلا بىلىپ، يەڭگىل ئېچىپ تۇرۇشنى بىلمەيمىز، شۇڭلاشقا نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشەلمەيمىز.

بىر بىراخمان بىر قولىدا بىر تەشتەكنى كۆتۈرۈۋېلىپ بۇددىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، جىنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ، ئىشىكنى كىرىشىگىلا بۇددا بىراخمانغا: «قولۇڭنى چۈشۈر» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىراخمان سول قولىنى تەشتەكتىن چۈشۈرۈپتۇ، ئارقىدىنلا بۇددا يەنە قولۇڭنى چۈشۈر دەپتۇ، بىراخمان يەنە ئوڭ قولىنى چۈشۈرۈپتۇ، ئەمما يەنە بۇددا داۋاملىق ئۇنىڭغا قولۇڭنى چۈشۈر دەپتۇ. بۇ ۋاقىتتا بىراخمان غەلىتىلىك ھېس قىلىپ: «مېنىڭ ئالىلىقاچان قولۇم قۇپقۇرۇق بولۇپ قالدى، يەنە نېمىنى چۈشۈرىمەن؟ سىزدىن سوراپ باقاي، سىز زادى نېمىنى چۈشۈر دەيسىز؟» دەپ سوراپتۇ. بۇددا: «مەن سېنى قولۇڭدىكى تەشتەكنى قويۇپ قوي دېمىدىم، ئەكسىچە، سەندىكى گۇناھلارنىڭ مەنبەلىرىنى تاشلىۋەت دېدىم، ئەگەر سەن ئۇستۇڭدىكى گۇناھنىڭ يىلتىزىنى قويىۋەتسەڭ، سېنىڭ ئىچكى قەلبىڭ قايتا بوغۇلۇپ قالمايدۇ، سەن ھايات ـ ماماتىڭدىكى ئازابلاردىن قۇتۇلۇپ چىقالايسەن» دەپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا بىراخمان ئاندىن بۇددىنىڭ توختىماي ئۇنىڭغا قولۇڭنى چۈشۈر دېگەن گېپىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ.

بىز پەقەت بىر قېتىم يۈزەكى نەرسىلەرنى قويۇپ قويۇشقا قىيالىساق ئاندىن تىنچ قەلبكە ئېرىشەلەيمىز. ئېغىر بېسىمنى قەلبىمىزگە يۈك قىلىۋالساق، پەقەت ئۆزىمىزنى بىئارام قىلدۇرۇپ، تۇرمۇشىمىز ئادەتتىن تاشقىرى ئازاب بىلەن ئۆتىدۇ، خالاس.

بىز ئۆز ـ ئۆزىمىزدىن يوقىتىپ قويغان ھېسسىياتىم ئۈچۈن ۋاز كېچەلەمدىم؟ قەلبىمدە ساقلانغان ئاغرىنىشلاردىن ۋاز كېچەلەمدىم؟ جاھىللارچە قوغلىشىشلىرىمدىن ۋاز كېچەلەمدىم؟ دەپ سوراپ باقايلى، ئەگەر ئۇلاردىن زادىلا ۋاز كېچەلمىسەك، بىز بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن ئۇنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قېلىشىمىز مۇمكىن، ئەگەر ۋاز كېچەلىسەك، بىز ناھايىتى چوڭ ئەركىنلىككە ۋە گۈزەل قەلبكە ئېرىشەلەيمىز.

بىر قىسىم ئادەملەر ۋە بىر قىسىم ئىشلارغا يۈزلەنگەن ۋاقىتىمىزدا، بىز يەنىلا ۋاز كېچىشكە موھتاج بولىمىز، بۇ قانداقتۇر مەقسەتسىزلا مەلۇم كەمچىلىكنى كېڭەيتىۋېتىش ئەمەس.

## بەك ھارغىن ياشىغىنىڭىز، قوغلاشقان نەرسىلىرىڭىزنىڭ بەك كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكىدە

كىشىلىك ھايات تاغقا يامىشىشقا ئوخشايدۇ، ئەسلىدە بىز يەڭگىللىك بىلەن تاغقا يامىشىپ گۈزەل مەنزىرىلەردىن بەھرىمەن بولساق بولاتتى، ئەمما ئۇستىمىزدىكى بېسىم ئېغىر بولغانلىقتىن، ناھايىتى كۆپ چەكتىن ئاشقان قوغلىشىشلىرىمىز كۆپ بولغاچقا، قانچىكى ياماشقانسېرى شۇنچە ھېرىپ ئاخىرقى نۇقتىغا بېرىشقا كۆزىمىز يەتمەيدۇ. ھەتتا يول بويىدىكى شۇنچىلىك گۈزەل مەنزىرىلەرگىمۇ پىسەنت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلمايمىز، پەقەت پۈتۈن جىسمىمىزدا ھالسىراشلا قالىدۇ، خالاس.

ئىلگىرى بىر باغداتلىق سودىگەر بولۇپ، بىر كۈنى ئاخشىمى تېپىنچ يولدا كېتىپ باراتتى، تۇيۇقسىز بىر سىرلىق ئاۋاز ئۇنىڭغا: «يول بويىدىكى تاشتىن بىرنەچچىنى ئېلىۋال، ئەتە ئەتىگەندە خۇشاللىققا ئېرىشىسەن» دەپتۇ. گەرچە سودىگەر تاشنىڭ ئۇنىڭغا خۇشاللىق ئېلىپ كېلىشىگە ئىشەنمىسىمۇ يەنىلا يول بويىدىكى تاشتىن بىر نەچچىنى ئېلىپ خالتىسىغا قاچىلاپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى قۇياش چىقىپ يەر جاھان يورۇغان چاغدا، سودىگەرنىڭ تۇيۇقسىز سومكىسىدىكى ھېلىقى تاش ئېسىگە كېلىپتۇ ـ دە، ئېلىپ كۆرۈپ بېقىپتۇ، سودىگەر بىرىنچى تاشنى ئالغان ۋاقىتتا ھاڭۋاقىنىدىن تۇرۇپلا قاپتۇ، ئەسلىدە ئۇ تاش ئەمەس ئالماس ئىكەن، سودىگەر ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى تېشىنى ئېلىپ قارىسا قىزىل ياقۇت، كۆك ياقۇت، يېشىل ياقۇت ئىكەن.

سودىگەر بەك خۇشال بولۇپ كېتىپ مۇشۇنچىۋالا كۆپ ياقۇتنى ساتسام قانچە پۇل بولار دەپ ئويلاپتۇ، بىراق كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە سودىگەر يەنە ئۇمىدسىزلىنىپتۇ. بىر نەچچە تال تاشنى ئارتۇق تېرىۋالغان بولسا تېخىمۇ كۆپ ياقۇتقا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئىنتايىن پۇشايمان قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سودىگەر چۈشكۈنلىشىپ ئىلگىرىكى خۇشاللىقلىرى غايىب بولۇپتۇ.

ئاسان قانائەتلىنىدىغان ئادەم تېخىمۇ كۆپ خۇشاللىققا ئېرىشەلەيدۇ، سودىگەر تاشنىڭ ياقۇت ئىكەنلىكىنى بايقىغان چاغدا خۇشاللىققا ئېرىشكەن، بىراق ئۇ تۇنۇگۈن ئاخشام بىرنەچچە تال تاشنى ئارتۇق تېرىۋالمىغىنىغا پۇشايمان قىلغان

ۋاقىتتا خۇشاللىقى ئۇن ـ تىنسىز غايىپ بولغان.
خۇشال بولۇش ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ئاددىي، ئۇ مەڭگۈ قانائەتلىنىدىغان ئادەمگە تەۋە، ھەرگىز ئاچ كۆز ئادەمگە تەۋە ئەمەس، كىشىلەرنىڭ ئازابلىق ھېس قىلىشىنىڭ سەۋەبى مەڭگۈ قانائەتچان بولماسلىق، تېخىمۇ كۆپ ئۆزىگە تەۋە بولمىغان نەرسىلەرگە ئېرىشىشتىن ئىبارەت، چۈنكى ئۆزىمىزنى رازى قىلالماي، يا ئۇنىڭدىن ۋاز كېچەلمىگەندە بىز دائىم ھارغىنلىق ھېس قىلىمىز، پەقەت ھەقىقىي ۋاز كېچەلىگەندىلا ئاندىن بارلىق ئازابلاردىن خالاس بولغاندەك ھېس قىلغىلى بولىدۇ، سىز يەنە ئىلگىرىكىدەك خۇشال بولالايسىز.
بىر ئادەمنىڭ نامراتلىقتىن ياتىدىغان يېرىمۇ يوق بولۇپ، ھەر كۈنى ئاخشىمى بىر ئورۇندۇقتا ئۇخلايدىكەن، ھەر كۈنى ئاخشىمى كەمبەغەل ئۆز ـ ئۆزىگە: «ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە بېيىپ كەتسەم ئاشۇ رەھىمسىز بايلارغا ئوخشاش بېخىل بولمايمەن» دەپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا كەمبەغەلنىڭ ئالدىغا بىر سېھىرگەر پەيدا بولۇپ ئۇنىڭغا: « مەن سىنىڭ ئارزۇيۇڭنى ئاڭلىدىم، مەن سېنى بايلىققا ئېرىشتۈرەي» دەپتۇ ـ دە، گېپىنى تۈگىتىپلا كىيىمىنىڭ ئىچىدىن سېھىرگەرلىك خالتىسىنى چىقىرىپتۇ، سېھىرگەر ئۇنىڭغا يەنە: «بۇ خالتىنىڭ ئىچىدە تۈگىمەس تىللا بار، ئېلىپمۇ تۈگىتەلمەيسەن، بىراق شۇنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت. پەقەت سەن پۇل قاپچۇقىنى تاشلىۋەتكەن ۋاقىتتىلا ئاندىن ئاشۇ تىللالارنى ئىشلەتسەڭ بولىدۇ، شۇڭا سەن تىللانى يەتكۈچە ئېلىپ بولغان ۋاقتىڭدا ئاندىن پۇل قاپچۇقىنى تاشلىۋەت» دەپتۇ ـ دە، غايىپ بولۇپتۇ. شۇ زامات كەمبەغەلنىڭ ئالدىدا راستىلا بىر پۇل قاپچۇقى پەيدا بولۇپتۇ، دېگەندەك پۇل قاپچۇقنىڭ ئىچىدە بىرمۇنچە تىللا بار ئىكەن، كەمبەغەل تىللالاردىن بىرنى ئالسا يەنە بىرى چىقىدىكەن، شۇنىڭ

بىلەن ئۇ توختىماي ئېلىنىۋېرىپتۇ، تۇيۇقسىز بىر ئاخشام كەمبەغەل توختىماستىن تىللانىڭ ھەممىسىنى ئاپتۇ، ئىككىنچى كۈنى تىللا بىر دۆۋە بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇ بۇ پۇللار مېنىڭ بىر ئۆمۈر ئىشلىتىشىمگە يېتىدۇ دەپ ئويلاپتۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتكەنلىكتىن بولكا سېتىۋېلىپ يېيىشنى ئويلاپتۇ، بىراق ئۇ پۇل خەجلەشتىن بۇرۇن چوقۇم ھېلىقى پۇل قاپچۇقىنى تاشلىۋېتىشى كېرەك ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۇل قاپچۇقىنى ئېلىپ دەريا بويىغا بېرىپتۇ، بىراق ئۇنىڭ پۇل قاپچۇقىنى تاشلىۋېتىشكە كۆزى قىيماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن يەنە پۇل قاپچۇقىنى ئېلىپ قايتىپ كېتىپتۇ، ئۇ يەنە داۋاملىق پۇل قاپچۇقىدىن پۇل ئاپتۇ، مۇشۇنداق قىلىپ ئۇ ھەر قېتىم پۇل قاپچۇقىنى تاشلىۋېتىشنى ئويلىغان ۋاقىتتا ھەممىشە بۇ پۇللارنى يەتمەيدىغاندەك ھېس قىلىپتۇ، ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ، ئۇنىڭ چىقارغان پۇللىرى بارغانسېرى كۆپىيىپتۇ، بۇ پۇللارغا يەيدىغان نەرسە، ھەتتا ئۆي، ماشىنا سېتىۋالسىمۇ بولىدىكەن، بىراق ئۇ ھەممىشە ئۆزىگە يەنە كۆپرەك بولسا ياخشى بولاتتى دەپتۇ، ئۇدا بەش كۈن يېمەي ـ ئىچمەي پۈتۈن كۈچى بىلەن پۇل چىقىرىپ بىر ئۆينى پۇل بىلەن لىق توشقۇزۇپتۇ، ئەمما يەنىلا ئۇنىڭ بۇ پۇل قاپچۇقىنى تاشلىۋېتىشكە كۆزى قىيماپتۇ، ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە مەن بۇ پۇل قاپچۇقىنى ھازىرچە تاشلىۋەتمەي يەنە كۆپرەك پۇل چىقىرىۋېلىشىم كېرەك دەپ، توختىماستىن پۇلنى چىقىرىۋېرىپتۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ ھارغىنلىق، ئاچلىق سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ ھېلىقى كونا ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغىنىچە ئۆلۈپ قاپتۇ، پەقەت يېنىدا لىق دۆۋىلەنگەن تىللالارلا قاپتۇ.

بىز دائىم كۆپ نەرسىلەرگە ئېرىشىشنى، يوقىتىشقا ئۇچرىغانلىقىمىزنى ئويلايمىز، بۇلارغا يېتىش ئۈچۈن باشتا ئارام ئېلىشقىمۇ ئامالسىز قالىمىز، ئاچ كۆزلۈك بىر خىل ئېزىتقۇ،

ئۇ بىزنى ئاستا ـ ئاستا تېگى يوق ھاڭغا باشلايدۇ، ھاياتلىقتا چارچاپ كەتكەنلەر پەقەت پۈتۈن كۈچى بىلەن ئالدىغا مېڭىشنىلا بىلىپ، ئەكسىچە بىرئاز توختاپ ئارام ئېلىشنى، يول بويىدىكى مەنزىرىلەردىن ھوزۇرلىنىشنى بىلمەيدىغانلار، كىشىلىك تۇرمۇش بولسا بىر خىل جەريان، ھاياتلىق سەپىرىمىزدە بەزىلەرنىڭ ئەسلىمىلىرى ئۆمۈرلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ كۆپ رەڭدارلىقتا، گۈزەللىككە ئىگە بولىدۇ، ئەمما يەنە بەزىلەر ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىپ ھاياتى بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىدۇ، قوغلىشىشنىڭمۇ چېكى بار، ئاشۇ زىممىمىزدىكى ئەرزىمەيدىغان يۈكلەرنى تاشلىۋېتىپ، ئەركىن ـ ئازادە يول يۈرگىنىمىزدىلا ئاندىن ھاياتلىق سەپىرىمىز تېخىمۇ خۇشاللىقا تولىدۇ.

## ۋاز كېچىشمۇ بىر خىل ئېرىشىشتۇر

دەرەخلەرنىڭ غازاڭ تاشلىشى، ئەتىياز پەسلىدىكى بۈك ـ باراقسانلىقنى كۈتۈش ئۈچۈندۇر، دەريا ئېقىنىنىڭ تۆپتۈز بولۇشى، دېڭىز قوينىغا قايتىش ئۈچۈندۇر، شامنىڭ مۇكەممەل گەۋدىسىدىن ۋاز كېچىشى، پۈتۈن دۇنياغا يورۇقلۇق ئاتا قىلىش ئۈچۈندۇر.

مەڭگۈلۈك ئالقىش ساداسىغا ئېرىشمەكچى بولسىڭىز، كۆز ئالدىڭىزدىكى شۆھرەتتىن ۋاز كېچىڭ، سەھرانىڭ ساپ ھاۋاسىدىن ھوزۇرلانماقچى بولسىڭىز، شەھەردىكى راھەتتىن ۋاز كېچىڭ، كىچىك ئېرىقلاردىن ۋاز كەچسىڭىز، چوڭ دېڭىزلارغا ئېرىشەلەيسىز، بىر تۈپ دەرەختىن ۋاز كەچسىڭىز پۈتۈن ئورمانلىقا ئېرىشەلەيسىز، ۋاز كېچىش ھەرگىزمۇ ئايرىلىپ قېلىش ئەمەس، ئەكسىچە بەزى ۋاقىتتا بىر خىل نەتىجىگە ئېرىشىشتۇر.

ھەر يىلى ئامېرىكىدا كاۋا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ كىمنىڭ كاۋىسىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىكەنلىكىنى سېلىشتۇراتتى، نەچچە قېتىملىق چېمپىيونلۇققا ئېرىشكىنى تاڭمۇ ئىسىملىك بىر ياش ئىدى، ئۇنىڭ تېرىغان كاۋىسى ھەم چوڭ ھەم تاتلىق بولۇپ، ئۇدا بىرنەچچە يىل ئىلغار مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئىدى. ھەر قېتىمقى باھالاشتىن كېيىن، تاڭمۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۇرۇقنى قوشنىلارغا بۆلۈپ بېرەتتى.

نۇرغۇنلىغان قوشنىلار بۇنى چۈشەنمىگەن ھالدا: «سىز شۇنچىۋالا ۋاقىت ۋە كۈچىڭىزنى سەرپ قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققان سورتلۇق ئۇرۇقىڭىزنى نېمىشقا بىزگە بۆلۈپ بېرىسىز؟ ئەجەبا سىز بىزنىڭ كاۋىلىرىمىزنىڭ سىزنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەمسىز؟» دەپتۇ.

تاڭمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «مېنىڭ ئۇرۇقنى كۆپچىلىككە بېرىشىم، ئەمەلىيەتتە ئۆزۈمگە پايدىلىق» دەپتۇ.

ئەسلىدە ھەربىر ئائىلىدىكى كاۋىلار ئۆزئارا تۇتاشقان بولۇپ، تاڭمۇ ئۆزىنىڭ سورتلۇق ئۇرۇقىنى قوشنىلارغا بۆلۈپ بېرىپ، ھەسەل ھەرىسى چاڭلىنىش جەريانىدا، ناچار ئۇرۇقنى چاڭلاشتۇرماي ئۆزىنىڭ سورتلۇق ئۇرۇقىنى تارقىتىپ، سورتلۇق ئۇرۇقنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتىشتىن ساقلىنىدىكەن.

تاشقى كۆرۈنۈشتە ئۆزىمىز زىيان تارتىساقمۇ، ئەمەلىيەتتە يەنىلا ئۆزىمىز نەتىجىگە ئېرىشىمىز، ھەمىشە ئۆزىنىڭ نەرسىسىنى چىڭ تۇتىۋېلىپ قويۇپ بەرمەي، ۋاز كېچىشكە تىرىشلىك نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشنى بىلمەي قوغلىشىۋەرسە ئەكسىچە ھەممىنى ئۇتتۇپ قالىدۇ، بەزى ۋاقىتتا ۋاز كېچىشنى بىلىشىڭىز ئاندىن نۇرغۇن نەتىجىگە ئېرىشىش پۇرسىتىڭىز بولىدۇ، تۇتىۋالغان نەرسىڭىزدىن قايتا قول ئۈزۈشنى

خالىمىسىڭىز كۆپ چاغلاردا چوڭ ـ كىچىك زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ، داۋاملىق يېڭى بىلىملەرنى قوبۇل قىلىشقا، ئۆسۈپ يېتىلىشكە، ھالقىپ ئۆتۈشكە ئامالسىز قالىسىز.

بىر قىسىم بايلىقلاردىن ۋاز كەچسىڭىز ساغلام تەنگە ئىگە بولالايسىز، مۇشۇنداق ۋاز كېچىشمۇ ئەرزىيدۇ، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر نەق پۇل، مۇۋەپپەقىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەت، يۈز ـ ئابروي، ئىلىم قاتارلىقلاردىن زادىلا ۋاز كېچەلمەيدۇ. چۈنكى ۋاز كېچىشنى يوقىتىپ قويۇش دەپ بىلىدۇ، بىراق ئەڭ ھالقىلىق پەيتتە بىر قىسىم نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشنى بىلسە، تېخىمۇ كۆپ ئويلاپ باقمىغان نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

بېخىللىق قىلسىڭىز ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسىز، پەقەت سىز كۆڭلى ـ كۆكسىڭىزنى كەڭ قىلسىڭىزلا ئاندىن نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيسىز. بېلىق بىلەن مۇشۇكئېيىقنىڭ تاپىنىغا ئېرىشەلمىگەن ۋاقتىمىزدا بىز چوقۇم ۋاز كېچىشنى ئۆگىنىشىمىز لازىم.

بىر باي بولۇپ كېمىگە ئولتۇرۇپ دەريادىن ئۆتمەكچى بولغان ۋاقىتتا، دەل دەريا سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى سەۋەبىدىن غايەت زور دولقۇن تەرىپىدىن كېمە ئۆرۈلۈپ كېتىپ باي سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، ئەسلىدە ئۇ يېنىكرەك بولغان بولسا قىرغاق بويىغا ئۈزۈپ بارالىغان بولاتتىكەن، ئەمما ئۇ يېنىغا نۇرغۇن تەڭگە تىقىۋالغان بولغاچقا ئالدىغا ئۈزگەنسېرى چۆكۈپ كېتىپتۇ، باي پۈتۈن كۈچى بىلەن جان تالىشىپمۇ يېنىدىكى پۇللارنى تاشلىۋېتىشنى ئويلاپمۇ باقماپتۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۈزۈشكە ئازراقمۇ ماغدۇرى قالماي، ئۆزى بىلەن پۇللىرىنى دېڭىز ئاستىغا مەڭگۈلۈك دەپنە قىلىپتۇ.

كىشىلەر ۋاز كېچىشنى بىلمىگەندە نۇرغۇنلىغان ئازابقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قالىدۇ، بەزىدە ۋاز كېچىشمۇ بىزگە بىر يېڭى بوشلۇق ئېلىپ كېلىدۇ. قەلبىمىزمۇ شۇندىلا ئازادىلىككە تولىدۇ، ھاياتلىقتا بەزى نەرسىلەرگە ئەمدىلا ئېرىشكەن چاغدا تاسادىپىي يوقىتىپمۇ قويىمىز، ئەمدى تاللىغان چېغىمىزدا ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولۇپ ۋاز كېچىپمۇ قويىمىز.

كىشىلەر ۋاز كېچىشنى بىلىشى كېرەك، بەزى ۋاقىتتا ۋاز كېچىشمۇ بىر خىل جاسارەت بولۇپ قالماستىن، يەنە بىر خىل ئەقىل ـ پاراسەت، دېمەك، ۋاز كەچكەندىلا ئاندىن ئېرىشەلەيسىز، ئېرىشكەندىلا ئاندىن تاشلىغىلى بولىدۇ. پەقەت تاشلىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن تۇرمۇشتا ھەقىقىي خۇشال بولغىلى بولىدۇ، پەقەت ئېغىر يۈكنى تاشلىۋەتسەكلا بىز ئاندىن يېنىكلىك بىلەن جەڭگە ئاتلىنالايمىز، ھاياتلىق يولىمىزمۇ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

## تونۇشۇش بىر خىل تەقدىر، ئايرىلىشمۇ ھەم بىر خىل تەقدىر

تەقدىرنى ھەم ئۆچـراتقىلى ھەم ئۆتتۈنگىلى بولمايدۇ. ئادەم دېگىنىز، ھەشەمەتلىك دۇنيادا قانچىلىك ئادەم ھەقىقىي ھالدا ئۆزى تەۋە بولغان ئەڭ مۇكەممەل تەۋەلىكنى ئىزدەپ تاپالايدۇ. قانچىلىك ئادەم سۆركىلىش ئىچىدە ئەڭ ياخشى پۇرسەتتىن مەھرۇم قالىدۇ، يەنە قانچىلىك ئادەم خاتالىقنىڭ ۋاقتى ۋە ئورنىدا تۇرۇپ ھەقىقىي ھالدا تاللاپ چىقىرالايدۇ.

بەزىدە تەقدىر پەقەت كىشىلەرنىڭ قارىشىلا ھەم بۇگۈن ئۆتكۈزگەن خاتالىقىلا خالاس. ئۆمۈر شۇنداق ئۇزۇن، كۈننىڭ ئاخىرلىشىش نۇقتىسى يوق، شۇڭا سىز كىمنىڭ ھاياتىڭىزنىڭ ئاخىرغىچە ھەمراھ بولالايدىغانلىقىنى بىلەلمەيسىز. بەزىدە سىز بىر ئادەمگە يولۇقسىڭىز بەلكىم شۇ مىنىڭ ھەمراھىم بولۇشى

مۇمكىن دەپ ئويلاپ قالىسىز، كېيىن بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ قارىغىنىڭىزدا ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭمۇ بىر مەزگىللىك گۈزەل ئەسلىمە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز، ئەمما ئاراڭلاردا يوقىتىشقا ئامالسىز بولغان ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ھېسسىيات بار بولغان. تەقدىر بىز دائىم دىققەت قىلمىغان چاغدا ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ ھەم بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تۇتۇشقا ئۇرۇنغان چاغدا يەنە ئاستا ـ ئاستا تۇيدۇرمايلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، پەقەت ھېسسىياتىمىزغا تەبىئىي پوزىتسىيەدە مۇئامىلە قىلالىساق ئاندىن بەزى ئىشلارنى تۇتۇپ قالالمايدىغانلىقىمىزنى، بەزى ئىشلارنى رەت قىلالمايدىغانلىقىمىزنى بىلەلەيمىز.

بىز دائىم ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ تونۇشۇشى بىر خىل تەقدىر دەيمىز، ئۇنداقتا ئايرىلىشمۇ بىر خىل تەقدىر ئەمەسمۇ؟ بەزىلەر: «ھاياتلىقتا ئەڭ بەختلىك ئىككى ئىش بار: بىرى، ۋاقىت ھامان بىر كۈنى مېنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىمنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. يەنە بىرى، ئىنتايىن ئۇزۇن يىللار ئىلگىرىكى بىر كۈنى مەن سىزنى ئۇچراتقان ئىدىم» دېيىشىدۇ.

ئاڭلىماققا بۇ بىر خىل يۈرەكنى ئازابلايدىغان سۆز، ئەگەر ئەينى چاغدىكى ئۇچرىشىشنى تەقدىر دېسەك، ئۇنداقتا ئاخىرقى ئايرىلىشمۇ بىر خىل تەقدىر، بەلكىم بىر ئۆمۈر ساقلىماي دائىم ئۇچرىشىپ تۇرۇشنىڭ ئۆزى يېتەرلىكتۇر.

بىر سودىگەر بار بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن چوڭ تۆگە ئەترىتى ۋە ساندۇق ـ ساندۇق شايى، گەزلىمە ـ يىپەكلىرىگە ئىگە ئىكەن، سودىگەر دائىم ئورمانلىقتىكى كىچىك يولدا بىر ئوتۇنچى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدىكەن، ئوتۇنچىنىڭ پەقەت پالتىنىڭ بىلەن ئارغامچىدىن باشقا نەرسىسى يوق بولۇپ، ھەر كۈنى شۇ نەرسىلىرىنى ئېلىپ تاغقا ئوتۇن كەسكىلى چىقىدىكەن. ھەر

قىتىمقى ئۇچرىشىشتا سودىگەر دائىم ئۇتۇنچىنىڭ چىرىيىدە خۇشاللىق پارلاپ تۇرىدىغانلىقىنى، بەزىدە غىڭشىپ ناخشىمۇ ئېيتىپ قويىدىغانلىقىنى كۆرىدىكەن.

بىر كۈنى سودىگەر يەنە ئۇتۇنچى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ، ئۇلار تەڭلا بىر چوڭ تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئارام ئاپتۇ، سودىگەر بۇ قېتىم ئاخىرى ئۇتۇنچىدىن: «مەن بىر ئىشنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدىم، سىز ئىنتايىن نامرات تۇرۇپمۇ، نېمىشقا شۇنچە خۇشال يۈرەلەيسىز ياكى سىزدە قانداقتۇر بىر قىممەت باھالىق نەرسە بولۇپ، ئۇنى ئاشكارىلىمىدىڭىزمۇ يە؟» دەپ سوراپتۇ.

ئۇتۇنچى سودىگەرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ: «مەنمۇ سىزنىڭ نېمە ئۈچۈن كۈندە قاپىقىڭىزنى ئاچمايدىغانلىقىڭىزنى بىلەلمىدىم؟ پەقەت بىلىدىغىنىم سىزنىڭ شۇنچىۋالا كۆپ مال - دۇنيانىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىڭىزلا خالاس» دەپتۇ.

« ھەي، — دەپ ھەسرەت چېكىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ سودىگەر، — گەرچە مېنىڭ شۇنچىلىك كۆپ مال - دۇنيالىرىم بولسىمۇ، ئەمما مېنى بىر خىل ھېسسىيات ئىنتايىن ئازابلايدۇ، ئۇ بىر ئىنتايىن گۈزەل ۋە ئاق كۆڭۈل قىز ئىدى، بىزنىڭ شۇنداق شېرىن ۋاقىتلىرىمىز بولغان، ئەمما مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى بىز ئايرىلىپ كەتتۇق، شۇندىن ئېتىبارەن مەن ئۇنۇتۇشسىز مۇھەببەتنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ چىقالمىدىم.»

«ھە، ئەسلىدە مۇنداقكەندە!» دەپتۇ ئۇتۇنچى: «گەرچە مېنىڭ ھېچنېمەم بولمىسىمۇ، ئەمما مەن ھەر ۋاقىت مەڭگۈلۈك بەختنى ھېس قىلالايمەن، شۇڭلاشقا مەن ھەمىشە شۇنداق خۇشال».

سودىگەر بىرئاز ئويلانغان ھالدا: «شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا ئۆيىڭىزدە ئىنتايىن گۈزەل ۋە مۇلايىم ئايالىڭىز بار

ئوخشىمامدۇ؟» دەپ سوراپتۇ.
ئوتۇنچى بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ: «ياق، مەن خۇشال بويتاق» — دەپتۇ.
«ئۇنداقتا، سىز چوقۇم ئۇزۇنغا قالماي ئۆيلىنىدىغان ئوخشىمامسىز؟» — دەپتۇ سودىگەر جەزملەشتۈرگەن هالدا.
«ياق، مېنىڭ هېچقانداق ئۆيلىنىدىغان لايىقىم يوق.»
«ئۇنداقتا، سىزدە چوقۇم سىزنى خۇشال قىلىدىغان قىممەتلىك بۇيۇم بار ئوخشايدۇ؟».
« هىم . . .» دەپتۇ ئوتۇنچى ئىككىلەنگەن هالدا: « ئەگەر سىز ئۇنى قىممەتلىك بۇيۇم دېسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئۇنى بىر ئىنتايىن گۈزەل بىر قىز ماڭا بەرگەن ... ».
« ئوۋ... » دەپتۇ سودىگەر تاقەتسىزلىك بىلەن: «قانداق قىممەتلىك بۇيۇم ئۇ؟ سىزگە شۇنداق چەكسىز بەختنى هېس قىلدۇرغان؟ ئالتۇندەك پارقىراق مۇهەببەت سوۋغىسىمۇ؟ بىر تاتلىق سۆيۈشمۇ يە؟ ياكى . . . ؟ ».
«هېچقايسىسى ئەمەس، ئۇ گۈزەل قىز ئەزەلدىن ماڭا بىرەر ئېغىز سۆزمۇ قىلىپ باقمىغان، هەر قېتىم مەن يېنىدا ئۇنى ئۇچرىتىمەن، ئۇ هەمىشە ئالدىراپلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئىككى يىل ئىلگىرى ئۇ باشقا شەهەرگە كەتتى، ماڭىدىغان چاغدا ئۇ . . . ؟».
ئوتۇنچىنىڭ كۆزلىرىدە بەخت نۇرلىرى چاقناپ كېتىپتۇ.
«ئۇ نېمە بولدى؟» سەل جىددىيلەشكەن هالدا سوراپتۇ سودىگەر.
«ئۇ ماڭا مېهرىبانلىق بىلەن قارىدى!» دەپتۇ ئوتۇنچى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: — كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتىكى بۇ كۆز نۇرى ماڭا نىسبەتەن بىر ئۆمۈر بەختنى هېس قىلىشىمغا يېتىدۇ. گەرچە بىز بىرگە بولالمىساقمۇ، ئەمما مەن ئاشۇ بىر قاراشنى بىزنىڭ تەقدىرىمىز دەپ هېس قىلىمەن، بۇنىڭ ئۆزى

يېتەرلىك، چۈنكى مەن ئۇنىڭ قارىشىنى يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە مەڭگۈلۈك ئەسلىمە سۈپىتىدە ساقلاۋاتىمەن.»

سودىگەر بۇ بەختلىك ئوتتۇنچىغا قاراپ كۈلۈپ قاپتۇ: « مەن بىر قىز بىلەن شۇنداق كۆپ تاتلىق ئەسلىمىلەرنى ئۆتكۈزگەن بولسامۇ، ئەمما بۇ ئوتتۇنچىنىڭ قەلبىدە ساقلانغان قىزنىڭ بىر قارىشىغا يەتمەيدىكەن، ھەقىقىي باي دەل ئۇ ئىكەن» دەپ ئويلاپتۇ.

ھەقىقىي ئېرىشەلمىگەن تەقدىردىمۇ، بىر ئۆمۈر قول تۇتۇشۇپ ئۆتەلمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇچرىشىش، ئايرىلىش ھەممىسى بىر خىل تەستە ئېرىشكىلى بولىدىغان تەقدىر. ئۇچرىشىش تەقدىر، ئۇنداقتا ئايرىلىش ئۈچۈن ئاچچىقلىنىشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ . . .

## ئېرىشىشكىلا كۆڭۈل بۆلمەڭ

ئېرىشىشكىلا كۆڭۈل بۆلمەڭ، ئېرىشكەن نەرسىلىرىڭىز قانچە كۆپ بولسا، قەلبىڭىزنىڭ يۈكى تېخىمۇ كۆپىيىدۇ، يوقاتقانلىرىڭىزغا پەسەنت قىلماڭ، ئوخشاش نەرسىنى يوقاتقانلىقىڭىز قەلبىڭىزدىكى بىر ئەنسىرەشنى ئازايتقانلىقىڭىزدۇر، كىشىلىك دۇنيادا، ماددىي نەرسىلەر بىلەن بوغۇلۇپ قالمىسىڭىزلا ئەركىن تۇرمۇش كەچۈرەلەيسىز.

بىر باي ئۆمۈر بويى يىققان ئالتۇن ـ كۈمۈش بايلىقلىرىنى ئېلىپ جاھان كېزىپ خۇشاللىق ئىزدىمەكچى بولۇپتۇ، ئەمما مىڭلىغان تاغۇ ـ دەريالارنى كېزىپمۇ خۇشاللىق تاپالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەيۈسلەنگەن ھالدا تاغ يولىنىڭ بىر تەرىپىدە ئۇھسىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. . . بىر دېھقان دەل مۇشۇ ۋاقىتتا بۇ يەردىن ئۆتۈۋاتقان بولۇپ، باي ئۇنىڭغا: «مەن كىشىلەر ھەۋەس

قىلىدىغان باي، ئەمما نېمىشقىدۇر قىلچىلىك خۇشاللىقنى ھېس قىلالمايمەن» دەپتۇ.

دېھقان يۇدۇۋالغان ئىغىر ئوتۇننى قويۇپ راھەتلەنگەن ھالدا تەرلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ: «خۇشال بولۇش ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن ئاسان، ۋاز كېچىشنىڭ ئۆزى خۇشاللىقتۇر» دەپتۇ. باي شۇ ھامان: «مەن شۇنچىلىك ئىغىر جاۋاھىراتلارنى ھەمىشە ياشقىلارنىڭ بۇلاپ كېتىشىدىن، يوشۇرۇنچە زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئەنسىرەپلا، كۈنبويى غەم ـ ئەندىشىدە يۈرسەم قانداقمۇ خۇشاللىقنى ھېس قىلالايمەن» دېگەننى تونۇپ يېتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن تاغدىن چۈشكەندىن كېيىن، باي بارلىق ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى نامراتلارغا بۆلۈپ بېرىپ نۇرغۇن ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلىپتۇ. باشقىلارغا ياردەم بېرىدىغان ساۋابلىق ئىش باي قەلبىنى ئىللىتىپتۇ. ھېلىقى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر يوق بولغاندىن كېيىن باينىڭمۇ غەم ـ ئەندىشىسى ئازلاپتۇ، ئىنىقكى ئۇ ۋاز كېچىشنىڭ خۇشاللىقنى ھېس قىلىپ يېتىپتۇ.

مال ـ دۇنيا باقىي ئەمەس، ھەممىگە ئادەتتىكىدەك قاراڭ. ئېرىشىشكە پىسەنت قىلماڭ، ناۋادا ئايرىلىپ قالسىڭىزمۇ خاتىرجەم تۇرۇڭ، ئايرىلىپ قالغانلىقىڭىز ئۈچۈنلا، پىسخىكا جەھەتتىن ئىغىر تەڭپۇڭسىزلىققا ئۇچراپ، تەڭرىدىن زارلىنىپ، بەندىدىن رەنجىيدىغان چۈس مىجەزلىك بولۇپ قالماڭ ھەم ئېرىشكىنىڭىز ئۈچۈنلا ئۆز ـ ئۆزىڭىزدىن مەغرۇرلىنىپ جاھانغا پاتماي قالماڭ، ئۆزىڭىزنىڭ ئېرىشكىنى بىلەن مەھرۇم بولغىنىڭىزغا دىققەت ـ ئېتىبار بىلەن قاراپ خاتىرجەم قوبۇل قىلىپ، ئېرىشىش ۋە يوقىتىشقا ئادەتتىكى بىر قەلب بىلەن قاراڭ. چۈنكى، پەقەت پىسخىكىلىق ھالەت مۇۋاپىق بولغاندىلا، سىز ئاندىن ھازىرقى ئەھۋالىڭىزنى ئۆزگەرتەلەيسىز، ئايرىلىپ

قالغاندا زىيادە ئازابلانماسلىق، ئىبرىشكەن چاغدىمۇ زىيادە كۆرەڭلەپ كەتمەسلىكتەك بۇ خىل روھىي ھالەت ئەقىللىق ئادەمنىڭ روھىي ھالىتىدۇر.

نەرسە - كېرەك قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى ئەمەس، ھازىر كىشىلەر نام - مەنپەئەت، بېسىم تەرىپىدىن ئېغىرراق نەپەسمۇ ئالالمايۋاتسا، خۇشاللىقنى نەدىن ئىزدەپ تاپالىسۇن؟ پەقەت سىزدە ھېچقانداق غەم - ئەندىشە بولمىسا، نېمىنى كۆرسىڭىز خۇشال بولالىسىڭىز، تاشلاشقا تېگىشلىك نەرسىدىن ۋاز كېچەلىسىڭىز، قەلبىڭىز تەبىئىيلا ساپلىشىپ، خۇشاللىقمۇ تەبىئىيلا سىزگە ئەگىشىدۇ.

بەزى كىشىلەر تۇرمۇشقا ئىنتايىن قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۆزىنى ھالسىرىتىپ قويۇپ، بەخت ۋە دىل ئاراملىقىنىڭ تەمىنى ئىنتايىن ئاز تېتالايدۇ. تەشۋىش ۋە قورقۇش ھەرۋاقىت ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ، ھاياتى مەنىسىزلىككە تولۇپ، بىر ئۆمۈر پالاكەتلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۆز ھاياتىغا ئازادىلىك بېرىش، ئۆزىگە بىر خاتىرجەملىك بېرىشكە ھېچنېمە يەتمەيدۇ.

## ھەممىلا ئىش قىلىشىڭىزغا ئەرزىمەيدۇ

بەنىس مۇنداق دېگەن: «ئەڭ ئەقىللىق ئادەم بولسا جىڭغا توختىمايدىغان ئىشقا نەزەر - كۆزىنى سالمايدىغان ئادەمدۇر، ئەمما ئۇلار مۇھىمراق بولغان ئىشقا ھەمىشە نەزىرىنى سالماي قالمايدۇ، ئىنتايىن كىچىك ئىشلارغا كۆڭۈل قويىدىغان ئادەم چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ.»

مۇنەۋۋەر ئادەم ئىشنىڭ مۇھىم ياكى مۇھىم ئەمەسلىكىنى پەرقلەندۈرۈشنى بىلىدۇ، ئۇ ئىنتايىن قىسقا تۇرمۇش مۇساپىسىدە قىلىشقا ئەرزىگۈدەك ئىنتايىن كۆپ ئىشلارنى

تامامـلـىيالايدۇ. ئۇلار كىچىك ئىشلارغا ئىسىلىشۇالمايدۇ، شۇڭلاشقا نىمىنىڭ ئەرزىمەس ئىش ئىكەنلىكىنى ئايرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان، ئەگەر بىر ئادەم پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەممىلا ئىشنى قىلىمەن دەپ ئويلىسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ يېتەرلىك زېھنىي كۈچى ئەڭ مۇھىم ئىشلارنى قىلىشقا يەتمەيدۇ.

بۇرۇن بىر پادىشاھ بار بولۇپ، ئارقا ئوردىدىكى خانىشى ئۇنىڭغا ئاپپاق، بۇدرۇققىنە بىر شاھزادە تۇغۇپ بېرىپتۇ، يەنە ئۇ ئەڭ ئامراق خانىشىمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق چىرايلىق بىر مەلىكە تۇغۇپ بېرىپتۇ، پادىشاھ مەلىكىگە ئىنتايىن ئامراق بولۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ گۆھىرى دەپ قاراپ ئەزەلدىن ئۇنىڭغا كايىمايدىكەن، مەلىكە نېمىنى ئېلىشنى ئويلىسا، مەيلى ئۇ ئالماقچى بولغان نەرسە قانچىلىك قىممەتلىك ۋە تېپىش تەس بولغان نەرسە بولغان تەقدىردىمۇ پادىشاھ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇندايدىكەن.

مەلىكە پادىشاھنىڭ ئەركە ئۆگىتىشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولۇشقا باشلاپ، بارغانسېرى ئۆزىنى ياساشنى ئۆگىنىپتۇ. باھار يامغۇرى يېغىپ كۈن ئېچىلغان بىر چۈشتىن كېيىنلىكى مەلىكە كېنىزەكلىرىنى باشلاپ ئوردا گۈللۈكىنى تاماشا قىلىپتۇ، گۈل ـ غۇنچىلار يامغۇر سۈيىدە يۇيۇلۇپ ئىنتايىن چىرايلىقلىشىپ كەتكەن بولۇپ، قارىغانلا كىشىنىڭ مەسلىكىنى كەلتۈرىدىكەن، بۈك ـ باراقسان دەرەخلىك تېخىمۇ ياپيېشىللىشىپ كىشىنى جەلپ قىلىدىكەن، يامغۇردىن كېيىنكى مەنزىرىدىن قانغۇچە ھۇزۇرلانغان مەلىكە تۇيۇقسىز نىلۇپەر كۆلچىكىتىكى ئاجايىپ كۆرۈنۈشكە مەھلىيا بولۇپ قاپتۇ، ئەسلىدە كۆلچەكدىكى سۇ ئىسسىق تەسىرىدە ھورلانغاندا تال ـ تال سىرلانغان مەرۋايىتتەك سۇ تامچىلىرى يۇپيۇمىلاق ئۇنچىدەك پارقىراپ كۆزنى قاماشتۇرىدىكەن، بۇنداق گۈزەل مەنزىرىنى

كۆرۈپ مەلىكىنىڭ كاللىسىغا غەلىتە بىر خىيال كەپتۇ: «ئەگەر بۇ سۇ تامچىلىرىدىن گۈل چەمبىرەك ياساپ، چېچىمغا تاقىسام چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولۇپ كەتمەمدىمەن!»

ئوي - خىيالىنى مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇ كېنىزەكلىرىگە سۇ تامچىلىرىنى تۇتۇشقا بۇيرۇپتۇ، ئەمما كېنىزەكلەر سۇ تامچىسىغا قولىنى ئەمدىلا ئېلىپ بېرىشىغا تامچىلار ئۆزلۈكىدىن بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ. خېلىغىچە ئاۋارە بولۇپمۇ ھېچ تۇتالماپتۇ، مەلىكە كۆلچەك يېنىدا ساقلاۋېرىپ خاپا بولۇپ، ئاچچىقلانغىنىچە ئوردىغا بېرىپ پادىشاھنى كۆلچەك بويىغا ئېلىپ كېلىپ چاقناپ تۇرغان سۇ تامچىلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «خان ئاتا، سىز ماڭا ئەڭ ئامراق، مەن نېمىنى خالىسام شۇنى قىلىپ بېرىسىزغۇ؟ قىزىڭىز كۆلچەك ئىچىدىكى سۇ تامچىلىرىدىن گۈلچەمبىرەك ياساپ زىننەت بۇيۇمى قىلماقچى، سىزچە قانداق؟».

— ئەخمەق قىز! سۇ تامچىلىرى گەرچە ئىنتايىن چىرايلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بەرىبىر خىيالىي نەرسە، ھەرگىزمۇ گۈلچەمبىرەك ياسىغىلى بولمايدۇ، خان ئاتىڭىز سىزگە مەرۋايىت خىرۇستاللاردىن سۇ تامچىسىدىنمۇ چىرايلىق گۈلچەمبىرەك ياسىتىپ بېرىدۇ، — دەپتۇ پادىشاھ چەكسىز كۆيۈمچانلىقى بىلەن قىزىغا.

— لازىم ئەمەس! لازىم ئەمەس! ماڭا پەقەت سۇ تامچىلىرىدىن ياسالغان گۈلچەمبىرەكلا لازىم، مەرۋايىت خىرۇستاللارنىڭ كېرىكى يوق، ئەگەر سىز مېنىڭ بۇ تەلىپىمنى ئورۇندىمىسىڭىز مەن ئەمدى ياشىمايمەن — ... دەپتۇ مەلىكە يىغلاپ تۇرۇپ.

ئىلاجسىز قالغان پادىشاھ ئوردىدىكى ۋەزىرلەرنى گۈللۈككە چاقىرتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولۇپ، تەشۋىشلەنگەن ھالدا مەسلىھەت سوراپ:

— جانابلار! سىلەر دۆلەتنىڭ ئاجايىپ تالانت ئىگىلىرى، ئەگەر كىمدەكىم ئۆزگىچە تالانتىغا تايىنىپ كۆلچەك ئىچىدىكى سۇ تامچىلىرىدىن چىرايلىق قىلىپ بىر گۈلچەمبىرەك ياساپ چىقالىسا، مەن شۇنى تارتۇقلايمەن — دەپتۇ.

— خان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي! سۇ تامچىلىرى تېگىپ بولغۇچە بۇزۇلۇپ كېتىدىغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭدىن گۈلچەمبىرەك ياساپ چىققىلى بولسۇن؟، — دەپتۇ ۋەزىرلەر هاڭ ـ تاڭ بولغىنىچە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ. شۇنداق قىلىپ هېچقايسىسى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلمەپتۇ.

— هى ... مۇشۇنداق ئاددىي ئىشنىمۇ هېچقايسىڭلار قىلالمىساڭلار، راستلا مېنىڭ سىلەرگە قىلغان شاپائىتىم بىكارغا كېتىپتۇ! ئەگەر قىزىمنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرمىساڭلار هەممىڭلار بېشىڭلار بىلەن جاۋاب بېرىڭلار، — دەپتۇ غەزەپلەنگەن پادىشاھ.

— ئالىيلىرى، غەزەپلىرىنى بېسىۋالغايلا، مېنىڭ مەلىكەمگە گۈلچەمبىرەك ياساپ بېرىدىغانغا ئامالىم بار، قۇللىرىنىڭ كۆزى ئاجىزراق، كۆلچەكتىكى قايسى سۇ تامچىسىنىڭ گۈلچەمبىرەك ياساشقا ماس كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرەلمىدىم، بولسا مەلىكەم ئۆزى تاللاپ مېنىڭ ياسىشىمغا بەرسە، — دەپتۇ بىر چاچ ـ ساقاللىرىغا ئاق سانجىغان چوڭ ۋەزىر تەمكىن هالدا.

مەلىكە بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشال هالدا نوگاينى ئېلىپ بىللىنى ئەگىنىچە ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى سۇ تامچىلىرىنى ئۇسۇپتۇ، ئەسلىدىكى كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان سۇ تامچىلىرى مەلىكىنىڭ يېنىككىنە تۇتۇشى بىلەن ئىنتايىن تېزلا بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ. مەلىكە خېلىغىچە هەپىلىشىپمۇ بىر تال سۇ تامچىسىنىمۇ تۇتالماپتۇ. دانىشمەن ۋەزىر مۇلايىم هالدا

مەيۈسلەنگەن مەلىكىگە قاراپ: «سۈ تامچىسى ئەزەلدىنلا مۈشۈنداق ئۆزگىرىشچان، ئۇنى ئۈزۈن توختىتىپ تۇرغىلى بولمايدۇ، ئەگەر كىشىلىك تۇرمۇشتا مۇشۇ خىل ساختىلىقنى قوبۇل قىلالىسىڭىز، شۇ هامان رېئاللىقتىن هالقىپ كېتىسىز ـ دە، ئاخىرىدا هېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيسىز» دەپتۇ. مەلىكە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، شۇندىن ئېتىبارەن بۇ خىل ئورۇنسىز تەلەپنى قويمايدىغان بولۇپتۇ.

ئەمەلىيەتتە تۇرمۇشىمىزدا مۇشۇنداق جاھىل كىشىلەر يوق ئەمەس، قىلىمەن دېگەن ئىشنى قىلماي قويمايدۇ، مەيلى بۇ ئىش قىلىشقا ئەرزىش ياكى ئەرزىمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى، مال ـ دۇنياسىنى تۈگەتكەندىلا ئاندىن بولدى قىلىدۇ.

ئالدىمىزدىكى كۆپ تاللاشلارنى خالاش ـ خالىماسلىقىمىزدىن قەتئىينەزەر، ئۆمرىمىزدە بىز سانسىز قېتىم قېيىش يولدا تۇرىمىز، تاللاش بار يەردە ۋاز كېچىشمۇ بار، پايدىنى كۆزلەپ زىياندىن كېچىش بولسا ئادەمنىڭ توغىما ئىقتىدارى، تۇرمۇشىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان ئىشلاردا بىز قوغلاشساق، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن كۈرەش قىلساق، ئاندىن ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىگە ئېرىشەلەيمىز، ئەمما نىشان توغرا بولمىسا تۆككەن قان ـ تەر بەھەت قۇرۇق تىرىشچانلىقلا بولۇپ قالىدۇ.

بەزىلەر: «مەن ئۆمۈر بويى پۈتۈن زېھنىم بىلەن بىر ئىشنى 10 يىل، 20 يىل... قىلسام، ھەرقانچە دۆت بولساممۇ مەلۇم بىر جەھەتتىن مۇتەخەسسىس بولالىغان بولاتتىم» دېيىشىدۇ. ئەمما مۇبادا بۇ يول سىزگە ماس كەلمىسە، ئۆزىگە ئىشنىش ۋە كاجلىقتا، مەنمەنلىك ۋە تەرسالىقتا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ ـ دە، بۇنىڭ سىزگە ھېچقانداق پايدىلىق تەرىپى يوق بولۇپ، پەقەت ۋاقتىڭىز ۋە زېھنىي كۈچىڭىزنى ئىسراپ قىلىپ، كۈچىڭىز ۋە

ماددىي بايلىقىڭىزنى ئۇپرىتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا پەقەت سىزنى قۇپقۇرۇق قىلىپ قويىدۇ.

شېكىسپىر مۇنداق دېگەن: «مۇبادا ئەقىل بولمىسا ھېسسىيات بىزنى ھالىمىزدىن كەتكۈزىۋېتىدۇ، ھېسسىياتنىڭ بىمەنىلىكىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئەقىل بولۇشى كېرەك». ئىشنىڭ قىممىتى بىلەن قوللىنىش دەرىجىسىنى دەڭسەپ كۆرۈشنى ئۆگىنىۋالسىڭىزلا ئاندىن قايسى ئىشنىڭ قىلىشقا ئەرزىيدىغانلىقىنى، قايسى ئىشنى تاشلاپ قويسا بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ياخشى تاللىيالايسىز. ۋاز كېچىشنى ئۆگىنىش ئالغا ئىنتىلىشنى قوغلاشماسلىق ئەمەس، ئىشنىڭ قىيىنلىقىنى كۆرۈپ ئىرادىسى بوشاش بىر خىل لوللىق، جاھاندارچىلىق پەلسەپەسى ئەمەس، بەزى نەرسىلەرگە ئېرىشىشنى ئويلاپ ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىگەن چېغىڭىزدا ھەممە ۋاقتىڭىزنى شۇنى قوغلاشقا سەرپ قىلىۋەرسىڭىز، ئاخىرىدا ئۆزىڭىزگە بېسىم، ئازاب ۋە تەشۋىش ئېلىپ كېلىسىز، خالاس. بۇ ۋاقىتتا ۋاز كېچىشنى ئۆگىنىش بىر خىل ئەركىنلىككە چىقىشتۇر. ئىشلارنىڭ قايسىسىنىڭ قىلىشقا ئەرزىيدىغان ياكى ئەرزىمەيدىغانلىقىنى پەرقلەندۈرۈشنى بىلەلەيدىغان ئادەمنىڭ ھاياتلىق سەپىرىدە ئازابى ئاز، خۇشاللىقى كۆپ بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# پاتقاق يولدا ماڭغانلىلا ئاندىن ئىزىڭىز قالىدۇ

*ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىش ئۈمىدۋارلىق روھنى ساقلاشتىكى پىشخىكىلىق ھالەت. تىرىشچانلىق مۇۋاپىپىقىيەتنىڭ ئاساسى.*

## كىشىلىك تۇرمۇشتىكى بەزى زەربىلەرگە نۇقتىئىنەزىڭىزنى ئالماشتۇرۇپ قاراڭ

تۆت پەسىلنىڭ بەزىسىنىڭ ئوچۇق، بەزىسىنىڭ تۇتۇق بولغىنىغا ئوخشاش كىشىلىك تۇرمۇشنىڭمۇ ھەمىشە تۇتۇق ياكى ھەمىشە ئوچۇق بولۇشى ناتايىن، ئازاب ـ ئوقۇبەتكە ئۇچراش دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش، ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۆمرى ئاتقان ئوقتەك ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، كەسپتە، ئوقۇشتا، مۇھەببەتتە، تۇرمۇش يولىدا بىز بەزىبىر زەربە ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتكە ھەمىشە ئۇچراپ تۇرىمىز.

زەربە بولسا غەزەپ دېڭىزىدىكى قارا بوران، ئۇ كېمىنىڭ يەلكىنىنى سۇندۇرۇۋېتىشنى ئويلايدۇ، زەربە بولسا قۇملۇقتىكى ئوتتەك قۇياش، ئۇ بىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزنى توسۇشنى ئويلايدۇ، زەربە بولسا ئوچۇق ئاسماندىكى چېقىن، ئۇ بىزنىڭ ئالغا ئىنتىلىشتىكى ئىرادىمىزنى ۋەيران قىلىۋېتىشنى ئويلايدۇ. ئەمما بۇ زەربىلەر ئىرادىمىزنى تاۋلايدۇ، بىزنى تېخىمۇ كۈچلۈكلۈككە ئىگە قىلىدۇ.

شۆبېرت بولسا يېقىنقى زامان مۇزىكا تارىخىدىكى مەشھۇر كومپوزىتور ھەم رومانتىزملىق مۇزىكا ئېقىمىغا ئاساس سالغۇچى، ئەمما ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرى ئىنتايىن جاپا ـ مۇشەققەتتە ئىجاد قىلىنغان، ئەمما نامراتلىق ھېچقاچان ئۇنىڭ تالانتىنى ئۇپرىتالمىغان، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى دۇنيا مۇزىكا ساھەسىنىڭ پەخرى.

بىر كۈنى ئۇ ئاچلىقتا چىدىيالماي قېلىپ بىلىپ ـ بىلمەيلا ۋېيېنادىكى بىر ئاشخانىغا كىرىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ يېنىدا بىرموچەنمۇ يوق ئىدى، دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇستەل ئۈستىگە قويۇلغان بىر قىسقا شېئىر ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ ـ دە، دەرھال ئاشۇ شېئىرغا ماسلاشتۇرۇپ مۇزىكا چالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دۇكان غوجايىنىمۇ بىر پارچە دۇفۇنى ئۇنىڭغا يېيىشكە بېرىدۇ، بۇ مۇزىكا دۇنياغا مەشھۇر بولغان «ئەللەي ناخشىسى» ئىدى.

چويۇننى ئېرىتىپ سوقۇپ ئىشلىمىسە ياخشى پولاتقا ئايلانمايدۇ، جاپا ـ مۇشەققەت ۋە زەربە ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قوزغىتىپ بىزنى كۈزىنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئىنتايىن كۆپ ئىنېرگىيەنى قويۇپ بەرگۈزىدۇ، بىر ماقالىدە دېيىلگىنىدەك: «جاپا ـ مۇشەققەت بولسا غەلىبە ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشنىڭ قەدەم ـ باسقۇچى، دەككىسىنى يېيىش بولسا ئىقتىدارنى سىناش ۋە سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ پۇرسىتى، دەككىسىنى يېيىشتىن ساقلىنىش قىيىن، جاپا ـ مۇشەققەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، قانداقلا بولۇشتىن قەتئىينەزەر سىز ھەمىشە باتۇرلارچە ئالغا يۈزلىنىڭ، قەيسەرلىك بىلەن جان تىكىپ ئىلىشىڭ، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇڭ، قارشى ئالدىغان ئۇسۇل بىلەن ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ بوزۇپ تاشلاڭ.

داۋىنچى نام چىقىرىشتىن ئىلگىرى ھېچكىممۇ ئۇنىڭ رەسىملىرىنى ئېتىبارغا ئالمايدىغان بولۇپ، كەچۈرمىشى ئىنتايىن ئوڭۇشسىزلىقتا ئۆتكەن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ، تالانتىنى تونۇتىشقا ئېرىشەلمىگەن داۋىنچى 30 نەچچە ياشقا كىرگەن چاغدا ئاندىن تىرىشىش ئارقىلىق پۇرسەت ئىزدەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مىلاندىكى بىر كىنەزنىڭ يېنىغا پاناھ تارتىپ بارىدۇ.

ئۇنىڭ ھېچقانداق نامى چىقمىغان بولغاچقا باشلىنىشتىلا كىنەز ئۇنىڭغا ئۆزى ئۇچۇن رەسىم سىزغۇزمايدۇ، نەچچە يىل ئۆتۈپ كېتىدۇ، داۋىنچىنىڭ قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىشى ئاستىدا كىنەز ئاخىرى ئۇنىڭغا شاپائەت قىلىپ بۇۋى مەريەم چېركاۋىدىكى بىر تاماقخانىنىڭ زىننەت رەسىمىنى سىزىشقا ماقۇل بولىدۇ، تاماقخانىنىڭ زىننەتلەش رەسىمىنى سىزىشتەك بۇ ئىشنى ئىنتايىن ئادەتتىكى ھۈنەرۋەنمۇ قىلالايدىغان ئىش بولۇپ، ئۇنىڭ رەسىم سىزىش ئىقتىدارىغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئىش ئىنتايىن ئاسان ھېسابلىناتتى، گەرچە بىر ئەرزىمەس ئىش بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بارلىق كۈچى بىلەن رەسىمنى ياخشى سىزىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈچىنى ئىجادىيىتىگە سەرپ قىلىپ كېچە ـ كۈندۈز تاختىپەرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، تاماق يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ ئىشلەش ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئىشىغا ئايلىنىدۇ.

بۇ تام رەسىمى ئىنتايىن مەشھۇر بولغان «ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك غىزا» دېگەن رەسىم بولۇپ، داۋىنچى ئۆزىنىڭ قان ـ تەر بەدىلىگە ئۇنى ئىنسانىيەت گۈزەل ـ سەنئەت ساھەسىدىكى قىممەتلىك ئەسەرگە ئايلاندۇرىدۇ.

رۇسىيەدىكى مەشھۇر ئەدەبىياتشۇناس چېرۋىنىسكى مۇنداق دېگەن: «تارىخنىڭ يولى نىۋا كوچىسىدىكى پىيادىلەر يولى ئەمەس، ئۇ پۈتۈنلەي دالىدا ئالغا ئىلگىرىلەپ بەزىدە چاڭ ـ

تـوزانىى بۆسـۇپ، بەزىدە پاتـقاقلاردىن ھـالقىپ ئـۆتىدۇ، بـەزىـدە سازلىـقلاردىن كېـسىپ ئـۆتـسە، يەنـە بـەزىدە ئورمـانلىـقلاردىـن ئۆتىدۇ، تۇرمۇش يولىمۇ ھەم مۇشۇنداق، دائىـم جاپالىـق چىغىـر يولـلارغـا، سـوغۇق شـامـال ۋە قـار ـ يـامـغـۇرلـۇق كـۈنلـەرگـە ئۇچـرايمىـز، ئـويلـمـىغـان بـەختـسـىزلـىك كـەسـىپـتـىكـى ئوڭۇشسـىزلىـق، ئـىقتـىسادنىـڭ كـەمچىلـىكى، كـىشلـىك مـۇنـاسىۋەتـنـىڭ جىـددىيلـىكـى قاتارلـىقلارنـىڭ ھـەمـمـىسـى تۇرمۇشىڭىزغا قاپلانغان يوشۇرۇن كۆلەڭگـە، ئەمما تـۇرمۇشنىـڭ ئەگرى ـ توقايلىقى ۋە ئوڭۇشسىزلىق بولمىسا كىشىـنى قايىـل قىلىدىغان ئەخلاقى نەمۇنەمۇ بولمايدۇ، دەل مۇشۇنداق جۇدۇنلـۇق بوران ـ چاپقۇن بولغاچقىلا جەمئىيـەتتە نۇرغـۇنلىغـان يارامىلىـق ئىختىساس ئىگىلىرى يېتىشىپ چىققان، دەل ئەگرى ـ توقايلىق ۋە ئازاب ـ ئوقۇبـەت بولغاچـقىلا زور تۇركـۈمدىكى كـۈچلۈكلـەر بارلىققا كەلگەن.»

1958 ـ يىلى فىرانىك كانالى ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇش پۇلىنى غەملەش ئۈچۈن پىـسا قاتلىمىـسى دۇكىنـى ئاچىدۇ، بـۇ يىگىـت قاتلىـما دۇكىنـىنىڭ كىـرىمى بىلەن ئوقـۇش پۇلـىنـى تۆلەپلا قالماي، يەنە بۇ ئىشنىـڭ ئۆزىنـىڭ كېيىـنكى كـەسىپىگـە ئايلىنىپ قېلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى.

پىـسا قاتلىـمىسـى دۇكىنـىنىڭ سـودىسى تازا قىـزىمىغـان چاغلىرىدا كانالى ئوكلاخومادا تارماق دۇكان ئېچىشقا تـەييارلىـق قىلىـدۇ، ئەمـما بۇ ئىشـى مەغلۇبىـيەتكـە ئۇچرايدۇ، كـېيىن ئـۇ نيۇيوركتا پىسا قـاتلىمىـسى دۇكىنـى ئاچقـان بولسـىمۇ، ئەمـما سودىسى ئادەمنىڭ رايىنى قايتۇراتتى.

بۇ مـەغلۇبىـيەت ئۇنىـڭ ئىشەنچىسىـنى يوق قىـلالمايدۇ، ئـۇ مەغلۇبىيىتىنىڭ سەۋەبىنى ئانالىز قىلىپ دۇكان بېزەشتە ھـەر جاينىڭ شارائىتىغا بېقىپ ئىش كۆرۈشنىڭ لازىملىقىنى، پىسا

تەمىنىڭ يالغۇز يەرلىك بىرقانچە تەم بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىپ، ئوخشاش بولمىغان بېزەش ئۇسۇلى بىلەن پىسانىڭ تەمىنى سىناپ كۆرگەندىن كېيىن كانالى كەسىپتە يەنە بىر قېتىم ئۇتۇقنا ئېرىشىدۇ.

كانالى پۈتۈن يەر شارىغا داڭلىق پىسا زەنجىرسىمان دۇكىنى ئاچىدۇ، كانالىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى نەچچە قېتىملىق مەغلۇبىيەتتىن يىغىلىپ چىقىدۇ، چۈنكى ئۇ، ئاشۇ مەغلۇبىيەتلەر سىزگە قىممەتلىك تەجرىبە ئۆگىتىدۇ، دەيدۇ.

كانالى يەنە ئۆگىنىلىك تىكلەشنى ئويلايدىغان كىشىلەرگە مۇنداق سەمىمىي مەسلىھەت بېرىدۇ: «سىز چوقۇم مەغلۇپ بولۇشنى ئۆگىنىشىڭىز كېرەك، مەن قىلىپ باققان كەسىپ 50 خىلدىن ئاز ئەمەس، بۇ جەرياندا تەخمىنەن 15 خىل كەسىپنى خېلى يامان ئەمەس قىلدىم، بۇ مېنىڭ تەخمىنەن 30% ئەتراپىدىكى مۇۋەپپەقىيىتىمنى ئىپادىلەيدۇ، ئەمما سىز ھەرھالدا ھوجومغا ئۆتۈشىڭىز كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ھوجومغا ئۆتۈشنى تېخىمۇ كۈچەيتىشىڭىز كېرەك، سىز زادى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىششنى جەزملەشتۈرەلىسىڭىز، چوقۇم ئاۋۋال مەغلۇپ بولۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.»

ھاياتلىق سەپىرىمىزدە ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان زەربىلەرگە نۇقتىئىنەزىرىمىزنى ئالماشتۇرۇپ قارايلى، ئەگەر ئۇلار بولمىسا بىز كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئەقىل ـ پاراسەتكە قەيەردىن ئېرىشىمىز؟ بىر دېرىزىنى ئېچىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئېتىكلىك ئىشىكنى ئېچىشنى باشتىن كەچۈرۈشىڭىز كېرەك، شۇڭلاشقا ئاشۇ ئېتىكلىك ئىشىكلەرگە رەھمەت ئېيتىڭ، ئۇلار سىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ.

## ئۈمىدسىزلەنمىسڭىزلا ئۈمىد تۇغۇلىدۇ

بەختسىزلىك بولسا ئاجىزلارنىڭ توسالغۇسى، ئەكسىچە كۈچلۈكلەرنىڭ شوتىسى، نۇرغۇن كىشىلەر ئازاب - ئوقۇبەت قىيانىغا قوشۇلۇپ ئوخشۇشسىزلىق سازلىقىغا قامىلىپ قالىدۇ، ئەمما يەنە نۇرغۇن كىشىلەر ئازاب - ئوقۇبەتكە يۈزلىنىپ، ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىپ، كىشىنى ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان شارائىتتىمۇ ئارزۇ - ئارمانلىرىدىن، ئۈمىدلىرىدىن ۋاز كەچمەيدۇ، ئۇلار ئۆتكۈر خەنجەردە ئازاب - ئوقۇبەت تورىنى تىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ گۈزەللىككە ئىگە قىلىدۇ.

بىر ئايال 30 ياشتىن ئاشقان ۋاقتىدا سۈت بېزى راكىغا گىرىپتار بولغان بولۇپ، ئەمدىلا ئوپېراتسىيە قىلغاندىن كېيىن يولدىشى ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ، يەنە ئۇلارنىڭ ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن ئوغلىنى ئېلىپ كېتىدۇ، ئايالنىڭ ئائىللىق دۇنياسى بىراقلا گۇمران بولىدۇ، يولدىشى ئۇنى تاشلاپ كېتىدۇ، ئوغلىمۇ ھەم ئۇنىڭ يېنىدا ئەمەس، شۇنىڭدىن كېيىن ئايال كۆنبويى روھى چۈشكۈنلىشىپ يىغلاپلا يۈرۈيدۇ، خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە قەددىنى كۆتۈرەلمەي دائىم ئۆز - ئۆزىگە: «بۇ دۇنيادا ماڭا نىسبەتەن يەنە قانداق ئۈمىد بولسۇن؟» دەپ سۆزلەيدۇ، شۇ چاغدا ئۇ تۇرمۇشنى ئىنتايىن چۈشكۈن ھېس قىلغان.

مەلۇم بىر كۈنى ئۇ ئەينەك ئالدىدا تۇرۇپ ناتونۇش بىر چىرايىنى كۆرىدۇ — ھۆسنى سولغۇن، تېرىسى يىرىك، كۆز ئەتراپى قارايغان، قاراشلىرى ئىپادىسىز ھەم ئەس - ھوشىنى يوقاتقان كىشىنىڭكىدەكلا روھسىز. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىدۇ. ئەسلىدىكى ياش، گۈزەل چىرايى

قەيەرگە كەتتى؟ شۇنىڭ بىلەن بۇ كۆڭۈلەرنى ھامان ئۆتكۈزۈش كېرەكلىكىنى، بولۇپمۇ ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە تىركىشىشنىڭ خۇشال ـ خۇرام ياشاشقا يەتمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى ياساپ يۇرۇشكە باشلايدۇ، ھەر كۈنى تېتىك ۋە روھلۇق ھالدا ئۆيدىن چىقىپ خىزمىتىنى نەتىجىلىك ئىشلەپ، رەھبەر ۋە خىزمەتداشلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىدۇ ھەم ئوقۇرمەنلەرنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى بېيىيدۇ.

ئۇ دائىم يېنىغا بىر كىچىك ئەينەكنى ئېلىپ يۈرۈيدىغان بولۇپ، مەيلى قەيەرگە بارسۇن ۋاقىت چىقسىلا ئەينەكنى ئېلىپ قارايدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ گىرىمىنىڭ قانداقلىقىنى تەكشۈرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەينەككە قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرەشنى مەشىق قىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ خىل ئۇسۇل ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن ئىناق چىقىشىپ ئۆتۈشتىكى ئەڭگۈشتەرى ئىكەن، چۈنكى ئۇ دائىم باشقىلارغا دوستانە ھالدا ئىللىق كۈلۈمسىرىسە، باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا ئىللىق كۈلكىسى بىلەن جاۋاب قايتۇرىدىكەن.

ھەسرەتتىن ۋاز كېچىشنىڭ ئامالىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ چىرايىدىكى قايغۇ ـ ئەلەم ئىزنالىرى يوقىلىپتۇ، ئۇنىڭ كۈلكىسىدە تەقدىرنىڭ بەختسىزلىكى، ھەسرەت ـ ئازابلىرى، غەمكىنلىكلىرى، ئاغرىنىشلىرى قالماپتۇ، تۇرمۇشقا بولغان ئۈمىدۋارلىقى، يېتەرلىك خۇش چىرايى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرۇپتۇ، چىرايىدا ئىللىق كۈلكىسى تولۇپ تۇرۇپتۇ، ئىچىدىن

تارقالغان ئىنسانىي پەزىلەت خۇش ھىدلىرى چېچىلىپ تۇرۇپتۇ.
ھېچكىممۇ بىر ئۆمۈر ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدە ھايات كەچۈرەلمەيدۇ. ئەگەر سىز چىدىغۇسىز بىر ئىشقا ئۇچراپ قالسىڭىز، ئىنتايىن ئېغىر بەختسىزلىك بولغان تەقدىردىمۇ قەتئىي ئۈمىدسىزلەنمەڭ، خۇددى ئاسماننىمۇ كۆندە قارا بۇلۇت قاپلىمايدىغانلىقىغا ئوخشاش ھەممە ئىشنىڭ چوقۇم ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىڭ، يامغۇردىن كېيىن ھامان ھاۋا ئېچىلىدۇ، يەنە ئازراق بەرداشلىق بېرەلىسىڭىزلا ئىللىق قۇياش نۇرىنى كۆرەلەيسىز.
ئەيكېكانىڭ فوت شىركىتىدە خىزمەت قىلغىنىغا 23 يىل بولغان بولۇپ، سەككىز يىل باش دىرېكتور بولغان، كېيىن باش خوجايىنىنىڭ ھەسەت قىلىشى بىلەن ئىشتىن قالغان، ئەڭ دەسلەپتە ئۇ ئىنتايىن ئۈمىدسىزلىنىپ دەر ـ ئەلەمدىن جاندىن تويغان، ھەتتا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىمۇ يوقىلىپ، كىشىلىك ھاياتى خۇددى مۇشۇنداقلا ئاياغلىشىدىغاندەك ھېس قىلغان.
ئۆتكەنكى دەرد ـ ئەلەملەرنى ئەسلەپ قاتتىق ھەسرەتلەنگەن ئەيكېكا قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە بەل باغلاپ چىقىش يولى ئىزدەپ ۋەيران بولايلا دەپ قالغان كېسەي ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورلۇق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى، جاسارىتى ۋە شىجائىتىگە تايىنىپ بۇ ئاپتوموبىل شىركىتىنى كەسكىن ھالدا رەتلەپ ۋە ئىسلاھ قىلىپ، ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق ئاخىر ئىنتايىن كۆپ مەبلەغكە ئېرىشتۈرىدۇ.
ئۇنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ شىركەت ۋەيران بولۇش گىردابىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ ھەمدە ھەرقايسى ماشىنا شىركەتلىرىدىن، يەنى فوت ماشىنا شىركىتىدىن قالسىلا ئۈچىنچى چوڭ ماشىنا شىركىتىگە ئايلاندۇرىدۇ، ئۇ ئىنتايىن

هاياجانلانغان هالدا: «تەلىيىڭىز كەلمىگەن تەقدىردىمۇ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەڭ، ئاسمان ئۆرۈلۈپ، يەر كۆمتۈرۈلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ مەڭگۈ مەيۈسلەنمەڭ، پەقەت كىشىلىك تۇرمۇشتىكى هەربىر ئۆتكەلدىن ئاتلاپ ئۆتەلىسىڭىزلا غەلىبە سىزگە مەنسۇپ بولىدۇ» دەيدۇ.

ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىش ئۇمىدۋارلىق روهىنى ساقلاشتىكى پىسخىكىلىق هالەت، مەڭگۈ ۋاز كەچمەسلىك بولسا، ئاخىرىدا ئېرىشمەكچى بولغان مۇۋەپپەقىيەتتىن ئىبارەت، يولنى توسۇۋالغان پۈتلىكاشاڭلار كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى هەقىقىي قوزغىتالايدۇ.

«قەهرىمان»دا ئېيتىلغىنىغا ئوخشاش: «مەن يەنىلا مەن ئەڭ ئاخىرقى باتۇر، چىڭ تۇتۇلغان قولۇمنى هەرگىز قويىۋەتمەيمەن، ئاخىرقى بېكەت جەننەت بولسۇن ياكى بولمىسۇن مەڭگۈ ئۈمىدسىزلەنمەيمەن، پەقەت ئۈمىدسىزلەنمىسەملا ئۈمىد تۇغۇلىدۇ!»

## قىينچىلىقنى شاپائەتچىم دەپ بىلىڭ

كىشىلىك تۇرمۇشىمىزدا نۇرغۇنلىغان چوڭ ياكى كىچىك قىينچىلىققا ئۇچراپ تۇرىمىز، بەزى كىشىلەر قىيىنچىلىق ئالدىدا ئۈمىدسىزلىنىپ، ئىشەنچىسىدىن مەهرۇم قېلىپ ئىچى پۇشۇپ، ئازاب ـ ئوقۇبەت چەككەندەك هېس قىلىدۇ، ئەمما قىيىنچىلىقنىڭ هەممىسى ناچار ئىش بولۇشى ناتايىن، قىيىنچىلىق سىزگە مول تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى توپلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ، قىيىنچىلىق ئىرادىڭىزنى تاۋلايدۇ، ئۇ دۈشمىنىمىز ئەمەس، ئۇ دەل بىزنىڭ مىننەتدار بولىدىغان شەپقەتچىمىز.

لولىنىڭ ئاتا - ئانىسى چويلا توپ ھەۋەسكارلىرى، شۇڭلاشقا لولىن تۇغۇلغاندىلا ئاتا - ئانىسى ئۇنى داڭلىق چويلاتوپ ماھىرى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا نىيەت قىلىدۇ.

15 ياشلىق لولىن تۇنجى قېتىم كەسپىي چويلا توپ سەييارە مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ بىرقانچە تەجرىبىلىك ماھىرلارنى يېڭىپ يېرىم ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە تاللىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بۇ ياش - ئۆسمۈرنىڭ ئارزۇ - ئارمىنى ئەمەلگە ئېشىپ خۇشاللىقتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

بىر قېتىم لولىن دەرستىن قېچىپ دوستلىرى بىلەن ۋاسكېتبول ئوينىغىلى بېرىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن سول قولىنىڭ بېغىشىنى يارىلاندۇرىۋالىدۇ، گەرچە بۇ قېتىمقى يارىلىنىش لولىنغا نىسبەتەن تەسىرى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، ئەمما سول قولى يارىلانغانلىقتىن ئىككى قولىنى ياندۇرۇپ توپ ئۇرۇشقا ئامالسىز قالىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا: «سەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوڭ قولۇڭنى ياخشى چېنىقتۇرۇپ ئوڭ قولۇڭنىڭ ھۇجۇم قىلىش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرسەڭ بولىدىغۇ؟» دەيدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا لولىن كۆپ ۋاقىت چىقىرىپ ئوڭ قولىنى چېنىقتۇرۇشقا باشلايدۇ، ئوڭ قولىنىڭ ھۇجۇم قىلىش كۈچى ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەيدۇ، بىر قېتىملىق مۇسابىقىدە ئۇ ئوڭ قولىدا توپ ئۇرۇپ كۈچلۈك رەقىبىنى يېڭىۋالىدۇ.

قىيىنچىلىقتىن ئىبارەت بۇ «شاپائەتچى» بەزى چاغلاردا بىزنى ئويلاپمۇ باقمىغان مول ھوسۇلغا ئېرىشتۈرىدۇ، ئۇ بىزگە قايتا - قايتا ئۆسۈپ يېتىلىش پۇرسىتىنى بېرىپ، بىزنى تېخىمۇ كۈچلۈك تاۋلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ھەر بىر قىيىنچىلىقنىڭ ھەممىسى «ئاددىي

سوۋغات» بولۇپ، پەقەت سىزنىڭ پىسخىكىلىق ھالىتىڭىز تۇغرا بولسىلا ئاشۇ قىيىنچىلىقلارنى ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە، قىيىنچىلىقنى «ئاددىي سوۋغات»قا ئايلاندۇرالايسىز. باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىققا ئۇچراپ باقمىغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقنى «شەپقەتچى» دەپ بىلگەنلىكىدىن ئىبارەت.

مەلۇم قەغەز ياساش زاۋۇتىنىڭ ئادەتتىكى بىر ئىشچىسى خىزمەتتىكى ئازراقلا بىپەرۋالىقى سەۋەبىدىن خام ماتېرىيالنىڭ نىسبىتىنى خاتا ھېسابلاپ قويۇپ، نەتىجىدە ياساپ چىقىلغان قەغەز پۈرلىشىپ كېتىپ قەتئىي ئىشلەتكىلى بولمايدۇ، غوجايىن ئىنتايىن ئاچچىقلىنىپ ئۇنى خىزمەتتىن بوشىتىدۇ ھەم بارلىق زىياننى ئۈستىگە ئالدۇرىدۇ.

ئامالسىز قالغان يىگىت نۇرغۇن پۇلنى تۆلەپ بىر دۆۋە ئىشلەتكىلى بولمايدىغان قەغەزنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ، ئەمما ئۇ ئازراقمۇ ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەت چەكمەيدۇ، پەقەت بۇ قەغەزنىڭ ھېچقانداق ئىشلىتىلىش قىممىتى يوقمىدۇ؟ دېگەن سوئال ئۈستىدە پىكىر قىلىشقا باشلايدۇ. نۇرغۇن قېتىم سىناق قىلىش نەتىجىسىدە ئۇ ئاخىر بۇ خىل قەغەزنىڭ ياخشى بولغان سۇ سۈمۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ، ئۇ قەغەزنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ سۇ سۈمۈرۈش قەغىزى زاۋۇتىنى ئاچىدۇ ھەم ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىگەن قىسقىغىنە بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئۇ ئادەتتىكى ئىشچىدىن كاتتا بىر بايغا ئايلىنىدۇ.

كېرەكسىز دەپ كۆرۈنگەن نەرسىلەرنىڭ باشقا شارائىتتا ئىنتايىن مۇھىم ئىشلىتىلىش قىممىتى بارلىقىغا بىر نەرسە دېيەلمەيمىز، ئەمەلىيەتتە سىزدە ئاكتىپ ئىش ـ ھەرىكەت ۋە

ئوي ـ خىياللا بولسا ھەرقانداق ئىشنىڭ پەقەت بىرلا خىل قىياپىتى بار دەپ بىلمەيسىز، بەزىلەر مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىشتىن، دائىم مەغلۇبىيەتكە چۆكۈپ ئۆزىنى ئۆزى قۇتۇلدۇرۇشقا تىرىشىدۇ. دەل مۇشۇنداق چاغدا ئۇلار قۇدۇق ئىچىدىكى پاقىغا ئايلىنىپ، پەقەت ئاسمانغا قاراپ ئاھ ئۇرۇشنىلا بىلىپ، ئۆمىلەپ بولسىمۇ قۇدۇقتىن چىقىپ سىرتقى دۇنيانىڭ كۆز يەتكۈسىز كەڭرى بولۇپلا قالماي، يەنە تېخى ئىنتايىن رەڭدار ئىكەنلىكىنى كۆرۈشنى بىلمەيدۇ.

مۇنداق بىر سۆز بار: «خۇشاللىق بولسا ھاياتلىق ئەگىلىدىغان جاي، ئەگەر ئادەملەر پەقەت خارابىلىكنىلا كۆرۈپ، خارابىلىك ئېلىپ كەلگەن ئىنتايىن كۆپ بايلىقلارنى، ئىنتايىن تەستە بايقىغان دوقمۇشتىكى خۇشاللىقنى كۆرەلمەيدۇ، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان، مەغلۇبىيەتنى، ئوڭۇشسىز شارائىتنى، ئازاب ـ ئوقۇبەتنى، ئادەت بولۇپ قالغان ئۇسۇلنىڭلا ئىزىغا چۈشىدىغانلارنىڭ تۇرمۇشىدا تۈزۈلۈش يولىغا قاراپ مېڭىش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن ئاز بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرمۇش ئېلىپ كەلگەن ئازاب ـ ئوقۇبەتنى بىر خىل خۇشاللىنارلىق ئىش دەپ بىلمەيدۇ، كىشىلىك تۇرمۇش يولى بىزنى تۈز مېڭىشقا ئادەتلەندۈرگەن، ئوڭۇشسىزلىق گوياكى بىر ئەگرى يول، يوشۇرۇن چېغىر يول، مۇبادا ئايلىنىپ ئۆتەلىسەكلا بەلكىم تېخىمۇ گۈزەل مەنزىرىلەرنى كۆرەلىشىمىز، ئويلىمىغان رەڭدارلىققا ئېرىشىپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

قىيىنچىلىقتىن قاچماڭ، قىيىن بولغاچقا مەغلۇپ بولىمىز دەپ ئويلىماڭ، كىشىلىك تۇرمۇش قىيىنچىلىقتىن قورقمايدۇ، قورقسا قىيىنچىلىق بولماي قالىدۇ، قىيىنچىلىقنى «شاپائەتچى» دەپ قاراپ مىننەتدارلىققا تولغان قەلبىڭىز بىلەن ئۇنى كۈتىۋېلىڭ، شۇنداق قىلالىسىڭىز «شاپائەتچىڭىز» سىزگە چەكسىز خۇشاللىقلارنى ئاتا قىلىدۇ.

## ئوگۇشسىز شارائىتتىمۇ ئىللىق كۆلۈمسىرەشنى ئۆگىنىۋېلىڭ

كىشىلىك ھاياتتىكى ئوڭۇشسىز شارائىتقا يۈزلىنىش، يەنە ئاۋۋالقىدەكلا كۈلۈمسىرەش بولسا بىر خىل ھاياتلىقنىڭ ئېگىلمەس ئۇسۇلى، تۇرمۇشتىكى ئوڭۇشسىزلىقلارغا يۈزلىنىش يەنە ئاۋۋالقىدەكلا ئىللىق كۈلۈمسىرەش بولسا بىر خىل ۋىجداننىڭ ئالىيجاناب شەكلى.

دېر بولسا ئامېرىكىلىق ئايال، ئۇنىڭ بەختسىزلىكى بولسا پەقەت بىرلا كۆزىنىڭ بارلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئىنتايىن ئاجىز ئىكەنلىكى، ئۇ كىچىك چاغلىرىدا باشقا باللار ياقتۇرۇپ ئوينايدىغان «ئۆي تاقلاش» ئويۇنىنى شۇنداق ئوينىغۇسى بولسىمۇ، ئەمما يەرنى ئېنىق كۆرەلمەيدىغان بولغاچقا، ئۇ دائىم يالغۇز دۇم يېتىپ يەرنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى تېپىپ، يەرنىڭ ئورنىنى ئېنىق بەلگىلىۋېلىپ ئاندىن دوستلىرى بىلەن بىللە ئوينايدۇ.

ئۇ كىتاب ئوقۇشنى شۇنداق ياخشى كۆرىدۇ، ئەمما كىتاب ئوقۇش ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۇنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس، ھەر قېتىم ئۇ چوقۇم كىتاب ئوقۇش ئۈچۈن كىتابنى كۆزىنىڭ ئالدىغا يېقىن ئەپكەلگەندىلا ئاندىن كىتاب ئۈستىدىكى خەتلەرنى ئېنىق كۆرەلەيدۇ، بۇ ئىنتايىن جاپالىق بولسىمۇ ئۇ يەنىلا كىتاب ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات پەنلەر بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ ھەم ئىنستىتۇتتىكى ئاخبارات ۋە ئەدەبىيات پىروفېسسورىغا ئايلىنىدۇ.

زادى قايسى خىل كۈچ دېرنى ئادەتتىكى كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ئاشۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشكە تۈرتكە بولىدۇ؟ ئۇنىڭ «مېنىڭ كۆرگۈم بار» دېگەن

كىتابى بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى بىزگە دەپ بېرىدۇ، ئۇ كىتابىدا مۇنداق يازغان: «قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئەما بولۇپ قېلىشىمنىڭ ۋەھىمىسى يوشۇرۇنغان، بۇ خىل ۋەھىمىنى يېڭىش ئۈچۈن مەن خۇشاللىقنى تاللىدىم.»

دىر ئەزەلدىن تۇرمۇشتىن زارلانمىغان، ئەكسىچە ئۇزۇكسىز ئۆزىنىڭ ئاشۇ كەمتۈك تۇرمۇشى ئىچىدە خۇشاللىققا ئېرىشكەن، چۈنكى يەر ئۈستىدە يېتىپ ئاشۇ يىپلارنى كۆرەلىگەنلىكىگە، كىتابنى كۆز ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ خەتلەرنى ئوقۇيالىغانلىقىغا رازى بولغان، ئىللىق كۈلۈمسىرىگەن. ئاخىرىدا ئۇ «ئۆي سەكرەش» ئۈستىمىسىغا ئايلىنىپ ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، پىروفېسسور بولغان، ئوڭۇشسىز شارائىتتىمۇ كۈلۈمسىرەش ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن.

دىر بىلەن سېلىشتۇرغاندا كۆپىنچىمىز ئىنتايىن تەلەيلىك، چۈنكى بىز ھېچقانچە كۈچىمەيلا «ئۆي سەكرەش» ئويۇنىنى ئوينىيالايمىز، كىتاب ئوقۇيالايمىز، ئەمما بىز ئۇنىڭغا ئوخشاش ئاشۇ خىل خۇشاللىقنى ھېس قىلىپ باقتۇقمۇ؟ كىچىككىنە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ۋاقتىمىزدا يېقىملىق كۈلۈمسىرەشنى ئۆگىنىپ باقتۇقمۇ؟

ئوڭۇشسىز شارائىتتا كۈلۈمسىرەشنى ئۆگىنىشمۇ ئۇنچە ئاسان ئەمەس، چۈنكى ئوڭۇشسىزلىق، مۇۋەپپەقىيەت، مەغلۇبىيەت ھەممىسىنى زادى قانچىلىك كىشىلەر ياخشى چۈشىنەلەيدۇ؟ زادى قانچىلىك كىشىلەر سالماقلىق بىلەن قىلالايدۇ؟ ئوڭۇشسىز شارائىتتا كۈلۈمسىرەش ئادەمنى ئېغىر - بېسىق، تەمكىن، پىكرى ئوچۇقلىققا ئىگە قىلىپ مەسىلىنىڭ ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى ئىزدەپ چىقىپ، قىيىن ئۆتكەللەردىن ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزىدۇ.

مەيلى بولۇتلۇق ياكى ئوچۇق كۈنلەر بولسۇن، بىز ھەر مىنۇت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

ھەر سېكۇنت كۈلۈمسىرەشنى بىلىشىمىز لازىم، كۈلۈمسىرەشنىڭ شۇ قەدەر ئاسانلىقى ۋە شۇنداق مۇھىملىقى ھەممە كىشىگە مەلۇم ئىش، ئۇنىڭ بىلەن قەلبىمىزدە قالغان ئازابلارنى داۋالىيالايمىز، كۈلۈمسىرەش شۇنداق پايدىلىق، ئۇ ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىگە ياردەم بېرەلەيمىز.

قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلگەن ۋاقتىمىزدا بىز ھەمىشە بىر خىل نارازىلىقتا، يوقىتىشتا، ئاچچىقلانغان كەيپىياتتا چۆمىمىز، ئەمما سىز بارلىق قىيىنچىلىقلارغا ئاكتىپ پىسخىكىلىق ھالەت بىلەن مۇئامىلە قىلالىسىڭىز، بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ قۇياشقا قارىغىنىڭىزدا، سىز ئاكتىپ ھالدا ئۇنۇملۇك تەدبىر ۋە ئۇسۇل بىلەن ھازىرقى ھالىتىڭىزنى ئۆزگەرتەلەيسىز.

بىر شىئېردا مۇنداق يېزىلغان: «ھايات خۇددى مودا ناخشىدەك بىردەمدىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، كىشىلەرگە خۇشال - خۇراملىقنى ھېس قىلدۇرۇش ئۇنچە تەس ئەمەس، ئەمما ھەقىقىي قىممەتلىك ئادەم ئوڭۇشسىز شارائىتتا يەنىلا كۈلۈمسىرەلەيدىغان ئادەمدۇر».

ھەر ۋاقىت بۇ شېئىرنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلايلى، ھەممە ئىشلىرى ئىنتايىن ئوڭۇشسىز شارائىتتىمۇ كۈلۈمسىرەلەيدىغان ئادەم، ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا بارلىق جاسارىتىنى يوقىتىپ قويىدىغان كىشىلەرگە قارىغاندا كىشىلىك تۇرمۇشتىكى بەختنى كۆپرەك بەھرىمەن بولالايدۇ .

## پاتقاق يولدا ماڭغاندىلا ئاندىن ئىزىڭىز قالىدۇ

ئەگەر كەڭ زېمىندا ئەگرى - بۈگرى دۆڭلۈك بولمىسا، قىڭغىر - سىڭغىر قىياپەتلەر شەكىللىنەلمەيتتى، ئەگەر دېڭىز شاۋقۇن - سۈرەنسىز جىمجىت بولسا، دولقۇنلار جەسۇرانە مەۋج ئۇرۇپ ئاقالمايتتى، ئەگەر ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتنىڭ

ئىپادىسى بولمىسا، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ قىممىتى روشەن گەۋدىلەنمەيتتى.
بەزىلەر ئازراقلا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا ئىرادىسى چۈشكۈنلىشىپ خىلىغىچە قەددىنى رۇسلىيالمايدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشى ھېچقانداق رەڭدارلىققا ئىگە بولمايدۇ، يەنە بەزىلەر كەينى - كەينىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسىمۇ ئاۋۋالقىدەكلا قەتئىي چىدايدۇ، كۈرەش ئىرادىسى يەنىلا ئۈستۈن بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن رەڭدارلىققا ئىگە بولىدۇ، ئۇلار ھاياتلىق ئوربىتىسىدا ئەسلەشكە ۋە ئىپتىخارلىنىشقا ئەرزىگۈدەك نەرسىلەرنى قالدۇرىدۇ.
سىز بەلكىم تۆۋەندىكى كىچىك پارچىنى ئوقۇپ يۇقىرىدا دېيىلگەن مەزمۇنلارنى چۈشىنەلىشىڭىز مۇمكىن:
بىلىقچىلىق كەنتىدە ناھايىتى ئۇستا بىر بىلىقچى بار بولۇپ، ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىپ «بېلىق شاھى» دەپ ئاتىلىدىكەن، چۈنكى ئۇنىڭ بېلىق تۇتۇش تېخنىكىسى پۈتۈن كەنت بويىچە قالتىس ئىكەن، بىراق يېشى بارغانسېرى چوڭىيىپ قالغان بېلىق شاھىنىڭ بىرلا غەم - قايغۇسى بار ئىكەن، چۈنكى ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى ئۇنىڭغا ھېچقانداق شان - شەرەپ كەلتۈرۈپ باقماپتۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ بېلىق تۇتۇش تېخنىكىسىمۇ ئادەتتىكىچىلا ئىكەن.
ئۇ دائىم قولۇم - قوشنىلىرىغا ئۆزىنىڭ دەردىنى تۆكۈپ مۇنداق دەيدىكەن: «راستلا چۈشىنەلمىدىم، مەن ئىنتايىن جاپا - مۇشەققەتتە خۇلاسىلەپ چىققان تەجرىبە - ساۋاقلىرىمنى ئوغۇللىرىمغا ھېچقانداق ئايانماي ئۆگەتسەممۇ ئۇلارنىڭ بېلىق تۇتۇش تېخنىكىسى ئادەتتىكى بېلىقچىلارنىڭ بالىسىنىڭكىگە يەتمىدى، ئەڭ ئاساسىي نەرسىلەردىن باشلاپ تەربىيەلىدىم، ئۇلارغا تورنى قانداق توقىغاندا ئەڭ ئاسان بېلىق تۇتقىلى

بولىدىغانلىقىنى، كېمىنى قانداق ھەيدىگەندە بېلىقلارنى چۆچۈتۈپ قويمايدىغانلىقىنى، تورنى قانداق سالغاندا ئىنتايىن ئاسانلا بېلىقنى تورغا ئىلغىلى بولىدىغانلىقى قاتارلىقلار ... ئەمما، مەن راستلا چۈشىنەلمىدىم، ئوغۇللىرىم نېمىشقا شۇنچە دۆت؟ راستلا ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدۇ.

بىر قوشنىسى بۇنى ئاڭلاپ بولۇپ قايتۇرۇپلا: «سىز ئۇلارنى بىر قوللۇق تەربىيىلىدىڭىزمۇ؟» دەپ سوراپتۇ.

بېلىقچى بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ: «شۇنداق، ئۇلارغا بېلىق تۇتۇش تېخنىكىسىنى ئۆگىتىش ئۇچۇن ئىنتايىن ئەتراپلىق تەربىيىلىدىم» دەپتۇ.

— ئۇلار ئۆزۈكسىز سىزگە ئەگىشەمدۇ؟

— شۇنداق، ئۇلارغا ئەگرى يولنى ئاز ماڭدۇرۇش ئۇچۇن ئۇلارغا ئۆزۈمگە ئەگىشىپ مېڭىشنى ئۆگەتتىمەن.

قوشنىسى يەنە داۋاملىق: «مۇنداق دەڭ، مېنىڭچە خاتالىق ئەمەلىيەتتە سىزدە ئىكەن، سىز پەقەت ئۇلارغا تېخنىكا ئۆگىتىپ، ئۇلارغا قانداق تەربىيە بېرىشنى ئۆگەتمەپسىز، شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، تەربىيەنىڭ بولمىغىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشنىڭ بولمىغىنى بىلەن ئوخشاش، ھەممىلا كىشى ئۇلۇغلارغا ئايلىنالمايدۇ.

بۇنى ئاڭلاپ بېلىقچى بىردىنلا ھەممىنى چۈشەنگەندەك بولۇپتۇ.

مەغلۇبىيەت تەجرىبىسى بولمىغان كىشىنىڭ ئۇلۇغ بولالىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇرۇقنى تۇپىنىڭ ئىچىگە چوڭقۇر سېلىڭ، چۈنكى تۇپا ئۇنىڭ بىخلىنىشىنىڭ تۇسالغۇسى ھەم ئۇنىڭ ئۆسۈشىنىڭ ئاساسى ۋە مەنبەسى. شارقىراتمىغا باتۇرلارچە چوڭ قەدەم تاشلىيالىسىڭىز، تىك، تار ۋە چوڭقۇر ھاڭدىن قورقۇپ تۇگىلىۋالمىسىڭىزلا ئۆزىڭىزنى ھەيۋەتلىك ھەم گۈزەل

قىلالايسىز.
شۇڭلاشقا مەغلۇبىيەتكە مۇئامىلە قىلىشتا سىز مىننەتدار بولۇشنى ئۆگىنىشىڭىز كېرەك، چۈنكى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن سىز كونا مۇقامغا يەنە قايتا تۇۋلايسىز، پاتقاقلىق يولدا ماڭسىڭىز ئىزىڭىز قالىدۇ، ئوخشاشلا ئازاب - ئوقۇبەتنى باشتىن كەچۈرگەندىلا ئاندىن ھاياتنىڭ مەنىسى بولىدۇ، قىيىنچىلىق ۋە ئازاب - ئوقۇبەت بىزنىڭ يوشۇرۇن ئېنىرگىيىمىزدىكى چەكسىز كۈچ - قۇدرىتىمىزنى قوزغىغاندىلا ئاندىن بىز ئۆزىمىزنى ياخشى قوراللاندۇرۇپ خۇشال بولغان كىشىلىك ھاياتىمىزنى بەرپا قىلالايمىز.

## ئاداۋەت سىزنى قىيناپ ئازابلىمىسۇن

فىرانسىيە يازغۇچىسى يۇگو مۇنداق دېگەن: «دۇنيادىكى ئەڭ كەڭ نەرسە دېڭىز، دېڭىزدىنمۇ كەڭ نەرسە ئاسمان، ئاسماندىنمۇ كەڭ نەرسە بولسا ئادەمنىڭ كۆڭلى.» ئاتالمىش ئاداۋەتكە نىسبەتەن باشقىلار ساڭا قانداق قىلغان بولسا سەنمۇ شۇنداق قىل دېيىش مۇۋاپىق ئەمەس، ئۆچ - ئاداۋەتنىڭ ھېچقانداق چېگراسى يوق ھەم سىزنى ئازابلىغان ئادەمگە نىسبەتەنمۇ ھېچقانداق تەسىر پەيدا قىلمايدۇ، پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ ئازابىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ، خالاس. شۇڭلاشقا ئۆزىڭىز ئۈچۈن باشقىلارغا كەڭ قورساق بولۇڭ، ئۇرۇشنى تىنچلىقتا ئايلاندۇرۇش، باشقىلارنىڭ خاتالىقلىرىغا نىسبەتەن كەڭ قورساق بولۇش ئاخىرىدا سىزنى تېخىمۇ كۆپ خۇشاللىقلارغا ئىگە قىلىدۇ.
ئەنگلىيەدىكى بىر بازاردا، جۇڭگولۇق بىر ئائىلىنىڭ سودىسى ئىنتايىن ياخشى ئىكەن، شۇڭا باشقا يايما ئىگىلىرى ئۇلارنى ئىنتايىن ھەسەت قىلىپ، ھېچقانداق سەۋەبسىزلا ئەخلەتلىرىنى ئۇلارنىڭ دۇكىنى ئالدىغا يىغىپ قويىدىكەن، بۇ جۇڭگولۇق ئائىل

ھەر قېتىم كۇلۇپ قويۇپلا ئۆتكۈزىۋېتىدىكەن ھەمدە ئەخلەتلەرنى پاكىز تازىلاپ دۇكىنىدىكى ئەخلەت سېۋەتتىگە تاشلاپ قويىدىكەن.

ئۇنىڭ يېنىدا كۆكتات ساتىدىغان بىر چەت ئەللىك ئايال نەچچە كۈنگىچە ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ ئاخىر بىر كۈنى چىدىمىغان ھالدا ئۇنىڭدىن: «باشقىلارنىڭ ئەخلەتلىرىنى دۇكىنىڭىزنىڭ ئالدىغا دۆۋىلەپ قويىسىمۇ نېمىشقا ئاچچىقىڭىز كەلمەيدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. جۇڭگولۇق ئايال تەمكىن ھالدا: «بىزنىڭ جۇڭگودا مۇنداق بىر ئادەت بار، يەنى بايرام مەزگىلىدە ھەممىسى ئەخلەتلىرىنى ئۆيىگە يىغىدۇ، ئەخلەت قانچىكى كۆپەيسە سىزنىڭ تېخىمۇ پۇل تاپىدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرىدۇ، ھازىر بەزىلەر ھەر كۈنى نۇرغۇن پۇلنى ماڭا بەرگەن تۇرسا قانداقمۇ رەت قىلاي؟ قارىغا سودامنىڭ بارغانسېرى ياخشى بولىۋاتقانلىقىغا ... »

ئۇنىڭ شۇنچىلىك كەڭ قورساقلىقى ئۆزىنى ئەخمەق قىلغان باشقا يايما ئىگىلىرىنى ئىنتايىن خىجىل قىلىپتۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئەخلەتلەرنى ئۇنىڭ دۇكىنى ئالدىغا تۆكمەيدىغان بولۇپتۇ.

بۇ ۋەقەلىكتىكى ئايال كەڭ قورساقلىقىقا تولغان قەلبى بىلەن دانا ھالدا باشقىلارنىڭ «غەزەپ» نى ياخشى تىلەككە ئايلاندۇرىدۇ، ئۆچ ـ ئاداۋەت ساقلىماي ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن باشقىلارنى ئەپۇ قىلىپ كۆپچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ.

ئەمەلىي تۇرمۇشىمىزدا ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ـ توقۇنۇشتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ، ئەمما سىز ئۇلارنى ئىنتايىن مۇھىم كۆرۈۋالماڭ، ھە دېسىلا ئاداۋەت قەدىمىنى باسماڭ، كەڭ قورساقلىق كۆڭلىڭىزنى خۇش پۇراققا ئىگە قىلىپلا قالماي، يەنە تېخى دۈشمىنىڭىزنىمۇ دوستىڭىزغا ئايلاندۇرالايدۇ، باشقىلارغا كەڭ قورساقلىق قىلىش بىلەن بىرگە بىزنىڭ كۆڭلىمىزمۇ ئازادىلىككە ئېرىشىدۇ.

## ئاچچىقلىنىش باشقىلارنىڭ خاتالىقى ئارقىلىق ئۆزىنى جازالاشتۇر

گېرمانىيەلىك پەيلاسوپ كانت مۇنداق دېگەن: «ئاچچىقلىنىش بولسا باشقىلارنىڭ خاتالىقى ئارقىلىق ئۆزىنى جازالاش، خالاس.» بىز بىر تەرەپتە ئاچچىقلىنىپ تۇرساق، ئەجەبا بىز ئاچچىقلىغان ئادەم بىزنىڭ ئاچچىقلانغانلىقىمىز ئۈچۈنلا ئۆزىنى جازالارمۇ؟ بىزنىڭ ئاچچىقلانغانلىقىمىز ئۈچۈنلا خاتالىقىنى تونارمۇ؟ باشقىلارنىڭ خاتالىقى ئارقىلىق ئۆزىنى جازالاش ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى كەڭ تۇتۇشقا، سىزگە ئازاب ـ ئوقۇبەت ئېلىپ كەلگەن چاڭ ـ توزانغا پىسەنت قىلمىغانغا يېتەمدۇ؟ خاتالىقنى بىز ئەمەس بەلكى باشقىلار كەلتۈرۈپ چىقارغان، شۇڭلاشقا بىزنىڭ بۇ خىل ئاچچىققا بەرداشلىق بېرىشىمىزنىڭ ھاجەتسىزلىكىنى چۈشەنسەكلا كەيپىياتىمىز بىردىنلا ئوچۇق ـ يورۇقلۇققا تولىدۇ.

بىر كۆكتات ساتقۇچى ئايال بار بولۇپ سودىسى ئىنتايىن ياخشى ئىكەن، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي بىر كۆكتات ساتقۇچى بوۋاي ئۇنىڭ يايما ئاچىدىغان جايىنى ئىگىلىۋاپتۇ، ئايال قارشى تەرەپنىڭ يېشىنىڭ چوڭلۇقىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئارتۇقچە ھېسابلىشىپ كەتمەي ئۆزىنىڭ يايمىسىنى بوۋاينىڭ يېنىغىراق يۆتكەپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن بوۋاي كۆكتاتنىڭ باھاسىنى ئۇنىڭكىدىن تۆۋەنلىتىپ سېتىپ ئۇنىڭ بارلىق سودىسىنى تارتىۋاپتۇ، ئايال ئاچچىقىدا بوۋاي بىلەن سۆزلىشىپتۇ، سۆزلىشە ـ سۆزلىشە ئاخىر ئۇرۇشۇپ كېتىپتۇ، خېلىغىچە سوقۇشسىمۇ ھېچقانداق نەتىجە چىقماپتۇ، ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئايالنىڭ ئويلىغانسېرى ئاچچىقى كېلىپ بۇ ئىشنى يولدىشىغا ئېيتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەتىسى ئايال ئېرىنى ئېلىپ بازارغا كېلىپ بوۋاينى تېپىپ ھېسابلاشماقچى بولۇپتۇ، يولدىشى ئايالىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىپ بېرىش ئۈچۈن، بوۋاينىڭ تازا ئەدىپىنى بېرىپتۇ، بوۋاي يارىلىنىپ ساقچىخانىغا مەلۇم قىلىپتۇ. ساقچىلارنىڭ مۇرەسسە قىلىشى ئارقىلىق ئۇلار بوۋاينىڭ داۋالىنىش ھەققى ئۈچۈن 1000 يۈەن تۆلەپتۇ.

بۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن ئايال ئۇۋاللىق ھېس قىلىپ ئويلىغانسېرى ئازابلىنىپ ئاھالىلەر بىناسىغا چىقىپ ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلىۋالماقچى بولۇپتۇ، ساقچىلارنىڭ زېرىكمەي ـ تېرىكمەي نەسىھەت قىلىشى بىلەن ئۇ ئاخىر ئۆلىۋېلىش نىيىتىدىن ۋاز كېچىپتۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا بەزىلەرنىڭ خاتالىقى دەرۋەقە نەپرەتلىك، ئەمما بىز بۇ خىل كەيپىياتقا چۆكۈپ پەقەت ئاچچىقلىنىشنىلا بىلىپ، ئۆزىمىزنى تەڭشەشنى بىلمەسلىكىمىزنىڭ كۆپىنچە چاغلاردا ھېچنېمىگە پايدىسى يوق، بىز ھېچقانداق ئەمەلىي ئەھۋالنى ئويلاشمىغىنىمىزدا، ئاچچىقتىن غەزەپلىنىپ ئىش ـ ھەرىكىتىمىزنى ئۆزگەرتمەكچى بولغىنىمىزدا ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى بولمىغان زىياننى كەلتۈرۈپ چىقىرىمىز.

بىر كۈنى بۇددا ئىبادەتخانىدا ئىستىقامەت قىلىۋاتسا بىر ئادەم ئىشىكنى تېپىپ ئۇسۇپلا كىرىپتۇ. چۈنكى باشقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇددىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپتۇ، پەقەت ئۇلا بۇ پۇرسەتكە ئېرىشەلمەپتۇ، شۇڭا بۇ ئىش ئۇنىڭ شۇنداق ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپتۇ.

بۇددا جىمجىت ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ يولسىز ئاھانىتىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن: «ئۆيۈڭگە ئارىلاپ ـ ئارىلاپ مېھمان كېلەمدۇ؟» دەپ سوراپتۇ.

ـــ ئۇنىسى تەبىئىيغۇ، بۇنىمۇ سوراشنىڭ ھاجىتى بارمۇ!

— مېھمان كەلگەندە ئۇلارنى كۈتىۋالامسەن؟
— ئەلۋەتتە كۈتىۋالىمەندە.
— ئەگەر سەن ئۇلارنى كۈتىۋالماقچى بولغان چېغىڭدا ئۇلار سېنىڭ تەكلىپىڭنى رەت قىلسا، ئۇلار ئۈچۈن تەييارلىغان نازۇ نېمەتلەر كىمگە تەئەللۇق بولىدۇ؟
— مۇبادا مېھمانلار يېمىسە ئەلۋەتتە ماڭا تەئەللۇق بولىدۇ — دە!

يۇقىرىقىلارنى سوراپ بولغان كېيىن بۇددا كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراپ يەنە سوراپتۇ: «سەن مېنىڭ ئالدىمدا نۇرغۇن كۆڭۈلسىز گەپلەرنى قىلدىڭ، ئەكسىچە مەن ھېچقايسىسىنى قوبۇل قىلمىدىم، شۇڭا بايا سەن دېگەنگە ئوخشاش سېنىڭ سەۋەبسىز ئاھانەتلىرىڭنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرەي، مېنىڭ ھاقارەتلىنىشىم ساھىبخان بىلەن مېھمان بىللە تاماقلانغاندەك ئىش بولىدۇ. چۈنكى مەن بۇ نازۇ نېمەتلەرنى قوبۇل قىلالمايمەن.

ئەڭ ئاخىرىدا بۇددا ئۇنىڭ يىغلىشقىنىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ: «ئاچچىقلانغان ئادەمگە نىسبەتەن ئاچچىق بىلەن روبىرو تۇرۇش ياخشى ئىش ئەمەس، ئاچچىق بىلەن روبىرو تۇرمايدىغان ئادەم ئىككى خىل غەلىبىگە ئېرىشىدۇ: يەنى باشقىلارنىڭ غەزەپ — نەپرىتىنى بىلىپ دەل ۋاقتىدا ئۆزىنى تىنچلاندۇرالايدۇ، يەنە بىرى ئۆزىنى يېڭىپلا قالماي يەنە باشقىلارنىمۇ يېڭەلەيدۇ.

تۇرمۇشتا نۇرغۇن كىشىلەردە بۇددىنىڭ كەڭ قورساقلىقى يوق بولۇپ، باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى كەچۈرۈۋېتەلمەيدۇ، مەسىلەن: تۆۋەندىكىلەر خاتالىق ئۆتكۈزسە، يۇقىرىدىكىلەر ئاچچىقلاپ قويقا چېچى تىك تۇرۇپ تەرىنى بۇزۇپ ھۆركىرەيدۇ. كۆڭلى ئاغرىيدىغىنى ئەمەلىيەتتە ئۆزى بولىدۇ. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ئىستىلى توغرا بولمىسا، تۆۋەندىكىلەر ئاچچىقلايدۇ. ئىچى

ئاچچىق بولۇپ، كۆڭلى پاراكەندىلىككە تولىدۇ، ئەمەلىيەتتە كۆڭلى ئاغرىيدىغىنى ئۆزى بولىدۇ. خىزمەتداشلار ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە ئورا كولاپ، ئۆزئارا گۇمانلىنىشتا كۆڭلى ئاغرىيدىغىنى يەنىلا ئۆزى بولىدۇ. خاتالىق ئۆتكۈزسە چوقۇم جازالىنىشى كېرەك، ئەمما ئاچچىقلىنىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. دەرۋەقە خاتالىق ئۈنىڭدا تۇرسا سىزنىڭ ئاچچىقلىنىشىڭىزنىڭ ئورنى بارمۇ؟ باشقىلار خاتالىق ئۆتكۈزسە سىز ئاچچىقلانسىڭىز بۇ باشقىلارنىڭ خاتالىقى ئارقىلىق ئۆزىمىزنى جازالاش بولماي نېمە؟ باشقىلارنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى ۋە ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىڭ، چۈنكى ئۇ سىزگە مەنسۇپ ئەمەس، بىز ئۆزىمىزگە تەۋە بولمىغان ئاۋارىچىلىك ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى بىردەممۇ توختىتىپ قويماسلىقىمىز كېرەك، چۈنكى بىر مىنۇت توختىتىپ قويساق يەنە بىر مىنۇتلۇق ئاۋارىچىلىككە ئۇچرايمىز.

باشقىلارنىڭ خاتالىقلىرىغا يۈزلىنىشتە ئاچچىقىمىزنى يوتۇۋېتىشىمىز كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن تۇرمۇشتىكى ئەقىللىق ئادەمگە ئايلىنالايمىز، باشقىلارنىڭ ئاچچىقىنى يۇتۇش باشقىلارنى جازالىماي ئەكسىچە ئۆزىمىزنى جازالاشتىن ئىبارەت.

## قيىنچىلىق ئالدىدا باش ئەگمەڭ

*تۇرمۇشتا ھېچقانداق ناچار ئىش يوق، پەقەت بىزدە شۇ ئىشلارغا تۇتقان ناچار قەلب بار.*

*تۇرمۇشتا گۈزەللىك ھېچقاچان كېمىيىپ قالغىنى يوق، ئەكسىچە بىزدە شۇ گۈزەللىكنى بايقايدىغان كۆز يوق. بىر خىل ئاكتىپ پوزىتسىيەدە بولۇپ تۇرمۇشتىن ھوزۇرلىنىشنى بىلسىڭىز، ئاندىن ھەممە جايدا كىشى قەلبىنى تەسىرلەندۈرىدىغان گۈزەل مەنزىرىلەرنىڭ بارلىقىنى بايقايسىز.*

### قەلبىڭىزنىڭ غوجايىنى بولۇڭ

ئەگەر ئىشلىرىڭىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولمايۋاتقىنىنى ھېس قىلسىڭىز، ھەتتا ھەممىشە سىزنى نەس بېسىپلا يۈرسە، ھەرگىزمۇ تۇرمۇش قەستەن مەن بىلەن ئويۇنىشىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالماڭ. كۆپىنچە ھاللاردا بۇ ئۆز كەيپىياتىڭىزدىكى خاتالىق بولىدۇ.

ئۆز كەيپىياتىڭىزنى كونترول قىلىپ، قەلبىڭىزنىڭ باشقۇرغۇچىسى بولۇشنى سىناپ بېقىڭ. چۈنكى دۇنيادا ھېچقاچان ناچار ئىش بولۇپ باقمىغان، پەقەت ناچار كەيپىياتلا مەۋجۇت خالاس. ناچار روھىي ھالەت بولسا پاسسىپ كەيپىياتنىڭ تۇغۇندىسى. بۇ خىل روھىي ھالەتكە ئىگە ئادەم پۈتكۈل ھايات مۇساپىسىدە كۆڭۈللۈك ئىلكىشىپ بېشى قايغاندەكلا يۈرىدۇ، تۇرمۇشنىڭ ھېچقانداق مەززىسى يوقتەك ھېس قىلىدۇ.

كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىسىنىمۇ يوقىتىپ قويىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ياخشى روھىي ھالەت ئاكتىپ پوزىتسىيەدىن كەلگەن بولۇپ، بۇ خىل كەيپىيات سىزنى تولۇپ ـ تاشقان ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ، بايلىققا ئېرىشىشىڭىزگە، غەلىبە قازىنىشىڭىزغا، بەخت ۋە ساغلاملىققا ئېرىشىشىڭىزگە تۈرتكە بولىدۇ.

ئاكتىپ روھىي ھالەتنىكى ئادەملەرگە نىسبەتەن ھېچقانداق ناچار ئىش يوق. يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە چىقىش يولى قالمىغان ھېچقانداق ناچار شارائىت يوق. ئۇلار ھەرقانچە ناچار ئىشقا يولۇققاندىمۇ قەتئىي ئۈمىدسىزلەنمەي، ئاكتىپ روھىي ھالەتنى ساقلاپ، قىيىنچىلىق ئىچىدىنمۇ چوڭ ئۆزگىرىش پەيدا قىلالايدۇ.

بىر تۇغما خۇشال يۈرۈيدىغان بالا بىلەن يەنە بىر تۇغما خۇشال ئەمەس بىر بالىغا نىسبەتەن ئۇلار ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش پوزىتسىيەسىگە ئىگە. تۇغما خۇشال ئەمەس بالا ئۆز ئۆيىدە نۇرغۇن يېڭى ئويۇنچۇقلارنى كۆرۈپمۇ چىرايىدا ئازراقمۇ خۇشال بولۇش ئالامىتى كۆرۈلمەي ئەكسىچە قاپىقى تۈرۈلۈپ كېتىدۇ. دادىسى ئۇنىڭ نېمىشقا خۇشال بولمىغىنىنى سورىغاندا ئۇ: «مۇشۇنچە كۆپ چىرايلىق ئويۇنچۇقلىرىمنى باشقىلارنىڭ ئوغرىلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن» دېگەن. تۇغما خۇشال يۈرۈيدىغان بالا ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىدە بىر دۆۋە ئات تېزىكىنى كۆرۈپ دەرھال دادىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ ھاياجانلانغان ھالدا: «دادا،دادا، بەك ياخشى بولدى. مېنىڭ ھۇجرامدا ئات تېزىكى بار ئىكەن، يېقىن ئەتراپتا چوقۇم ئات بار، بىز ئات مىنگىلى بارايلىچۇ؟!» دېگەن.

ئەگەر سىزدە بىر خۇشال يۈرەك بولسىلا، تۇرمۇش قانچىلىك

ناچار بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ كىشىنى ئازابلايدىغان مەنزىرىلەرنى كۆرەلمەيسىز. خۇشال بولۇش بىلەن خۇشال بولالماسلىق سىزنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيەرىڭىزگە باغلىق بولىدۇ. ئۇمىدۋارلىق قىيىنچىلىققا يولۇققان ۋاقىتتىمۇ بىزنىڭ تۇرمۇشقا بولغان بىر خىل خۇشال كەيپىياتىمىزنى ساقلاپ، ھەممە ئىشتا خۇشال بولالىشىمىزغا ياردەم قىلىدۇ. ئۈمىدسىزلىك بىزنى ھەرقانداق ئىشتىن خۇددى تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگەندەك قۇسۇر چىقىرىپ بىزنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرىدۇ، مەيلى قانداقلا ئىش بولۇشتىن قەتئىينەزەر بىزنى خۇشاللىققا ئېرىشتۇرەلمەيدۇ.

ۋېكتور فىرانكىلىنىنىڭ ھېچقانداق جىنايىتى يوق ئىدى. ئۇ پەقەت يەھۇدىي بولغانلىقى ئۈچۈنلا گېرمانىيە ناتسىستلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ مەلۇم بىر گازارمىغا ئېلىپ كېلىنىدۇ. ھەتتا ئۇلار جىنايەتچى ئاتىلىپ نۇرغۇنلىرى قىرىلىپ كېتىدۇ. بىراق ئۇ مۇشۇنداق شارائىتتىمۇ ئەركىنلىككە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويمايدۇ، ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈشىدىن ۋاز كەچمەيدۇ.

ئۇ ھەر كۈنى بۇرۇت ـ ساقاللىرىنى ئېلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. گەرچە بەدىنى شۇنچە ئاجىزلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا چىدامچانلىق بىلەن بىر ئەسكى سۇنۇق ئەينەك پارچىسىنى تىغ ئورنىدا ئىشلىتىپ ھەر كۈنى ساقاللىرىنى پاكىز ئېلىپ، بۇرۇتلىرىنى چىرايلىق ياساپ يۈرىدۇ. چۈنكى ھەر كۈنى ئەتىگىنى جىنايەتچىلەر ئۆزۈن سەپ بولۇپ تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلىدىغان بولۇپ، ئاشۇ ئاجىز، ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارى بولمىغان كىشىلەرنى تاللاپ چىقىپ زەھەرلىك گاز سىناق ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىلىدىكەن. ئەكسىچە چاچ ـ ساقاللىرى پاكىز ئېلىنغان، قارىماققا چىرايىدىن بىر خىل قىزىللىق چىقىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سالامەتلىك جەھەتتىن ئادەمگە خېلى ساغلامدەك كۆرۈنىدىغانلىرى زەھەرلىك گاز ئۆيىدىن ئامان قېلىپ داۋاملىق ئەمگەك ئورنىدا ئىشلەيدىكەن.

بىراق ئۇنىڭ سالامەتلىكى كۈندە بىرىلىدىغان ئىككى پارچە بولكا ۋە ئۈچ قاچا ئۇماچ بىلەن كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ بارىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ نورمىدىن ئارتۇق ئەمگەككىمۇ بەرداشلىق بېرىپ كېلىدىكەن، ئۇلارنى ھەر كۈنى يېرىم كېچە سائەت ئۈچتە تۇۋلاپ ئەمگەككە ھەيدەيدىكەن.

ۋىكتور فىرانكىلىن ھەر ۋاقىت ئامال تېپىپ مۇشۇ يەردىن قېچىپ چىقىپ كېتىشنىلا ئويلايدىكەن. كامىرداشلىرى ئۇنىڭ بۇ نىيىتىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنى مەسخىرە قىلىپ «ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق خىيال قىلىدىكەنسەن، بۇ نەس باسقان ئالۋاستى ئۇۋىسىدىن تېخى ھېچكىممۇ تىرىك چىقىپ كېتەلمىگەن، مۇشۇ يەرگە كىرىپ قالغان ئىكەنسەن، بولدى ياۋاشلىق بىلەن ئىشىڭنى قىل، تەڭرىدىن بىر نەچچە كۈن ئارتۇق ياشاشنى تىلە» دەيدىكەن.

ۋىكتور فىرانكىلىن ئۆزىنىڭ مۇشۇ يەردە ئۆلۈپ كېتىشىگە ئىشەنمەيدىكەن. ئۇ ھەمىشە «مەن چوقۇم چىقىپ كېتىپ ياشىشىم كېرەك» دەپ ئويلايدىكەن. ئاخىرى ئۇ كۈتكەن پۇرسەت كەپتۇ. بىر قېتىم دالىغا ئىشلىگىلى چىققاندا ئۇ ئىش ئورنىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردە قىپيالىڭاچ جەسەت دۆۋىسىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ھاياتلىقنىڭ ئۈمىدى بەلكىم مۇشۇ يەردە بولسا كېرەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قاش قارىيىپ ئەمگەكنى يىغقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يوك ماشىنىسىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ، ئاندىن كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلىۋېتىپ باشقىلار دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتە ئاستا ـ ئاستا ئۆمىلەپ بېرىپ جەسەت دۆۋىسىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋاپتۇ. جەسەتلەردىن

ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئىلىشتۇرغۇدەك سىپسىق پۇراق تارقىلىپ تۇراتتى، يەنە توپ توپ پاشىلار توختىماي چىقىپ تۇرىدىكەن. ئۇ مۇشۇنداق شارائىتتىمۇ چىشىنى چىڭ چىشلەپ مىدىر - سىدىر قىلماي ياتتى.يېرىم كېچە بولغاندا ئەتراپىدا ئادەم قالمىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن ئۇ ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ شۇنداق يالىڭاچ ھالەتتە توختىماي 70 نەچچە كىلومېتىر يىراققا قېچىپتۇ.

ۋېكتور فىرانكىلىن قېچىپ چىقالاپتۇ، ئۇ ئاشۇ ئەزەلدىن ھېچكىم تىرىك چىقىپ كېتەلمىگەن ئالۋاستى ئۇۋىسىدىن قېچىپ چىقىپتۇ. بۇ ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە ئىدى! ئۇ كېيىن كىشىلەرگە مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق قىيىن شارائىتتىمۇ كىشىلەرنىڭ يەنە ئەڭ ئاخىرقى بىر ئەركىنلىكى بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئۆزىنىڭ پوزىتسىيەسىنى بەلگىلەش.»

ئىشنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى كەيپىياتىمىزنىڭ قانداقلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر روھىي كەيپىياتىمىز ئاكتىپ بولسا، ھەرقانداق ناچار ئەھۋالغا دۇچ كېلىشىمىزدىن قەتئىينەزەر مەسىلىنى بىشەلەيدىغان مۇۋاپىق ئۇسۇل تاپالايمىز. ئەمەلىيەتتە ھەربىر ئىشنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى بولىدۇ. بىزنىڭ دائىم كۆرىدىغىنىمىز ھەمىشە ئىشنىڭ يۈزەكى تەرىپى بولىدۇ. كۆپىنچە ئەھۋال ئاستىدا سىز نېمىنى ئىزدىسىڭىز كۆزىڭىزمۇ شۇ تەرەپنىلا كۆرىدۇ. كەيپىياتىمىز ئوسال ئەھۋالدا ھەرگىزمۇ ئىللىق قۇياش نۇرىنى كۆرەلمەيمىز. قەلبىمىز بىر خىل خۇشاللىققا چۆمگەن چاغدا سەت ئاۋازلارمۇ قۇلىقىمىزغا كۈلكە ئاۋازىدەك ئاڭلىنىدۇ.

باشقىلارنىڭ شۇنچە ئويناقشىپ خۇشال يۈرگىنىنى كۆرگەندە ھەرگىزمۇ ئۇلارغا ھەۋەس قىلماڭ، چۈنكى سىزمۇ شۇلاردەك خۇشال بولالايسىز. ھەممە كىشىلەرگە نىسبەتەن دۇنيانىڭ،

جەمئىيەتنىڭ، ئاشۇ كۆپكۆك ئاسماننىڭ ھامان ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئويلاڭ، يەنە كېلىپ زامان ئاخىرى بولسا يالغۇز سىزنىڭ بېشىڭىزغىلا كەلمەيدۇ. باشقىلار خۇشال بولالايدىكەنۇ، سىز نېمىشقا خۇشال بولالمايسىز؟ پەقەت سىزنىڭ كەيپىياتىڭىز ناچار بولمىسىلا تۇرمۇشتا ھېچقانداق ناچار ئىش يوق.

## تۇرمۇشتىكى گۈزەللىكنى بايقاشقا تىرىشىڭ

ھەمىشە ئاچچىقلاپ يۈرىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى پىسخىكىسى ناھايىتى پاسسىپ كىشىلەردۇر. بۇنداقلار نېمىلا كۆرسۇن رازى بولمايدۇ، قىلغان ھەربىر ئىشلىرىمۇ ئوڭۇشسىز بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە تۇرمۇشتا گۈزەللىك كېمىيىپ قالغىنى يوق، ئەكسىچە بىزدە گۈزەللىكنى بايقايدىغان كۆز يوق. بىر خىل ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتۇپ تۇرمۇشتىن ھوزۇرلىنىشنى بىلسىڭىز، ئاندىن ھەممە جايدا كىشى قەلبىنى تەسىرلەندۈرىدىغان گۈزەل مەنزىرىلەرنىڭ بارلىقىنى بايقايسىز.

پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتقاندا كۆز ئالدىمىزدا زاھىر بولىدىغىنى پەقەت قايغۇلۇق مەنزىرە بولىدۇ. تۇرمۇشنىڭ گۈزەللىكى بىزنىڭ روشەن كۆزىمىز بىلەن كۆزىتىشىمىزگە موھتاج. قەلبىمىز بىلەن شۇ خىل مەنزىرىنى ھېس قىلالىساق ئاندىن ئىللىق قۇياش نۇرىنى كۆرەلەيمىز.

بىر كىچىك قىز بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان ئۈمىدى قالماپتۇ، ياشاشتىن رايى يېنىپ تۇرمۇشتىن بىزار بولۇپ ئۆلۈۋالماقچى بولۇپ كۆل بويىغا كەپتۇ. ئۇ ھاياتىنى سۇغا سەكرەپ ئاخىرلاشتۇرۇشنى قارار قىلغان ئىكەن. ئۇ كۆل بويىغا كەلگەندە بىر رەسسام دەل شۇ يەرنىڭ مەنزىرىسىنى سىزىۋاتقان ئىكەن. كىچىك قىز پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ رەسىم سىزىۋاتقان

رەسسامغا قاراپ شۇنداق ھەيران قاپتۇ. ئاشۇ بەتبەشرە ئالۋاستىغا ئوخشايدىغان تاغ مەنزىرىسىنىڭ قىزىقىپ سىزغۇدەك قانداق چىرايلىق يېرى بولسۇن! قەبرىستانلىقتا ئوخشايدىغان تاشلاندۇق كۆلنىڭ سىزغۇدەك نەرى بولسۇن! مۇشۇ ۋاقىتتا كىچىك قىزنىڭ كۆز ئالدىدا ھەممە نەرسە شۇنداق كۆرۈمسىز تۇيۇلۇپتۇ.

رەسسام كىچىك قىزنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغىنىنى بايقاپتۇ، ئۇنىڭ كەيپىياتىنىڭمۇ شۇنداق ناچار ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. رەسسام يەنىلا ئۇنى كۆرمىگەن قىياپەتتە قولىدىكى بوياقنى تېز - تېز ماڭغۇزۇپ رەسىم سىزىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ بۇرۇلۇپ كەينىگە قاراپ ئۇنىڭغا: «قىزچاق، كېلىپ سىزغىنىمنى كۆرۈپ باقىڭ» دەپتۇ. ئۇ ئېغىر قەدەملىرى بىلەن ئاستا رەسسامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ قولىدىكى رەسىمنى كۆرۈپتۇ.

بارا - بارا رەسىمدىكى ھەر خىل سىزىقچىلار، رەسىمنىڭ رەڭ بەلگىلىرى ئۇنى مەھلىيا قىلىۋاپتۇ. ئۆلىۋالىدىغان ئىشمۇ ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆچۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ تۇغۇلغاندىن تارتىپ تېخى دۇنيادا مۇشۇنداق گۈزەل رەسىمنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ باقمىغاندەك ھەۋەس بىلەن رەسىمدىن كۆزىنى ئۈزەلمەپتۇ، يەنە كېلىپ ئاشۇ «قەبرىستانلىقتا ئوخشايدىغان كۆل مەنزىرىسى» رەسسام تەرىپىدىن دۇنيادىكى خان سارايلىرىدەك شۇنداق گۈزەل، بەتبەشرە ئالۋاستىغا ئوخشايدىغان تاغ بولسا ئۈزۈن قاناتلىق گۈزەل مەلىكىلەردەك چىرايلىق سىزىلغان ئىكەن.

كىچىك قىز قارىغانسېرى ئويغا پېتىپتۇ. ئۇ بەدىنىنىڭ بارغانسېرى شۇنچە يېنىكلەپ كېتىۋاتقىنىنى ھېس قىلىپتۇ. خۇددى كۆكتە لەرزان ئۈزۈۋاتقان بۇلۇتلارنى ئۆزىدەك ئويلاپ

كېتىپتۇ ... مۇشۇ ۋاقىتتا رەسسام تۇيۇقسىز قەلەمنى قولىغا ئېلىپ رەسىم ئۈستىگە بىر قارىسا دۇغ لايدەك، بىر قارىسا پاشىغا ئوخشايدىغان، چۈشەنگىلى بولمايدىغان قالايمىقان قارا چېكىتلەرنى سىزىپ قويۇپتۇ. كىچىك قىز ھەم ھەيران بولۇپ ھەم خۇشال بولغاندەك ھالدا ئېيتىپتۇ: «يۇلتۇزلار ۋە گۈل بەرگى!» رەسسام رازىمەنلىك بىلەن ئۇنىڭغا دەپتۇ: «شۇنداق، گۈزەل تۇرمۇش بىزنىڭ ئىجتىھات بىلەن بايقىشىمىزغا موھتاج».

سىزنىڭ پوزىتسىيەرىڭىز سىزنىڭ كۆرۈش سەزگۈڭىزنى بەلگىلەيدۇ. تۇرمۇش بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدەك بولمىسىمۇ، بىراق بىز ئاكتىپ روھىي ھالەتتە بولساقلا، ئاشۇ چۈشەنگىلى بولمايدىغان قارا چېكىتلەر بىزگە قاراڭغۇلۇقتىكى نۇرلۇق يۇلتۇز بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

ھايات مۇساپىڭىزدىكى ئاشۇ ئازاب، ئۈمىدسىزلىك، بەختسىزلىك ۋە خەتەر سىزنى مەجبۇرلاپ، ماڭغىلى يول قالمىغاندا سىز يەنە ئەتراپىڭىزدىكى گۈزەل مەنزىرىلەردىن ھوزۇرلىنالامسىز؟ قاراڭغۇلۇقتا پېتىپ قالغىنىڭىزدا يەنىلا بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ ئاشۇ كىچىككىنە نۇرلۇق يۇلتۇزنى ئىزدىيەلەمسىز؟

بۈگۈندىن باشلاپ تېخىمۇ ئىجتىھات بىلەن ياشاڭ، تىرىشچانلىق بىلەن نۇرلۇق قۇياش نۇرلىرىنى تۇتىۋېلىڭ. ھەرگىز كىچىك ئىشلار ئۈچۈن بىزار بولۇپ ئاغرىنىپ يۈرمەڭ.

## ئىسقىرتىپ يۈرۈيدىغان چاغلىرىڭىزنى تېپىۋېلىڭ

ئۆزۈڭىزدىن بىرى ياش چاغلىرىڭىزدىكىدەك ئىسقىرتىپ شوخلۇق قىلىدىغان ئىشلىرىڭىزنى قىلىپ باقتىڭىزمۇ - يوق؟

ھەقاچان ئەينەك ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۆزىڭىزگە قاراپ كۈلۈمسىرىمىگىلى ئۈزۈن بولدىغۇ دەيمەن؟ سىز ئەجەبا ياشاشنى بىر گۈزەل ئىش دەپ ئويلىمامسىز؟ شۇنچىلىك ساپ ھاۋانىڭ كىشىنى تولىمۇ خۇشال قىلىدىغىنىنى بايقىمىدىڭىزمۇ؟ تېخى ھېلىلا ئورۇلغان چۆپلەرنىڭ كىشىنى ھوزۇرلاندۇرىدىغان مەززىلىك پۇراق چىقىرىدىغىنىنى ھېس قىلالامسىز؟

تۇرمۇشنىڭ لەززىتىدىن قانغۇچە ھوزۇرلىنىڭ!! كوچىدا ماڭغىنىڭىزدا مەغرۇرلارچە قەددىڭىزنى تىك تۇتۇپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ مېڭىڭ، ئۇنىڭىزنى يېقىملىق چىقىرىپ ئىسقىرتىڭ، شۇنداق قىلالىسىڭىزلا سىز تۇرمۇشتىكى ھەر بىر كۈنىڭىزنىڭ شۇنداق گۈزەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز.

بىر دوختۇر مۇنداق دەيدۇ: «ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتقاندا ئىتتىم مېنى قىزغىن قارشى ئېلىپ كۈتىۋالىدۇ، ئۇ ھەم قاۋاپ ھەم سەكرەپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. بۇ مېنىڭ كۈندۈزلىرى دوختۇرخانىدا ھەمىشە كۆرىدىغان بىمارلارنىڭ ئازابلىنىشلىرى، ھەسرەت چېكىدىغان چۈشكۈن قىياپەتلىرىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. مېنىڭ ئىتتىم تۇرمۇشتىن قانداق ھوزۇرلىنىشنى بىلىدۇ. بۇمۇ بىزنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان ئۇسۇلىمىز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.»

كۈنبويى چىرايىڭىزنى پۈرلەشتۈرۈپ يۈرىۋەرمەڭ. قىلچىلىك ئەھمىيىتى يوق كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈن ئاغرىنىپمۇ يۈرمەڭ. سىز ئىلگىرىكى ئاشۇ شوخ، خالىغانچە ئىسقىرتىپ يۈرەلەيدىغان چاغلىرىڭىزنى تېپىۋېلىشىڭىز كېرەك. قەلبىڭىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى تەبىئىيلىكنى، ئەزەلدىن ئېرىشەلمەيدىغان قىزغىنلىقنى تېپىۋېلىڭ. بۇلار سىزنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيەرىڭىز بولۇپ قالىدۇ.

ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق بىر كۈنى ۋۇلۇن، ئايالى ۋە ئۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىچىك قىزى بىرلىكتە شەھەر سىرتىغا ئايلانغىلى چىقىپتۇ. ۋۇلۇن چوڭ - چوڭ نەپەس ئېلىپ ئەتىگەندىكى ساپ ھاۋانى قانغۇچە سۈمۈرۈپتۇ. قىزى ئۇنىڭغا كىچىك ئۆسۈملۈكنىڭ مەززىلىك پۇرىقىنى پۇرىغانلىقىنى ئېيتقاندا ئۇ كۈلۈپ كېتىپتۇ. ۋۇلۇن يېنىك قەدەم ئېلىپ، مەيدىسىنى تىك تۇتۇپ كۆتۈرەڭگۈ كەيپىيات بىلەن مېڭىپتۇ. «بېشىنى كۆتۈرۈپ مەيدىسىنى كېرىپ ماڭسا نېمىدېگەن پەيزى!!» ئۇ يەنە ئۇنلۇك ئاۋازدا توۋلاپتۇ.

تەخمىنەن يېرىم سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن پۈتۈن بىر ئائىلە شۇنداق ئېچىلىپ كېتىپتۇ. بەدەنلىرى يېنىكلەپ ۋۇجۇدى ھاياتىي كۈچكە تولۇپتۇ. «قاراڭ، نېمىدېگەن چىرايلىق دەرەخ بۇ!» ۋۇلۇن ئايالىغا يېقىملىق قاراپ شۇنداق دەپتۇ: «شۇنداق قەدىرلىكىم، ئۇ دەرەخنىڭ قىياپىتى خۇددى بىر قۇشقا ئوخشايدىكەن، مەن بىزنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى چاغلىرىمىزنى ئەسلەپ قالدىم.» ئايالى شۇنداق تاتلىققىنە جاۋاب قايتۇرۇپتۇ. بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قاراپتۇ، كۆپكۆك ئاسماندا پارچە - پارچە ئاپپاق بۇلۇتلار لەيلەپ تۇرۇپتۇ. ۋۇلۇن خۇشال بولغانچە ئىسقىرتىپ كېتىپتۇ، يول بويى ئۇلارنىڭ كۈلكىسى بېسىقماپتۇ. «تۇرمۇش نېمىدېگەن گۈزەل» بۇ، ۋۇلۇننىڭ ئىچىدىن پارتلاپ چىققان ھېسسىيات ئىدى.

ئاددىي - ساددا تۇرمۇشمۇ ناھايىتى گۈزەل بولىدۇ، بۇنىڭغىمۇ قاپىقىڭىزنى تۇرۇۋالماڭ. قاراڭ، قۇياش نۇرى نېمىدېگەن پارلاق، يامغۇر سۈيىنىڭ سۈرۈنلىكىچۇ تېخى! ھەممىسى جانغا ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. ئۆزىڭىزنىڭ ھاياتىنى ئەسلىسىڭىز ۋىجدانىڭىز قايىنايدىغان بولسىمۇ، ھامىنى ئاشۇ ئىشلار ئىچىدىن سىز خۇشال بولۇشقا ئەرزىيدىغان كىچىككىنە ئىشلار بولىدۇ. تۇنۇگۈنكى ئازاپ ۋە قايغۇنى كەتكىلى قويۇڭ،

ھاياتىڭىزدا يەنە سىز دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان گۈزەل ئىشلار بار.

ھەربىر ئادەم خۇددى بىر پارچە ماگنىتلىق تۆمۈرگە ئوخشايدۇ. روھىي كەيپىياتىڭىز خۇشال بولغان چاغدا بۇ دۇنيا مېھىر - مۇھاببەتكە تولغاندەك، ھەممە نەرسە كۆزىڭىزگە چىرايلىق كۆرۈنگەندەك بولۇپ ھەممە نەرسىگە مەھلىيا بولىسىز. ئەكسىچە سىز ئۈمىدسىزلەنگەندە، بار نەرسىلىرىڭىزنى يوقىتىپ قويغاندا، تەشلىۋىشلەنگەندە، دۇنيادىن بىزار بولغاندا، نېمىلا ئىش قىلىسىڭىز سىزنى قىلچىلىك قىزىقتۇرالمايدۇ.

خۇشاللىق بىر خىل سېزىم، بىر خىل پوزىتسىيە، ئۇ ئىچىمىزدىن تېشىپ چىققان ساپ ھېسسىيات. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى سىرتقى دۇنيادىكى ھادىسىلەرگە، سىرتقى مۇھىتنىڭ ئۇنداق مۇنداق بولۇشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ. شۇڭا خاتىرجەم ئىسقىرتىپ يۈرىدىغان كەيپىياتىڭىزنى تېپىۋېلىڭ، شۇندىلا سىز خۇشاللىققا ئېرىشىشنىڭ ناھايىتى ئاددىي ئىش ئىكەنلىكىنى بايقايسىز.

## ھەربىر ئادەمنىڭ خۇشال بولىدىغان ھوقۇقى بار

كەيپىياتنى تاللىغىلى بولىدۇ. ئاچچىقلىنىش ياكى خۇشال بولۇشقا ئۆزىڭىز غوجايىنلىق قىلىسىز. تەقدىر ماڭا نىسبەتەن ئادىل بولمىدى دەپ ئويلاپ قالماڭ. ئەمەلىيەتتە، ھەربىر ئادەمنىڭ خۇشال بولۇشقا ھەققى بار، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقنى تەقدىر ئىلاھىمۇ تارتىپ كېتەلمەيدۇ. خۇشاللىق بولمىغان جايمۇ ھەم مەۋجۇت ئەمەس. تۇرمۇش ئازابلىق ئەمەس، پەقەت قەلبىمىز شۇ خۇشاللىقنى سېزەلمەيدۇ.

ھېنرى مۇنداق يازغان ئىكەن: «مەن تەقدىرنىڭ غوجايىنى،

مەن ئۆز قەلبىمگە غوجايىنلىق قىلىمەن.» ئەگەر سىز تورمۇشتا خۇشاللىق يوق دەپ ئويلىسىڭىز، ئۇنداقتا تورمۇش راستىلا ئازابلىق بولىدۇ، ھەتتا سىزنىڭ پاسسىپ پوزىتسىيەرىڭىز تۇپەيلى تېخىمۇ ناچارلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. ئەگەر سىز ئوڭۇشلۇق بولمىغان مۇھىتنى ئۆزىڭىزنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىڭىزغا تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ دەپ قارىسىڭىز، ئۇنداقتا سىز ئۆز تىرىشچانلىقىڭىز ئارقىلىق ئۆز تورمۇشىڭىزنى ئۆزگەرتىپ تېخىمۇ خۇشال قىلالىسىز بولىدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا خۇشال بولۇشقا ھەققى بار.

بىر ئامېرىكىلىق مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلىرىغا مۇنداق دېگەن: «مەن بۇرۇن بەك كۆپ غەم قىلىدىغان ئادەم ئىدىم.» ئۇ يەنە كېيىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھاياتقا بولغان پوزىتسىيەسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولغان بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرگەن.

ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ۋېبىۋ ناھىيە بازىرىدا بىر مىلىچماللار دۇكىنى ئاچقان، تىجارىتى ياخشى بولمىغانلىقتىن ئىلگىرىكى نەچچە ئون يىللىق كىرىمىنى يوقىتىپ قويغاندىن سىرت، يەنە نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ قالغان. نەچچە يىل ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ ئاندىن ئاران دېگەندە قەرزلىرىنى قايتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر شەنبە كۈنى ئۇ تىجارەتنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا تەييارلىق قىلغان. بانكىغا بېرىپ مال پۇلىنى تۆلىمەكچى بولغان. كانزاس شەھىرىدىن بىر خىزمەت تاپقان. ئۇ ۋېبىۋ شەھىرىنىڭ كوچىلىرىدا يۈرگەن چاغلىرىدا ئۇ خۇددى سوقۇشتا ئۇتتۇرۇۋەتكەن خورازغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئىشەنچىسى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى يوقىتىپ قويغان.

مۇشۇ ۋاقىتتا كوچىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن بىر ئادەم كەلگەن،

ئۇ ئادەمنىڭ ئىككى پۇتى يوق، چاقلىق ئورۇندۇقلۇق ھارۋىدا ئولتۇرغان، ئىككى قولى بىلەن چاقنى ئايلاندۇرۇپ مېڭىۋاتقان ئىكەن. ئۇنىڭ كۆزى ئاشۇ مېيىپ ئادەمدىن نېرى بولمىغان، مېيىپ ئادەم قوللىرى بىلەن كۇچەپ چاقنى ئايلاندۇرۇپ يولدىن ئۆتمەكچى بولۇۋېتىپتىكەن. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ كۆزى مېيىپ ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. كۇتۇلمىگەندە مېيىپ ئادەم شۇنداق يېقىملىق بىر كۇلۇمسىرەپ ئۇنىڭغا ناھايىتى روھلۇق ھالدا: «خەيرلىك ئەتىگەن ئەپەندىم، بۈگۈن ھاۋا نېمىدېگەن ياخشى» دەپ سالام قىلغان.

سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مۇئەللىم بالىلارغا: «دەل شۇ ۋاقىتتىكى مەنزىرە مېنىڭ بۇرۇنقى بارلىق غەملىرىمنى سۇپۇرۇپ ئۆچۇرۇۋەتتى. ئىشىنىڭ يۈز بېرىشىگە ئارانلا نەچچە ئون سېكۇنتلا ۋاقىت كەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئاشۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە مېنىڭ ھاياتقا بولغان چۇشەنچەم بۇرۇنقى نەچچە ئون يىللىق ھاياتىمدا ئېرىشكەنلىرىمدىن كۆپ بولدى» دەيدۇ.

مېيىپ ئادەم ئۇنىڭغا سالام قىلغان شۇ دەقىقىدە ئۇ ئۆزىنىڭ نەقەدەر باي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپتۇ. ئىككى پۇتۇم بار ماڭالايمەن، بىراق ئۆزۈم ئاشۇ مېيىپ ئادەمگە ئوخشاش كۇلۇمسىرىيەلمەيمەن. ئۇ كۆڭلىدە ئۆز - ئۆزىدىن سوراپتۇ: «مەن نېمىشقا ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويىمەن؟ بۇ ئادەم گەرچە ئىككى پۇتىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، شۇنداق خۇشال - خۇرام، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى يۇقىرى، مەندەك تۆت ئەزايى ساق ئادەم نېمىشقا شۇنىڭدەك بولالمايمەن؟»

ئارقىدىن ئۇ روھىي كەيپىياتىنى ياخشىلاپ قەددىنى رۇسلاپتۇ، بانكىغا بېرىپ مال پۇلىنى تۆلەپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا خىزمەتكىمۇ چۇشۇپتۇ.

«ھازىر مەن تۆۋەندىكى سۆزلەرنى سۇخانىدىكى ئەينەككە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يېزىپ قويدۇم. ھەر كۈنى ئەتىگىنى مەن ساقال ئالغاندا ئۇنى بىر قېتىمدىن ئوقۇيمەن: مەن كۆڭلۈم پاراكەندە بولغاندا، ئۆزۈمدە بىر جۈپ ئاياغنىڭ كەملىكىدىن كوچىغا چىققاندا باشقىلارنىڭ ئىككى پۇتى يوقلۇقىنى كۆرگەنلىكىمنى ئەسلەيمەن». مۇئەللىم ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلىرىغا مۇنداق دەپتۇ: «ھەربىر ئادەمنىڭ خۇشال بولىدىغان ھوقۇقى بار، مەيلى سىزدە كىيگىلى ئاياغ بولمىسۇن، ياكى ئىككى پۇتىڭىزدىن ئايرىلغان بولۇڭ، يەنىلا خۇشال يۈرۈشكە ھەقلىقسىز.»

«خۇشاللىقنامە» دەپ ئاتىلىدىغان مۇنداق بىر ناخشا بار: خۇشاللىقنىڭ ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق داۋلىسى يوق، سىزگە ئېيتىپ بېرەي، خۇشاللىق دېگەن شۇنداق ئاسان بىر نەرسە. خۇشاللىق ناھايىتى ئاسان بىر ئىش بولغان تۇرۇقلۇق ئەمىسە نېمىشقا يەنە نۇرغۇن كىشىلەر تۇرمۇشتا ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيدۇ؟

كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىز ئازاب دېڭىزىغا چوڭقۇر پېتىپ ئۆزىڭىزنى قۇتقۇزۇۋالالمايدىغىنىڭىزنى بايقىسىڭىز، ئۆيدىكىلىرىڭىز ياكى دوستلىرىڭىز ھەر كۈنى مەيۈس يۈرۈپ، كىچىككىنە ئىشلارغا ساراڭلارچە ئاچچىقلاپ سىزگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەرنى ئېلىپ كەلسە، سىز ئويلاپ بېقىڭ، ئۆزىڭىزدىن باشقا يەنە قانداق كىشى سىزنىڭ خۇشاللىقلىرىڭىزنى تارتىۋېلىشقا ھەققى بار؟ ئېرىشىدىغىنىمۇ، يوقىتىپ قويىدىغىنىمۇ يەنىلا ئۆزىڭىز.

ئامېرىكىنىڭ خېلى مەشھۇر نامى بار بىر تېلېۋىزىيە رىياسەتچىسى ناھايىتى ياشانغان بىر موماينى زىيارەت قىپتۇ. رىياسەتچى ئۇنىڭدىن: «سىزنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشتىكى مەخپىيىتىڭىز نېمە؟» دەپ سوراپتۇ. ياشانغان موماي جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ: «خۇشاللىقنى ھېس قىلىش!». «ئۇنداقتا سىز نېمىشقا شۇنچە خۇشال؟ سىزدە چوقۇم خۇشاللىقنى پەيدا

قىلىدىغان باشقىلار بىلىپ بولالمايدىغان سىرلىق مەخپىيىتىڭىز بارمۇ؟» رىياسەتچى ئىشەنمىگەن ھالدا سوراپتۇ. موماي جاۋاب بېرىپ: «مېنىڭ ھېچقانداق سىرلىق مەخپىيىتىم يوق، پەقەت ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرغاندا مۇنداق بىر تاللىشىم بار. خۇشال يۈرسەممۇ ئوخشاش بىر كۈن ئۆتىدۇ، قايغۇرۇپ غەم يەپ يۈرسەممۇ يەنە شۇ بىر كۈن، سىلەر مېنى قايسى كۈننى تاللايدۇ دەپ قارايسىلەر؟ ئەلۋەتتە خۇشال ئۆتىدىغان بىر كۈن ئەمەسمۇ!! »

مومايىنىڭ سۆزى گەرچە ناھايىتى ئاددىيدەك بىلىنسىمۇ، بىراق مۇشۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتىپ ئويلىساق بۇنىڭ مەنىسىنى نۇرغۇن ئادەم چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە خۇشاللىق ناھايىتى ئاددىي بىر ئىش، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پەقەت خۇشاللىقنى ئويلىسىلا، ناھايىتى ئاسانلا ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم نېمىلا ئۇچرىسا پاسسىپ قاراشتا بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭغا تۇرمۇشنىڭ قىلچىلىك مەززىسى يوقتەك بىلىنىدۇ. قانچىلىك گۈزەل نەرسىلەر بولسۇن ئۇنىڭ قەلبىنى تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە كۆڭلى خۇشاللىققا تولغان بىر ئادەم بولسا نېمىلا ئىش قىلسۇن ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ قىزغىنلىقىغا گەپ توغرا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭغا نىسبەتەن قىلغىلى بولمايدىغان ناچار ئىش يوق. يەنە چىقىش يولى قالمىغان ھېچقانداق ناچار شارائىتمۇ مەۋجۇت ئەمەس.

ئەگەر خۇشاللىققا ئېرىشمەكنى نىيەت قىلغان بولسىڭىز، ئۇنىڭغا ئاسانلا ئېرىشەلەيسىز. ئەگەر سىز خۇشال بولالمايدىغان ھالەتتە ياشاشنى ئۈمىد قىلسىڭىز، ئۇنداقتا سىز كۈنبويى ئىچىڭىز سىقىلىپ غەم ـ ئەندىشە ئىچىدە ياشايسىز. سىز خالىغان ۋاقىتتا كۆلۈمسىرىسىڭىز بولىدۇ، يەنە خالىغان چاغدا

قاقاقلاپ كۈلسىڭىزمۇ بولىدۇ، دۇنيادا خۇشاللىققا ئېرىشىدىغان بۇنىڭدىنمۇ ئاددىي ئۇسۇل يوق.

## ھاياتلىقنىڭ ھەربىر ھالقىسىدىكى مەنزىرىلەردىن قانغۇچە ھۇزۇرلىنىڭ

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بىز ئۆزىمىزنىڭ يېشىدىن ئاغرىنىشقا باشلايمىز، بارغانسېرى قېرىپ كېتىۋاتقاندەك ئويلاپ غەم يەپ خورسىنىپ كېتىمىز. ئەمەلىيەتتە، ھەربىر ياشتا ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە مەنزىرىلەر بار بولىدۇ. ياشلىقتا ئۆزگە تۇشلۇق ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىق كۈچى بولىدۇ. قېرىلىقنىڭمۇ ئۆزگە يارىشا گۈزەللىكى بولىدۇ. ياشلىق ئاتقا ئوخشايدۇ. بىز نېمىشقا شۇ ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەربىر بۆلىكىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەردىن ھۇزۇرلانمايمىز؟! ھاياتىمىزدىكى گۈزەل چاغلارنى ئەسلەپ بىمالال ھۇزۇرلانغان ۋاقتىمىزدا، ھايات بىزگە ياشلىقنىڭ مەخپىيەتلىكلىرىنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بېرىدۇ، قېرىپ بەللىرىمىز مۈكچىيىپ كەتكەن ۋاقىتتىمۇ بىزگە خۇددى بوۋاقتەك ھەممە نەرسىگە شۇنداق ساپ قەلبىمىز بىلەن قارايدىغان ھالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

ھاياتلىقنىڭ ھەربىر بۆلىكىدە كىشىنى ئۆزگە مەھلىيا قىلىدىغان تەرەپلىرى بولىدۇ. بىز ھاياتىمىزدىكى ھەرقانداق بىر دەۋرىمىزدىن قاچماسلىقىمىز كېرەك، ئۆتكەن ھەربىر كۈن، ھەربىر يىللاردىكى گۈزەل ئەسلىمىلەردىن قانغۇچە بەھرىلىنىشىمىز كېرەك.

ئۇلار ئىككىسى يېڭىدىن توي قىلغان ئەر - خوتۇنلار. ئۇلار ئىككىسى كالىفورنىيە ئىشتاتىدىكى داڭلىق مېھمانخانىدا كوللېكتىپ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن. كوللېكتىپ توي مۇراسىمىدىكى تانسىدا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئويۇنىغىنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

تاماشىبىنلارنىڭ نۇرغۇن ماختىشىغا ئېرىشكەن. كەچتە ئۇ ئىككىسى ئۆزنگە تەۋە بولغان يېڭى توي ھۇجرىسىغا كىرگەن چاغدا، ئۆيئىچىدە نۇرغۇن قىزىل شامىلارنىڭ يېقىقلىق تۇرغىنىنى كۆرگەن، رومانتىك مۇزىكا، چىرايلىق ھۇجرا... ئىككىيلەن بىرگە گۈزەل كېچىنى ئۆتكۈزگەن.

تويدىن كېيىن بۇلارنىڭ تۇرمۇشى خېلى بەختلىك ئۆتكەن، ئەر ھەر كۈنى ئايالىغا شېرىن سۆيۈشلەرنى، مېھىر بىلەن قۇچاقلاشلارنى تەقدىم ئەتكەن. ئايالمۇ ھەر كۈنى ئۇنىڭغا ساداقەتمەنلىك بىلەن تاماق ئېتىپ، گالىستۇكلىرىنى تاقاپ خىزمىتىنى قىلغان. ئۇلار ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن بىر - بىرىگە بولغان ھېسسىياتىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان، بۇ ئائىلىمۇ يېڭى توينىڭ خۇشاللىقىدا پۈتۈنلەي رومانتىكلىققا چۆمگەن.

بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار بۇرۇنقىدەك قۇچاقلىشىپ سۆيۈشۈشلەرنى كەمدىن - كەم قىلغان. ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پاراڭلارمۇ بۇرۇنقىدىن ئازلاپ كەتكەن. ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۇلار بارا - بارا ئۇرۇشىدىغان بولغان. ۋاقىت بارلىق خۇش پۇراق نەرسىلەرنى بارغانسېرى سۇسلاشتۇرۇپ قويغان. ئايال ئېرىنىڭ ئۆزىنىڭ يېڭى كىيگەن كىيىمىگە دىققەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئاچچىقلانغان. ئەر ئايالىنىڭ ئۆزى ئىچىدىغان قەھۋەگە ئازراق شېكەر سالىدىغانلىقىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاغرىنغان. ئايال ئېرىنىڭ ئۇ يامغۇردا قالغاندا كۈنلۈكنى كېچىكىپ ئەكەلگىنىنى «مېنى قەستەن يامغۇردا قالدۇرۇپ زىيانكەشلىك قىلماقچى» دەپ چۈشىنىپ غەزەپلەنگەن. ئەر ئايالىنىڭ پات - پات قورۇغان سەيلەرگە تېتىتقۇلارنى خاتا سېلىپ قويغىنىدىن ئاچچىقلانغان، بارغانسېرى، ئايال تاماق ئېتىشكە ھۇرۇنلۇق قىلىدىغان

بولۇۋالغان. ئەر بولسا ئۇنى ـ بۇنى باھانە قىلىپ ئىشتىن كەچ قايتىدىغان بولغان.

بىر كۈنى ئۇلار يەنە ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار توپەيلى ئۇرۇشۇپ قالغان. ئايال ئېرىدىن مېنى بۇرۇنقىدەك ياخشى كۆرمەس بولىۋالدى، مېنى بۇرۇنقىدەك كۆندە سۆيۈپ قويمايدۇ، بۇرۇنقىدەك «قەدىرلىكىم» دەپ چاقىرمايدىغان بولۇپ قالدى، دەپ ئاغرىنغان. ئەر ئېھتىياتسىزلىقتىن ئاشۇ قىممەت باھالىق گۈل شىشىسىنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتكەن چاغدا ئۇلار ئارىسىدا بىردەملىك جىمجىتلىق پەيدا بولغان، ھەر ئىككىسى ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز شېرىن توي كېچىسىنى ئەسكە ئېلىشقان، گۈل شىشىسىنى يىگى توي قىلغان ئاشۇ كۈنى تويغا رەھبەرلىك قىلغان ئورۇن مەخسۇس توي سوۋغىسى سۈپىتىدە ئۇلارغا تەييارلاپ بەرگەن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىسى گەپ ـ سۆز قىلماستىن ئاستا ئېگىشىپ يەردىكى پۇچۇق شىشە پارچىلىرىنى تېرىغان. بۇ خىل جىمجىتلىق ئۇلارنى ئۇزۇن ئويلاندۇرغان. تۇيۇقسىز ئېھتىياتسىزلىقتىن ئايالنىڭ بارمىقىنى شىشە پارچىسى كېسىۋېتىپتۇ. ئەر شۇنداق جىددىيلەشكەن ھالدا ئايالنىڭ قولىنى تارتىپ قارىغان، شۇ ۋاقىتتا ئايال ئېرىنىڭ كۆزىدىن تولۇپ تۇرغان مېھرىبانلىق ۋە غەمخورلۇقنى كۆرۈپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە ئويلاپتۇ، بەلكىم ۋاقىت ھەممە نەرسىنى مۇشۇنداق سۇسلاشتۇرۇۋەتكەن بولسا كېرەك. مۇھەببەتمۇ شۇنداق كۆچلۈك، ئەمما قەلبىگە چۆكۈپ قالغان، دەرۋەقە ناھايىتى چوڭقۇر، بۇ خىل مۇھەببەتنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشكە ئادەم ئاجىزلىق قىلىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئەر ناھايىتى سەمىمىيلىك بىلەن ئايالدىن ئەپۇ سوراپتۇ. ئايالمۇ ئېرىنىڭ قەلبىنى چۈشىنىپتۇ، بۇ خىل مۇقىملىشىپ قالغان ئادەتتىكى، ئادەمگە بەختسىزلىك

تۇيغۇسىمۇ بەرمەيدىغان نىكاھ تۇرمۇشىدىن ھۇزۇرلىنىش قارارىغا كەپتۇ. بەخت، ئەسلىي بىزنىڭ سايىمىزدەك ئەگىشىپلا يۈرۈيدۇ، پەقەت كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ھەربىر بۆلىكىدىكى گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلىنىشنى بىلىش ـ بىلمەسلىكىدە.

ھاياتلىقنىڭ ھەربىر بۆلىكى ئۆزىگە خاس ئوخشاش بولمىغان گۈزەللىكلەرگە ئىگە، خاتالىشىشقا يول قويۇشقا بولمايدۇ، ئېچىنىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. بىر نۇقتىنى ھەقىقىي بىلىۋېلىڭ، بىزنىڭ ھاياتىمىز ئاددىي، سۇزۇك بولسا بىز ھاياتنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكىدىن شۇنچە ھۇزۇرلىنىپ قانغۇچە بەھرىلىنەلەيمىز. قېرىپ يېشىمىز بىر يەرگە بېرىپ قالغان تەقدىردىمۇ، مۇھەببەت سۇسلىشىپ بۇرۇنقىدەك رومانتىكىلىق ھەم قىزغىن بولمىسىمۇ، بىراق ئۇلار يەنىلا شۇنچىلىك گۈزەل، تەبىئىي ھەم نەپىس.

ھاياتلىق ھەر خىل ئىشلارنىڭ بولغىنى ئۈچۈنلا شۇنچىلىك نەپىس كۆرۈنىدۇ. تەبىئەت دۇنياسى پەقەت گۈللەرنىڭ بولۇشى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بۇنداق بولغاندا ئۇ ناھايىتى يەككە بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەربىر ياشلىق دەۋرىنىڭ ئۆزىگە خاس كۆرۈنۈشى بولىدۇ. گۆدەكلىكتىن پىشىپ يېتىلىش، پىشىپ يېتىلىشتىن پارلاقلىق، پارلاقلىقتىن يەنە ئاددىيلىق ... بىزنىڭ ھاياتىمىز مۇشۇنداق تەبىي تەرەققىيات جەريانى تۇرسا، بىز نېمىشقا بۇ تەبىئىيلىكنى رەت قىلىمىز؟!

بىر قېتىملىق لېكسىيەسىدە ئاۋازى سۇزۇك، چىرايىدىن خۇشاللىق چىلىۋە قىلىپ تۇرىدىغان بىر ئايال ئۆزىنىڭ ھۆسن تۈزەش ھەققىدىكى تونۇشىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ، ئۇ نۇتقىنى سۆزلەپ بولۇپ مۇنداق بىر سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ: «ئولتۇرغان ھۆرمەتلىك خانقىزلار، مېنىڭ يېشىمنى پەرەز قىلىپ

بىقىڭلار.»

ئۇ مۇشۇنداق سوراپ بولغاندىن كېيىن زال ئىچى ھەرە ئۇۋىسىغا ئوخشاش ۋاڭ - چۇڭلار بىلەن تولۇپتۇ، بەزىلەر 23 ياش، بەزىسى 28 ياش، يەنە بەزىسى 30 ياش دېيىشىپتۇ. بىراق ھەممىسىنىڭ جاۋابى كۇلۇمسىرەپلا تۇرىدىغان بۇ خانىم تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنىپتۇ. «ئەمەلىيەتتە مەن 18 گە كىرىپ نەچچە ئاي ئاشتىم.» كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بۇ جاۋابقا ئىشەنگۇسى كەلمەپتۇ. زال ئىچىدە يەنە بىر قېتىم غۇلغۇلا قوزغىلىپتۇ. ھېلىقى ئايال يەنىلا شۇنداق باشقىلارنى مەپتۇن قىلىدىغان كۇلكىسى بىلەن: «بۇ بىر نەچچە ئاينىڭ قانچىگە يېتىدىغىنىنى كۆپچىلىك ئۆزلىرى بىكىتىۋالسۇن، بەلكىم نەچچە ئاي، ياكى نەچچە ئون ئاي، بۇنىڭدىن كۆپ بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق مېنىڭ قەلبىم يەنىلا 18 ياشتا» دەپتۇ.

ئايال گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «نۇرغۇن ئاياللار ئۆزىنىڭ قېرىغاندىن كېيىن سەتلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ، ھەقىقەتەن چىرايىڭىز ياش ۋاقتىڭىزدىكىدەك بولالماسلىقى مۇمكىن، بىراق سىز ياش ۋاقتىڭىزدا ئىگە بولالمىغان پەرۋاسىزلىق، خاتىرجەملىك، گۈزەللىككە يېشىڭىز چوڭايغاندا ئىگە بولغان بولىسىز. ھاياتلىقنىڭ ھەربىر باسقۇچىنىڭ ھەممىسى شۇنداق گۈزەل، مەن ئۆزۈمنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن غەم يېمەيمەن، كەلگۈسىدە ئۆزگىرىپ قانداق بولۇپ قالاي بۇنىسى كارايىتى چاغلىق. چۈنكى مەندە بىر ياش يۈرەك بار، مەن مۇشۇ يۈرىكىم ئارقىلىق ھاياتلىقنىڭ ھەممە گۈزەللىكلىرىدىن ھوزۇرلىنىشنى بىلىمەن» دېگەن.

باھارنىڭ ئۆزىگە يارىشا جۇشقۇنلۇقى بار، يازنىڭمۇ قىلىشمىغۇدەك قاينام تاشقىنلىقى بار، كۈزمۇ شۇنداق رومانتىكىلىققا ئىگە. قىشمۇ ئادەمگە شۇنداق ھوزۇر بېرەلەيدۇ.

ھاياتلىقمۇ خۇددى تۆت پەسىلگە ئوخشاش، سىز ئىنىق قىلىپ بىر پەسىلنى ياخشى دەپ ئېيتالمايسىز، چۈنكى ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە يارشا گۈزەللىكى بار. ياخشى بىر قەلب بىلەن ھاياتىڭىزدىكى ھەربىر باسقۇچقا باتۇرلۇق بىلەن يۈزلىنىڭ، شۇنداق قىلالىسىڭىزلا سىز مەڭگۈ خۇشال ـ خۇرام ياشىيالايسىز.

## مۇشكۇلاتتىن ھالقىپ ئۆتۈڭ

مۇشكۇلاتتىن ھالقىپ ئۆتۈشكە ئامالسىز قالغىنىمىز، شۇ خىل قىيىن ئەھۋالنىڭ كۆزىمىزنى توسۇپ قويغانلىقىدۇر. مۇشكۇلاتتىن بۆسۈپ ئۆتۈش ئۈچۈن بەزىدە بىز باشقىچە بىر كۆزىتىش نۇقتىسىنى ئىچىپ كۆرسەكلا كۇپايە.

بىر كىچىك ئوغۇل بالا بولۇپ، ئۇنىڭ تۇغما يوغان بۇرنى بار ئىكەن. ئۇنىڭ مۇشۇنداق يوغان بۇرنى بولغاچقا ئۇ مەكتەپتە ھەممە ساۋاقداشلارنىڭ مازاق قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇ ھەممىسىنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرىغاچقا كۈنبويى بۇرۇقتتۇرمىلىق ئىچىدە يۈرۈيدىكەن، باشقا ساۋاقداشلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشنى ياخشى كۆرمەيدىكەن. سىنىپتا ئۆتكۈزۈلىدىغان كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە قاتنىششنى خالىمايدىكەن. بىكار قالغان چاغلىرىدا ئۆزى يالغۇز سىنىپنىڭ ئەڭ كەينىدىكى ئورۇندا دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ يېتىپ سىرتنىڭ مەنزىرىسىگە قارايدىكەن.

ئۇنىڭ سىنىپ مەسئۇلى مارىيا بىر كۈنى بۇ ئوقۇغۇچىدىكى جىمغۇرلۇقنى سېزىپ قاپتۇ. بىر كۈنى دەرستىن چۈشكەندە ئۇ بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ يېنىغا كېلىپ «نېمىگە قاراۋاتىسەن؟» دەپ سوراپتۇ. «مەن ھازىر ئاۋۇ بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ شۇنداق ئوماق بىر ئىتنى دەپنە قىلىۋاتقىنىنى كۆردۇم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا قايغۇلۇق ھالدا. «بۇ راستلا ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئازابلايدىغان

ئىش ئىكەن، بولمىسا بىز ئالدىدىكى ئاۋۇ دېرىزىدىن قاراپ باقساق قانداق!» ماريا مۇئەللىم ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئالدىدىكى دېرىزە تەرەپكە ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ دېرىزىنى ئېچىپ: «قېنى ئەمدى قاراپ باق، سىرتتا نېمىنى كۆردۈڭ؟» دەپتۇ. دېرىزە سىرتىدا چوڭ بىر پارچە قوتانتۇمشۇقلۇق بار ئىكەن، ئېچىلىشى شۇنداق نۇرلۇق، بالا بىر قاراپلا كۆڭلىدىكى ئۇمىدسىزلىك ئاستا غايىب بولۇشقا باشلاپتۇ، «شاكىچىك، قارا، سەن ئەسلىي دېرىزىنى خاتا ئېچىۋاپسەن ئەمەسمۇ!!» ماريا مۇئەللىم سىرتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ئىشارە قىلىپ ئۇنىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپتۇ، ئارقىدىنلا ئۇ يەنە: «سەن بىلەمسەن، مۇئەللىمىڭنىڭ نەزىرىدە سېنىڭ بۇرنۇڭ شۇنداق چىرايلىق!» دەپتۇ. «بىراق باشقىلارنىڭ ھەممىسى مېنى مەسخىرە قىلىدىغان تۇرسا» ئۇ ئازابلانغان ھالدا مۇئەللىمگە قاراپتۇ. «ئۇ سېنىڭ باشقا بىر كۆزىتىش نۇقتىسىنى ئالماشتۇرمىغىنىڭدا، سەن ئەسلىي بۇرنۇڭنىڭ چىرايلىق بىر تەرىپىنى باشقىلارغا كۆرسەتسەڭ بولىدۇ» دەپتۇ مۇئەللىم.

دەل مۇشۇ مەزگىللەردە مەكتەپتە كىچىك تىپتىكى دراما ئويۇنى ئۆتكۈزۈلۈپتۇ، بۇنىڭدىكى بىر رول يوغان بۇرۇنلۇق ھېلىقى بالىغا تولىمۇ ماس كېلىدىكەن. ماريا مۇئەللىمنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا ئۇ غەيرەتكە كېلىپ ئويۇنغا قاتنىشىپتۇ، شۇنداقلا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ شۇ يوغان بۇرنى بولغاچقىلا مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلار بۇ كىچىك قەھرىماننى ناھايىتى ئاسانلا ئېسىدە تۇتىۋاپتۇ. كېيىن بۇ بالا ئامېرىكىدا نەق مەيدان ئويۇن قويۇش پىروگراممىلىرىغا قاتنىشىپ بىراقلا نامى چىقىپتۇ. چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇ ھولليۋودقا كىرىپ ئەڭ ئالقىشقا ئېرىشكەن چولپانغا ئايلىنىپتۇ.

بىز دېرىزىنىڭ سىرتىدىكى مەنزىرىلەردىن زېرىككەندە باشقا دېرىزە تۈۋىگە بېرىپ قاراپ بېقىشنى ئويلاپ باقتۇقمۇ - يوق؟ باشقا دېرىزىنى تاللاپ قارىغىنىمىزدا بەلكىم سىز باشقىچە بىر مەنزىرىنى كۆرۈشىمىز مۇمكىن. بىز قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ چىقىش يولى قالمىغاندا، باشقىچە بىر خىل تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئويلاپ باقتۇقمۇ - يوق؟ باشقىچە بىر پوزىتسىيە تۇتسىمىز دىلىمىز ۋاللىدە يورۇپ كېتىشى مۇمكىن.

ۋىكتور فىرانكىل روھىي كېسەللىكلەر ئىلمى بويىچە دوكتور. ئۇ بۇرۇن بىر مەزگىل ناتسىسلار تەرىپىدىن قاماققا ئېلىنغان. ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەسلىمىلەرنى ئويلاشقا يۈرىكى ئېچىشىدۇ. لاگېردا قىلچىلىك ئادىمىيلىك يوق. ئادەملەرنىڭ قىلچىلىك قەدىر - قىممىتى يوق. پەقەت رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرۈلىدۇ. ھەممە يەردە قان پۇراپلا تۇرىدۇ. قولىغا قورال ئېلىۋالغانلار ئادەم ئەمەس، بەلكى ياۋۇز ياۋايىلار. ئۇلار بىر ئانىنى كۆلۈپ تۇرۇپ ئۆلتۈرەلەيدۇ. كىچىك بالىنى، ياشانغان چوڭلارنىمۇ كۆزىنى مىت قىلماي قويماي ئۇجۇقتۇرۇۋېتىدۇ. فىرانكىل ئىچىدە يەتكۈچە جەبىر - زۇلۇم تارتقان.

فىرانكىل ھەر ۋاقىت ۋەھىمە ئىچىدە يۈرگەن. ئۇ بۇرۇن بىر مەزگىل ھاياتقا بولغان ئۈمىدىدىن ۋاز كەچكەن، لاگېردا كۈندە دېگۈدەك ئېشىپ كەتكەن روھىي بېسىم تۈپەيلىدىن نۇرغۇن ئادەملەر ئېلىشىپ قالىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. فىرانكىل ئەگەر ئۆزىنىڭ پىسخىكىسىنىمۇ قاتتىق كونترول قىلمىسا، روھىي جەھەتتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدىغان كۆلپەتلىك تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

بىر قېتىم فىرانكىل ئىش ئورنىغا بېرىپ ئەمگەك قىلىدىغان يولدا كۆڭلىدە خىيالىي تۈيغۇ پەيدا بولىدۇ. ئۇ ئۆزۈن - ئۆزۈن قاتار بولۇپ كەتكەن سەپلەرگە قاراپ كۆڭلىدە: ئاياغ بوغقۇچۇم

ئۆزۈلۈپ كەتسە يېڭىدىن بوغقۇچ تاپالامدىمەن ـ يوق، كەچتە كەچلىك تاماق يېيەلەمدىمەن يوق» دەپ ئويلاپتۇ. بۇ خۇنۇك مەنزىرە ئۇنىڭ جېنىغا تېگىپ كۆڭلىنى بىسەرامجان قىلىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى بۇنداق چۈشكۈنلۈك خىياللار گىردابىدىن تارتىپ چىقىرىپتۇ، ئۆزىنى مەجبۇرىي هالدا ئالدىغا چىقىپ نۇتۇق سۆزلىگەن مەنزىرىنى ئويلاپتۇ. ئۇ شۇنداق يورۇق، ئازادە بىر زالغا كەپتۇ. روهىي كەيپىياتى ئۇرغۇپ تۇرغان هالدا بىرىلىپ نۇتۇق سۆزلەپتۇ...

فىرانكىل مۇشۇنداق خىيالى تۈيغۇلار ئىچىدە چىرايىدا بارا ـ بارا كۈلكە شادلىقى جىلۋە قىپتۇ. لاگېردا بۇنداق خۇشاللىققا ئېرىشىش ئاسان ئەمەستە!! فىرانكىل ئۆزىنىڭ كۈلەلەيدىغان چاغلىرىنىڭ بارلىقىنى هېس قىلغاندا، ئۆزىنىڭ لاگېردا ئۆلۈپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلدى. ئۆزىنىڭ هايات قېلىشىغا ئىشەنچىسى تۇغۇلدى. ئاخىرى ئۇ شۇن كۈنگە ئېرىشتى، قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ روهىي كەيپىياتى شۇنداق تېتىك ئىدى، دوستلىرى ۋە تونۇش ـ بىلىشلىرى ئالۋاستى ئۇۋىسىدىن چىققان بىرىنىڭ يەنە شۇنداق ياش، روهىي كەيپىياتىنىڭ تېخىمۇ جۇشقۇن تۇرغىنىدىن هەيرانلىق هېس قىلىشقان ئىدى.

مانا بۇ قەلبىنىڭ سېھرىي كۈچى. سىز پەقەت قىيىن ئەهۋالغا دادىللىق بىلەن يۈزلىنىپ ئۇ خىل ئەهۋال تەرىپىدىن چۈشەپ قويۇلمىسىڭىز، چوقۇم قۇتۇلغىلى بولىدىغان ياخشى ئامال تاپالايسىز. بىر ئادەمنىڭ ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى تۇرغۇن كۈلپەتلىك تەقدىرلەرگە زەربە بېرەلەيدۇ. مۇشكۈل ئەهۋالنى بۇزۇپ تاشلاپ هاياتنى پەيزى ئۆتكۈزەي دېسىڭىز، هاياتقا بولغان ئۈمىدۋار كەيپىياتىڭىز بولۇشى، ئېگىلمەس ـ سۇنماس ئىرادە ۋە ئازابنى پەسەيتەلەيدىغان ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە بولۇشىڭىز كېرەك.

## يورۇقلۇقنى قوبۇل قىلىڭ

بىز دېرىزىنى ئېچىشنى ئۇنتۇپ قالغاندا يورۇقلۇقنىڭ تەبىئىي كىرىشىنى توسۇپ قويىمىز ـ دە، يورۇقلۇقنى كۆرەلمەيمىز. شۇ سەۋەب ئازاب پاتقىقىغا پېتىپ قالىمىز. قۇياشنىڭ پارلاق نۇرىدىن ھۇزۇرلىنىشنى ئۇنتۇپ قالغاچقا ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويىمىز، كۆپىنچە ۋاقىتتا ھەممىدىن خەۋەرسىز قالىمىز. تۇرمۇش بىزگە مېھرىبانلىق قىلسۇن ياكى ئازاب ئېلىپ كەلسۇن ھەممىسى تۇرمۇشنىڭ بىزگە بەرگەن ئىلتىپاتى. ئۇ پەقەت بىزگە بەردى خالاس، بىزدىن ئالىمەن دېگىنى يوق، شۇڭا بىز ئۇنىڭغا دادىللىق بىلەن يۈزلىنىشىمىز كېرەك.

قەلب دېرىزىمىزنى ئېچىۋەتسىڭىز پارلاق قۇياش نۇرىنى كۆرەلەيسىز. كىشىلىك ھايات خۇددى تۆت پەسىلگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا جاندىن ئۆتكۈدەك دەھشەت سوغوقمۇ، كۆيدۈرۈپ كۈل قىلغۇدەك پىژغىرىم ئىسسىقمۇ بار. كىشىلىك ھايات خۇددى ھاۋارايىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا ئوچۇق كۈنلەرمۇ، بورانلىق ـ يامغۇرلۇق كۈنلەرمۇ بار. ھايات يولى گاھىدا تۈپتۈز داغدام يول، گاھىدا ئېگىز ـ پەس، خەتەرلىك تاغ يولى...بىراق مەيلى قايسى چاغ بولسۇن، قەلبىڭىزگە يورۇقلۇقنى كىرگۈزۈڭ، شۇندىلا سىز دەرد ـ ئەلەم، ئازاب ھېس قىلمايسىز.

بىر ئۈمىدسىز ئادەم بىر ئۈمىدۋار ئادەمنى زىيارەت قىلىپ كەپتۇ. يېتىپ كېلەي دېگەندە ئۈمىدسىز ئادەم ئالدىدا بىر چىرايلىق ئايلانما ئىشىكنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئىشىكنى يېنىك بىر ئىتتىرگەن ئىكەن، ئىشىك بىر خىل سۈرئەتتە ئايلىنىپتۇ، ئۇ ئەينەكلىك ئايلانما ئىشىككە ئەگىشىپ ئىچىگە كىرىپ ئۈمىدۋار ئادەمنىڭ ئۇنى ساقلاۋاتقىنىنى كۆرۈپتۇ.

ئۈمىدسىز كىشى ئۈنىڭدىن شۇنداق ئىخلاسمەنلىك بىلەن سوراپتۇ:

— مەن بۇگۈن ئالدىڭىزغا كېلىپ سىزدىن شۇنى ئۆگەنمەكچى، خۇشاللىقنىڭ زادى قانداق ئەپچىل ئۇسۇلى بار؟

— ئۈمىدۋار ئادەم قولى بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— كەينىڭىزدىكى ئاشۇ ئىشىك شۇ، — دەپتۇ. ئۈمىدسىز ئادەم بېشىنى بۇراپ قاراپ ئۆزى بايام كىرگەن چاغدىكى ئايلانما ئىشىكنى كۆرۈپتۇ. ئىشىك شۇ ۋاقىتتىمۇ ئاستا - ئاستا ئايلىنىۋاتقان بولۇپ، سىرتتىكىلەرنى بىر - بىرلەپ ئىچىگە كىرگۈزۈپ، ئىچىدىكىلەرنى سىرتقا ئۇزىتىپ چىقىرىپ قويۇۋاتقان ئىكەن. ئىككى تەرەپتىكى ئادەملەر شۇنداق راۋان كىرىپ - چىقىۋاتقان بولۇپ ھېچكىممۇ بىر - بىرىگە تەسىر يەتكۈزمەيدىكەن.

ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبىدە بىردىن ئىشىك بولىدۇ، بىراق ھەربىرىمىزنىڭ قەلب ئىشىكىمىزنىڭ ماتېرىيالى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەرنىڭ قۇلۇپلۇق ياغاچ ئىشىك بولىدۇ، غەلىبە قازىنىپ خۇشال بولغان چاغدا ئىشىكى ئېچىلىدۇ، مەغلۇپ بولۇپ ئازابلانغاندا بولسا ئېتىلىپ ئۆزىنى قاراڭغۇلۇققا سولاپ قويىدۇ. بەزىلەرنىڭ بولسا ئەينەكلىك ئايلانما ئىشىك بولىدۇ. مەيلى غەلىبە قازانسۇن ياكى مەغلۇپ بولسۇن، خۇشاللانسۇن ياكى ئازابلانسۇن، ھەمىشە ئۆزىنىڭ قەلب ئىشىكىنى بىر خىل رەۋىشتە ئايلاندۇرۇپ تۇرىدۇ، ئازاب ۋە مەغلۇبىيەتنى چىقىرىۋېتىدۇ، ئۈمىد ۋە كەلگۈسىنى كىرگۈزۈۋالىدۇ. بەزىلەردە مەڭگۈ ئېچىلمايدىغان تۆمۈر ئىشىك بولىدۇ، بۇنداقلارنىڭ قەلب ئۆيىگە قۇياشنىڭ پارلاق نۇرى كىرەلمەيدۇ، قەلبى ئازاب ۋە زۇلمەت ئىچىدە قالىدۇ. كىشىلەر ئەركىن ۋە ئېسىل تۇرمۇش

كەچۈرۈشكە موهتاج، قۇياشنىڭ ئۆزىگە هاياتىي كۈچ بەخش ئېتىشىگە ئىنتىزار. ياشىغانلىقىڭ نېمە ئەهمىيەتتى بولسۇن دەپ بىمەنە خىياللارنى قىلىپ يۈرمەڭ، ئۈششاق ـ چۈششەك ئىشلار تۈپەيلى قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرىدىن هۇزۇرلىنىدىغان قىممەتلىك ۋاقتىمىزغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويمايلى. تۇرمۇشىمىز ئىللىق قۇياش نۇرىغا موهتاج، قەلب دېرىزىڭىزنى كەڭرى ئېچىۋېتىپ قۇياش نۇرىنى تولۇق كىرگۈزۈۋېلىڭ.

ئاجاسانىڭ ئىككى بالىسى بولۇپ، ئۇ ئېرى بىلەن بىللە ئۇزۇن قولىدا پۇل قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئېرى راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. داۋالاش هەققىنى تۆلەش ئۈچۈن ئۇ ئائىلىسىدىكى ئازغىنە پۇلنى خەجلەپ تۈگەتكەندىن سىرت، يەنە باشقىلاردىن نۇرغۇن قەرز ئالىدۇ. بىراق ئاخىرىدا يەنىلا ئېرىنىڭ هاياتىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. ئۇنىڭ ئېرى تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئائىلىسى چاشقان كىرسىمۇ يامانلاپ چىقىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە قۇرۇقدىلىنىپ قاپتۇ. ئاجاسا ئامالسىز جاپالىق ئىشلەپ بالىلىرىنى بېقىپ ئائىلىسىنى قامداشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ مۇددەتكە بۆلۈپ تۆلەيدىغان قەرز بىلەن بىر كونا ماشىنا سېتىۋېلىپ بىر نەشرىيات شىركىتىگە بېرىپ كىتاب سېتىش خىزمىتىنى قىلىدۇ. مۇقىم كىرىم مەنبەسى بولمىغاچقا، تىجارەتنىڭ پىرسەنتى بويىچە پايدا بېرىلىپ پۈتۈن ئائىلىنىڭ كىرىمى كاپالەتكە ئىگە بولماپتۇ.

ئاجاسا يالغۇزلۇق، چۈشكۈنلۈك هېس قىلىپ كۈندە تۈمەن خىل ئەنسىرەش ئىچىدە دەككە ـ دۈككە بولۇپ ئۆتىدىكەن: ماشىنا سېتىۋالغان پۇلنى قايتۇرالماسلىقتىن، ئۆي ئىجارىسىنى بېرەلمەسلىكتىن، تويغۇدەك بىرنەرسە يېيەلمەسلىكتىن، بالىلىرىنىڭ ئوقۇش هەققىنى تۆلىيەلمەسلىكتىن، تۇيۇقسىز

ئاغرىپ قالسا دوختۇرغا كۆرۈنىدىغان پۇل تاپالماسلىقتىن ... ئىشقىلىپ ھېسابى تۈگىمەيدىغان غەملەرنى قىلىپ قورقۇپلا يۈرۈيدىكەن، ئۇنىڭغا نىسبەتەن تۇرمۇشنىڭ قىلچىلىك ياخشى يېرى يوقتەك، ھاياتتىن قىلچىلىك ئۈمىدى قالمىغاندەك ھەممىدىن بىراقلا ئۈلۈپ قۇتۇلماقچىمۇ بوپتۇ. بىراق يەنىلا بالىلىرىنىڭ يالغۇز قارا يېتىم بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، بۇ نىيىتىدىن ۋاز كېچىپتۇ. ئۇ راستىلا قىلچە مەززىسى يوق بۇنداق كۈنلەرنىڭ قېلىپىدىن چىقىپ كېتىشنى بىلمەپتۇ.

بىر كۈنى ئاجاسا بىر كىتابتىن ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىدىغان مۇنداق بىر جۈملىنى ئوقۇپتۇ: «بىر ئەقىللىق ئادەمنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ ئاكتىپ ھالدا قەلب دېرىزىسىنى كەڭرى ئېچىۋېتىپ، ھەر كۈنى يېڭى بىر ھاياتلىقنى كۈتىۋالىدۇ.» ئۇ تۇيۇقسىز مۇشۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندەك بوپتۇ. ئۆزىنىڭ تونۇگۈنكى بەختسىزلىك ۋە ئەتىنىڭ ۋەھىمىسى ئىچىدە يۈرۈپ بۈگۈندىن مەھرۇم قېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يېتىپتۇ. ئۇ مۇشۇ جۈملىنىڭ تەسىرىدىن خېلى ئۇزۇنغىچە ھاياجان ئىلكىدە تۇرۇپتۇ، ئاندىن ئۇ بۇ بىر جۈملە سۆزنى كارىۋىتىنىڭ بېشىغا بىر پارچە، ماشىنىسىنىڭ ئالدىدىكى شامالدىن دالدىلىنىش ئەينىكىگە بىر پارچە چاپلاپ قويۇپتۇ. ھەر كۈنى ئۇ ئورنىدىن تۇرغاندا ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۈگۈننىڭ ئۆزى يېڭى بىر ھاياتلىق!!» دەيدىكەن. ھەر كۈنى ماشىنىسىنى ھەيدەپ يولغا چىققاندا يەنە ئۆزىگە: «بۈگۈن نېمىدېگەن گۈزەل بىر كۈن ـ ھە!!» دەپ چەكسىز ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئىچىدە يولىنى داۋاملاشتۇرىدىكەن.

ئاجاسا ئاستا ـ ئاستا ئۆتمۈشنى ئۇنتۇشنى ئۆگىنىپتۇ، كەلگۈسىنى بەك ئويلىمايدىغان بوپتۇ، پەقەت قانداق قىلسام كۆز ئالدىمدىكى مۇشۇ ئىشىمنى ياخشى قىلارمەن دەپ ئويلايدىغان بوپتۇ.

ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ بارغانسېرى ئۆزگىرىپ خۇشچىراي بولۇپ قاپتۇ، ئۇنىڭ تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈپ تۇرىدىغان ئىللىق چىرايى بارغانسېرى خېرىدارلارغىمۇ تەسىر كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ. كىتابنىڭ سېتىلىش مىقدارىمۇ تېز سۈرئەتتە ئېشىپ بېرىپ شەخسىي كىرىمىمۇ بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە قاتلىنىپتۇ. بۇرۇنقى قەرزلىرىنى قايتۇرۇۋاپتۇ، ئىقتىسادىي ئەھۋالى بارغانچە ياخشىلىنىپ بېرىپتۇ، كېيىن يەنە بىر ياخشى ئەر بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قايتا توي قىلىپ يېڭىدىن شادلىققا چۆمۈپتۇ، ئۇ ئەر بىلەن بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

ئادەمنىڭ قەلبى ھەمىشە ئۆتمۈش بىلەن كېلەچەك ئارىسىدا قاتناپ تۇرىدۇ. ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى كۆڭلىمىزدە ساقلىماق، كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلاردىن تەشۋىشلىنىپ يۈرمەك، بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت «تېز» سېزىم بولۇپ ئاسانلا خاتالىشىپ قالىسىز. ئاقىۋەتتە ئۆتمۈشنىڭ بېسىملىرىدىن قۇتۇلالمايسىز، كەلگۈسىدە زىممىڭىزگە ئالىدىغان ۋەزىپىلەر دەستىدىن نەپەسمۇ ئالالماي قالىسىز. مەڭگۈ ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسى ئوتتۇرىسىدا تەۋرىنىپ يۈرۈيسىز.

ئاكتىپچانلىق بىلەن قوياشنىڭ گۈزەل نۇرلىرىنى كۈتىۋېلىڭ، بۇرۇنقى خۇنۇك ۋە يامغۇرلۇق كۈنلەرنى ئۇنتۇپ كېتىڭ، بەزىدە بىز ئىلگىرىكى ئازاب ۋە غەم ـ ئەندىشىلەرنىڭ سايىسى ئىچىدە قەلب دېرىزىمىزنى ئېچىشنى ئۇنتۇپ قالىمىز، بىز قاتتىق ئۇيقۇ ئىچىدە تۇرغىنىمىزدا سىرت ئاللىبۇرۇن نۇرلۇق قوياش نۇرىغا چۆمگەن بولىدۇ.

سىز قاراڭغۇلۇقتا قالغان چېغىڭىزدا دېرىزىڭىزنى ئېچىۋەتسىڭىز سىرتنىڭ ئادەمنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغۇدەك بىر باشقىچە دۇنيا ئىكەنلىكىنى كۆرىسىز. سىز سوغۇقتىن

تولغانداك ھېس قىلغاندا دېرىزىڭىزنى ئېچىۋەتسىڭىز ئىللىق قۇياش نۇرىنىڭ قەلبىڭىزنى يورۇتىدىغانلىقىنى بايقايسىز. ھەر ۋاقىت ئۆزىڭىزنىڭ قەلب دېرىزىڭىزنى ئېچىۋېتىپ، قۇياش نۇرىنى تولۇق كىرگىلى قويۇڭ! قۇياش نۇرى قەلبىڭىزنى ئىللىتىپلا قالماي ھاياتقا بولغان قىزغىنلىقىڭىزنى ئاشۇرىدۇ!!

## ئۆتمۈشنىڭ سايىسى ئەگەشمىسۇن

ئۆتمۈشتىكى ئىشلارغا ئاچچىقلىنىپ ھەتتا ئازابلىنىپ يۈرسەك، ئۆزىمىزنى ھەرگىز شۇ ئىشلارنىڭ كۆلەڭگىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقالمايمىز. پەقەت قەلبىمىزنى خۇددى تۇتقۇن بولغان مەھبۇستەك تېخىمۇ مەھكۇملۇقتا قالدۇرۇپ قويىمىز.

ئۇ مۇھەببەتلەشكەن ئىدى، تۇنجى قېتىم سۆيگۈنىڭ لەززىتىنى تېتىغان ئىدى. مۇھەببەتكە شۇنچىلىك بېرىلىپ كەتكەنلىكى ئۇچۇن ھەر قېتىم ئوغۇل دوستىنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويۇشلىرىغا خۇددى پۈتۈن دۇنياغا ئېرىشكەندەك خۇشال بولۇپ كېتەتتى. بىراق ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇ بۇنداق شېرىن مۇھەببەتتىن يېرىم يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئايرىلىپ قالدى، ئۇنىڭ ئوغۇل دوستى باشقا بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغاچقا ئۇنى تاشلىۋەتكەن ئىدى.

ئۇ ئوغۇل دوستىدىن ئايرىلىپ قالغاندا خۇددى پۈتۈن دۇنيادىن مەھرۇم قالغاندەك چەكسىز ئازاب ۋە چىدىغۇسىز ھەسرەتتە قالدى، پۈتۈن جاھان ئۇنىڭغا زۇلمەتلىك تۇيۇلدى، قايسى دوستى قانداق نەسىھەت قىلسۇن قىلچە ئۈنۈمى بولمىدى، بۇ ئىش ئۇنىڭغا چوڭ زەربە بولغان ئىدى. كۆڭلىدە بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ مۇھەببەتلىشىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالدىم دەپ ئويلايدۇ.

ئاخىرى بىر كۈنى بىر دوستى ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: «سەن پەقەت ئۆزۈڭنى ياخشى كۆرمەيدىغان بىرىدىن زىيان تارتتىڭ، بىراق ئۇ بولسا ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان بىرىدىن زىيان تارتتى، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ زىيىنى سېنىڭكىدىن كۆپ. ئازابلىنىشقا تېگىشلىكى ئەسلىي ئۇ، روھلۇقراق بول، ئۇنى ئەمدى ئۇنتۇپ كەت، ئۇنىڭدىن ياخشى يىگىتلەر سېنى كۈتمۇۋاتىدۇ...»

قىز ھېلىقى دوستىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قەلبىمۇ بارا ـ بارا ئېچىلىپتۇ.

مەشۇقىدىن ئايرىلىپ قېلىش كىشىنىڭ قەلبىنى چوڭقۇر ئازابلايدىغان ئىش. بەزىلەر قايتا مۇھەببەتلىنىشكە جۈرئەت قىلالماي، ئالدىراشلا ئالدىغا ئۇچرىغاننى رەت قىلماي توي قىلىپلا ئىشىمنى ئوڭشايمەن دەپ ئويلايدۇ. شۇلار بىلەن كەچۈرگەن تۇرمۇشقا رازى بولۇپ ياشاشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ.

ئۇزۇكسىز تۇرمۇشنىڭ كۆلەڭگىسى ئاستىدا ياشىسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ مەغلۇبىيىتىنى داۋاملاشتۇرىسىز خالاس. قەلبىڭىزدىكى كۆلەڭگىلەرنى تارقىتىۋەتكەندە قۇياش نۇرىنىڭ بۇرۇنقىدەك ئىللىق ئىكەنلىكىنى بايقايسىز.

تام بىلەن جېك بىرگە ناھايىتى ياخشى ئۆلگە تىكلەپ بەردى. ئىككىيلەن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن باشقا كۆپ سانلىق كىشىلەرگە ئوخشاش مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىدى. ئۇلار ئىككىسى يېقىن دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالدى. تام بۇرۇنقىدەكلا نىكنىڭ گۈزەللىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئېسىل پەزىلىتىنى ماختاپ كەلدى. يەنە دەم ئېلىش كۈنلىرى ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئىككىسىنىڭ بالىلىرىنى يوقلاپ تۇردى. ئارام ئېلىش كۈنلىرى كونا بىر ئائىلە كىشىلىرى بىرقانچە كۈن بىللە بولۇپ بەختلىك كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى. نىكمۇ ھەممىنى توغرا چۈشىنىپ ياخشى

مۇئامىلە قىلىپ كەلدى. ئۇلارنى ئاجراشقان ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئۆلگىسى دېيىشكە بولىدۇ.

ئاجراشقاندىن كېيىن ئاشۇ مەزگىلدىكى مەغلۇپ بولغان نىكاھ تۈپەيلى ئۆزىمىزنى جازالاپ يۈرۈشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. ئاشۇ مەغلۇپ بولغان نىكاھ تۈپەيلى تۇرمۇشىمىزدا دائىم ئازابلىنىپ يۈرۈشىمىزنىڭ تېخىمۇ زۆرۈرىيىتى يوق. تۇرمۇش ناھايىتى گۈزەل، ئالدىڭىزغا قاراپ داۋاملىق ماڭالىسىڭىز يېڭى بەختلەر سىزنى كۈتمەكتە.

ئۇنتۇش بولسا بەختنىڭ باشلىنىشى. بۇرۇنقى ئازابنى ئۇنتۇغاندىلا بۈگۈننى خۇشال ئۆتكۈزەلەيسىز، بۇرۇنقى شان ـ شەرەپلەرنى ئۇنتۇغاندىلا بۇندىن كېيىن تېخىمۇ ئاكتىپ بولالايسىز. تۈنۈگۈنكى ئازابلارنى ئىشىكنى تاقىۋېلىپ سىرتتا قالدۇرۇڭ، ئۆتمۈشتىكى بۇرۇنقى ئېغىر يۈكلەرنى يۈدۈپ يۈرۈشنى رەت قىلىڭ. ئۆتمۈشتىن ھالقىپ ئۆتۈپ يېنىك، ئازادە تۇرمۇش كەچۈرۈڭ. تۈنۈگۈن ئۇچۇن ياش تۆكمەڭ، ئۆتمۈشتىن ۋاز كېچىڭ، ئۆتمۈشتىكى ئۇتۇق نەتىجە بولسۇن ياكى مەغلۇبىيەتلەر بولسۇن ئۇلار ئۇچۇن ئۆزىڭىزنى ئۇرۇپ كەتمەڭ. ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنىڭ سىزنىڭ تەپەككۇر كۆزىڭىزنى توسۇپ قويۇشىغا يول قويماڭ، بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئەتىنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىشى ناتايىن، بىراق ئەڭ ياخشىسى يەنىلا ئەتە!!!»

## چۈشكۈنلەشمەڭ

*ھەسەت قىلىش، سوغوق مۇئامىلە قىلىش، ئىرادىسىزلىك، ئاچ كۆزلۈك، قايغۇ ـ ھەسرەت بۇلارنىڭ ھەممىسى قەلبىمىزدىكى ئەخلەتلەردۇر. ئايىغىمىزنىڭ ئىچىدىكى قۇملار قەلبىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، بىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزگە توسالغۇ بولىدۇ، پەقەت ئۇلارنى تۆكىۋەتكەندىلا ئاندىن ئەركىن ـ ئازادە، راھەت يول ماڭالايمىز.*

### قەلبىڭىزدىكى ھەسەتنى پەسەيتىپ، باشقىلارغا كەڭ قورساق بولۇڭ

كۆڭلى ـ كۆكسى تار، ھەسەت قىلىش ئىدىيەسى كۈچلۈك ئادەم ئېرىشىش بىلەن تەقدىم ئېتىشنىڭ خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. ئەكسىچە بۇنداق ئادەملەر ھەم پۇشايمان قىلىپ ئۆز چېچىنى ئۆزى يۇلۇپ ھەم باشقىلارنىڭ ياخشى تەرىپىنى كۆرمەي ھەمىشە تۇرمۇشنىڭ ئۆزگە رەھىمسىز مۇئامىلە قىلغاندەك ئازاب ئىچىدە ياشايدۇ.

تەقدىر بىزگە خۇشاللىق ۋە پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىزگە يەنە يېتەرسىزلىك ۋە ئازابمۇ بېرىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ ھەممىدىن نارازى بولۇشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، باشقىلارغا ھەسەت قىلىشىمىز تېخمۇ زۆرۈر ئەمەس. مەردلىك ۋە كەڭ قورساقلىق بىلەن تۇرمۇشقا مۇئامىلە قىلسىڭىز، نۇرغۇنلىغان ئامالسىزلىق ۋە بىزارلىقلارنى ئازايتالايسىز.

كۆپرەك خۇشاللىقا ۋە ئىللىق قۇياش نۇرىغا ئېرىشەلەيسىز. پەقەت شۇنداق قىلالىسىڭىزلا ئاندىن ئۆز تەقدىرىڭىزنىڭ خوجايىنى بولالايسىز.

مايكىل جوردان نامى دۇنياغا مەشھۇر ۋاسكېتبول چولپىنى. شۇنداقلا چىكاگودىكى بۇقا كوماندىسىنىڭ ۋاسكېتبول تارىخىدىكى ئەڭ قالتىس توپ چولپانلىرىنىڭ بىرى. جوردان ئادەمدىن ئالداپ ئۆتۈش تېخنىكىسىلا بولۇپ قالماي، ئۇنىڭ قارنى - كۆكسى ناھايىتى كەڭ. ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى باشقا نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

پىفېڭ بولسا بۇقا كوماندىسىدىكى بىردىنبىر جورداندىن ئېشىپ چۈشۈش ئۈمىدى زور بولغان، يېڭىدىن بايقالغان شەخس. بىراق جوردان ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك رەقىبى قاتارىدا ئىچى تارلىق بىلەن مۇئامىلە قىلمىدى. ئەكسىچە ئۇنىڭغا كۆپلەپ مەدەت بەردى، ئىلھاملاندۇرۇپ تۇردى.

بىر قېتىم جوردان پىفېڭدىن سوراپ: «ئىككىمىزنىڭ ئىچىدە قايسىمىز ئۈچ نومۇرلۇق توپنى ياخشى ئاتىمىز» دەيدۇ. پىفېڭ ئويلاپ ئولتۇرماستىنلا «سەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، جوردان ئۇنى دەرھال رەت قىلىپ «ياق، مەن ئەمەس سەن» دەپ ئۇنى ناھايىتى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. گەرچە شۇ ۋاقىتتا تېخنىكىلىق ئىستاتىستىكىدا كۆرسىتىلىشىچە، جورداننىڭ ئۈچ نومۇرلۇق توپ ئېتىش نىسبىتى 28.6%، پىفېڭنىڭ 26.4% بولسىمۇ، بىراق جوردان باشقىلارغا يەنە مۇنداق دېگەن: «پىفېڭنىڭ ئۈچ نومۇرلۇق توپ ئېتىش ھەرىكىتى ئۆلچەملىك، تەبىئىي. بۇ تەرەپلەردىن ئۇنىڭ ھەقىقەتەن تەبىئىي تالانتى بار، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. ئەكسىچە مېنىڭ ئۈچ نومۇرلۇق توپ ئېتىشىمدا نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلەر بار!!»

جـوردان يەنە پـىـفـېڭـغـا ئۆزىـنـىـڭ گارغا قـولـى بىلـەن تـوپ سالغاندا پەقەت ئوڭ قولىنى ئىشلىتىدىغىنىنى، سول قولىنى ئىشلىتىدىغان بولسىمۇ ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ئادەت خاراكتېرلىك ياردەمچى ھۆجۇم قىلىدىغانلىقىنى، پىفېڭنىڭ بولسا ئىككىلا قولىدا توپ سالالايدىغانلىقىنى، ھەتتا سول قولىدا توپ سېلىشى تېخى ئوڭ قولىغا باقاندا ياخشىراق ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى پىفېڭ ئۆزىمۇ دىققەت قىلمىغان نۇقتىلار ئىدى.

جـوردانىنىڭ نـاھايـىتـى كەڭ قورساقلىقى پۈتۈن كوماندا ئەزالىرىنىڭ قەلبىدە زور بىر ئۆلگە تىكلەپ، ئەزالارنىڭ ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى، ئۇلارنىڭ ماسلىشىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇقا كوماندىسى ھەرقايسى مەيدان مۇسابىقىلەردە ئارقا ـ ئارقىدىن نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى.

ھەسەت قىلىش بولمىسا قەلبىمىزدە پەقەت ھۇزۇرلىنىش ۋە ئىلھام بېرىشلا بولىدۇ. قارىغاندا جوردان پەقەت دۇنيا خەلقىنىڭ نەزىرىدە بىر ۋاسكېتبول چولپىنى بولۇپلا قالماي، يەنە پۈتۈن كوماندىنىڭ مەنىۋى داھىيسى. چۈنكى ئۇنىڭ قارنى ـ كۆكسى كەڭ، مەرد بولغانلىقى تېخىمۇ تەرىپلەشكە ئەرزىيدۇ.

فىرانسىيە يازغۇچىسى بالزاك مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ھەسەتخورلار ئۈچرىغان ئازاب باشقا ھەرقانداق ئادەم ئۈچرىغان ئازابتىن چوڭ بولىدۇ. ئۇنداقلارنىڭ ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكى ۋە باشقىلارنىڭ بەختى قوشۇلۇپ ئۆزىنى تېخىمۇ ئازابقا مۇپتىلا قىلىدۇ.» شۇڭا بىز ئامال بار ھەسەتخورلۇقتىن يىراق تۇرايلى. ناۋادا قەلبىمىزدە ھەسەتخورلۇقنىڭ كىچىككىنە ئۇچقىنى پەيدا بولۇپ قالسا ئۇنى دەرھال ۋاقتىدا ئۆچۈرۈۋالايلى. ھەسەت

ئوتىنىڭ بىزنىڭ روھىمىزنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىشىگە يول قويمايلى. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ھەقىقىي ئۆزىمىزگە، تېخىمۇ مۇكەممەللىككە ئىگە بولالايمىز.

بىر كۈنى، بىر پادىشاھ ئۆزى يالغۇز گۈللۈكنى ئايلىنىپتۇ. ئۇنى ناھايىتى ئەجەبلەندۈرگىنى گۈللۈكتىكى بارلىق ئوت ـ چۆپ، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ قاپتۇ. باغچىنىڭ ئىچى بىربۆلەك قاقاسلىققا ئايلىنىپ قاپتۇ. كېيىن پادىشاھ چۈشىنىپ يېتىپتۇ. «ئۈزۈم تاللىرى ھەمىشە ئۆزىنىڭ باراڭنىڭ ئۈستىدە ئۈمۈلەپلا يۈرىدىغانلىقى، پەقەت تۈز بولالمايدىغانلىقى، شاپتۇلغا ئوخشاش چىرايلىق چېچەك ئاچالمايدىغانلىقىدىن ھەسرەتلىنىپ قۇرۇپ كېتىپتۇ. ھەشقىپىچەكمۇ ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ، چۈنكى ئۇ سۆسۈن، سېرىق گۈللەرگە ئوخشاش خۇش پۇراق چىقىرالمايدىغانلىقىغا ھەسرەت چېكىدىكەن. قارىغاي دەرىخى ئۆزىنىڭ ئۈزۈم تاللىرىغا ئوخشاش مۇنچاق ـ مۇنچاق مېۋە بېرەلمەيدىغانلىقىدىن ئۆز ـ ئۆزىگە نەپرەتلىنىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ تولا غەم يەپ قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قاپتۇ. ھەممە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ روھسىز بېشى چۈشۈپ كېتىشكەن، پەقەت ئەڭ كىچىك، يۇمران تىنچلىق ئوتى بولۇق كۆكلەپ تۇرغۇدەك. پادىشاھ ئۇنىڭدىن:

— كىچىك تىنچلىق ئوتى، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن. باشقا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەممىسى باشقىلارغا ھەسەت قىلىپ ئۈمىدسىز ھالدا ھاياتتىن ۋاز كېچىپتۇ. بىراق سەن نېمىشقا قىلچىمۇ كۆڭلۈڭ يېرىم ئەمەس؟ ئەجەبا سەن باشقىلارنىڭ ئېگىز بويلىرىغا، چېچەك ئاچالايدىغانلىقىغا، مېۋە بېرەلەيدىغانلىقىغا ھەسەت قىلمامسەن؟! — دەپ سوراپتۇ. كىچىك ئوت جاۋاب بېرىپ:

ــ پادىشاھ ئالىيلىرى، مەن قىلچە ھەسەت قىلمايمەن، قىلچىلىك ئۈمىدسىزلەنمەيمەن، بىراق مەن ھېچنېمىگە ئەرزىمىسەممۇ، بىراق مەن شۇنى بىلىمەن، ئەگەر پادىشاھ ئالىيلىرى بىر تۈپ دۈب دەرىخىنى ياخشى كۆرسە ياكى بىر تۈپ قارىغاينى، بىر تال ئۈزۈم تېلىنى ياكى شاپتۇلنى، ھەشقىپىچەكنى، سىرىنگۈلنى... ئىشقىلىپ خالىغاننى كۆرمەكچى بولسا باشقىلارغا بۆيرۈپ گۈللۈككە تىكتۇرەلەيدىلا! بىراق سىلى مېنى خاتىرجەم ھالدا تىنچلىق ئۈتى بول دېدىلە، شۇڭا مەن تولۇق قانائەت ھاسىل قىلىپ كىچىك تىنچلىق ئۈتى بولدۇم» دەپتۇ.

باشقىلارنىڭ گۈلىنىڭ چىرايلىقلىقىغا ھەسەت قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ئۆزىمىزنىڭ خىيالىي جەننىتىمىز بار. بەلكىم سىزنىڭ گۈلىڭىز ھەقىقەتەن باشقىلارنىڭكىگە يەتمەسلىكى مۇمكىن، بىراق سىز بىرتال ھېچكىم دىققەت قىلمايدىغان كىچىك ئوت بولسىڭىزمۇ، يەنىلا ئۆزىڭىزنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىنى ياشىشىڭىز كېرەك. بىر ئادەم باشقىلارغا ھەسەت قىلغان چاغدا ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ئازابلايدۇ، باشقىلارغا قانچە ھەسەت قىلغانسېرى ئۆزىنىڭ ئاچچىق زەھىرىنى ئۆزى ئىچىپ قېلىپ ئۆزى ئەڭ چوڭ زىيان تارتىدۇ.

بىز ھەمىشە باشقىلارغا ھەسەت قىلىشقا كۆنۈپ قېلىپ ئۆزىمىزدىن ھۇزۇرلىنىشنى ئۇنتۇپ قالىمىز. ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق قىممەت قارىشى بولىدۇ. ئەگەر سىز باشقىلارنىڭ سىزدىنمۇ خۇشال كۈنلىرىگە ھەسەت قىلسىڭىز، ئۇنداقتا سىز باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى كۆرمەي قاپسىز، بەلكىم سىز باشقىلارغا ھەۋەس قىلىۋاتقان چېغىڭىزدا باشقىلارمۇ سىزگە ھەسەت قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئۆزىڭىزنى باشقىلار بىلەن ئەرزىمەس ئىشلارنى قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سېلىشتۇرۇپ يۈرمەڭ، تەڭرىنىڭ سىزگە بەرگەن نەرسىلىرىنى ئۇبدان ساناپ بېقىڭ، شۇندىلا سىز قولىڭىزدا بار بولغان بارلىق نەرسىلەرنى تېخىمۇ قەدىرلەيدىغان بولىسىز.

## ئاچ كۆزلۈك قەلبىڭىزنى چىرىتىۋېتىدۇ

يۇقىرى مەنسەپ، يۇقىرى مائاش، گۈللۈكى بار ئېسىل تۇرالغۇ، داڭلىق ماشىنا، گۈزەل ساھىبجامال، كەيپ ـ ساپالىق تۇرمۇش ... ناھايىتى ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۆزلىرىنى ئالللىبۇرۇن يېتەرلىك ئېرىشىپ بولدۇم دەپ ھېس قىلىشىدۇ. چېكى يوق ئارزۇ ـ ئارمان ئادەمگە شەكىلسىز بېسىم ئېلىپ كېلىدۇ. كەيپىياتىڭىزنىمۇ يامان سۈپەتلىك ئۆزگىرىش گىردابىغا ئاپىرىپ قويىدۇ.

ئىستەك قانچە كۆپ بولغانسېرى ئازابمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. ھەممىگە ئېرىشىشنى خىيال قىلسىڭىز ئاقىۋەتتە ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسىز. ئەكسىچە ئۆمۈر بويى ئۆز زىممىڭىزگە ئاۋارىچىلىكلەرنى ئارتىۋېلىپ بىر ـ بىرىمىزنىڭ پېيىگە چۈشۈپلا يۈرۈيمىز. ئاچ كۆزلۈك پەقەت قەلبىڭىزنى چىرىتىۋېتىدۇ، خالاس.

بىر نامرات ساتىراش بولۇپ، مەخسۇس پادىشاھنىڭ چېچىنى ئېلىشقا مەسئۇل ئىكەن. ئۇ ھەمىشە خۇددى ئىلاھقا ئوخشاش خۇشال يۈرۈيدىكەن، ھەتتا پادىشاھ بەزىدە ئۇنىڭ خۇشاللىقىغا ھەسەت قىلىپ قالىدىكەن. «سېنىڭ خۇشال بولۇشتىكى سىرىڭ نېمە؟ سەن نېمىشقا دائىم خۇشال يۈرىسەن؟ » دەپ ھەمىشە ئۇنىڭدىن سورايدىكەن. ساتىراش جاۋاب بېرىپ: «مەن ئۆزۈمنىڭ نېمىشقا مۇشۇنداق خۇشال بولۇشىمنى بىلمەيمەن، پەقەت كۈندە جان باققۇدەك پۇل تاپىمەن، ناھايىتى شۇنچىلىك» دەپتۇ.

پادىشاھ ئاڭلىغاندىن كېيىن پەقەت چۆشەنمەپتۇ. ئۇ باش ۋەزىرىدىن سوراپ بىلىپ بېقىش قارارىغا كەپتۇ. باش ۋەزىر ناھايىتى بىلىملىك كىشى ئىكەن. پادىشاھ ئۇنىڭدىن: «سەن چوقۇم ساتىراشنىڭ خۇشال بولۇش سىرىنى بىلىسەن» دەپ سوراپتۇ. ۋەزىر جاۋابەن: «مېنىڭ بىر كىچىك تەجرىبە ئىشلىشىمگە يول قويسىلا، ئاندىن ناھايىتى ئاسانلا بىلەلەيدىلا» دەپتۇ.

كەچتە ۋەزىر 99 تىللا قاچىلانغان بىر ھەميانىنى ساتىراشنىڭ ئۆيىگە تاشلاپ قويۇپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ساتىراش خۇددى دوزاخقا كىرىپ قالغاندەك تەشۋىشلىنىپ كېتىپتۇ. ئەمەلىيەتتە ساتىراش پۈتۈن كېچە ئۇخلىيالمىغان ئىدى. كېچىچە خالتىدىكى پۇلنى قايتا ـ قايتا ساناپ چىققان ئىدى. ھاياجانلانغىنىدىن ئۇيانغا ئۆرۈلۈپ، بۇيانغا ئۆرۈلۈپ ئۇيقۇسى كەلمىگەن ئىدى. ئۇ ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرۇپلا يەنە خالتىنى قولىغا ئېلىپ تىللالارنى بىر سىيلاپ قويۇپ يەنە بىر ساناپ چىقىپتۇ...

ئۇ قانچە سانىسىمۇ يەنىلا 99 تىللا، ئۇ كۆڭلىدە 100 تىللا بولغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى دەپ ئويلاپتۇ، ئەپلەپ ـ سەپلەپ پۈتۈن سان قىلىۋالغۇسى كەپتۇ. بىراق بىر تىللا بىر نامرات ساتىراش ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ناھايىتى چوڭ سان ئىدى. بىر تىللا پۇلمۇ ئۇنىڭ بىر ئايلىق كىرىمىگە ئاران توغرا كېلىدىكەن. بىراق ئۇ كۈنلۈك تاپقان پۇلىنى ئاران دېگەندە قورسىقىنى بېقىشقا سەرپ قىلىپ تۇرمۇشىنى قامداپ كېلىدىكەن. نەگە بېرىپ بۇ بىر تىللانى تۇغرىلاپ كەلسەم بولا؟!

ئۇ نۇرغۇن ئامالالارنى ئويلاپ بېقىپتۇ. بىراق ھېچقايسىسى ئەسقاتماپتۇ. كېيىن ئۇ ئاران تەستە مۇنداق قارار چىقىرىپتۇ، بىر كۈن تاماق يېمەي كېيىنكى بىر كۈنى يەي، يەنە بىر كۈنى يېمەي كېيىنكى بىر كۈنى يەي. مۇشۇنداق قىلسام ئاستا ـ ئاستا بىر تىللانى جۇغلىۋالغۇدەكمەن. كېيىن 100تىللا بولسىلا ياخشى

بولغىنى ... ئۇ توختىماي مۇشۇ مەسىلىنى ئويلاپ يۈرۈپتۇ. 99 تىللانى 100 تىللا قىلىش ئۈچۈنلا ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈنلەي ئېسىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ.

ئۇ بارغانسېرى غەم ـ ئەندىشە قىلىپ بۇرۇنقىغا ئوخشاش خۇشال بولالماپتۇ. پادىشاھ ئاخىرى ساتىراشنىڭ خۇشال بولۇشتىكى سىرىنى بىلىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ساتىراشنىڭ ھازىر نېمىگە خۇشال بولالمىغانلىقىنىمۇ چۈشىنىپ يېتىپتۇ.

ئاچ كۆزلۈك خۇددى ئېغىر ئەپكەشكە ئوخشايدۇ. بۇ ئەپكەشنىڭ ئىچىگە لىپمۇلىق ئارزۇلۇق تاش قاچىلانغان بولىدۇ. قەلبىڭىزنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلىپ ئۇنى كونترول قىلالمىسىڭىز، سىز ئۇنىڭغا پايدىلىنىدىغان پۇرسەت بەرگەن بولىسىز. بۇ ئارزۇلۇق تاشلار ناھايىتى تېزلا خۇشاللىقىڭىزنى تارتىپ كېتىدۇ.

ئارزۇ چوڭ بولۇپ كەتسە ئاشۇ ئارزۇلار تەرىپىدىن چارچاپ قالىسىز، ھەتتا چەكسىز نەپسانىيەتچىلىك سىزنى بىر ئۆمۈر ھالسىرىتىپ قويىدۇ. بىز ئۆزىمىزگە لازىملىق نەرسىلەرگە مۇۋاپىق دەرىجىدە تەلپۈنۈش پىرىنسىپىدا بولۇشىمىز كېرەك. بىز تەڭرىنىڭ بىزگە بەرگەن بايلىقلىرىغا رەھمىتىمىزنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك، قانائەت قىلغاندىلا ھەمىشە خۇشال ـ خۇرام ياشىيالايمىز.

بىر چوڭ كارخانىنىڭ باش لىدىرى گەرچە پەقەت تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ زور تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ ئون نەچچە يىل جاپالىق خىزمەت قىلىش ئارقىلىق ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ كەسپىي ئىشلىرى ناھايىتى ئەۋجىگە چىققان، ئايالى ناھايىتى ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك، ئوغلى ئىنتايىن ئەقىللىق، بۇنىڭغا قاراپ ئۇنى ئىنتايىن بەختلىك ئادەم دېيىشكە بولاتتى. بىراق ئۇ كۈنبويى غەم ـ ئەندىشە قىلىپ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپلا يۈرۈيدىكەن،

نېمىشقا دېسەڭلار مۇشۇنداق چوڭ كارخانىنىمۇ يەنە قانداق قىلسام تەرەققىي قىلدۇرۇپ كۆلىمىنى تېخىمۇ كېڭەيتەلەرمەن دەپ تولا باش قاتۇرىدىكەن.

هازىر ئۇنىڭ كارخانىسى ئۆزگىرىشكە يۈزلىنىۋاتقان مەزگىل ئىدى، ئۇ ئۆزى پەقەت تولۇق ئوتتۇرا سەۋىيەسىگە ئىگە بولغاچقا، ئۆزىنىڭ سەۋىيەسى هازىرقى كارخانىنىڭ تەرەققىياتىغا يېتىشەلمەيدىغاندەك هېس قىلىپ، يۇقىرى ساپالىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئىشقا تەكلىپ قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. «تەكلىپ قىلىپ كەلگەن ئاشۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك كىشىلەر كارخانامنى قانداق هالەتكە چۈشۈرۈپ قويار؟»، «مەن شۇ سەۋەبلىك بىرقىسىم هوقۇقلىرىمدىن ئايرىلىپ قالارمەنمۇ؟»، «قانداق قىلغاندا ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرغىلى بولار؟» ... ئۇ يەنە مۇشۇنداق بىرقاتار مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدىغان، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ قۇرۇق خىيال قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ، هەمىشە بىر خىل ئالدىراش هالەتتە يۈرۈيدىغان بولۇپ قاپتۇ.

ئەزەلدىن ئىشتىن چۈشىدىغان، ئىشقا چىقىدىغان ئېنىق ۋاقىت يوقتەك، ئالدىراش كەسپىي ئىشلىرى خۇددى ئۇنىڭ هاياتىنىڭ پۈتۈن قىسمىغا ئايلىنىپ قالغاندەك بولۇپ قاپتۇ. ئايالى ئۇنىڭ ئىككى يىل ئىچىدە ئادەمنى هەيران قالدۇرغۇدەك قېرىپ كەتكىنىنى سېزىپتۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە بولىدىغان ۋاقتىمۇ بارا ـ بارا ئازىيىپتۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە پەقەت پۇللا باردەك تۇيۇلۇپتۇ.

مال ـ دۇنيارىمىز قانچىلىك كۆپ بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر بىر كۈندە ئاران ئۈچ ۋاقلا تاماق يېيەلەيمىز. قول ئىلكىمىزدە قانچىلىك كەڭرى زېمىنلار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر نەچچە كىۋادرات مېتىر يەردىلا پاناھلىنىمىز. بىز كۆڭلىمىزدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قانچىلىك كۆپ ئېرىشسەك شۇنچە ياخشى دەپ ئويلايمىز. قانچە ئېگىزگە يامىشالىساق شۇنچە خۇشال بولۇپ كېتىمىز، مۇشۇنداق چېكى يوق تەلپۈنۈشلەر ئىچىدە قەلبىمىزنىڭ ئاللىبۇرۇن چىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيمىز. ئاچ كۆزلۈك سىرلىق ئېزىقتۇرغۇچى، ئۇ بىزنى ھېرىپ - چارچاشنى بىلمەي يامىشقۇزۇپ تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈرۈۋېتىدۇ.

نەپسانىيەتچىلىك كىشىلىك ھاياتنىڭ نىشانى قىلىنغاندا، بۇ خىل ياۋايى ئىستەكنى باشقۇرماق تەسكە توختايدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا بۇ خىل ئاچ كۆزلۈك ئەسلىدىكى تىنچ قەلبىڭىزنى يۇتۇۋېتىدۇ. ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى شۇ كىشىنىڭ ئۆزى، غەلىبە قىلماق تەس بولغىنىمۇ يەنىلا ئۆزىڭىز. ئۆزىڭىزنىڭ نەپسانىيەتلىك ئارزۇلىرىڭىزنى كونترول قىلىشىڭىز ئىرادىڭىزنى چېنىقتۇرۇشقا پايدىسى بولىدۇ، يەنە كېلىپ ئۆزىمىزنىڭ زۆرۈر بولمىغان ئارزۇلىرىمىزدىن ۋاز كەچسەك، قەلبىمىز تېخىمۇ ئازادە، تېخىمۇ خۇشال بولۇپ قالىدۇ.

## تەكەببۇرلۇقىڭىزنى تاشلاڭ

تەكەببۇرلۇق ئىدىيەسى كۈچلۈك ئادەم باشقىلارنى ھەرگىز نەزىرىگە ئېلىپ قويمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى باشقىلاردىن قالتىس ھېسابلايدۇ. ئۇلار ھاكاۋۇرلۇقنىڭ باشقىلارنى بىزار قىلىپ قويىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. «غوجامنىڭ غوجىسى، چامغۇرنىڭ ئورىسى بار». بەك تەكەببۇرلۇق قىلىدىغان كىشىلەر ئۆزىگە ئۆزى بالا تېپىۋالىدۇ، خالاس.

تۇرمۇشتا بىز ھەمىشە بۇنداق ئەھۋالغا ئۇچراپ تۇرىمىز، قانچە بىلىملىك كىشى بولسا شۇنچە كەمتەر، كىچىك پېئىل كۆرۈنىدۇ، ئەكسىچە تەكەببۇرلار بولسا خۇددى «يېرىم چېلەك سۇ بەك شالاقشىيدۇ» دېگەندەك، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق

كېلىدۇ.

جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىدە ناھايىتى تەكەببۇر بىر سانغۇن ئۆتكەن بولۇپ، بىر قېتىم ئۇ داڭلىق شائىر ياڭ ۋەنلى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىپتۇ، ياڭ ۋەنلى ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئازراق جاڭشىنىڭ داڭلىق تېتىتقۇلىرىدىن يوۋجىنى ئالغاچ كېلىشنى تاپىلاپتۇ، سانغۇن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قاپتۇ، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ياڭ ۋەنلىنىڭ ئېلىپ كېلىڭ دېگەن نەرسىسىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ، شۇڭا ئۇ: «ئەپەندىم، كەچۈرۈڭ، مەندەك بىر ئوقۇمۇشلۇق ئادەم راستلا ھېلىقى ‹تۇز تەييارلايدىغان يوۋجى›نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ئېلىپ كېلەلمىدىم» دەپتۇ.

ياڭ ۋەنلى ئەكسىچە ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن كىتاب جازىسىدىن «قاپىيە» دېگەن كىتابنى ئېلىپ، بىر بېتىنى ئېچىپ سانغۇنغا سۇنۇپتۇ، بۇ كىتابتا مۇنداق يېزىلغان ئىكەن: «تۇز تەييارلايدىغان يوۋجى»، ئەسلىدە ياڭ ۋەنلىنىڭ ئۇنىڭغا ئالغاچ كېلىڭ دېگىنى ئادەتتە كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان پۇرچاق ئۈيۈتمىسى ئىكەن، بۇنى كۆرۈپ سانغۇن قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كېتىپتۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ئوقۇمىغان كىتابلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى ھېس قىلىپتۇ، شۇنداقلا يەنە ئادەمنىڭ مەغرۇر بولسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپتۇ.

مەغرۇرلۇقنىڭ نۇرغۇن يامان تەرەپلىرى بار، بىراق ئەڭ خەتەرلىك بولغىنى ئۇ ئادەمنى قارىغۇ، ھاماقەت ھەمدە بەكلا شۆھرەتپەرەس قىلىۋېتىدۇ، مەغرۇرلۇق قارىغۇلۇقنى يېتىشتۈرەلەيدۇ ھەمدە كۈچەيتەلەيدۇ، يەنە بىزگە ئالدىمىزدىكى ئۇزۇن يولنى كۆرسەتمەيدۇ. بىزنى ئالىلىقاچان تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىپ بولغاندەك ھېس قىلدۇرىدۇ، خۇددى

ياماشقىلى يەر قالمىغاندەك، بىراق ئەمەلىيەتتە بىز ئەمدى تېخى تاغ ئېتىكىدە لەيلەپ يۈرگەن بولىمىز، شۇڭا مەغرۇرلۇق بىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزنى توسۇپ قويىدىغان بىر چوڭ دۈشمەن، خالاس.

بۇرۇن بىر بىلىم ئىگىسى بار بولۇپ، بەش يىل ئۆگىنىپ بىلىمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپتۇ، ئۇ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى بىلىملەرگە پۇختا بولۇپ، ئۆزىنى ھېچ كىشى بىلەن تەڭ قىلمايدىغان بىر مەغرۇر ئادەم ئىكەن، ئۇ بىر «مۇناخ»نىڭ بىلىمىنىڭ مول، ناھايىتى قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىنى، نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ئۇنى «مۇناخ» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ بىلىم ئىگىسى بۇنىڭغا قايىل بولماي ئۇنىڭ بىلەن بىر مۇسابىقىلىشىپ باقماقچى بولۇپتۇ. بۇ بىلىم ئىگىسى « مۇناخ » تۇرغان ئىبادەتخانىغا كېلىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپتۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭغا: «مەن سىزدىن تەلىم ئالغىلى كەلدىم» دەپتۇ، « مۇناخ » بۇ كىشىگە بىرئاز سەپسالغاندىن كېيىن ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق گەپ قىلىشماپتۇ، مۇشۇ ئولتۇرۇش بىلەن نەچچە سائەت ئولتۇرۇپتۇ، بارا ـ بارا بۇ بىلىم ئىگىسىنىڭ چىرايىدا بىر خىل ئاچچىقلىنىش ئىپادىسى كۆرۈلۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن قېرى مۇناخ بىر چەينەكنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ ـ دە، بىلىم ئىگىسىنىڭ ئىستاكانىغا چاي قۇيۇپتۇ، بىلىم ئىگىسىنىڭ ئىستاكانى توشۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق «مۇناخ»نىڭ يەنىلا توختىماي چاي قۇيۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتالماي: «مۇناخ، ئىستاكان توشۇپ كەتكەن بولسىمۇ، سىز نېمىشقا يەنىلا توختىماي چاي قۇيۇۋېرىسىز؟» دەپ سوراپتۇ. «شۇنداق، ئىستاكان توشۇپ كەتتى» دەپتۇ مۇناخ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «توشۇپ كەتكەچكە داۋاملىق قۇيغىلى

بولمايدۇ، سىز كىرگەندە مەن سىزنىڭ مەغرۇر قىياپىتىڭىزنى كۆردۈم، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز مەندىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆتۈنمىدىڭىز، سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ئاللىقاچان مەغرۇرلۇق، شەخسىيەتچىلىك بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ، ئەگەر مەن سىزگە بىلىم ئۆگەتسەم نەگە سىغدۇرىسىز؟ » دەپتۇ. بىلىم ئىگىسى ھەممىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ ـ دە، شۇنىڭدىن باشلاپ مەغرۇرلۇقىنى تاشلاپتۇ.

مەغرۇرلۇق بولسا بىر قىلتاق، پەقەت مەغرۇرلۇقنىڭ ئالدىنى ئالغاندا ھەمدە ئۇنىڭدىن غالىب كەلگەندە ئاندىن كىشىلىك ھايات يولىدا توختىماي ئالغا ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە نەتىجە قازانغانلارنىڭ ھەممىسى بىلىمگە ھېرىسمەن، ئەزەلدىن مەغرۇرلانمايدىغان كىشىلەر ئىدى.

19 ـ ئەسىردە ياشىغان فىرانسىيەلىك داڭلىق رەسسام بىرونى شىۋىتسارىيەگە بېرىپ ساياھەت قىلىپتۇ. بىراق ئۇنىڭ بۇ ساياھىتى پەقەتلا ئۇيەر ـ بۇ يەرلەرنى كۆرۈش ئەمەس، بەلكى كۈندە رەسىم سىزىش جازىسىنى يۈدۈۋېلىپ، شىۋىتسارىيەدىكى ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ رەسىم سىزىش ئىكەن. بىر كۈنى بىرونى رىناۋا كۆلى ئەتراپىدا پۈتۈن دىققىتى بىلەن رەسىم سىزىۋاتقاندا، ئۈچ ئەنگلىيەلىك ئايال ساياھەتچى ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ رەسىم سىزىشىغا قارىسا، يەنە بىر تەرەپتىن قولى بىلەن ئۇيەر ـ بۇيەرلىرىنى كۆرسىتىپ، بىرسى ئۇ يېرى بولماپتۇ دېسە، يەنە بىرى بۇ يەر بولماپتۇ دەپ رەسىمگە باھا بېرىپتۇ. لېكىن بىرونى بۇنىڭغا ھېچقانداق قارشى پوزىتسىيەدە بولماي ئۇلار كۆرسىتىپ ئۆتكەن جايلارنى بىر ـ بىرلەپ ئۆزگەرتىپ چىقىپتۇ ھەمدە ئۆزگەرتىپ بولغاندىن كېيىن

ئۇلارغا «رەھمەت» دەپتۇ.
ئىككىنچى كۈنى، ئۇ بىر ئىت بىلەن باشقا بىر يەرگە بېرىپتۇ ھەمدە ماشىنا بېكىتىدە تونۇگۇن ئۇچراتقان ھېلىقى ئۈچ نەپەر ساياھەتچى ئايال بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇلار شۇ ۋاقىتتا بىر - بىرىگە قولاقلىرىنى يېقىشىپ پىچىرلىشىۋاتقان بولۇپ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىكەن، ئۈچەيلەن ئۇنى كۆرۈپ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن: «ئەپەندىم، ئاڭلىشىمىزچە، داڭلىق رەسسام بىرونى ھازىر مۇشۇ يەرگە ساياھەتكە كېپتۇ، شۇڭا ئالايىتەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە كەلگەن ئىدۇق، سىز ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟» دەپ سوراپتۇ. بىرونى ئۇلارغا ئېگىلىپ تۇرۇپ: «كەچۈرىسىلەر، مەن بىرونى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ ئۈچەيلەن ھەيران بولۇپ، تونۇگۇنكى ئەدەپسىزلىكىنى ئويلاپ، ناھايىتىمۇ خىجىللىق ھېس قىپتۇ.
كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «كەمتەرلىك ئادەمنى ئالغا باستۇرىدۇ، مەغرۇرلۇق ئادەمنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ» دېگەن بۇ ماقال - تەمسىل تەۋرەنمەس ھەم ئۆچمەس بىر ھەقىقەت. ئۇستازلارنىڭ ئۇستازى بولغان كۇڭزىمۇ «ئۈچ ئادەمنىڭ بىرى جۇ گېلياڭ بولىدۇ» (ئۈچ ئادەم بىرلەشسە، جۇ گېلياڭدىن ئېشىپ چۈشىدۇ) دېگەن، بىز دەك ئاددىي ئادەملەرچۇ؟

## ئۆزىنى كەمسىتىش ھېسسىياتىنى يېڭىش

ئۆزىنى كەمسىتىش بولسا قەلبىمىزدىكى قارا بۇلۇتقا ئوخشايدۇ، پەقەت ئۇنى ئېلىۋەتكەندىلا، ئاندىن ئىللىق قۇياش نۇرىنى ھېس قىلالايمىز، ھاياتتىكى خۇشاللىقلاردىن بەھرىمەن بولالايمىز، ئۆزىنى كەمسىتىشنى يېڭىشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك

ئۇسۇلى بولسا ئۆزگە ئىشىنىش، پەقەت ئۆزگە ئىشەنگەندىلا ئاندىن ئۆزىنى يەڭگىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياپونىيەنىڭ ئىقتىسادى ناھايىتى ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىغان ئىدى، نۇرغۇنلىغان زاۋۇتلارنىڭ ئەھۋالى خاراب بولۇپ ئىشسىزلىق كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىشكە باشلىدى، بىر يېمەك ـ ئىچمەك شىركىتىمۇ ۋەيران بولۇشقا يۈزلەنگەن بولۇپ، شىركەتنى مۇشۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن باشقۇرۇش قاتلىمىدىكىلەر خادىم قىسقارتماقچى بولدى، قىسقارتىلىدىغان ئوبيېكتلار تازىلىق ئىشچىسى، شوپۇر، يەنە نۇرغۇنلىغان قولىدا ھېچقانداق تېخنىكىسى بولمىغان ئىسكىلات باشقۇرغۇچى خادىملار ئىدى. قىسقارتىلغان تىزىملىكتە 30 نەچچە ئادەم بار بولۇپ، باش دىرېكتور ئۇلارغا شىركەتنىڭ ئامالسىزلىقىدىن چىقارغان بۇ قارارنى چۈشەندۈردى، بۇ قارارغا نىسبەتەن كۆپچىلىك شۇئان قوبۇل قىلىش پوزىتسىيەسىدە بولماي، ئەكسىچە ئۆزىنى شىركەتكە قارىتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايمىز دەپ قارىدى. تازىلىق ئىشچىلىرى «بىزنىڭ رولىمىز ناھايىتى مۇھىم، ئەگەر بىز تازىلىق قىلمىساق پاكىز مۇھىت، ساغلام، تەرتىپلىك بولغان خىزمەت مۇھىتى بولمايدۇ، بۇنداق بولسا كۆپچىلىك قانداقمۇ پۈتۈن دىققىتىنى خىزمەتكە قارىتالايدۇ؟» دېيىشتى. شوپۇرلار: «بىزنىڭ رولىمىزمۇ ناھايىتى مۇھىم، بىز بولمىساق بۇنچىۋالا كۆپ مەھسۇلاتلار قانداقمۇ دەل ۋاقتىدا سودا بازىرىغا يېتىپ بارالىسۇن؟» دېيىشتى. ئىسكىلات باشقۇرغۇچى خادىملار بولسا: «بىزنىڭ رولىمىزمۇ ناھايىتى مۇھىم، ئۇرۇش تېخى ئەمدىلا ئاخىرلاشتى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يەيدىغان نەرسىسى يوق، ئەگەر بىز بولمىساق يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى يولدىكى تىلەمچىلەر تەرىپىدىن ئوغرىلىنىپ كەتمەمدۇ؟» دېيىشتى.

دىرېكتور ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى تەپسىلىي ئويلانغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ئاساسى بارلىقىنى ھېس قىلىپ باشقۇرۇش قاتلىمىدىكىلەر بىلەن باشتىن مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق خادىم قىسقارتمايدىغان بولدى. ئاخىرىدا: « مەن ناھايىتى مۇھىم» دېگەن بىر ۋىۋىسكا زاۋۇت دەرۋازىسىغا ئېسىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنى خىزمەتچىلەر ئىشقا كەلگەندە تۇنجى قېتىم كۆرىدىغىنى «مەن بەك مۇھىم» دېگەن سۆز بولدى. مەيلى ئالدىنقى سەپتىكى خىزمەتچىلەر بولسۇن ۋەياكى ئادەتتىكى ئىشچىلار بولسۇن ھەممىسى رەھبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ناھايىتى مۇھىم كۆرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، خىزمەتكە بولغان قىزغىنلىقى بارا ـ بارا ئاشتى، ئاخىرىدا بۇ شىركەت گۈللەنگەن ئاغزىدىن قايتىپ كەلدى. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن شىركەت تېز سۈرئەتتە باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ياپونىيەدىكى داڭلىق شىركەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

بەزى ۋاقىتلاردا ئۆزىگە ئىشىنىش ئۆزىنى قوتۇلدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كارخىنىنىمۇ قۇتۇلدۇرالايدۇ، ھەرقانداق ئىشتا ئۆزىڭىزنى سەل چاغلىماڭ، ھالقىلىق پەيتلەردە «مەن بەك مۇھىم» دېيىشكە جۈرئەت قىلالامسىز؟ سىناپ بېقىڭ، بەلكىم ئاشۇ مىنۇتلاردا سىزنىڭ ھاياتىڭىزدا بۇرۇلۇش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

بىر ئادەمدە ئۆزىنى كەمسىتىش پسىخىكىسى پەيدا بولۇپ قالسا، دائىم ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىدىن گۇمان قىلىپ ئاخىرىدا كېرەكسىز ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلىك ئالاقە توپىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ئاخىرىدا يالغۇزچىلىقتا بېكىنمە ھالەتكە ئۆتۈپ قالىدۇ. ئەسلىدە تىرىشىش ئارقىلىق يەتكىلى بولىدىغان نىشانغا بولسا «مەن قىلالمايمەن» دەپ قاراپ

ناھايىتى ئاسانلا ۋاز كېچىۋاتىدۇ. ئۆزىنى كەمسىتىدىغان كىشىلەر ھاياتلىقتىكى ئۈمىدنى كۆرەلمەيدۇ، تۇرمۇشتىكى خۇشاللىقلارنى ھېس قىلالمايدۇ، شۇنداقلا گۈزەل ئەتىگە ئۈمىد بىلەن قارىيالمايدۇ.

شۇڭا، بىز تۇرمۇشتىكى ھەر خىل ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ۋاقىتلاردا چوقۇم ئاكتىپلىق بىلەن كەيپىياتىمىزنى تەڭشىشىمىز، ھەرگىزمۇ دائىم ئۆزىمىزنىڭ كەمچىلىك ۋە ئاجىزلىقىمىزنىلا كۆرمەسلىكىمىز، كۆپرەك ئۆزىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە ئالاھىدىلىكىمىزنى بايقىشىمىز، ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچىمىزنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

ئۆزىنى كەمسىتىش پسىخىكىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىمىزگە باھا بېرىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك، ئۆزىمىزنىڭ قىممىتىنى، ئارتۇقچىلىقىمىزنى بايقىشىمىز كېرەك. «بۇ تالانتىمنىڭ چوقۇم لازىمى بار» دېگەنگە چوقۇم ئىشىنىشىمىز كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئۆزىمىزنى رىغبەتلەندۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك، ئاكتىپلىق بىلەن ئۆزىمىزگە «مەن قىلالايمەن»، «باشقىلار قىلالىغاننى مەنمۇ قىلالايمەن»، «داۋاملاشتۇرۇش دېگەن غەلىبە» دېگەنلەرنى دېيەلەيدىغان بولۇشىمىز كېرەك، ئۆزىمىزنىڭ قىيىنچىلىقلارنى ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارنى يېڭىش كۈچىمىزنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىگە ئىشىنىش ئۆزىنى كەمسىتىش پسىخىكىسىنى يېڭىشنىڭ ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، ئۆزىگە ئىشىنىش بولسا ئۆزىنى كەمسىتىش پسىخىكىسىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرالايدۇ ھەمدە تۇرمۇش ۋە كەسىپتە نەتىجە قازاندۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## چۈشكۈنلىشىش — روھىي جەھەتتىن ئۆزىنى نابۇت قىلغانلىق

چۈشكۈنلىشىش بىر خىل پاسسىپ ئىدىيە ھەمدە ئۆزىنى قىيناش پىسخىكىسى، چۈشكۈنلىشىش ئادەمنىڭ جاسارىتىنى ئاجىزلاشتۇرىۋېتىدۇ، زېھنىي كۈچىمىزنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ، كار.مالۇڭ: «پاسسىپ چۈشكۈنلىشىشنىڭ ئۇسۇلىنى تېپىش ناھايىتىمۇ تەس، چۈنكى ئادەم كۆپىنچە ۋاقىتلاردا چۈشكۈنلىشىشكە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ» دەپ قارايدۇ.

زادى نېمە چۈشكۈنلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؟ بۇ بىر نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىدىن بۇيان كىشىلەر كۆڭۈل بۆلگەن تېما. تەخمىنەن 2000 يىللار ئىلگىرى قەدىمكى يۇنانلىقلار مۇنداق دەپ قارىغان: «چۈشكۈنلىشىش بولسا ئادەم بەدىنىدىكى ‹قارا ئۆت سۇيۇقلۇق› نىڭ ئارتىپ كېتىشىدىن پەيدا بولغان.» يەنى « چۈشكۈنلىشىش» دېگەن سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى « قارا ئۆت سۇيۇقلۇقى».

گەرچە چۈشكۈنلىشىشنىڭ ئىپادىلىرى ھەر خىل بولسىمۇ، لېكىن چۈشكۈنلىشىش ئادەتتە ئىككى خىل يول ئارقىلىق بىزنىڭ ئىدىيەمىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئاۋۋال، ئۇ بىزنىڭ دىققىتىمىزنىڭ يىغىلىش دەرىجىسى ۋە ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز بەزىدە ئىش قىلغاندا زېھنىمىزنى قەتئىيلا يىغالمايدىغانلىقىمىزنى بايقايمىز، گەرچە بۇ بەك ئاددىي ئىش بولسىمۇ بىز يەنىلا ئاسان ئەستە قالدۇرالمايمىز، يەنى ئاسان ئۇنتۇغاق بولۇپ قالىمىز ھەمدە ئەسكە ئالىقىمىز ناھايىتى تەسكە توختايدۇ.

ئىككىنچىدىن، چۈشكۈنلىشىشنىڭ ئىدىيەرىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىككىنچى يولى بولسا ئۆزىمىزگە،

كەلگۈسىمىزگە، ھەتتا پۈتۈن دۇنياغا بولغان قارىشىمىزغا كۆرسەتسىدىغان تەسىرىدۇر. چۈشكۈنلەشكەن ۋاقىتتا ھېچكىممۇ خۇشال بولالمايدۇ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا چۈشكۈنلىشىش ئادەمنى ھېچقانداق قىممىتى قالمىغاندەك، ھېچقانداق رولى قالمىغاندەك ھېس قىلدۇرىدۇ، ھەتتا ئۈمىدسىزلىنىپ دۇنيادىن بىزار بولىدۇ، كەلگۈسى ئۇلارغا شۇنچىلىك قاراڭغۇ بولۇپ كۆرۈنىدۇ، ھەتتا مەغلۇبىيەتكە تولغان بولىدۇ.

چۈشكۈنلىشىش يۇقىرىقىدەك ئىككى خىل يول ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ، ئادەتتە بىز دە باش ـ ئاخىرى يوق خىياللارنى شەكىللەندۈرىدۇ، ئۇ قەلبىمىزدىكى ئارزۇ ـ ئارمانلارنى يوقىتىشكە مەجبۇرلايدۇ، بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە بولغان تەلپۈنۈشلىرىمىزنى غۇۋالاشتۇرۇۋېتىدۇ، بىزنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئوي ـ پىكىرلىرىمىزنى سۇسلاشتۇرىۋېتىدۇ، ھەتتا بىزنى بىر مەغلۇبىيەتچىدەك ھېس قىلدۇرۇپ قويىدۇ.

جاڭ شۇئەن بىر چەت ئەل مەبلەغ سالغان شىركەتتە ئىشلەيتتى. يېقىندىن بۇيان باش شىركەتتىن ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان ئادەم قىسقارتىش خەۋىرى ئۇنى زادىلا خاتىرجەم قىلمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنىڭ تۇۋرۈكى ئىكەنلىكىنى، بىر بالىسىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلىقىنى، يەنە تۆت ياشانغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭ بېقىشىغا قاراشلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. 2007 ـ يىلى ئۇ ئۆزىنىڭ بىر قىسىم يىغقان پۇلىنى پايچېك بازىرىغا ئېلىپ كىردى، ئويلىمىغان يەردىن 2008 ـ يىلى ئىقتىسادىي كىرىزىس سەۋەبىدىن پايچېكنىڭ باھاسى چۈشۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پۇللىرىمۇ كۆپۈككە ئايلاندى.

ئۇزاق ئۆتمەي، يېقىندىن بۇيان شىركەتنىڭ ئىقتىسادىي كىرىزىس سەۋەبىدىن كەسىپلەر تازا روناق تاپمىغاچقا ئادەم قىسقارتىدىكەن دېگەن مىش ـ مىش گەپ ئېقىپ يۈردى. ئۇنىڭ

جىددىيلىشىشى تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى، ھەر كۈنى ئۇيانغا ئۆرۈلۈپ، بۇيانغا ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى، تاماققىمۇ ئىشتىھاسى يوق بولۇپ، ھەر كۈنى روھسىز يۈردى، شۇڭا خىزمەتتە نەچچە قېتىم خاتالىق ئۆتكۈزۈپ باش دىرېكتوردىن نەچچە قېتىم تەنقىد ئاڭلىدى، ئادەتتە جاڭ شۇئەن «ۋەيران بولىدىكەن»، «مائاشنى تۇۋەنلىتىدىكەن»، «خادىم قىسقارتىدىكەن» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپلا قالسا، ئەسلىدىكى تىنچ نېرۋىلىرى تەسىرگە ئۇچرايدىكەن، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۇمىدسىزلىك كەيپىياتى بارغانسېرى ئېغىرلىشىشقا باشلاپ ھاياتىي قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىپ كەتكەندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى، كېيىن دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈپ كۆرسە، يېنىك دەرىجىدىكى چۈشكۈنلىشىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئېيتتى.

كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى بەزى كۆڭۈلسىزلىككە قارىتا ئۇنىڭغا بولغان قارىشىمىزنى باشقا نۇقتىدا تۇرۇپ قاراپ چىقىشىمىز كېرەك. يىراقلىشىش بەلكىم چۈشكۈنلىشىشنى ئۆزىمىزگە قارىتىدىغان ئامىلنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. ئازراق كەڭ قورساق بولساق، كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈن ئۇنچە ھېسابلىشىپ كەتمىسەك، ئۆزىمىزنى بەك ئەيىبلەپ كەتمىسەك، ئۆزىمىزنى ھەرگىزمۇ چۈشكۈنلەشتۈرۈپ قويمايمىز. چۈشكۈنلىشىش بىر خىل خۇشاللىققا تاجاۋۇز قىلىدىغان ۋىرۇس، بىز چوقۇم ئاڭلىق ھالدا ۋاقتى قارارىدا قەلبىمىزدىكى «ۋىرۇس»نى تازىلاپ تۇرۇشىمىز، ھەرگىزمۇ چۈشكۈنلىشىشنىڭ قەلبىمىزنى ئىگىلىۋېلىشىغا، خۇشاللىقىمىزنى تارتىۋېلىشىغا يول قويماسلىقىمىز كېرەك. ئەگەر بىز ئۆزىمىزدە چۈشكۈنلىشىشنىڭ بىر قىسىم پىسخىك ھالەتلىرى شەكىللىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلساق، چوقۇم بىر قىسىم كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللىنىپ

چۈشكۈنلىشىشنىڭ تەسىرىنى يېنىكلىتىشىمىز كېرەك.

بىرىنچىدىن، سەممىيلىك بىلەن چۈشكۈنلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەرنى بىر - بىرلەپ تېپىپ چىقىش، قايسى ئامىللارنى نىسبەتەن ئاسان يەڭگىلى بولىدىغانلىقىغا قاراپ چىقىش، ئاندىن كېيىن يېڭىشقا تەسىرەك بولغان ئامىللارنى ئايرىپ ئېلىپ قويۇش، ئۆزىمىزنىڭ قايسى ئۇسۇلنى قوللانغاندا چۈشكۈنلىشىشنى يەڭگىلى بولىدىغانلىقىنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈش كېرەك، بىراق پەقەت تەھلىل قىلىپ قويۇش ھەرگىزمۇ يېتەرلىك ئەمەس، چۈشكۈنلىشىشنى يېڭىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ئەمەلىي ھەرىكەت قوللىنىش.

ئىككىنچىدىن، سەۋەبنى تېپىپ چىققاندىن كېيىن ھەرىكەت قىلىش كېرەك، بارا - بارا ئۆزىمىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرىۋالغان «چۈشكۈنلىشىش ۋاقتى»مىزنى ئازايتىشىمىز كېرەك، ھەر كۈنى بىرئاز ۋاقىت ئاجرىتىپ ئۆزىمىز يولۇقماقچى بولغان ھەر خىل قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەردىن ئەنسىرەڭ، ئاندىن ئاقىللىق بىلەن ئىدىيەرىمىزنى كونترول قىلىڭ ھەمدە چۈشكۈنلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بارلىق ئامىللارنى بەلگىلەنگەن «چۈشكۈنلىشىش ۋاقتى»غا قالدۇرۇپ قويۇڭ، مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق سىز ناھايىتى تېزلا چۈشكۈنلىتىدىغان ئىشلىرىمىزنىڭ بارا - بارا ئازلاپ ماڭغانلىقىنى ھېس قىلىسىز.

ئۈچىنچىدىن، مۇشۇ چۈشكۈنلەشكەن ۋاقىتلاردىكى ئىپادىلىرىمىزنى خاتىرىلەپ قويۇڭ ھەمدە ئەگەر چۈشكۈنلەشمىگەن بولسام قانداقراق كەيپىياتتا بولۇشۇم مۇمكىن ئىدى دېگەنلەرنى ئويلاڭ. مۇشۇنداق قىلسىڭىز ئەسلىدە چۈشكۈنلىشىشنىڭ ھەرگىزمۇ بىر شەرەپلىك ئىش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىسىز، ئەگەر مۇشۇنداق ئويلىغان بولسىڭىز بەكمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ياخشى بولغان بولىدۇ، چۈنكى سىزدە چۈشكۈنلىشىشنى يەكلەشنىڭ دەسلەپكى ئاساسلىرى پەيدا بولغان بولىدۇ ھەمدە قەلبىڭىزدىن چۈشكۈنلىشىشنى يوقىتىشقا باشلىغان بولىسىز.

تۆتىنچى، ئاۋۋال پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن سىز يولۇقماقچى بولغان ئەڭ چاتاق ئىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىشنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى، ئەگەر سىزنى ئاشۇ ئىشنى بىرتەرەپ قىلىشقا بۇيرۇسا قانداق نەتىجىگە ئېرىشىدىغانلىقىڭىزنى ئويلاپ بېقىڭ. ئاندىن كېيىن مۇشۇنداق بىر مەنزىرىنى ئويلاپ بېقىڭ ھەمدە بىر تەرەپ قىلىپ بېقىڭ، شۇندىلا سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھەرگىزمۇ يارامسىز ئەمەسلىكىڭىزنى ھېس قىلىسىز ـ دە، ئاستا ـ ئاستا يوقاتقان ئىشەنچىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيسىز ھەمدە گۈزەل شەيئىلەرگە تەلپۈنۈشىڭىز ئاشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن چۈشكۈنلىشىش بارا ـ بارا سىزدىن يىراقلاشقان بولىدۇ.

بەشىنچىدىن، ھازىردىن باشلاپ ئاكتىپ ئىدىيە ۋە ھەرىكەت ئارقىلىق بۇ خىل قورقۇنچلۇق پسىخىكىغا توغرا قاراشتا بولۇڭ، پەقەت قەلبىڭىزدىكى تونۇشتىن باشلاپ ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتكەندىلا ئاندىن شەيئىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلغىلى بولىدۇ، پەقەت قەلبىڭىزدە ئۈمىدلا بولسا چوقۇم چۈشكۈنلىشىشنىڭ سايىلىرىدىن بۆسۈپ چىقىپ قايتىدىن خۇشاللىققا ئېرىشەلەيسىز.

## ئۆزىدىن ئاغرىنىپلا يۈرۈش، پەقەت سىزنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ خالاس

كىشىلىك ھايات يولى ئەگرى ـ توقايلىقتىن خالىي ئەمەس. يەنى ئوڭۇشسىزلىق ۋە قىيىنچىلىق، بىز دائىم مۇشۇلار ئۈچۈن

قايغۇرۇپ ئۆزىمىزدىن ئاغرىنىپلا يۈرۈيمىز، بىراق ئىچى پۇشۇش ۋە ئاغرىنىش پەقەت ۋە پەقەتلا ئەسلىدىكى ئەھۋالىنى ئېغىرلاشتۇرىۋېتىدۇ، خالاس. بىرەر چارە تېپىپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلمىساق ھەرگىزمۇ قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلالمايمىز.

جاڭلياڭ پايچېك ئويناپ يۈرگىلى ئون نەچچە يىل بولغان ئىدى، بىراق ھازىر ئۇ پاي ئويناشقا ھەرگىزمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇنىڭ ھال ـ ئوقىتى ياخشى بولدى، كىيىن بارا ـ بارا زىيان تارتىپ ھالى بارغانسېرى خارابلىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئەھۋالى نېمىشقا بۇنداق خارابلىشىپ كېتىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇنىڭ ئۆز مەغلۇبىيىتىدىن ھېچنېمە ئۆگەنمىگەنلىكىدە. ھەر قېتىم پۇلنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن ئۇ دائىم ئۆزىنى خۇددى بەك نەس بېسىپ كەتكەندەك، ياخشى پاي سېتىۋالالمىغاندەك ھېس قىلاتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇ پايچېكنى سېتىش ۋە سېتىۋېلىشنىڭ ياخشى پەيتىنى چىڭ تۇتىۋالالمىغاچقا، ھەر قېتىم مۇشۇنداق زىيان تەرتىپ كەلگەن، ئەگەر مۇشۇ خىل ئەھۋال بىرنەچچە قېتىم بولغان بولسىغۇ ئانچە بەك زىيان تارتىپ كەتمىگەن بولاتتى. بىراق ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ بۇنچىۋالا ئېغىرلاپ كېتىشى بولسا، ئۇنىڭ خاتالىقىنى تەكرارلاۋېرىپ، تەجرىبە ـ ساۋاقنى يەكۈنلىمىگەنلىكىدە. شۇڭا ئۇ پاي بازىرىدا مەغلۇپ بولۇپ، ئاخىرىدا بولسا ھەرگىزمۇ پاي ئويناشقا جۈرئەت قىلالمىغان.

تۇرمۇشتا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر غەلىبە قازىنالمايدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيەتكە يولۇققاندىن كېيىن، ئاكتىپلىق بىلەن مەغلۇبىيەتتىن تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلىمەي ئەكسىچە قىلچىمۇ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلماي، باشتىن ـ ئاخىر ئاشۇ مەغلۇبىيەتنىڭ كۆلەڭگىسىدە ياشاپ كەلگەنلىكىدە. ئۇلار بەزى ۋاقىتلاردا «تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەيدۇ»، بىراق

ئۇلارنىڭ يەكۈنلەيدىغان ئۇسۇللىرى مۇنداق: «باشتىلا بۇنداق قىلمىساق بوپتىكەن»، «ئەگەر باشتىلا ئاشۇنداق قىلغان بولسام مەغلۇپ بولماسكەنمەن» ... ئۇلار پەقەت ئۆتۈپ كەتكەن ئىشقىلا ئېسىلىۋالىدۇ، ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلەپ پۇشايمان قىلىپلا يۈرۈيدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە.

بىر توردىشىم ئۆزىنىڭ 100 مىڭ يۈەنلىك پايچېك ئويناپ ئاخىرىدا قولىدا 8000 يۈەنلا قېپقالغانلىقىدەك بىر جەرياننى سۆزلەپ بەردى. ئۇ 2002 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تېز سۈرئەت بىلەن ئېشىۋاتقان بىر تۈركۈم پاينى سېتىۋالغانلىقىنى، باشتا سىناق تەرىقىسىدە 20 مىڭ يۈەنلىك سېتىۋالغانلىقىنى، ئاخىرىدا بۇ پاينىڭ ئۆزى پەرەز قىلغاندەك ئۇنچىۋالا يۇقىرى كۆتۈرۈلمىگەنلىكىنى، ئەكسىچە باھانىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ پۇل تېپىشقا ئىشەنچىسى قالمىغانلىقىنى، كۆڭلىدە زىيان تارتقان ئاساستا ئاستا پاي بازىرىدىن قول ئۈزۈشنى ئويلاپتۇ. بۇ ۋاقىتتا زىيان تارتقان تەننەرخىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئۇ 20 مىڭ خەجلەپتۇ. بىراق پاينىڭ باھاسى يەنىلا ئۆرلىمەپتۇ، ئەكسىچە ئەسلىدىكى 10 يۈەندىن 8 يۈەنگە چۈشۈپ قاپتۇ. ئەمما ئۇ يەنىلا چىشىنى چىشلەپ 30 مىڭ يۈەنلىك تولۇقلىما ئاساسىدا يەنە پاي سېتىۋاپتۇ.

ھېچكىممۇ زىياننىڭ تېخى ئەمدىلا باشلانغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى، كېيىن پاينىڭ باھاسى 6 يۈەنگە چۈشۈپ قاپتۇ، 6 يۈەندىنمۇ تۆۋەنلەپ كەتكەن ۋاقىتتا ئۇ ئىچى ئېچىشقان ھالدا پاي بازىرىدىن چېكىنىپ چىقىپتۇ. ئۇ چېكىنىپ چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ پاينىڭ باھاسى 6 يۈەندىن ئۆرلەپ كېتىپتۇ، ئۇ ئۆزىنى تۇتىۋالالماي 6.6 يۈەن بولغاندا يەنە قايتىدىن پاي بازىرىغا كىرىپتۇ. كېيىن بۇ پاي 2 يۈەنگە چۈشۈپ توختاپ قاپتۇ. ئاخىرى بۇ پايغا «TS» بەلگىسى قويۇلۇپتۇ.

راستلا ئادەمنىڭ ئىچى ئېچىشقۇدەك ئىش بوپتۇ، ئۇ ئەمدى قول ئۈزمەكچى بوپتۇ، مەيلى قانچە پۇل قىلىشتىن قەتئىينەزەر، مەيلى 100 يۈەن قالغان تەقدىردىمۇ، بۇ 100 يۈەن ھېچبولمىغاندا ئوغلۇمنى بىر ۋاق تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلىشقا يېتىدۇ دەپ ئويلاپتۇ، ئاخىرىدا ئۇ 1.3 يۈەن باھادا پايىنى سېتىپ 8000 مىڭ يۈەن بىلەن پاي بازىرىدىن چېكىنىپ چىقىپتۇ، كېيىن بۇ خىل پاينىڭ باشقىدىن رەتكە سېلىنغانلىقىنى، ئىسمىنىڭمۇ ئۆزگەرگەنلىكىنى، باھاسىنىڭ 18 يۈەندىن ئېشىپ، ئەڭ يۇقىرى باھا 23 يۈەنگە يەتكەنلىكىدەك خەۋەر تارقاپتۇ. ئەگەر ئۇ پاي بازىرىدىن بېيىپ چىققان بولسا 100 مىڭ يۈەننى نەچچە ھەسسىلىگەن بولاتتى، بىراق ئەمەلىيەت شۇكى، 100 مىڭ يۈەندىن 8000 يۈەنلا قاپتۇ.

بىراق بۇ پاينىڭ زىيىنى ئۇنى يىقىتىپ قويماپتۇ، ئۇ نەتىجىلەرنى يەكۈنلەپ، ئاقىللىق بىلەن ئىش قىپتۇ، گەرچە تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قېتىملىق پاي ئويناشتىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ چىقىپتۇ ھەمدە بۇ داۋالغۇپ تۇرغان پاي بازىرىدا سالماقلىق بىلەن ئۆز ئورنىنى تىكلەپتۇ.

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىز دائىم ئېيتىپ كېلىۋاتقان «مەغلۇبىيەت» دېگەن نەرسە پەقەت بىر «ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق» خالاس، ئەگەر مەغلۇبىيەتنى «ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق» دەپ قارىساق ھەمدە ئۆزىنى تارتىشنى تاشلاش دەپ قارىساق، ئۇ ھەرگىزمۇ كىشىنى قورقۇنچقا سالىدىغان ئىشقا ئايلانماستىن ئەكسىچە بىر خىل مۇكاپاتقا ئايلىنىدۇ. بىر كۆرگىلى بولمايدىغان شەپەقتىلەك قول، بىزنى ئاشۇ ئەگرى ـ توقاي، تىكەنلەر ئۆسۈپ كەتكەن يوللارنى ئېچىشقا ئۈندەيدۇ. ئەمەلىيەتتە مەغلۇبىيەت قورقۇنچلۇق ئەمەس، چۈنكى ھەممە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


ئادەم مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ تۇرىدۇ، مۇھىمى ئاشۇ مەغلۇبىيەتنى مەنىگە ئىگە قىلىش. تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئىگىلىگەندىلا، باشتىن باشلىغاندىلا چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسىز. ئەگەر سىز پەقەت ئاغرىنىپلا يۈرسىڭىز، مەغلۇپ بولۇشتىكى سەۋەبلەرنى تېپىپ چىقمىسىڭىز، ئۇنداقتا قانچە كۆپ مەغلۇپ بولغان تەقدىردىمۇ ھەرگىز غەلىبە قازىنالمايسىز، پەقەت ئۆمۈر بويى قۇرۇپ كەتكەن قۇدۇقتا قامىلىپ قالىسىز، خالاس.

ھەممە ئىش ئۆزىمىزگە باغلىق، ئەگەر بىز ئىشەنچ ۋە ئەستايىدىللىق پوزىتسىيەسى بىلەن قىيىنچىلىققا يۈزلەنگەن بولساق، قىيىنچىلىق ئىچىدىن چىقىش يولى تاپالايمىز. يوقاتقان ۋە ئېرىشكەنلىرىمىزگە توغرا مۇئامىلە قىلالايدىغان بولۇش، قەيسەر بولۇش، ئۈمىدۋار بولۇش، ئىشەنچ بولۇش، مۇستەھكەم ئىرادە بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىزنى ھاياتىمىزدىكى ئاشۇ قۇرۇپ كەتكەن قۇدۇقتىن قۇتۇلۇشتا يېڭى بىر يولنى ئېچىشقا ياردەم بېرەلەيدىغان قوراللاردۇر.

## سېلىشتۇرۇش بەختىڭىزنى نابۇت قىلمىسۇن

ياشاشتىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب ھېسابلىنىش ئەمەس بەلكى ھۇزۇرلىنىش. باشقىلاردا بار نەرسىگە ئېرىشىش ئەمەس، بەلكى ئۆزىدە بار نەرسىنى قەدىرلەشتۇر. باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ۋە بەختىنى ئۆزىڭىز بىلەن سېلىشتۇرماڭ، بولمىسا بەخت ۋە خۇشاللىقتىن ئايرىلىپ قالىسىز.

«تۈنۈگۈن قوشنىمىزنىڭ ئايالىدىن يولدىشىنىڭ خىزمىتىنىڭ يەنە ئۆسكەنلىكىنى ئاڭلىدىم، بۇ گەپ راستمۇ؟» دەپ سورىدى ئايالى يولدىشىدىن. « ھە» دەپ جاۋاب بەردى تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغان يولدىشى پەرۋاسىزلا. «ئىككىڭلار

بىر ئىدارىدە ئىشلەپ تۇرۇپ، ئەجەب ماڭا دىمەپسىزغۇ؟»
«باشقىلارنىڭ ئىشى بىلەن مېنىڭ نېمە ئىشىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ ئۆستۇرۇلۇشى مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز تۇرسا، سىزگە نېمىنى دەپ نەرسەم بولاتتى!» دېدى يولدىشى بىرئاز خاپا بولغان هالدا.

«ۋىيەي، ئۇنىڭ راستلا ئىقتىدارى بارئىكەن، مانا مەنسىپىمۇ ئۆسۈپتۇ، دەپ بېقىڭە ئۇ قانداق ۋاستىتە قوللانغاندۇ؟»
«بىلمەيمەن!». « ئۇنىڭ ئايالى ھەقىقەتەن بەختلىك ئىكەن، ئەجەبمۇ ياخشى ئەرگە تېگىپتىكەن». «بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئەمدى؟!، ئەجابا مەن بىلەن توي قىلىپ بەختلىك بولالمىدىڭىزمۇ؟! ئەگەر ئۇ راستلا شۇنداق ياخشى بولسا ئۇنىڭ قېشىغا بېرىڭ!» دېدى يولدىشى ئاچچىقىنى باسالمىغان هالدا ئىشىكنى «جاڭڭىدە» يېپىپ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئايالى ئەجەبلىنەرلىك ھېس قىلىپ، يولدىشىنىڭ نېمىگە مۇشۇنداق ئاچچىقلىنىپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي تۇرغان جايىدا تۇرۇپلا قالدى.

ئۇمىدسىزلىك، كۆزى قىزىرىش، ھەسەت قىلىش، ئىچى تىتىلداش قاتارلىق ئىنتايىن قەبىھ بولغان پىسخىكىلىق ئامىللار تۇرمۇشىڭىزنى ۋەيران قىلىپ سىزنى مەڭگۈ ئۆزىڭىزنىڭ ئېرىشكەن نەرسىلىرىڭىزدىن رازى قىلغۇزمايدۇ.
ئىنتايىن چىرايلىق بىر قىزدىن ئاڭلىشىمچە، ئۇ ياتلىق بولغان يىگىت ئىنتايىن كېلىشكەن بولۇپلا قالماي، يەنە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنژېنېر بولۇپ، تۇرمۇشى ئىنتايىن بەختلىك ئىكەن. ئەمما بۇ چىرايلىق قىز مەيلى تەق ـ تۇرق جەھەتتىن، بىلىم، ئائىلە مۇھىتى ھەمدە خىزمەت جەھەتلەردە بولسۇن ئىشقىلىپ يىگىت ئۇنىڭغا يېتەلمەيدىغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ يەنىلا نېمىشقا غېرىبلىق ھېس قىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي دائىم ئىچى تىتىلداپ ئۇھسىنىدىكەن.

بەختسىزلىكنىڭ مەنبەسى سېلىشتۇرۇش، ئەگەر ئۇ گۈزەل قىز يولدىشى بىلەن ئۆزىنى سېلىشتۇرمىغان بولسا، ئۆزىنىڭ هازىرقى ئەھۋالىدىن قانائەت تاپقان بولاتتى، چۈنكى ئۇنىڭ گۈزەل سىيماسى، مول بىلىمى، خىزمەت ۋە ئائىلە مۇھىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆزى ئۈچۈن مەغرۇرلىنىشقا ئەرزىيتتى، ئۇ ئەسلى ئۆزىدە بار بولغان بەختنى ھېس قىلالىسا توغرا بولاتتى.

بەخت بولسا بىر خىل ھېس ـ تۇيغۇدۇر، ئۇ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ھالىتىغا باغلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىگىمۇ باغلىق، بەختنى ھېس قىلىشنى بىلىدىغان ئادەم باشقىلاردا بار نەرسىلەرگە قارىماستىن، بەلكى ئۆزى ئېرىشكەن نەرسىلەرنى قەدىرلەيدۇ، بەختنى ھېس قىلىشنى بىلمەيدىغان ئادەم ھەمىشە باشقىلاردا بار نەرسىنىڭ ئۆزىدە يوقلۇقىدىن ئاغرىنىدۇ. بەخت بىلەن بەختسىزلىك بولسا كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى پەرقتۇر. بەلكىم توققۇزى تەل ئادەم خۇشال بولالماسلىقى مۇمكىن، بەلكىم كوچا ـ كويلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن تىلەمچى ھەر ۋاقىت خۇشاللىقنى ھېس قىلالىشى مۇمكىن.

ۋېنۋېن بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە ئوينىغىلى باردى، دوستىنىڭ ئائىلىسى ئىنتايىن پۇلدار بولۇپ، ئۈچ قەۋەتلىك داچىدا تۇرىدىكەن. ئۇ دوستىنىڭ ئۆيىگە كىرگەن چاغدا تىياتىرخانىمىكىن دەپ قالدى، چۈنكى داچا ھەم چوڭ ھەم ھەيۋەتلىك ئىكەن. ئۇ يالغۇز بىر ئۆيدە تۇردى. ياتىدىغىنى بولسا ئۆزى چۈشىدە ئېرىشىشنى ئويلايدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ ھەم يۇمشاق ياۋروپاچە كارىۋات بولۇپ، راستلا ئۇنىڭ ئىنتايىن ھەۋىسىنى قوزغىدى. كەچتە ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇخلىيالمىدى. ئۇ بۇنى ھەددىدىن ئارتۇق ھاياجانلىنىشتىن

بولسا كېرەك دەپ ئويلىسىمۇ، ئەمما خىيالىدىن ئۆيدە قالغان يولدىشى ۋە ئۆيىدىكى ئۇنچە چوڭ بولمىغان كارىۋىتى كەچتى.

بىر ھەپتە ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كەتتى، ۋېنۋېنمۇ دوستى بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتى، ئۆيگە كەلگەندە ئۇنىڭ بىرىنچى بولۇپ قىلغان ئىشى ئۇدۇل ياتاق ئۆيىگە كىرىپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاش بولدى. يولدىشى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن: «قانداقراق، يولدا كەلگۈچە ھاردىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدى. « ھارمىدىم قەدىرلىكىم، دوستۇمنىڭ ئۆيىدە ئۇخلىغان چاغدا نېمىنى ئەڭ كۆپ ئويلىغانلىقىمنى بىلەمسىز؟»، «ئەلۋەتتە مېنى - دە!» دېدى يولدىشى ئىنتايىن خۇشال ھالدا. «قارىڭە سىزنى، مەنچۇ قاراڭ ھەممىدىن بەك بۇ كارىۋىتىمىزنى سېغىندىم، ئۇخلىغاندا يەنىلا بىزنىڭ مۇشۇ كارىۋىتىمىز راھەتكەن!».

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يولدىشى كۈلۈپ تۇرۇپ: «شۇڭلاشقا ئالتۇن ئۇۋا، كۈمۈش ئۇۋا بولسۇن يەنىلا ئۆزىنىڭ كاتەكچىلىك ئۇۋىسى ياخشى دەيدىغان گەپ بار، مەنمۇ مۇشۇ خىل ھېسسىياتتا» دېدى. ۋېنۋېن كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ: «گەرچە كارىۋىتىمىز چوڭ بولمىسىمۇ، ئۇنداق يۇمشاق بولمىسىمۇ، ئەمما ئىككىمىزگە ئورتاق، ئىككىمىزگە ئورتاق ئۆي، شۇڭلاشقا مەن ئۇخلىسام ئىنتايىن راھەت ھېس قىلىمەن، گەرچە ئۆيىمىزنىڭ كەڭلىكى 80 كىۋادرات مېتىرغا يەتمىسىمۇ، ئەمما مەن ئۇنى دۇنيادىكى ئەڭ ئىللىق جاي دەپ ھېس قىلىمەن، چۈنكى بۇ يەردە سىز بار، شۇڭا مەن ئىنتايىن تاتلىق ئۇخلايمەن؛ بۇ يەردە سىز بار، شۇڭا مەن ھەمىشە ئىشتىن چۈشۈپلا دەرھال ئۆيگە قايتىمەن؛ بۇ يەردە سىز بار، شۇڭا ئۆيىمىز كىچىك بولغان تەقدىردىمۇ ئىنتايىن بەختلىك، تىنچ ۋە خاتىرجەملىك ھېس قىلىمەن؛ بۇ يەردە سىز بار شۇڭا مەن مەيلى قەيەرگە بارماي

ھەممىشە بىزنىڭ مۇشۇ 1.50 مېتىر كېلىدىغان كىچىك كارىۋىتىمىزنى سېغىنىمەن.

يولدىشى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن تەسىرلەنگەن ھالدا: «خاتىرجەم بولۇڭ، مەن سىزنى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىمەن. ھامان بىر كۈنى چوقۇم سىزنى 200 كىۋادرات مېتىرلىق چوڭ ئۆيگە ئىگە قىلىمەن» دەيدۇ.

ۋېنۋېن بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ: «ئۆينىڭ چوڭ - كىچىكلىكى مۇھىم ئەمەس، پەقەت سىز بىلەن بىللە بولالىسام-لا قانداق ئۆيدە تۇرسام مەن رازى. ئەمدىلا توي قىلغان چاغدىكى ئۆيىمىز ئېسىڭىزدىمۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممە نەرسىنى مەن دائىم سېغىنىمەن؛ كېيىن بىز 40 كىۋادرات مېتىردىن چوڭراق يېڭى ئۆيگە كۆچتۇق ھەمدە ئۇ يەردە بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان خۇشال كۈلكىلىرىمىز قالدى؛ كېيىن بىز بىرلىكتە خىزمەت قىلىپ شىركەت بەرگەن كىچىك ئۆيدە بىللە تۇردۇق، ھەر كۈنى بىللە تاماق ئەتتۇق، نېمىدېگەن خۇشال، گۈزەل چاغلار - ھە ئۇ! بۈگۈن بىز بۇ يېڭى ئۆينى سېتىۋالدۇق، مەن ئۇخشاشلا ئىنتايىن ئىللىقلىق ھېس قىلىمەن، ئەمەلىيەتتە ئۆينىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ۋە ھەشەمەتلىكىگە قارىماي ئەكسىچە كىم بىلەن بىرگە تۇرىۋاتقانلىقىغا قاراش كېرەك ئىكەن.»

يولدىشى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنى پۈتۈن مېھرى بىلەن چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا: « خوتۇن...» دېدى. بۇ سۆزنىڭ ئىچىگە مىننەتدارلىق ۋە چوڭقۇر ھېسسىيات تولغان ئىدى.

ھەقىقىي بەختلىك ئادەم مەيلى قانداق ئۆيدە تۇرسۇن ھەممە نەرسىدىن رازى بولىدۇ، ئۇخشاشلا خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ. ھەرگىزمۇ ھەر كۈنى ئۆيىمىز باشقىلارنىڭكىدەك چوڭ ئەمەس، باشقىلارنىڭكىدەك ياخشى ئەمەس دەپ ئاغرىنىپلا يۈرمەيدۇ،

مىننەتدار بولۇش بىلەن قانائەتلىنىشنى بىلىدىغان ئادەمگە تۇرمۇش چەكسىز خۇشاللىقلارنى بېرىدۇ. ھەممىلا ئىشنى سېلىشتۇرىدىغان ئادەم پەقەت ئۆز قولى بىلەن ئۆزىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى نابۇت قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كۆلۈپ ياشاڭ

*مۇۋاپىپەقىيەت قازانغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئادەتتە چىرايىدىن كۈلكە ئۈزۈلمەيدىغانلاردۇر.*

## خۇشال بولالماسلىق سىزنىڭ ئاددىي ياشىمىغانلىقىڭىزدىندۇر

ھاياتلىق سەپىرىدە ھەربىر ئادەم قورقۇق سەپەر سومكىسىنى يۈدۈپ ئايلىنىپ يۈرىدۇ. يول ئۈستىدە ئۇلار ئورۇن، ھوقۇق، بايلىق، دوستلۇق، مۇھەببەت، مەسئۇلىيەت، كەسىپ قاتارلىق نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشىدۇ، سەپەر سومكىسى بارا - بارا تولۇپ ئېغىرلىغاندا خۇشاللىقمۇ ئاستا - ئاستا يوقايدۇ.

بىر ياش يىگىت بۇتخانىغا بارىدىغان يول ئۈستىدە غەلىتە بىر ئىشقا يولۇقۇپتۇ، ئۇ بۇتخانىغا كەلگەندىن كېيىن بۇ ئىشنى چوڭ راھىبتىن سوراپ بىلمەكچى بوپتۇ. ئۇلار بىر تەرەپتىن چاي ئىچكەچ ئىختىيارىي پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. تۇيۇقسىز يىگىت چوڭ راھىبتىن:

— ئايلىنىش دېگەن نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. راھىب پەرۋاسىزلىق بىلەن:

— باغلاقتىن بوشىنالماسلىق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. يىگىت ھەيرانلىق بىلەن:

— سىز ئىشنىڭ جەريانىنى بىلمەي تۇرۇپ بۇنى قانداق بىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ئارقىدىن ئۇ يولدا كۆرگەن ئىشنى راھىبقا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

مەن يولدا كېلىۋېتىپ بۇرنىدىن نوختا ئۆتكۈزۈلۈپ دەرەخكە

باغلاپ قويۇلغان بىر كالىنى كۆردۇم، قارىماققا كالا يۇقىرىدىكى يايلاققا بېرىپ ياپيېشىل ئوت ـ چۆپلەرنى يېيىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلسا كېرەك، بىراق ئۇ ئۇيان ئايلىنىپ بۇيان ئايلىنىپ زادى بوشىنالمىدى، مەن مۇشۇ ئىشنى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سىزدىن سوراشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن، سىز چوقۇم بىلمىسىڭىز كېرەك.

راھىب ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ كۈلۈمسىرىگىنىچە مۇنداق دەپتۇ:

ـــ سەن كۆرگەن مەسىلىنى سورايسەن، مەن ھەقىقىي ماھىيىتىگە جاۋاب بېرىمەن، سېنىڭ سورىغىنىڭ كالىنىڭ نوختىدىن بوشىنالماسلىقى، مېنىڭ جاۋابىم بولسا كۆڭۈلنىڭ تۇرمۇشتىكى ئانچىكى ئىشلاردىن ئازاد بولالماي ئەركىن بولالماسلىقى، مانا بۇنى بىر داۋلى ئارقىلىق كۆپىنى شەرھلەش دەيمىز.

نۇرغۇن ۋاقىتلاردا خۇشال بولالماسلىق، خۇشاللىقنىڭ تەلەپلىرىنى ھازىرلىيالمىغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئاددىي ياشاشنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىن پەيدا بولىدۇ. بىر لەگلەك تانا تەرىپىدىن باغلىنىپ قالغاچقا چەكسىز ئېگىز بوشلۇققا ئۇچالمايدۇ. ئات بولسا بويىنىغا ئارغامچىدىن نوقتا سېلىپ قويۇلغاچقا يايلاقتا خالىغانچە چېپىپ يۈرەلمەيدۇ. بىر قېتىملىق مەغلۇبىيەت بىزنى قاتتىق غەزەپلەندۈرىدۇ. بىر قېتىملىق مۇھەببەتتىن ئايرىلىپ قېلىش، بىزنى ئېغىر قايغۇغا مۇپتىلا قىلىدۇ. پۇل ئۈچۈن توختىماي ئايلىنىمىز، ھوقۇق ئۈچۈن توختىماي ئايلىنىمىز. بىزنىڭ قەلبىمىز مەڭگۈ چارچاش ۋە رازى بولماسلىق بىلەن تولۇپ تۇرىدۇ، ئېغىر يۈكنىڭ بېسىمىدىن نەپەسمۇ ئالالماي قالىمىز. بىزنى ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغان قەدەملىرىمىزمۇ بارا ـ بارا مېڭىشتىن توختاپ قالىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ئېغىر يۈك خالتىسىنى يۈدۈپ تاغقا ياماشسا،

هارغىنلىقتىن دېمى سىقىلىدۇ،چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمىدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئىلگىرىلەشتىن توختاپ تەرلىرىنى سۈرتۈشنى ئويلىسا، ئارام ئېلىشنى ئارزۇ بولسا، ئۇ چوقۇم ئەتراپتىكى گۈزەل مەنزىرىلەردىن، خۇشال چىرايلاردىن ھوزۇر ئالالمايدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سىز كىشىلىك ھايات يولىدا نورمىدىن ئارتۇق يۈكلەرنى يۈدۈۋالسىڭىز، بەلكىم گۈزەل تۇرمۇشتىن ھوزۇرلىنىدىغان ۋاقتىڭىز ۋە كەيپىياتىڭىز قالماسلىقى مۇمكىن.

بۇرۇن بىر ياش خۇشاللىقنى ئىزدەپ تاپماق بولۇپ يولغا چىقىپتۇ، بىراق ئۇ شۇنچە ئۇزۇن يول يۈرگەن بولسىمۇ يەنىلا خۇشاللىقنى تاپالماپتۇ. كېيىن ئۇ بىر چوڭ ئۇستازغا ئۇچراپ قېلىپ ئۇنىڭ يول كۆرسىتىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ.

— ئۇستاز، مەن خۇشاللىقنى ئىزدەپ يۈرگىلى شۇنچە ئۇزۇن بولدى، ئاياغلىرىم يىرتىلدى، پۇتلىرىمنى تىكەن تىلدى، قوللىرىم يارىلىنىپ توختىماي قان ئاقتى، ئۇزۇن مەزگىل توۋلاپ يۈرۈپ ئۇنۇممۇ پۇتۇپ كەتتى. مەن ھېرىپ ئاخىرقى چەككە يەتتىم. ئەمدى داۋاملاشتۇرۇشقا مەندە ئىمكان قالمىدى، مەن نېمىشقا تا ھازىرغىچە خۇشاللىقنى تاپالمايمەن؟ — ئۇستاز ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىماي يىگىت يۈدۈۋالغان چوڭ بىر خالتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سوراپتۇ:

— سېنىڭ خالتاڭغا قاچىلانغىنى نېمە؟ — ياش يىگىت شۇندىلا ئۆزىنىڭ خالتىسىنى يەرگە قويۇپ پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— بۇلار مەن ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم — ئۇ خالتىسىنى ئۇستازغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ چۈشەندۈرۈپتۇ: ئىچىگە قاچىلانغىنى مەن ھەر قېتىم يىقىلغاندىكى ئازاب، ھەر قېتىم يارىلانغاندىن كېيىنكى كۆز يېشى، ھەر قېتىم يالغۇز قالغاندىكى تەنھالىق، زېرىكىش .... مەن مانا مۇشۇلارغا تايىنىپلا سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كېلەلىدىم.

ئۇستاز گەپ ـ سۆز قىلماستىن ئۇنى بىر دەريا بويىغا باشلاپ كەپتۇ، يىگىت بىلەن بىرگە كېمىدە ئولتۇرۇپ قارشى قىرغاققا ئۆتۇپتۇ. كېمىدىن چۈشكەندىن كېيىن چوڭ ئۇستاز ئۇنىڭغا كېمىنى يۈدۈپ داۋاملىق مېڭىۋېرىشكە بۇيرۇپتۇ، ياش يىگىت بىردە سۇدا لەپپەڭشىپ تۇرغان كېلەڭسىز كېمىگە، بىردە ئۇستازغا قاراپ ھەيرانلىق بىلەن:

— سىز ماڭا كېمىنى يۈدۈپ يول يۈر دەمسىز؟ ئۇ شۇنچە ئېغىر تۇرسا مەن قانداقمۇ كۆتۈرەلەي؟ يۈدۈپ مېڭىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، — دەپتۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ. ئۇستاز كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— شۇنداق، سەن ئۇنى كۆتۈرۈلمەيسەن، كۆتۈرۈپ مېڭىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، — ئۇ سەل توختىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىپتۇ، — دەريادىن ئۆتكەندە بىز كېمىگە ناھايىتى ئېھتىياجلىق، ئەمما بىز دەريادىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى تاشلاپ قويۇپ يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇ بىزگە ئارتۇقچە يۈك بولۇپ قالىدۇ. ئازاب، تەنھالىق، زېرىكىش، قايغۇ ـ ھەسرەت، بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلىك ھاياتتا رولى ئىنتايىن چوڭ. ئۇلار ھاياتىمىزنى يۈكسەلدۈرىدۇ. ئەمما ۋاقتىدا ئۇنتۇپ كەتمىگەندە، ئارتۇقچە تەشۋىش ۋە مەسئۇلىيەتكە ئايلىنىپ قېلىپ، ھاياتىمىز بەرداشلىق بېرىپ بولالمايدىغان بېسىمغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ياش يىگىت ھەممىنى چۈشەنگەندەك بوپتۇ. خالتىسىنى تاشلاپ قويۇپ يۈرۈشىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىردىنلا ئۆزىنى شۇنداق ئازادە، يېنىك ھېس قىپتۇ. مېڭىشىمۇ بۇرۇنقىدىن كۆپ ھەم تېز بوپتۇ. ئەسلىي سىز ۋاز كېچىشنى بىلسىڭىزلا خۇشاللىق ھەمىشە سىز بىلەن بىللە بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىشىلىك ھايات خۇددى بىر ئەپكەشكە ئوخشايدۇ، ئەگەر ئەپكەشتىكى يۈك بەك كۆپ بولۇپ كەتسە جەزمەن يىراققا بارغىلى بولمايدۇ. ھايات يولىدا تاشلىۋېتىشكە تېگىشلىك نەرسىلەردىن چوقۇم ۋاز كېچىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلالىغاندىلا سىز تېخىمۇ كۆپ خۇشاللىقا ۋە ئىشەنچكە ئېرىشەلەيسىز.

نېمە ئۈچۈن كىچىك باللار ھەمىشە شۇنچە خۇشال كۆرۈنىدۇ؟ چۈنكى ئۇلار شۇنچىلىك ساددا، تۇرمۇشى ئاددىي. ئۇششاق يېمەكلىكنى ياخشى كۆرىدىغان بىر بالىغا نىسبەتەن، بىر ئالتۇن تاغ ئۇنىڭغا بىر تال تاتلىق كەمپۈت بەرگەن خۇشاللىقنى بېرەلمەيدۇ. سىرتتا ئويناشنى ياخشى كۆرىدىغان بىر بالىغا نىسبەتەن تالاغا چىقىپ قانغۇچە يۈگۈرۈپ ئوينىۋېلىش ئېسىل ئويۇنچۇقلار بىلەن توشقۇزىۋېتىلگەن چىرايلىق ھۇجرىغا قاپسىلىپ قېلىشتىن ئەۋزەل بىلىنىدۇ. كىچىك باللارغا ئوخشاش سىزمۇ سەپەر خالتىڭىزنى تەرتىپكە سېلىڭ. ئامالىنىڭ بارىچە ئۇنى ئاددىي ھەم يېنىكلەشتۈرۈڭ. شۇنداق قىلالىغاندىلا خۇشال ـ خۇرام يۈرۈش ئۈنچە تەس ئىش بولماي قالىدۇ.

## ئۆزىڭىزگە ئامەت ئەكېلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ

بەلكىم سىز ھەمىشە باشقىلارنىڭ تەلىيىنىڭ ئوڭدىن كەلگىنىگە ھەسەت قىلىشىڭىز مۇمكىن، بىراق سىز باشقىلارنىڭ قانداق قىلىپ ئامىتىنىڭ ئوڭدىن كەلگىنىنى بىلمەيسىز. بەزىدە بىز ئۆزىمىز ئۈچۈن ئامەتنى بارلىققا كەلتۈرسەك بولىدۇ. ھەتتا ئاپەتنى ئامەتكە ئايلاندۇرغىلىمۇ بولىدۇ.

لولەن تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئەككىنچى يىلىغا چىققاندا نەتىجىسى تېز سۈرئەتتە تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، ھەتتا ماتېماتىكا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدۇ. بىراق لولەننىڭ دادىسى قىلچىلىك جىددىيلەشمەستىن ئەكسىچە ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ:

— بەك ئەندىشە قىلىپ كەتمە، ئەگەر سەن ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ ناچار تەجرىبىنى ياخشى تەجرىبىگە ئايلاندۇرالىساڭ، كېيىنكى قېتىم ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كەتكەن ساۋاقداشلىرىڭدىنمۇ ئېشىپ چۈشىسەن، بەزى ۋاقىتتا مەغلۇبىيەت بىر ئادەمنى تېخىمۇ ناچار ئەھۋالغا دۇچار قىلىپ قويىدۇ. يەنە بەزى چاغلاردا مەغلۇبىيەت بىر ئادەمنى ئۆزگەرتىپ ئەڭ قالتىس ئادەملەردىن قىلالايدۇ. ئاچقۇچلۇق مەسىلە سىنىڭ ئاپەتنى ئامەتكە ئايلاندۇرالىشىڭدا. لولەن يەنىلا پەرىشان ھالدا: «بىراق مېنىڭ يەككە تۈر نەتىجەم F تۇرسا، مەن مۇشۇ نەتىجىلىرىم بىلەن ئالىي مەكتەپكە بارامدىم؟» دەيدۇ ئۈمىدسىزلىنىپ. دادىسى كۈلۈمسىرىگەنچە: «شۇنداق، سەن بۇ نەتىجىلىرىڭنى تاشلىۋېتەلمەيسەن، بىراق مۇشۇ جەرياندا سەن ئېرىشكەن ئۇنۇم بىر ئۆمۈر ساڭا ھەمراھ بولىدۇ، ئەگەر ئەسكى ئىشنى ياخشى ئىشقا ئايلاندۇرالىساڭ، شۇندىلا سەن ئېرىشكەن بۇ بىر بۆلەك ھاسىلات ئاشۇ نومۇرلىرىڭدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدۇ» دەيدۇ. لولەن يەنىلا مەيۈسلەنگەن ھالدا: «ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىمىزنى چايناپ يۇرىكىۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ» دەيدۇ غۇدۇراپ. دادىسى مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— قارا، ماتېماتىكا مۇئەللىمىڭ غەلىبە قىلدى، سەن ھامان ئۇتتۇردۇڭ، سېنىڭ ھازىرقى تۇرقۇڭ پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغۇچىدىن بەتەر ھالەتتە، — دەيدۇ.

— مېنىڭ ئۆتەلمىگەنلىكىمنى پۈتۈن مەكتەپتىكىلەر بىلىدۇ، بۆلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئۆلگۈر ماتېماتىكا مۇئەللىمىنىڭ كاساپىتى، مەن يەنە نېمىمۇ قىلالايتتىم؟ — دەيدۇ لولەن بېشىنى ساڭگىلىتىپ.

— ئۇنىڭ سېنى ئۆتكۈزمەسلىك ھوقۇقى بار، — دادىسى كەسكىن تەلەپپۇزدا گېپىنى داۋاملاشتۇرىدۇ — سېنىڭمۇ

قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىڭنى تاللاش ھوقۇقۇڭ بار، سەن داۋاملىق ئاغرىنىۋەرسەڭمۇ بولىدۇ، ئوقۇتقۇچىڭنى ياخشى قىلمىدى، مېنى نەس بېسىپتۇ دەپ ئويلىساڭمۇ بولىدۇ. ھەتتا ئەخمىقانىلارچە ئىش قىلىپ ئاچچىقىڭدا ئۇنىڭ ماشىنىسىنىڭ كامېرىنى تېشىۋەتسەڭمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قىسىم ياخشى ئىشلارنى قىلساڭمۇ بولىدۇ، مەسىلەن: مەكتەپ ئىچىدە، توپ كوماندىسىدا ياكى ھوجۇمچىلار ئەترىتىدە ئالاھىدىلىكىڭنى جارى قىلدۇرۇپ ئۆزۈڭنى كۆرسەتسەڭمۇ بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق غەزەپ - نەپرىتىڭنى ئۇتۇقۇقا ئايلاندۇرالايسەن، شۇندىلا سەن غەلىبە قىلغان بولىسەن، كېيىن يەنە بۇنداق ئاپەتلەرمۇ كۆرۈلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئامەتكە ئايلىنىدۇ، شۇنداققۇ، دېگەنلىرىم توغرىدۇ؟» دەيدۇ.

خاتالىق سادىر قىلىش، مەغلۇپ بولۇشنىڭ ھەممىسىنى ئەسكى ئىش دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئەگەر سىز ئۇنى ئۆزىڭىزنى چۈشىنىش ۋە ئۆگىنىش پۇرسىتى دەپ قارىسىڭىز، ياخشى تەلەي ھەمىشە سىزگە ئەگىشىپ يۈرىدۇ.

خاتالىق سادىر قىلىش بىر خىل سىگنال، ئۇ سىزنىڭ بەزىبىر يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىزغا بېشارەت بېرىدۇ. شۇڭا سىز ھەر قېتىم خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قالغاندىن كېيىن ھەرگىز «مېنىڭ تەلىيىم كاجكەن» دەپ ئويلاپ قالماڭ. ئەكسىچە مۇشۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋېلىڭ. مۇبادا سىز سەۋەنلىكنىڭ سىزگە ئۆگەتكەنلىرىنى بايقىيالىسىڭىزلا چوقۇم ئاشۇ خاتالىقلىرىڭىزغا تەشەككۈر ئېيتماي قالمايسىز. ئامەت ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز تىرىشچانلىقى، كۈرەش قىلىش روھى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا ئامەت بىلەن ئاپەت ھەمىشە بىزنىڭ ئۆز قولىمىزدا بولىدۇ، مەسىلە دەل ئۇنى بايقىشىمىزدا.

لىتيەن بولسا ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچى. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئۇ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئويلىغان. قورساق بېقىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇ ھەرقانداق جاپالىق ئىش بولسىمۇ باش تارتماي قىلغان. ئاشخانىلاردا تەخسە يۇغان، كوچىلاردا تەشۋىقات ۋاراقچىسى تارقاتقان، باشقىلارغا خەت يېزىشىپ بەرگەن. شۇلار ئارقىلىق ئېرىشكەن ئازغىنە كىرىمگە تايىنىپ ئاران - ئاران جېنىنى بېقىپ كەلگەن.

بىر كۈنى ئۇ تاغرىن كوچىسىدىكى بىر ئاشخانىدا ئىشلەمچىلىك قىلىۋېتىپ گېزىتكە بېسىلغان ئىشقا تەكلىپ قىلىش ئۇقتۇرۇشىنى كۆرۈپ قالىدۇ. مەلۇم بىر شىركەت تور لىنىيەسىنى باشقۇرۇش خادىمىدىن بىرنى قوبۇل قىلماقچى ئىدى. بۇ خىزمەت بىلەن لىتيەننىڭ ئوقۇغان كەسپى ماس كېلەتتى. ئايلىق ئىش ھەققىمۇ ئادەمنى قىزىقتۇراتتى، لىتيەن ئۆزىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ، پۇختا تەييارلىق بىلەن ئىشقا قوبۇل قىلىش ئورنىغا كېلىدۇ. ئۇ قاتمۇقات ئۆتكەللەردىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، ئەڭ ئاخىرقى يۈزتۇرا ئىمتىھانغا قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشىدۇ. يۈزتۇرا ئىمتىھانغا كىرگەندە مەسئۇل خادىم ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭدىن مۇنداق دەپ سورايدۇ:

— سىزنىڭ ماشىنىڭىز بارمۇ؟ ماشىنا ھەيدىيەلەمسىز؟ بىزنىڭ بۇ خىزمەتنى قىلىدىغانلار ھەمىشە سىرتقا چىقىپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ، شىركەتنىڭ ماشىنىسى چەكلىك، شۇڭا بىز ماشىنا ھەيدىيەلەيدىغانلارنى ئالدىن ئويلىشىمىز.

لىتيەن ئىزىدا تويتەك قېتىپ تۇرۇپلا قالىدۇ، ئۆز كۈنىنى ئاران ئېلىۋاتقان نامرات ئوقۇغۇچىنىڭ قانداقسىگە ماشىنىسى بولسۇن؟ ھەيدەشنى بىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس - دە؟! بىراق

ئۇ بۇ خىزمەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن قىلچە ئويلاپ ئولتۇرماستىنلا «بار، ھەيدەشنى بىلىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. لىتيەننىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان مەسئۇل خادىم رازىمەنلىك بىلەن «ناھايىتى ياخشى، ئۇنداقتا سىز تۆت كۈندىن كېيىن ئۆزىڭىزنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېلىپ ئىشقا چۈشسىڭىز بولىدۇ» دەيدۇ.

ئەمدى لىتيەننىڭ باشقا چېكىنىش يولى قالمىغان ئىدى. بىر بولسا ئۇ بۇ خىزمەتتىن ۋاز كېچىشى كېرەك، بولمىسا چىشىنى چىشىغا چىشلەپ جەڭگە ئاتلىنىشى كېرەك. ئاخىرى ئۇ بۇ خىزمەت ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتايدۇ، بىر دوستىدىن نۇرغۇن پۇل قەرز ئېلىپ، ئىمكەش ماشىنىدىن بىرنى سېتىۋالىدۇ. شۇ كۈنىلا ئۆزىنىڭ جىددىي ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىنىش مۇساپىسىنى باشلايدۇ. تۇنجى كۈنى ئۇ دوستىنىڭ ياردىمىدە ماشىنا ھەيدەشتىكى ئاددىي تېخنىكىلارنى ئۆگىنىدۇ، ئىككىنچى كۈنى دوستىنىڭ ئۆيىنىڭ كەينىدىكى كەڭرى چىملىقتا دوراپ ھەيدەشنى مەشىق قىلىدۇ. ئۈچىنچى كۈنى قىڭغىر - سىڭغىر ھەيدەپ چوڭ يولغا چىقىدۇ. دەرۋەقە ئۇ تۆتىنچى كۈنى ماشىنىسىنى ھەيدەپ شىركەتكە كېلىپ تىزىمغا ئالدۇرىدۇ.

ئەگەر سىز «ئۆلگۈرا مەن نېمىشقىمۇ ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىنىۋالمىغاندىمەن» دەپ ئاغرىنىشىنىلا بىلسىڭىز خىزمەت پۇرسىتىنى قاراپ تۇرۇپ قولدىن بېرىپ قويىسىز. تەلەيلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى نۇرغۇن ياخشى پۇرسەتلەرگە ئېرىشكەن كىشىلەردۇر. ئەمەلىيەتتە ئۇلار مۇشۇ پۇرسەتلەرنى ئۆز تىرىشچانلىقى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن. ئۆز - ئۆزىمىزگە ئامەت كەلتۈرۈش توختىماي تىرىشىش روھىغا، قىيىنچىلىققا يولۇققاندىمۇ ئۆزگىدىن ئاغرىنماي ئۈمىدىۋار كەيپىيات بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشتەك ئاكتىپ روھىي ھالەتكە تولىمۇ موھتاج.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## كۆلۈمسىرەش سىزگە يالغۇزلا خۇشاللىق ئېلىپ كەلمەيدۇ

كۆلۈمسىرەش دۇنيادىكى ئەڭ يېقىملىق چىراي ئىپادىسى. چۈنكى كۈلكە بىزگە خۇشاللىق ھەم بەخت ئېلىپ كېلىدۇ. مۇشكۈلاتلارغا يولۇققاندا، قىيىنچىلىق ئىچىدە بىزگە ئۈمىد ئاتا قىلىدۇ.

سىز باشقىلارغا كۈلۈمسىرەپ مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋالسىڭىز تۇرمۇشىڭىزنىڭ شۇنداق ئاددىي، تېخىمۇ ئازادە بولۇپ قالغانلىقىنى بايقايسىز. باشقىلارمۇ سىزنىڭ كۈلكىڭىزنى كۆرگەندە خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى قۇياشنى كۆرگەندەك ھېسسىياتقا چۆمۈشىدۇ.

ئامېرىكىدىكى مېھمانخانا پادىشاھى فىردون ھەممىمىزگە تونۇشلۇق. ئۇنىڭ بايلىقى ئېشىپ 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەندە، ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن پەخىرلىنىپ بۇنى خۇشاللىق بىلەن ئاپىسىغا ئېيتىدۇ. كىم بىلسۇن، ئاپىسى ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: «ھازىر سەن بۇرۇنقىدىن قىلچىلىك پەرقلەنمەيسەن... راست گەپنى ئېيتقاندا سەن چوقۇم باشقا بىر ئامال تېپىپ خېرىدارلىرىڭنى مېھمانخاناڭدا داۋاملىق تۇرىدىغان قىلىشىڭ كېرەك. سېنىڭ مېھمانخاناڭدا بىر قېتىم تۇرۇپ باققانلارنى يەنە كېلىپ تۇرۇپ كېتىشنى ئارزۇلايدىغان قىلىشىڭ كېرەك. يەنە كېلىپ بۇ خىل ئۇسۇلغا ئۇنچە كۆپ مەبلەغ كەتمەيدۇ. مۇشۇنداق قىلالىساڭلا سېنىڭ مېھمانخاناڭنىڭ ئىستىقبالى بولىدۇ.»

فىردون ئۇزۇن مەزگىل ئىزدىنىپ يۈرۈپ ئاخىرى ئاپىسى ئېيتقان ئۇسۇلنى تاپقان. ئۇ بولسىمۇ بىز دەۋاتقان «تەبەسسۇم مۇلازىمىتى»، بۇ خىل مۇلازىمەت فىردوننى چوڭ ئۇتۇققا ئېرىشتۈرگەن. قاچانلىكى فىردون مېھمانخانىسى چۆلدەرەپ

قالغاندا، ئۇ مۇلازىمەتچىلەردىن: «سەن مېھمانلارغا كۆڭۈل بۆلۈمسىز ئىشلىدىڭمۇ ـ يوق؟» دەپ سورىغان، كېيىن ئۇلار كاساتچىلىق يۈز بەرگەن ئىقتىسادىي كىرىزىستىن خاتىرجەم ئۆتۈپلا قالماي، مۇشۇنداق ۋاقىتتىمۇ فىردون مېھمانخانىسىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ياراتقان.

كىچىككىنە كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ قاتتىق مۇزنىمۇ ئېرىتىۋېتەلەيدۇ، بىر قېتىم كۆڭۈلسىزلىكمۇ ياخشى بىر كۈننى مۇلايىم قىلىدۇ، باشقا ھېچقانداق نەرسە ئىللىق كۆڭۈلسىزلىكنىڭ كىشى قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرگەن كەبى ئادەمنى ئۇنچە تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ.

سىزنىڭ تەبەسسۇمىڭىز ھايات يولىڭىزدىكى ئەڭ ياخشى يول خېتىڭىز، مۇشۇ يول خەت بولسىلا سىز دۇنيانىڭ ھەرقانداق جايىنى ئايلىنالايسىز. ھاياتتىكى بارلىق بەختسىزلىكلەرگە دادىللىق بىلەن يۈزلىنەلەيسىز. چۈنكى سىزنىڭ كۆلكىڭىز (تەبەسسۇمىڭىز) سىزنى غايەت زور ئۇتۇققا ئېرىشتۈرىدۇ، چەت ئەللىكلەردە مۇنداق بىر ھېكمەت بار: «كۆڭۈلسىزلىكلەر سىزنى بايلىققا يېقىنلاشتۇرىدۇ، كۆڭۈلسىزلىك بولمىغاندا بايلىق سىزدىن يىراقلىشىدۇ.» سەمىمىي كۈلكە ھەمىشە بىز ئويلاپ باقمىغان نەتىجىلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

كېيىنكىيا مال سېتىش مەركىزىنىڭ دىرېكتورى، شىركەت خىزمەتچىلىرىگە مۇۋاپىق بىر خىزمەت فورمىسى تاپالماي بېشى قېتىپتۇ، گەرچە زاكاز قىلىنغان خىزمەت فورمىسىنىڭ لايىھەلىنىشى شۇنداق سىپتا، جەلپ قىلىش كۈچى ئالاھىدە بولسىمۇ، ئۇ يەنە بىر يەرلىرى كەم بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىپ ئانچە رازى بولۇپ كەتمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دۇنيادىكى داڭلىق كىيىم لايىھەلىگۈچىسى دەننو بولۇرنى ئىزدەپ مەسلىھەت بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. 38 ياشلىق بولۇر ئۇنىڭغا

مۇنداق دەپتۇ: «ئەمەلىيەتتە خىزمەتچىلەرنىڭ نىمە كىيىشى ئانچە مۇھىم ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ كۆڭۈلمىسىرەش - كۆڭۈلمىسىرىمەسلىكىدە...»

ھازىر كىنىكيا تەرەققىي قىلىپ فىرانسىيەدىكى ئەڭ چوڭ مال سېتىۋېلىش مەركىزىگە ئايلاندى، سېتىلىۋاتقان فىرانسىيە ساپ ئۈزۈم ھارىقىنىڭ نامى دۇنياغا تونۇلدى، ئۇلارنىڭ شىركىتى فىرانسىيەدىكى ئاز ئۇچرايدىغان بىرلىككە كەلگەن خىزمەت فورمىسى بولمىغان مەركەزلەرنىڭ بىرى، ئەمما ئۇلارنىڭ مۇلازىمىتى ۋە تەبەسسۇمىنى ھەممە كىشى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا دەپ ئېتىراپ قىلىشىدۇ.

كۆڭۈلمىسىرەشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنگەن ئادەم چوقۇم باشقىلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشەلەيدۇ، مۇئامىلىسى قىزغىن كىشىلەر باشقىلارغا خۇددى ئىللىق باھارنى ئەسلىتىدۇ. تەبىئىيلا باشقىلارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالىدۇ، سىز ناتونۇش ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان تەقدىردىمۇ، چىرايىڭىزدىن مۇز ياغدۇرۇپ تۇرسىڭىز، باشقىلار چوقۇم سىزدىن يىراقلىشىدۇ. ئەگەر سىز باشقىلارغا كۆڭۈلمىسىرىسىڭىز، ئۇلار خۇددى ئەينەككە ئوخشاش سىزگىمۇ ئىللىق تەبەسسۇم قايتۇرىدۇ، تېخى سىزگە دوستلۇق ئىزھار قىلىشىدۇ.

مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئادەتتە چىرايىدىن كۈلكە ئۈزۈلمەيدىغانلاردۇر. چۈنكى ئۇلار كۈلكىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى بىلىدۇ. مۇئامىلىسى دوستانە بولمىغان كىشىلەر باشقىلارنى جېدەلدىن ساقلاپ قالالمايدۇ. ئەكسىچە ھەمىشە كۆڭۈلمىسىرەپ يۈرۈيدىغان ئادەملەر باشقىلارغا ئىللىق تۇيغۇ ئاتا قىلىدۇ، باشقىلارنى ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا سىزنى چۈشىنىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ناھايىتى ئاسانلا باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا ئۇلار تەبىئىيلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

كارنىڭ كۆرسانتلارغا بىر ھەپتە كۆلۈمسىرەشنى، ھەر كۈنى 24 سائەت ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە تەبەسسۇم بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى سىناپ بېقىشنى ئېيتىپتۇ. كېيىن ئۇ كۆرسانتلارنىڭ تەسىراتى ھەققىدە پاراڭلىشىپتۇ.بىر كۆرسانت ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ يازغان:

— مەن توي قىلغىلى ئون يىل بولدى، بۇرۇن مەن ناھايىتى ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆز خىزمىتىمنى قىلاتتىم، ئايالىمغا ئاز كۆلۈمسىرەيتتىم، بىر كۈنى مەن ئۇنىڭغا كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «خەيرلىك سەھەر، قەدىرلىكىم» دېدىم، ئۇ مېنىڭ گېپىمدىن ھاڭ ـ تاڭ قالدى. مەن ئۇنىڭغا كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ بۇنىدىن كېيىن داۋاملىق مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم، ئەمەلىيەتتە مەن راستلا شۇنداق قىلالىدىم، ئۆزۈلدۈرمەي بىر ئاي داۋاملاشتۇردۇم، مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە مەن ئائىلىمىز ئېرىشكەن بەختنىڭ ئالدىنقى بىر يىلدىكىگە قارىغاندا ناھايىتى كۆپ بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

خىزمەتكە بارىدىغان يولدا مەن مېترودىكى بېلەت ساتقۇچىغا كۆلۈمسىرەيمەن، شىركەتنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرگەندە مەن قوغدىغۇچى بىلەن كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ سالاملىشىمەن، يەنە تېخى لىفت باشقۇرغۇچى خادىمغىمۇ كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ «خەيرلىك سەھەر» دەيمەن. ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىن مەن بارلىق خىزمەتداشلىرىمغا كۆلۈمسىرەيمەن، شىركەتكە ئىش بېجىرگىلى كەلگەن بارلىق خېرىدارلارغىمۇ كۆلۈمسىرەيمەن.

مېنىڭ ئېرىشىدىغان جاۋابىم پەقەت ئۇلارنىڭ كۈلكىسىلا بولۇپ قالماستىن، ھەتتا ھەمىشە ماڭا قورسىقى كۆپۈپ نارازىلىق قىلىدىغان كىشىلەرمۇ بارا ـ بارا ماڭا دوستانە مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى، ئۆزۈممۇ خۇشال ئادەمگە ئايلاندىم، بەزىدە تېخى ئاشۇ خۇشاللىق ئىشلارنى ئويلىغىنىمدا ئىختىيارسىز كۆلۈمسىرەپ قويىمەن.

كۆڭۈلمۇ ئادەمنى شاد - خۇرام قىلىپ، بايلىقتا ئېرىشتۈردۇ، كىشىلەرگە دوستلۇق ھەم بەخت ئاتا قىلىدۇ. مەيلى قەيەردە، قايسى چاغ بولسۇن، ھەرقانداق ئىشتا يولۇقۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر بىر ئاددىي كۆڭۈلمۇ ئاددىي كۆڭۈلمۇ سىزگە چەكسىز كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلىدۇ. كۆڭۈلمۇ سىرلىق سېھىرىي كۈچكە ئىگە. كىچىككىنە كۆڭۈلمۇ ئارقىلىق سىز دۈشمىنىڭىز بىلەن بۇرۇنقى ئاداۋەتلەردىن خالاس بولالايسىز. كىچىككىنە كۆڭۈلمۇ ئارقىلىق سىز بىر بەختلىك ئائىلە قۇرالايسىز. كىچىككىنە كۆڭۈلمۇ سىزنى جاسارەت بىلەن ھاياتقا يۈزلەندۈرەلەيدۇ.

ئوقۇشسىزلىقتا ئۇچرىغان ۋاقتىڭىزدا، كۆڭۈلمۇ بولسا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ پەللىسى. ئازابلانغان چېغىڭىزدا جاسارەت بىلەن كۆڭۈلمۇ ئۆزىڭىزنى نامايان قىلىڭ. ئۆزۈن مەزگىل كۆرۈشمىگەن دوستلار بىلەن ئۇچرىشىپ ھاياجاندىن نېمە قىلىشىمىزنى بىلەلمەي قالغاندا كۆڭۈلمۇ تەبىئىيلا ھېسسىياتىمىزنى ئىپادىلەيدىغان ئەڭ ياخشى ئۇسۇل.

دوستلىرىڭىز مۇشكۈل ئەھۋالدا قالغاندا ئۇلارغا كۆڭۈلمۇ سىزنىڭ ئۇلارغا بەرگەن ئەڭ چوڭ ئىلھامىڭىز بولىدۇ. ئۆزئارا ئۇقۇشماسلىق بولغاندا قارشى تەرەپكە بىر كۆڭۈلمۇ ئۆزى خاتا چۈشەنچىنى تۈگىتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇسۇل. يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش كۆڭۈلمۇ بىزگە يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاتا قىلالايدۇ.

## يۇمۇرستىك بولسىڭىز كۆڭلىڭىز تېخىمۇ خۇشال ئۆتىدۇ

چاقچاق سىرلىق كۈچكە ئىگە، ئۇ كىشىلەرگە تېخىمۇ ئازادىلىك ھېس قىلدۇرىدۇ. بىزنىڭ بىئارامسىزلىق

كەيپىياتىمىزنى تۈگىتىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. ئەگەر سىز تۇرمۇشىڭىزغا ئارىلاپ ـ ئارىلاپ كۆلكە ـ چاقچاق قوشسىڭىز روھىي كەيپىياتىڭىز تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈلىشىپ قالىدۇ.

يۇمۇرىستىك ئادەملەر ناھايىتى ئۇمىدۋار كېلىدۇ. مۇشكۈل ئەھۋال ئاستىدا قالغاندىمۇ، ئازاب چېكىپ تۇرۇۋېلىشمۇ ئويۇن ـ تاماشا قىلالايدۇ. ئۇلار ھەمىشە كۆڭلى توق يۈرەلەيدۇ، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى ئاشكارىلىنىپ قالغان تەقدىردىمۇ تەمكىنلىك بىلەن ئۆزىنى ئوڭشىۋالالايدۇ. يۇمۇرىستىك ئادەملەر كەڭ قورساق كېلىدۇ. باشقىلار ئۇلارغا غەزەپلىنىپ ئېتىلىپ كەلسىمۇ ئۇلار قىلچىلىك پەرۋايىغا ئېلىپ كەتمەيدۇ، پەقەت كۈلۈمسىرەپ قويىدۇ، خالاس.

چاقچاقنى ھەقىقىي چۈشىنىدىغان ئادەملەر ھەر خىل سورۇنلاردا ئىتتىپاقلىق، بىرلىكنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ، تېخىمۇ كۆپ كۈلكە ئاۋازىنى ياڭرىتالايدۇ.

بىر كۈنى ۋېنىتسىيەنىڭ بىر كونسۇلى زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ. شائىر دانتىمۇ تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپتۇ، زىياپەتتە كۈتكۈچى ئىتالىيەنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىن كەلگەن ئەلچىلەرگە يوغان ـ يوغان قورۇلغان بېلىق ئەكېلىپ بېرىپتۇ. بىراق دانتىغا بولسا بىرنەچچە تال كىچىك بېلىق ئەكېلىپ بېرىپتۇ. دانتى كىچىك بېلىقلارغا ئېغىز تەگمەي ئۇلارنى بىردىن ـ بىردىن قىسىپ ئېلىپ قۇلىقىغا يېقىن ئەكېلىپ يەنە بىر ـ بىرلەپ تەخسىگە قويۇپ قويۇپتۇ. كونسۇل دانتىنىڭ غەلىتە ھەرىكىتىنى كۆرۈپ نېمىشقا بۇنداق قىلغانلىقىنى سوراپتۇ.

دانتى گېلىنى قىرىپ قويۇپ ئۈنلۈك ئاۋازدا: «مېنىڭ بىر دوستۇم بار ئىدى، بىر نەچچە يىل بۇرۇن ئۇ بەختكە قارشى دېڭىزدا ئاپەتكە ئۇچرىدى. شۇنىڭدىن بۇيان مەن ئۇنىڭ جەستى ساق ـ سالامەت دېڭىز ئاستىغا يېتىپ باردىمۇ بىلەلمەي كەلدىم.

شۇڭا مەن بۇ كىچىك بىلىقلاردىن سوراپ باقتىم. بەلكىم ئۇلار بەزىبىر ئەھۋاللارنى ئازدۇر ـ كۆپتۇر بىلىدىغاندۇ» دەپتۇ.

كونسۇل قىزىقچىلىق قىلىپ سوراپتۇ: «ئۇنداقتا بۇ كىچىك بىلىقلار نىمە دەيدۇ؟»

ــ ئۇلار ماڭا بىز بەك كىچىك، بۇرۇن يۇز بەرگەن ئىشلارنى ئانچە بىلىپ كەتمەيمىز، بەلكىم قوشنا ئۇستەلدىكى چوڭ بىلىقلار بەزى كونكرېت ئەھۋاللارنى بىلىشى مۇمكىن، سەن شۇ چوڭ بىلىقلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ باقساڭ دەيدۇ دەپتۇ دانتى جىددىي تۇستە. كونسۇل ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتىپتۇ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ كۈتكۈچىنى «مېھمانلارنى ياخشى كۈتەلمەپسەن» دەپ ئەيىبلەپ كېتىپتۇ ـ دە، ئۇلارغا دانتىغا دەرھال قورۇلغان يوغان بىلىقتىن ئەكېلىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئىشىنىمىزكى، دانتىنىڭ ئويۇننى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنى تۇتىۋالالماي ئالقىشلاپ ماختاپ كېتىدۇ. زىيابەتتە ئۇچرىغان باراۋەر بولمىغان كۈتۈۋېلىشقا نىسبەتەن دانتى غەزەپلىنىپ زىياپەت مەيداندىن چىقىپ كەتمىدى ياكى بولمىسا ئاچچىق بىلەن شىرەگە بىرنى ئۇرۇپ تۇرۇپ كەتمىدى. ئەكسىچە ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى ئۇستىلىق بىلەن ئىپادىلىدى. ئىشىنىمىز، بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەم بىزگە نەزەر سالماي قالمايدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا پىكرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە تەنقىدنى ئاغزاكى بىۋاستە تىل بىلەن ئىپادىلەپ توقۇنۇش بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ھېچ كۈچىمەيلا قوش ئۇنۇمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

خۇش چاقچاق كىشىلەر قىيىنچىلىقتا ئۇچرىسىمۇ ئۇمىدۋار كېلىدۇ. ئۆزى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالسىمۇ كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن ۋەزىيەتنى پەسەيتەلەيدۇ، چاقچاق كىشىلەرگە

شادلىق ئېلىپ كېلىدۇ، چاقچاق كىشىلەرنى ھازىرقىدىنمۇ نەچچە ھەسسە جەلپكار قىلىدۇ. چاقچاق تۇرمۇشنىڭ تېتىقى. ئۇ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى تېخىمۇ رەڭگارەڭ قىلىدۇ.

## ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تاللاڭ

سىز قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالايسىز؟ بۇرۇن قىلغان ئىشلىرىڭىز سىزگە كۆڭۈللۈك تۇيۇلامدۇ؟ ھازىر قىلىۋاتقان خىزمىتىڭىزنى ياخشى كۆرەمسىز؟ 100 كىۋادرات مېتىردىن چوڭراق كېلىدىغان بۇ ئۆي سىزگە بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بېرەلەمدۇ؟ ناۋادا ھازىرقى تۇرمۇشىڭىزنى باھالاشقا توغرا كەلسە، سىز ئۆزىڭىزنىڭ تۇرمۇشىغا قانچە نومۇر قويىسىز؟

ئۆزىڭىزنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن رازى بولمىغان چېغىڭىزدا، ئۇنى ئۆزگەرتىپ بېقىشنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ سىز ئۆز ـ ئۆزىڭىزدىن: «مۇشۇ مەن ئېرىشمەكچى بولغان بولغان تۇرمۇش شۇمۇ ـ ئەمەسمۇ» دەپ سوراپ باقتىڭىزمۇ؟ سىزنىڭ ئۆزىڭىز ياخشى كۆرگەن تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تاللاش ھوقۇقىڭىز بار.

رېننا بېيجىڭدىكى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ خەلقئارا سودا كەسپىنى پۈتكۈزگەن، ئۇ ئوقۇش پۈتكۈزۈپلا ئايلىق ئىش ھەققى 8000 يۈەندىن ئاشىدىغان خىزمەتكە ئېرىشكەن. بىر كۈنى ئۇ تۇيۇقسىز يۇقىرى مائاشلىق بۇ خىزمەتتىن ئىستىپا بەرگەن. دوستى ئۇنىڭدىن شۇنداق ياخشى خىزمەتتىن ۋاز كېچىپ نەگە بېرىپ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ دوستىغا چاقچاق ئارىلاش: «ئۆتۈشمە كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدا ئاياغ مايلايمەن» دەپ ئۇچۇر قايتۇرغان.

ئەلۋەتتە ئۇ مايلامچىلىق قىلمىغان، ئۆزى سېتىۋالغان ئىككى يۇرۇش ئۆيىنى ئادەتتىكىچە بېزەپ ئىجارىگە بەرگەن، ئۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا نىسبەتەن مۇشۇ ئىجارە ھەققى يېتىپ ئاشىدۇ». ئۇ تاللا بازىرىغا بېرىپ كۆكتات سېتىۋېلىشنى، كۆكتات بازىرىغا بېرىپ سېتىۋېلىشقا ئۆزگەرتكەن، ئۆزى ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ چاچ ياساشنى، بوياش ۋە ئاقارتىشنى ئۆگەنگەن. بوش ۋاقىتلىرىدا كۇتۇپخانىغا بېرىپ كىتاب ئوقۇغان، DVD پىلاستىنكىلىرىنى كۆرگەن. ھەتتا ئۆزى يەسىمەن بىلەن جۇخار گۈلىنى قۇرۇتۇشنى ئۆگىنىپ، دورىلىق ئۆسۈملۈك سېتىۋېلىپ دورىلىق گۈلچاي ياسىغان. ئۆزى كىمخاپ تىكىپ تەگلىك ياساپ ھۇجرىسىنى بېزىگەن. ئۆز قولى بىلەن چىرايلىق پىرەنىكلەرنى پىشۇرۇپ دوستلىرىنى كۈتۈۋالغان. خۇشال بولغان چاغلىرىدا باشقىلارغا ياردەملىشىپ ماقالە يېزىشىپ بەرگەن.

رېنىا خۇرسىنغان ھالدا: «بۇرۇن مەن ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلەرنى ناھايىتى كۆپ دەپ ئويلايتتىم، 8000 يۈەن مائاشىم تۇرۇپمۇ ئۆزۈمنى شۇنچە نامراتتەك ھېس قىلاتتىم، ھازىر مەن ئېرىشمەكچى بولغانلىرىمنىڭ ئۇنچە كۆپ ئەمەسلىكىنى بىلدىم. ماڭا بۇرۇنقىدەك ئۇنچە يۇقىرى كىرىم بولمىسىمۇ بولىدۇ، كۇنىگە پەقەت ئۆمۈر ناخشامنىڭ ئۇزۇلمەي ياڭراپ تۇرۇشىنى، ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇشتا تىنچ ـ خاتىرجەم ياشاشنىلا ئۈمىد قىلىمەن» دەيدۇ.

ھازىر ئۇ كۆپىنچە ۋاقتىنى ۋە پۇللىرىنى ساياھەت قىلىشقا سەرپ قىلىدۇ، ئۇ «ھەربىر ئادەم 60 ياشقا كىرگۈچە ساغلام بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە جاھاننى ئايلانغۇدەك كۈچ ـ ماغدۇر بار دېيىلگەندىمۇ، سىزنىڭ قەلبىڭىز، كۆرگەن تۇرمۇش ئادەتلىرىڭىز 20 نەچچە ياش ۋاقتىڭىزدىكىگە قەتئىي ئوخشىمايدۇ» دەيدۇ.

پەقەت سىز ياخشى كۆرسىڭىزلا ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇشمۇ بولۇپ قويىدۇ. بىراق قانچىلىك ئادەم بۇنى دادىللىق بىلەن تاللىيالايدۇ؟

بەخت ئەمەلىيەتتە بىر خىل روھىي ھالەت. ئۇ سىزنىڭ قانچىلىك پۇل ـ مېلىڭىزنىڭ بارلىقى، قانداق ئۆيدە تۇرىۋاتقانلىقىڭىز، قانداق ماشىنا ھەيدەيدىغانلىقىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز. ھەربىر ئادەم ئاكتىپ ھالدا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تاللىسا بولىدۇ.

ئەيلىن ئامېرىكىدىكى ئاددىي ـ سادا تۇرمۇش كەچۈرۈشنى تەكىتلىگەن مۇتەخەسسىس. ئۇ داڭلىق يازغۇچى ۋە يەر ـ مۇلۈككە مەبلەغ سېلىش مەسلىھەتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇشۇ ساھەدە نەچچە ئون يىل تىرىشتى. بىر كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ يېزىق ئۈستىلىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئىجىر ـ مىجىر يېزىپ توشقۇزۇۋېتىلگەن كۈندىلىك ئىشلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش جەدۋىلىگە قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالىدۇ. تۇيۇقسىز ئۇ ئادەمنى ساراڭلارچە قىلىپ قويىدىغان بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى داۋاملاشتۇرالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى بولسا ئاللىبۇرۇن مۇشۇنداق قۇرۇق جەدۋەللەر تەرىپىدىن مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن. مۇشۇنداق قالايمىقان نەرسىلەر ئۆزىنىڭ ئوچۇق بولغان ھەربىر مىنۇتىنى ئىگىلەپ كەتكەن. ھەتتا ئۇ بىر خىل بىمەنىلىك ئۇسۇل بىلەن ياشاپ كەلگەن.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇ ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈش توغرىسىدا ئۆز ـ ئۆزىگە بىر قارار چىقارغان، ئۇ ئۆز قولى بىلەن بىر تىزىملىك يېزىپ چىققان. ئۆز تۇرمۇشىدىن چىقىرىۋېتىشكە تېگىشلىك بولغان نەرسىلەرنى ئۆچۈرۈپ تاشلىغان. بىرقاتار ئۇسۇللارنى يۈرەكلىك ھالدا قوللانغان. ئالدى بىلەن ئۇ بارلىق ئالدىن كېلىشىپ قويغان تېلېفونلارنى

ئەمەلدىن قالدۇرغان. ئارقىدىنلا ئالدىن زاكاز قىلىنغان ژۇرناللارنى بىكار قىلغان. يەنە تېخى ئۇستەل ئۈستىدە دۆۋىلىنىپ تۇرۇپ كەتكەن، تېخى ئوقۇپ ئۇلگۇرمىگەن ژۇرناللارنى يىغىپ تاشلىۋەتكەن. بىر قىسىم ئىناۋەتلىك كارتىلارنى تىزىملىكتىن چىقىرىۋېتىپ، ھەر ئايدا تاپشۇرۇلىدىغان تالون، خەت ـ چەك سانىنى ئازايتقان.

ئەڭ ئاخىرىدا كۇندىلىك تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئادىتىنى ئۆزگەرتكەن. ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىنى ۋە گۇللۇكنى بۇرۇنقىدىن تېخمۇ رەتلىك قىلىپ بېزەپ چىققان.

ئۇ جەمئىي 80 نەچچە خىل مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان تالونلارنى پۈتۈنلەي ئىخچاملاشتۇرغان. مۇشۇنداق قىلغاندىن كېيىن تۇرمۇش ئۇنىڭغا زور خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەن. ئېغىر بېسىمدىن قىسىلىپ قالغان روھى بىردەمدىلا ئازادىلىك ھېس قىلغان. ئۇ ئاخىرى قىسقىغىنە ۋاقىتتا ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئىشلارنى قىلغان. كەيپىياتىمۇ ئاستا ـ ئاستا يېقىملىقلاشقان. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ ناھايىتى گۈزەل تۇيۇلغان.

ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزى ھەقىقىي ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. پۇل ۋە مەرتىۋە قوغلىشىپ ئۆزىنى چۈشەپ قويىدۇ. ئەڭ دەسلەپتە پەيدا بولغان ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويىدۇ.

بىز ھەممىمىز شائىر ئەمەس، ئەمما ئارزۇ ـ ئارمىنى بولماسلىق ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىش. ئەكسىچە ئارمانلىرى بار تۇرۇپمۇ شۇنىڭغا يېتىشكە ئىنتىلمەسلىك تېخىمۇ ئاجىزلارنىڭ ئىشى.

داۋلىق ناخشىچى شاك ۋېنجيەن فۇدەن ئۇنىۋېرسىتىتېنىڭ قانۇن كەسپىنى پۈتكۈزگەن. ئەمدىلا ئوقۇش پۈتكۈزگەن بۇ قىز ھەممە ئادەم ھەۋەس قىلىدىغان يۇقىرى مائاشلىق خىزمەتكە ئېرىشكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇ ھېچقاچان كۆڭلىدىكى مۇزىكىغا بولغان كۈچلۈك ئىشتىياقىنى ئۇنتۇپ قالمىغان. ئۇ ھاياتىم مۇزىكىسىز ئۆتمەيدۇ دەپ قاراپ كەلگەن. يۇقىرى دەرىجىلىك ئايال ناخشىچىلارنى تاللاش مۇسابىقىسى باشلانغاندا، ئۇ يۇقىرى مائاشلىق خىزمىتىدىن قەتئىيلىك بىلەن ئىستېپا بەرگەن. پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يېتىش يولىغا سەرپ قىلغان. دەرىجىدىن تاشقىرى چولپانلارنى تاللاش مۇسابىقىسى ئۇنىڭ ئۆزۈندىن بېرى خىيال قىلىپ كەلگەن مۇزىكا چۈشىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغان. گەرچە ئۇ چىرايلىق بولمىسىمۇ، ئائىلە نەسەبى ئۇنچە شۆھرەتلىك بولمىسىمۇ، بىراق مۇزىكا ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى بۇرۇنقىدىنمۇ ناچچە ھەسسە خۇشال ۋە رەڭدار قىلغان.

بەزى ۋاقىتتا قەلبىڭىزنى بېسىپ تۇرغان بېسىملارنى سىز نېمىشقا دادىللىق بىلەن بىتچىت قىلمايسىز؟ بەلكىم سىز ئىچىڭىزدە ئۆز - ئۆزىڭىزگە تەسەللىي بېرىپ «مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇنداق ھېس قىلمايمەن» دېيىشىڭىز مۇمكىن. بىراق ئىشلار يەنىلا بۇرۇنقىدەك بولىۋېرىدۇ، كۈنلەر بىر - بىرلەپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. قەلبىڭىزدىكى ئىستەك - ئارزۇ بارا - بارا كۈچىيىپ بارىدۇ. ئەمدى يەنە كېچىكتۈرمەڭ. قانچە كېچىكتۈرگەنسېرى ھازىر ئىگە بولغان نەرسىلىرىڭىزدىن شۇنچە ۋاز كەچكۈڭىز كەلمەي قالىدۇ. ھايات يولى بىر خىل تاللايدىغان جەريان، ئەڭ راھەت تۇرمۇش ئۇسۇلى يەنىلا سىزنى خۇشاللىق دېڭىزىغا باشلاپ ئاپىرالايدىغان ئۇسۇلدۇر.

## كۆلكىنىڭ رولى

كىشىلىك ھاياتتا ئوڭۇشلۇق ئىشلارمۇ، ئوڭۇشسىزلىقلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. بىز گەرچە قايسى خىل ۋەزىيەتنى تاللاشقا ئامالسىز بولساقمۇ، ئەمما شۇ خىل ۋەزىيەتتىكى پسخىكىمىزنى كونترول قىلىشنى بىلەلەيمىز. ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا بىز ئۆزىمىزنى كەمسىتىپ تۆۋەن كۆرۈشنى تاللىۋالساق، چوقۇم ئازابلىنىمىز. ناۋادا بىز شۇنداق ئوڭۇشسىزلىقلارغا كۈلۈمسىرەپ قارىساق، قەلبىمىز چەكسىز ئازادىلىككە ئېرىشىدۇ.

ئۇ ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەندىن كېيىن دادىسىغا ئەگىشىپ ياغاچچىلىق قىلدى. ئۇ ھەمىشە ئوڭۇشسىزلىقنىڭ كۆلەڭگىسىدىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقالمىدى. روھىي كەيپىياتىمۇ ناھايىتى تۆۋەن، ئۆزىنىڭ ھېچقانداق ئىستىقبالى يوقتەك ھېس قىلدى.

بىر كۈنى ئاتىسى ئۇنىڭغا تاختاي رەندىلەشنى ئۆگىتىدۇ، رەندە بىر تال ياغاچ ئارىسىغا قىسىلىپ قالىدۇ. ئۇ ھەرقانچە كۈچەپمۇ رەندىنى مىدىرلىتالماپتۇ. «بۇ ياغاچ نېمىدېگەن قاتتىق!» ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا مۇشۇنداق دەپ سالىدۇ. «چۈنكى ئۇ يارىلانغان.» ياندا تۇرغان ئاتىسى گەپ قىستۇرۇپتۇ. «يارىلانغان؟» ئۇ ئاتىسى ئېيتقان سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيدۇ. ئاتا ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ: «بۇ دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى دەرەخ ۋاقتىدا پالتا تېگىپ يارىلانغان قىسىملىرى. ئۇلارنىڭ تاتۇقلىرى يامالغاندىن كېيىن ئۇلار مۇشۇنداق قاتتىقلىشىپ كېتىدۇ. ئادەممۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. پەقەت يارىلانغاندىن كېيىنلا ئاندىن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىپ تېخىمۇ مۇستەھكەم بولالايدۇ.

كەچتە ئۇ ئۇخلىغان چاغدا دادىسىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى ئۇزۇنغىچە قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇردى. «كۇلۇمسىرەپ مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنگەندىلا ئاندىن تېخىمۇ مۇستەھكەم بولغىلى بولىدۇ.»

شۇنداق، ئادەملەر دەل ئازاب بولغاچقىلا، ئاندىن ئۇنىڭ تەسىرىدە سەگەكلىشىدۇ. چۈنكى دەل جاپا بولغاچقىلا، شۇنداق جاپالىق مۇھىت ئىچىدىن تاۋلىنىپ چىقىدۇ. تېخىمۇ مۇستەھكەم بولالايدۇ. شۇڭا تۇرمۇشتىكى بۇ خىل ئازابلارغا كۇلۇمسىرەپ بېقىشىمىز، كەلگۈسىگە كۇلۇمسىرىشىمىز كېرەك.

ئىككىنچى كۈنى ئۇ ئاتىسىغا مەكتەپكە قايتىپ داۋاملىق تەكرارلاش سىنىپىغا قاتنىشىشنى قارار قىلغانلىقىنى، هاياتلىقتىكى يەنە بىر رىقابەتنى كۈتىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندا ئۇنى كۇلۇمسىرەپ كۈتۈۋېلىڭ. زەربىگە دادىللىق بىلەن ئاتلىنىڭ. ئوڭۇشسىزلىققا قەتئىيلىك بىلەن كۆرەش قىلىڭ. بىر خىل ئاكتىپ روھىي ھالەت سىزنى ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە تولدۇرىدۇ، تېخىمۇ روھلاندۇرىدۇ. چۈنكى قەلبىمىزدە قۇياش نۇرى پارلىغاندا، بىز قاراڭغۇلۇقنىڭ يېتىپ كېلىشىدىن قورقمايمىز. قۇياش بىزنىڭ يولىمىزنى يورۇتىدۇ. قارا بورانلىق كۈنلەردە بىز ئۆزىمىزنى دالدىغا ئالمايمىز، چۈنكى قۇياش بىزنىڭ خىيالىمىزدىكى سۈپسۈزۈك ئاسماننى پەيدا قىلىدۇ. ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدە قالغاندا بىز ھەرگىز ھەسرەت چەكمەيمىز، قۇياش بىز ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ بىزنى ئىتتىرىپ هازىرقى هالىتىمىزگە يېتىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

بىر ئائىلە ئايالى ئالدىراشلىق ئىچىدە دېرىزىدىكى تۇمانلارنى سۈرتىۋېتىپ، «ئەجەب بىزار قىلىدى» دەپتۇ ھارغىن ھالدا.

بىرچەتتە تۇرغان ئىبرى ئۇنىڭ ئاغرىنغىنىنى ئاڭلاپ: «سىز بۇنداق سۇرتسىڭىز مەڭگۇ سۇرتۇپ تۈگىتەلمەيسىز، ئۇچاقتا ئۇت ياقسىڭىز بۇ تۇمانلار ئۆزلۈكىدىن يوقايدۇ» دەپتۇ. ئايالى بۇ داۋلىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپتۇ. دەرۋەقە دېرىزىدىكى تۇمانلار بىردەمدىلا يوقاپتۇ.

تۇمان خۇددى ھاياتتىكى مۇشكۇلاتلارغا ئوخشايدۇ. سىز ئۇنىڭدىن ساقلىنالمايسىز. ئاغرىنغانىڭىزمۇ پايدىسى يوق. پەقەت ئۆزىڭىزنى تۇتىۋالغاندىن كېيىن ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى ئويلاپ تاپسىڭىز، ئاندىن تۇرمۇش يولىڭىزدىكى تۇمانلارنى يوقىتالايسىز.

نۇرغۇن كىشىلەر قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلگەندە پەقەت ئاچچىقلىنىپ ئاغرىنىشنىلا بىلىدۇ. بىراق مىڭ ئېغىز ئاغرىنىپ ئېيتىلغان سۆزلەرمۇ تىرىشىش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن مەقسەتكە تەڭ بولالمايدۇ. كىشىلىك ھايات بىر قېتىملىق مەۋھۇم (بىلىنمىگەن) سەپەر جەريانى، بۇ سەپەر جەريانىدا ھېچ كىشى نېمىلەرگە ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلىشكە قادىر بولالمايدۇ. ئەگەر راستىلا ئازاب ئېچىدىن بەختسىزلىكنى تاللىساق، ئاچچىقلىنىش پەقەت ۋاقتىمىزنى ئىسراپ قىلىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ ئىشەنچىسىنى ۋەيران قىلىدۇ. غەلىبە قازىنىشمۇ كۆپۈككە ئايلىنىدۇ. ئاچچىقلىنىش بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. پەقەت ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتۇپ ھەرىكەتلىنىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوڭۇشسىزلىقتىن قۇتۇلىدىغان ئۇسۇلنى ئىزدىگەندىلا ئاندىن ئويلىمىغان ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

## ھاياتقا بولغان قىزغىنلىقىڭىزنى مەڭگۇ يوقاتماڭ

ئىمىرسۇن مۇنداق دېگەن: «تارىختىن بۇيان ھەرقانداق ئۇلۇغ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر ئىش غەيرەت ـ شىجائەتسىز مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن ئەمەس.»

شىجائەتلىك كىشىلەر قىيىنچىلىقتىن قورقمايدۇ. مۇشكۇللەرگە يۈرەكلىك ھالدا جەڭ ئېلان قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆزۈكسىز ھالدا مۇۋەپپەقىيەت پەللىسىگە يېقىنلىشىدۇ. ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يارىتىدۇ.

كىنتاكىي كېندېجى ئۇچۇن ئۆمۈرۋايەت قان ـ تەرىنى ۋە تىرىشچانلىقىنى سەرپ قىلدى. ئۇ ياشىنىپ 90 ياشتىن ئاشقان ۋاقتىدىمۇ، ھەر يىلى 250 مىڭ مىل ئۆزۈنلۇقتا سەپەر قىلىپ ھەممە يەردە كېندېجى مايدا پىشۇرۇلغان توخۇسىنى ساتقان. ئۇنىڭ يېشى، بايلىقى خىزمەتكە بولغان ئوتتەك قىزىقىشىغا تەسىر كۆرسىتەلمىگەن. ئۇ يەنىلا ھارماي ـ تالماي ئۆزىنىڭ تىجارىتىنى داۋاملاشتۇرغان.

كىشىلەر ئۇنىڭدىن نېمىشقا يەنە شۇنداق جاپالىق خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ جاۋابەن «بىكارچىلىقتىن ھېچ ئىش قىلماي داتلىشىپ قالغانلار ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنلەردىن كۆپ بولىدۇ، ئەگەر مەنمۇ ھېچ ئىش قىلماي داتلىشىپ قالسام، كۆرىدىغان كۈنۈم دوزاخ بولىدۇ» دەيدۇ.

كىشىلىك ھاياتتا ئىشلار ھەمىشە ئوڭۇشلۇق بولىۋەرمەيدۇ. كىشىلىك تۇرمۇش ھەر خىل ئەگرى ـ توقايلىقلار ئارقىلىق بارا ـ بارا مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ. ئاچقۇچلۇق مەسىلە بىزنىڭ ھاياتىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتكە قانداق قارىشىمىزدا. ئېرىشكەنلىرىمىزنى ناھايىتى ياخشى قەدىرلەش، مەھرۇم بولساقمۇ تۇرمۇشقا بولغان قىزغىنلىقىمىزنى ھەرگىز يوقاتماسلىقىمىز لازىم. جىلغا ئارىسىدىن ئۆتۈپ كەتسەكلا سەپىرىمىزنى يېڭىدىن باشلىيالايمىز. ئازابتىن ئېخىمۇ يىراقلاپ كېتەلەيمىز.

ئامېرىكىلىق ماك ئىگىلىكى ۋەيران بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بارلىق تىجارەت ئىشلىرىنىڭ ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولغانلىقى ئېلان قىلىندى. ماكمۇ روھىي كەيپىياتى چۈشكۈنلىشىپ كەتتى. بىراق ئۇ بىرقانچە كۈن ئۆزىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ خىل چۈشكۈنلۈكنىڭ ئۆزىنى تۈگەشتۈرىدىغانلىقىنى، يەنە تېخى ئۆزىنىڭ ھاياتىنى تېخىمۇ ناچارلاشتۇرىۋېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ.

ئۇ كۆڭلىدە: «قورۇلۇش كەسپى ماڭا ئانچە ماس كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ، نېمىشقا مەن باشقا بىر ساھەنى تۇتۇپ ئۆزۈم ئۈچۈن يول ئاچمايمەن؟» دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ماك قورۇلۇش كەسپىدىن ئۇزۇل - كېسىل قول ئۈزۈش قارارىغا كەپتۇ. باشقا بىر ساھەنى تۇتۇپ بېقىشنى خىيال قىلىپتۇ. ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنىڭ بەلكىم قورۇلۇش كەسپى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغاندەك ھېس قىلىپتۇ. ئۇ كەڭ ئاممىغا نۇتۇق سۆزلەپ ئۇلار ئارىسىدا قىزغىنلىق پەيدا قىلىشقا باشلاپتۇ.

بىر مەزگىل ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ ناھايىتى تەسىرچان نۇتۇق سۆزلىگۈچىگە ئايلىنىپتۇ. ئۇنىڭ چاقىرىقىمۇ كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ بېرىپتۇ.

ماك پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي كىتاب يېزىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ زور تۈركۈمدىكى كىتابلىرى ئىزچىل سېتىلىش مىقدارى بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپتۇ. ئۇ بىر مەزگىلدىلا نام چىقىرىپلا قالماي، غايەت زور بايلىققا ئېرىشىپتۇ، ئەڭ مۇھىمى ئۇ قايتىدىن ئۆز ھايات يولىنىڭ يۆنىلىشىنى تېپىپتۇ.

پەقەت سىز خۇرسىنىشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ تۇرمۇشقا بولغان قىزغىنلىقىڭىزنى بۇرۇنقىدەك ساقلاپ، زېھنىڭىزنى يىغىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەسىلىنى ھەل قىلىسىڭىز، بىسىمنى پۈتۈنلەي ھەربىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

قىزغىنلىق بىر خىل بايلىق مەنبەسى. مەلۇم بىر ئىشتا سىزنىڭ غەلىبىنى پۈتۈنلەي قولغا كەلتۈرۈشىڭىزنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئاساسىي كۈچ. قىزغىنلىق يەنە بىر خىل سېھرىي كۈچكە ئىگە خىمىيەلىك ماددا. ئۇ سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزنى ھاياتىي كۈچكە تولدۇرىدۇ. ئەگەر سىز پاك قەلبىڭىز، تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئاشۇ ئۈمىدسىز كۈنلەرگە مۇئامىلە قىلسىڭىز، ئۇنداقتا ئاشۇ خىرە كۈنلەرمۇ چوقۇم ئىللىق قۇياش نۇرىغا چۈمىدۇ.

## ئۈمىد توغرىسىدا ئىككى كەلىمە

ئۈمىدتىن باشقا ھېچقانداق نەرسە بىزنىڭ ناچار ھالىتىمىزنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. بىز قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، مەغلۇبىيەتتىن بارغانسېرى تۈگىشىپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، چوڭ بالا ـ قازاغا دۇچ كەلگەن چېغىمىزدا چوقۇم ئىشەنچىمىزنى يوقىتىپ قويماسلىقىمىز كېرەك. ئىشەنچ بىزنىڭ خاتىرىمىزدىكى مەغلۇبىيەت ۋە ئازابىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. بىزنىڭ كىشىلىك ھاياتىمىزدا يېڭىدىن قانات چىقىرىپ ئۇچۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى ئەنگلىيەنىڭ گاۋىس نامىلىق پاراخوتى جەنۇبىي قۇتۇپقا ئېكسپېدىتسىيە قىلىپ كەپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن گاۋىس نامىلىق بۇ پاراخوت ناھايىتى كۈچلۈك قارا بورانلىق ھاۋا رايىغا دۇچ كەپتۇ. تېمپېراتۇرا بىردەمدىلا نۆلدىن تۆۋەن 56 سېلسىيە گىرادۇسقا چۈشۈپ قاپتۇ. دېڭىز يۈزىمۇ مۇز تۇتۇپ كېتىپتۇ. گاۋىس نامىلىق پاراخوت كۆز

يەتكۈسىز مۇز دېڭىزى ئۈستىدە ھەرىكەتلىنىشكە ئامالسىز قاپتۇ.

كېمىدىكىلەر بارچە ئامالنى قوللىنىپ بېقىپتۇ. دەسلەپتە ھەرە، بولقا قاتارلىقلارنى ئىشلىتىپ پاراخوتنىڭ ئەتراپىدىكى مۇزلارنى ھەرىدەپ چوقىلاپتۇ.

بۇنداق قىلىش ئارقىلىق كېمە گەۋدىسىنى مىدىرلاتقىلى بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ماڭالماپتۇ. ئۇلار يەنە پارتلاتقۇچ دورىلارنى ئىشلىتىپ مۇزلارنى پارتلىتىپ يول ئېچىپتۇ. بىراق پارتلاتقۇچ دورىلارنىڭ مىقدارى ئاز بولغاچقا داۋاملىق پارتلىتىپ ئۇزۇن بىر يول ئېچىشقا ئامالسىز قاپتۇ.

پاراخوتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى چېپىپ يۈرۈپ ھالىدىن كېتىپتۇ، ئاخىرى ھېچقانداق ئامال قىلالماي ھېكايە سۆزلەپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ قۇتقۇزۇشنى كۈتۈپتۇ. ئارىدىكى بىر پاراخوت خادىمى كۆپچىلىككە مۇنداق بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرىپتۇ:

بىر قارىغۇ قۇياش نۇرى ئۇبدان چۈشكەن بىر جايدا رەخت ساتىدىكەن. ئۇنىڭدا ئىككى خىللا رەخت بولۇپ، بىر خىلى ئاق رەخت ئىكەن، باھاسى بىرئاز ئەرزان ئىكەن. يەنە بىر خىلى قارا رەخت ئىكەن، باھاسى خېلى قىممەت ئىكەن. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بىر خېرىدار كېلىپ قارىغۇغا بىرقانچە مېتىر ئاق رەخت ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پۇلنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن ئەكسىچە ئۇ قارا رەختنى ئېلىپ مېڭىپتۇ. ھېلىقى قارىغۇ خېرىدار ئالغان رەختنى سىيلاپ بېقىپ ئاچچىقلانغان ھالدا: «سەن نېمىشقا مەندەك بىر قارىغۇنى بوزەك قىلىسەن؟ سېنىڭ ئالغىنىڭ ئېنىقلا قارا رەختقۇ» دەپتۇ. خېرىدا ئېتىراز بىلدۈرۈپ: «سەن قارىغۇ تۇرساڭ، مېنىڭ قانداق رەخت ئالغىنىمنى نەدىن بىلدىڭ؟» دەپ سوراپتۇ. قارىغۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئاق رەخت قۇياش نۇرىنى قايتۇرىدۇ، قارا رەخت بولسا

ئۇيغۇر كىتاب نۇر بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قۇياش نۇرىنى سۈمۈرىدۇ، شۇڭا قۇياش نۇرى ئاستىدا قارا رەخت ئاق رەختكە قارىغاندا قىزىق بولىدۇ، مەن قولۇمدا تۇتۇپ بېقىپ سىنىك قانداق رەخت ئالغىنىڭنى بىلدىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ھېكايە سۆزلىنىپ بولغاندىن كېيىن پاراخوت باشلىقى تۇيۇقسىز بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك كۆپچىلىككە مۇنداق دەپتۇ: «بىز بەلكىم مۇشۇ ئۇسۇلنى سىناپ باقساق قانداق؟ ئەگەر بىز پاراخوتتىكى كۆل، كۆمۈر، قارا ئەخلەتلەرنى پاراخوتنىڭ ئۈستىدىكى مۇز ئۈستىگە چاچساق، ئۇلارنىڭ قۇياش نۇرىنى سۈمۈرۈش رولىغا ئاساسەن ئېھتىمال مۇزنى ئېرىتىۋېتەلىشى مۇمكىن. جەنۇبىي قۇتۇپتا 9 ـ ئايدىن باشلاپ كېيىنكى يىلنىڭ 3 ـ ئېيىغىچە ئۇدا كۈندۈز بولىدۇ.»

باشقا ئەزالار بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «كىچىككىنە ئۈمىد بولسىمۇ سىناپ بېقىشىمىز كېرەك» دەپ باشلىرىنى لىڭشىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك تېزدىن ھەرىكەتلىنىپتۇ. پاراخوت ئۈستىدىكى بارلىق قارا كۆمۈر، كۆل، ئەخلەت دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇز ئۈستىگە توشۇپ ئىككى كىلومېتىر دائىرىگىچە يەتكۈزۈپتۇ. راستلا مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ. قارا كۆل سېپىلگەن مۇز ئۈستى ئاستا ـ ئاستا بوشاشقا باشلاپتۇ. مۇشۇنداق قىلىپ گاۋۇس ناملىق بۇ پاراخوت خەتەردىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

نۇرغۇن ۋاقىتلاردا قارىماققا چىقىش يولى قالمىغاندەك كۆرۈنىدۇ. بىراق تەپەككۇر قىلىشنى ئۆگىنىۋالسىڭىز، تۇرۇپلا كۆڭلىڭىز پاللىدە يورۇپ كېتىدۇ. دۇچ كەلگەن قىيىن مەسىلىمۇ ئاسانلا ھەل بولۇپ قالىدۇ. مەڭگۈ ئۆلۈمنى كۈتۈپ قول قوشتۇرۇپ ئولتۇرماسلىقىڭىز كېرەك. ھەرقانداق چاغدا ئىشەنچىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ. گاڭگىراش ۋە مۇشكۈل شارائىت ئىچىدە قالغىنىڭىزدا، تەپەككۇر قىلىپ پىكىر يۈرگۈزسىڭىز، قىيىن مەسىلىلەرنى ئاسانلا ھەل قىلغىلى

بولىدۇ. چۈنكى ھاياتتا قۇتۇلغىلى بولمايدىغان مۇشكۇل ئەھۋال يوق.
بىر يىلى ئامېرىكىنىڭ مىسسىسىپى دەرياسىدا چوڭ كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىدۇ. كەلكۈن دەريا توسمىسىنى كاردىن چىقىرىپ، بىر توققۇز ياشلىق قارا تەنلىك بالىنىڭ ئۆيىنىمۇ ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. كەلكۈن ئۇنى يۇتۇپ كېتەي دەپ قالغان ۋاقىتتا، بالىنىڭ ئاپىسى ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ.
كۆپ يىلدىن كېيىن بالا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغۇدەك بولىدۇ. ئۇ تۇرۇشلۇق ئىشتاتنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپلىرىگە قارا تەنلىك بالىلارنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئامالسىز چىكاگوغا بېرىپ ئوقۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. بىراق ئائىلىسى ئوغلىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشى ئۈچۈن ئۇنچە كۆپ پۇل چىقىرالمايدۇ. كېيىن ئاپىسى ئوغلىنىڭ ئوقۇش ھەققىنى توپلاش ئۈچۈن 50 نەپەر ئىشچىنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇپ، دەزماللاپ، تامىقىنى ئېتىپ بېرىدۇ.
ئوقۇش ھەققىگە لايىق پۇل جۇغلاپ بولغاندىن كېيىن، ئانا ئوغلىنى ئېلىپ پويىزغا ئولتۇرۇپ ناتونۇش بولغان چىكاگوغا يۈرۈپ كېتىدۇ.
ئوغۇل ئاپىسىغا شان ـ شەرەپ كەلتۈرۈپ ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتكۈزىدۇ. كېيىن ئالىي مەكتەپنىمۇ ئوڭۇشلۇق تاماملايدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە سەرپ قىلغان پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئاپىسى باشقىلارغا مالاي بولۇپ تاپقان ئىدى.
بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ژۇرنال چىقىرىدۇ. پوچتا ھەققىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك 500 ئامېرىكا دوللىرى كەملەپ قېلىش سەۋەبىدىن زاكاز قىلىنغان ماللارنى ئەۋەتەلمەي قالىدۇ.
بىر خەت ـ چەك يەتكۈزۈش شىركىتى ئۇنىڭغا مال

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەتكۈزۈشۈپ بېرىشكە ماقۇل بولىدۇ. بىراق يىگىتنىڭ مەلۇم مىقداردىكى مال ـ مۈلۈكىنى گۆرۆگە قويۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئانىسى ئۆزى ئەڭ ئەزىزلەيدىغان بىر قىسىم يېڭى ئائىلە سايمانلىرىنى گۆرۈگە قويىدۇ.

ئىككىنچى يىلى ئۇ قورغان ژۇرنال زور ئۇتۇققا ئېرىشىدۇ. يىگىت ئاخىرى ئۆزى ئۆزۈندىن بۇيان ئارزۇ قىلغان ئىشنى قىلىدۇ. ئانىسى ئۇنىڭغا خىزمەتچىلەرنىڭ تىزىملىكىنى كىرگۈزۈپ بەرگەندە، ئانىسى پېنسىيەگە چىققان خىزمەتچى سۈپىتىدە بۇندىن كېيىن ئىشلىمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇ كۈنى ئانا قاتتىق يىغلاپ كېتىدۇ. ئوغلىمۇ ئەگىشىپ يىغلايدۇ.

كېيىن بۇ بالا كەسىپتە زور قىيىنچىلىققا ئۇچرايدۇ. شۇ مەزگىللەردە بالىنىڭ كەيپىياتىمۇ ناھايىتى چۈشكۈنلىشىپ نورمالسىزلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ خۇددى چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. قەلبى ئازابلانغان ھالدا ئاپىسىغا مۇنداق دەيدۇ:

— ئاپا، قارىغاندا بۇ قېتىم مەن راستىلا مەغلۇپ بولىدىغان ئوخشايمەن. ئانىسى يەنىلا شۇنداق خۇشخۇيلۇق بىلەن قەتئىي تەلەپپۇزدا:

— بالام، سەن تىرىشىپ سىناپ باقتىڭمۇ ؟ — دەپ سورايدۇ.

— سىناپ باقتىم!

— راستىلا شۇنداق قاتتىق تىرىشتىڭمۇ؟

— ھەئە...

— ناھايىتى ياخشى — ئانا كەسكىنلىك بىلەن ئېيتىدۇ — ھەرقانداق چاغدا سەن پەقەت تىرىشىپ سىناپ باقساڭلا چوقۇم مەغلۇپ بولمايسەن.

ئاپىسىنىڭ گەپلىرى بالىنىڭ قەلبىدە قايتىدىن ئۈمىد ئۇچقۇنىنى ياندۇرۇپتۇ. ئەڭ ئاخىرى ئۇ تىرىشىش ئارقىلىق

قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋاپتۇ. كەسپىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىپتۇ. بۇ ئوغۇل بالا دەل ئامېرىكىدىكى دۇنياغا داڭلىق مەشھۇر ژۇرنال «قارا تەنلىكلەر بايانى»نىڭ قۇرغۇچىسى، يوھان نەشرىيات شىركىتىنىڭ باشلىقى، ئۈچ سىمسىز تېلېۋىزىيە ئىستانسىنىڭ مۇلۇكدارى.

ئادەم ئۆمرىدە ئاچچىقلىنىشتىن، ئازابلىنىش، ھەتتا ئۈمىدسىزلىكتىن خالىي بولالمايدۇ. بىراق ئازابلارغا پاسسىپلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرساق كىشىلىك ھاياتنىڭ رىلىسىدىن يىراقلاپ كېتىمىز. قايغۇ پاتقىقىغا پېتىپ قېلىپ ئۈمىد نۇرىغا ئېرىشەلمەيمىز. شۇڭا بىز پۈتۈنلەي ئازاب ۋە مۇشكۇل ئىچىدىمۇ قەتئىي ئۈمىدسىزلەنمەسلىكنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز، قەلبىمىزنى يورىتىدىغان ئۈمىد نۇرلىرىنى ئىزدەپ تېپىشىمىز كېرەك. چۈنكى ھاياتتا نۇرغۇن ئۈمىدكە تولغان تاللاشلار بار...

www.uyghurkitap.com

本书根据北京工业大学出版社2010年1月第一版，2010年1月第一次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب بېيجىڭ سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2010 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2010 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

# ھەرگىز ئاچچىقلانماڭ

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇغېنى توختى

مەسئۇل مۇھەررىرى: يۇلتۇز ئۇچقۇنجان
مەسئۇل كوررېكتورى: ماينۇر تۇرسۇن
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 ـ قورۇ
تور ئادرېسى: http://www.xjpsp.com
باسقۇچى: شىنجاڭ دالۇ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
نەشرى: 2015 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2015 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى
فورماتى: 1230 × 880 م م 1/32 كەسلەم
باسما تاۋىقى: 10.875
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5372-6194-4
تىرازى: 1 — 5000
باھاسى: 32.00 يۈەن

تارقىتىش بۆلۈمى تېلېفون نومۇرى: (0991) 2823055 پوچتا نومۇرى: 830001